# ئۆزىمىزنى

# ئىسلاھ قىلايلى

## (رىسالىلەر توپلىمى)

الله تائالا ئۇشبۇ رىسالىلەر توپلىمىنى قېرىنداشلىرىمىز قەلبلىرىنىڭ ئىمان نۇرىغا تولۇپ تېشىشىغا سەۋەب قىلسۇن، ھەممىمىزنى ھىدايەت يولىدا، ئىمان يولىدا قەدىمىمىزنى سابىت قىلسۇن.

ئۇشبۇ رىسالىلەر توپلىمىنىڭ قولىڭىزغا يەتكۈزۈلۈش جەريانىغا ئەجىر سىڭدۈرگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى دۇئالىرىڭىزدا خالىسانە ئەسلەپ تۇرۇشىڭىزنى سورايمىز.

ئۇشبۇ رىسالىلەر توپلىمىنى ۋوجۇتقا چىقارغان ئالىملىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا چەكسىز ھەمدۇ-سانا ۋە تەشەككۈرلەر بولسۇن.

ئامىن!

# مۇندەرىجە


1. ئۈمىدۋارلىق ۋە ئارزۇ.................................................................1

2. گۇناھلار- ھەسرەت نادامەت...................................................14

3. رەببىمىزنىڭ خۇرسەنلىكى........................................................34

4. اللە نەدە؟..............................................................................54

5. روھ ۋە ماددا ھەققىدە.................................................................74

6. اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش ئۇسۇللىرى.................................87

7. اللەنى تونۇدۇقمۇ؟.................................................................103

8. اللە ساڭا خىتاب قىلىۋاتىدۇ....................................................119

9. ئاداقىچە چىڭ تۇرۇش ...........................................................135

10. ئىززەت..............................................................................154

11. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق.................................168

12. دوستلۇق.............................................................................183

13. مۇھەببەت ھەققىدە...............................................................202

14. ھايا قىلىش..........................................................................224

15. تەۋبە توغرىسىدا...................................................................239

16. دۇئا ھەققىدە.......................................................................262

17. غايە توغرىسىدا....................................................................282

18. غالىب ئەۋلاتلار...................................................................297

# ئۈمىدۋارلىق ۋە ئارزۇ

ئاپتورى: دوكتور ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

## مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئاللاغا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭغا تايىنىمىز، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تىلەيمىز،نەپسىلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە ناچار ئەمەللىرىمىزدىن ئاللاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىغۇچى مەدەتكار يوقتۇر.

ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىسى ۋە مەخلۇقاتلىرىنىڭ سەردارى بولغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تا ئەبەتكىچە ئۈزۈلمەستىن دۇئايى- سالاملىرىمىز بولسۇن ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغىمۇ، بارلىق ئېسىل خىسلەتلىك ساھابىلەرگىمۇ، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئېسىل كىشىلەرگىمۇ دۇئايى- سالاملىرىمىز بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، مەن بۇ ماقالەمدە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىلاھى ئىسلاھ دەستۇرى بولغان "بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ" دېگەن ئايەت كەرىمىسگە ئاساسەن، ئۇلۇغ بىر ئىمانىي مەنانى مۇھاكىمە قىلماقچىمەن. ئىسلاھ ۋە تۈزەش يولىنى تۇتۇپ، ئۈمىدسىزلىكنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللاغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىققا يۈزلىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتىم.

ئاللاغا بولغان ئىشەنچ ئاشقانسېرى، ئاللاھ تائالانىڭ غەلبە-نۇسرەت ۋە ئىززەت-قۇۋۋەت ئاتا قىلىش ۋەدىسىنىڭ ئىشقا ئېششىغا بولغان ئۈمىدۋارلىق كۈچىيدۇ. شۇڭا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ھاياتى پارلاق ئەتىگە بولغان ئۈمىدۋارلىققا تولۇپ- تېشىپ تۇرۇشى لازىم.

ئىززەت-غەلبىگە، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ۋە چەكسىز ئۇلۇغۋار پاك شەرىئەتنىڭ شان-شۆھرەتكە تولغان پارلاق كەلگۈسىگە تولۇق ئۈمىدۋارلىق ھازىرلىنىشى زۆرۈر.

ئاللاھ تائالادىن بۇ ماقالەم ئارقىلىق ئۆزەمگە ۋە بۇماقالەمنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى سورايمەن، شۇنداقلا ئۇلۇغ رەببىمدىن بۇ ماقالە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى ئۈمىدۋارلىق يولغا قايتىدىن يول ئېلىشقا يېتەكلىشىنى، ھازىرقى ئېچىنىشلىق رېئاللىقىمىزنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك، غەلىبىلىك ۋە شان- شۆھرەتلىك پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىسلاھ قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە قىلىشىنى تىلەيمەن.

چۈنكى ئاللاھ ئۆزىلا بۇنىڭغا ئىگە ۋە قادىردۇر، ئۇ بىزگە كۇپايە ۋە ئەڭ ياخشى

ئىگىدۇر.

## ئۈمىدۋارلىقتىن ۋە ئارزۇدىن ئايرىلىپ،ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قېلىشنىڭ خەتىرى

پەلەستىن، باغداد، ئافغانىستان، چېچىنىيە ۋە باشقا ئىسلام دىيارلىرى ئېغىر ھالدا ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقىنىغا قارىماستىن، ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە ئېغىر تۈردە قىرغىنچىلىق، زۇلۇم، تىنچسىزلىق، قورقۇنچ بولۇۋاتقىنىغا قارىماستىن، نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ھەيرانلىق ئىچىدە: ھازىر ئۈمىدۋارلىق ھەققىدە گەپ ئېچىش ۋاقتىمۇ؟! دەپ سوئال قويغان تەقدىردىمۇ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۆگەشكەنلىكىنى سەزگەن، "ئەمدى ئامال يوق!" دەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر مەۋجۇد بولسىمۇ، پەلەستىن، قۇددۇس شەرىپ ۋە ئەقسا مەسجىدى ھەققىدە دەۋاتقىنىڭلار پەقەت قۇرۇق ئارزۇ، سۆز جىق بولسىمۇ ئۆزگىرىش بولمىدىغۇ، ئەمدى ئامال قالمىدى" دەيدىغان نۇرغۇن ئادەملىرىمىز مەۋجۇد بولسىمۇ، ئۈممەتنى قاپلىغان ئاشۇنداق نۇرغۇن ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ۋە ئامالسىزلىققا قارىماستىن، مەن تولۇپ- تاشقان ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن شۇنداق دەيمەنكى:

ھازىر دەل ئۈمىدۋارلىق ھەققىدە گەپ قىلىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتى، چۈنكى مەن "ئۆزىنى ئۆزگەرتىش"تىن ئىبارەت ئىلاھىي پىرىنسىپ ئاساسىدا بۇنداق ئۈمىدسىزلىك ۋە تىنچسىزلىقنى ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۈمىدۋارلىقنى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئۈمىدۋارلىق ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ھىس قىلماقتىمەن.

● مەن پۈتۈن ئىشەنچ ۋە غەيرىتىم بىلەن شۇنداق دەيمەنكى:

دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇلۇغ ئىلاھىي دەستۇر بولغان "ئۆزىنى ئۆزگەرتىش" پىرىنسىپى ئاساسىدا "ئۈمىدۋارلىق" تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

چۈنكى مەن ئۈممەتنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۈمىدسىزلىك چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمەكتىمەن. ھالبۇكى ئۈمىدسىزلىك بەك خەتەرلىك مەسىلىدۇر.

ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئۈممەتكە كەلتۈرىدىغان خەتەرلىرىدىن:

ئۈمىدسىزلىك– الله تائالاغا بولغان ئىشەنچنى تەۋرىتىپ قويىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك–كىشىلەرنىڭ قازا-قەدەرگە بولغان ئەقىدىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك– ئۈمىدۋارلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دۈشمىنىدۇر؛ غەلبە ۋە زەپەرنىڭ ياغىسىدۇر، مەغلۇبىيەتنىڭ دوستىدۇر.

ئۈمىدسىزلىك– چۈشكۈنلۈك،ھورۇنلۇق ۋەبىكار تەلەپلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك– ئۈممەتنىڭ ھەرىكەت-ئەمگەك قابىلىيىتىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك– ئۈممەتنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى ئىجتىھاد- غەيرىتىنى پالەچ قىلىدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت بارلىق نەرسىدە مەغلۇپ بولىدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت يالىقاۋ،بىكار تەلەپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت چۈشكۈنلۈككە پاتىدۇ. بۇنداق ئۈممەتنىڭ ئەزالىرى ئەمگەكنى خالىمايدۇ، ھېچبىرى ئىشلەپچىقىرىشنى خالىمايدۇ؛ ھېچكىم ئۇتۇق قازىنىشنى ۋە ئىجادكارلىقنى خالىمايدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن ئۈممەتتۇر.

## ئۈمىدۋارلىق ۋە ئارزۇ

ئۈمىدۋارلىق ئارزۇدىن باشلىنىدۇ. ئارزۇيۇڭ ئۈچۈن ياشاپ، ئارزۇيۇڭنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئويلايسەن، شۇڭا ئارزۇيۇڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كېرەك.

سەن بۇ ئىبارىگە ئىشەنمەي تۇرالمايسەن: قانداق بىر نەرسىنى ئارزۇيۇڭغا پۈكسەڭ، ئاندىن شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىڭنى بېغىشلىساڭ، دېمەك سېنىڭ بۇ ئارزۇيۇڭ ئىشقا ئېشىشى كېرەك ۋە ئاشىدۇ. مانا بۇ پولاتتەك قانۇنىيەت! قېنى، بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى!!!

پۈتۈن ئۈممەتنىڭ زەپەر قۇچقان ھالدا ئەقسا مەسجىدىگە كىرىشىنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى.

مەسجىدى ئەقساغا كىرەلەيمەن دەپ ئارزۇ قىلغىن؛ مەن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ئارزۇ-ئارمان ئۇرۇقىنى چېچىۋاتىمەن، پەيغەمبىرىمىزمۇ ساھابىلەرگە قارىتا مۇشۇنداق قىلاتتى؛ دېمەك سېنىڭ ئارزۇيۇڭ اللەنىڭ ئىزنى بىلەن چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە:{ (بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ دەرۋازىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! دەڭلار} (بەقەرە سۈرىسى 58-ئايەت) دېگەن دەرۋازىدىن بىزمۇ ئەقسا مەسجىدىگە كىرىپ

بارىدىغانلىقىمىزنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى!

قۇددۇستىكى سەخرە گۈمبىزىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى! زەيتۇنلارنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى! ئەقسا مەسجىدىنىڭ دەرۋازىلىرىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى! ئەقسا مەسجىدىنىڭ دەرىزىلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن بىرلىكتە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلايلى!

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقسا مەسجىدىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، اللەنىڭ:{ ھەقىقەت (ئىسلام) كەلدى، باتىل يوقالدى، باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ}. (ئىسرا سۈرىسى81-ئايەت) دېگەن ئايىتىنى بىرلىكتە ياڭرىتىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز ئارزۇ قىلايلى!

ئەقسا مەسجىدىنىڭ ئىچىدە زەپەر قۇچۇپ كىرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سەير قىلىپ بارغان ئورۇندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغان ئورۇندا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى!

سالاھىددىن ئەييۇبى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دەسسىگەن جايلارنى كۆزىمىزگە سۈرتۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى، ئىراق قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقلىق ھوقۇقلىرىنى قايتا قولغا ئالغانلىقىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى!

قېرىندىشىم!

بۇ ئارزۇلار بىز اللەنىڭ:{ بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، اللە ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ} (رەئد سۈرىسى11-ئايەت) دېگەن سۆزىگە قايتىدىن ئەمەل قىلىدىغانلا بولساق، ئىشقا ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بار.

ئەگەر بىز ھەممىمىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىپ ئىشلىرىمىزدا ئۇتۇق قازىنىدىغان بولساق، ياخشى ئىشلاردا ئاكتىپچانلىقىمىزنى كۆرسىتەلەيدىغان بولساق، ئاتا-ئانىلىمىزغا ۋاپادار بولالىساق، دىيارلىرىمىزنى ئىخلاسىمىز بىلەن گۈللەندۈرەلىسەك، زېھنىمىزنى يىغىپ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئەمگەك سىڭدۈرىدىغان بولساق، يۇقۇرقى ئارزۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا گەپ يوق.

## اللەغا تايىنىش ئاساسىدىكى ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ يولىدىكى يارقىن بىشارەتلەر

تۆۋەندە مەن ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزنىڭ مۇقەررەر ھەقىقەت ۋە تولۇق رېئاللىققا ئايلىنىش ئىمكانىيىتى بارلىقىغا بىزنى تولۇق ئىشەنچكە ئىگە قىلىدىغان بىر مۇنچە پاكىت-دەلىللەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.بۇلار ئىشەنچلىك يارقىن بىشارەتلەردۇر:

## 1.ئاللەنىڭ مۇستەھكەم كائىنات نىزاملىرى:

بۇ نىزاملارنىڭ بىرى:{بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز} (ئال ئىمران سۈرىسى،140-ئايەت).

كۈنلەر ئايلىنىپ، زامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھېچكىمنىڭ ئىشلىرى ئۆزگەرمەستىن بىرلا خىلدا مېڭىۋەرمەيدۇ. مىسالغا ئالساق،يەر شارىدا ئۇزۇن زامانلار شەرق يېتەكچىلىك ئورنۇندا تۇرۇپ كەلگەن. كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر شەرقتە،بولۇپمۇ ئىراقتا يارالغان؛ئىراق پەيغەمبىرىمىز يۇنۇسنىڭ يۇرتى. كېيىن يېتەكچىلىك غەربكە يۆتكەلگەن،يەنى گىرېكلار، يۇنانلىقلاردا بولغان.ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن قايتىدىن شەرق يېتەكچىلىك ئورنۇنغا ئۆتۈپ، تەخمىنەن 1300 يىل شەرق يېتەكچىلىكى داۋاملاشقان. ئاندىن كېيىن يېتەكچىلىك قايتىدىن غەربكە كۆچكەن،يەنى ئالدىنقى ئەسىرلەردە غەرب يېتەكچىلىك ئورنۇنغا ئۆتتى.

ئۇنداقتا ئەمدى نۆۋەت كىمگە كېلىپ،كىمنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشتى؟ ئاللەنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاخىرلىشىپ، بىزنىڭ نۆۋىتىمىز كېلىپ قالدى... بۇ بىز ئۈچۈن يارقىن بىشارەت.

ئاللەنىڭ يەنە بىر نىزامى:{ بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللە ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ }.ئەگەر بىز ئاللەنى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا قاراپ ئۆزگىرىش ياسايدىغان بولساق،ئاللە تائالا چوقۇم ئەھۋالىمىزنى ۋە ئىشلىرىمىزنى بىز رازى بولىدىغان ھالغا ئۆزگەرتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن يارقىن بىشارەت.

## 2.بۇ ئىسلام ئۈممىتى ھېچقاچان مەڭگۈلۈككە مۇنقەرز بولۇپ يوقالمايدۇ.

بۇ ئىقرار بولۇشقا تېگىشلىك، شەكسىز ئىشىنىشكە زۆرۈر بولغان ئەقىدىدۇر؛ يەنى بۇ ئۈممەت ئاجىزلىشىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرگىز مۇنقەرز بولمايدۇ. شۇڭا يەنە قايتىدىن ئېگىلمەس-سۇنماس كۈچ-قۇدرىتىنى قولغا كەلتۈرىشى مۇقەررەر. چۈنكى بۇ ئۈممەت

ئىلگىرى مۇنقەرز بولۇپ تۈگىگەن پارسلار، رىملىقلار ۋە فىرئەۋنلەردەك باشقا ئۈممەتلەرگە تامامەن ئوخشىمايدۇ.

بۇ ئۈممەت داۋاملىشىپ بارىدۇ، چۈنكى بۇ ئۈممەت اللە تائالانىڭ يەر شارىدىكىلەرگە ئاتا قىلغان قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى دەستۇرىنى ئېلىپ يۈرىدۇ، شۇنداقلا اللە تائالانىڭ دەل شۇ دەستۇرىغا قارىتا :{ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى نازىل قىلدۇق ۋە ھەقىقەتەن ئۇنى قوغدايمىز} (ھىجر سۈرىسى،9 -ئايەت) دېگەن ئاخىرقى سۆزىنى ئېلىپ يۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۈممەت مۇنقەرز بولىدىغان بولسا، شەكسىز قىيامەت قايىم بولىدۇ. يەر يۈزىدە تەۋھىد ئەقىدىسىنى كىم باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ؟! ئەگەر بۇ ئۈممەت مۇنقەرز بولىدىغان بولسا، اللەنىڭ يەر شارىدىكى شەرىئىتىنى كىم ئىجرا قىلىدۇ؟ شۇڭا بۇ ئۈممەت قۇياش ۋە ئايدۇر.

ئەگەر بۇ ئۈممەت يوقالسا، قىيامەت قايىم بولىدۇ. بىز ھازىر قۇياش تۇتۇلغان ۋاقىتقا دۇچ كەلدۇق، بۇ قۇياشنىڭ پاتقىنى ئەمەس.

قۇياش تۇتۇلۇش ھادىسىسى يۈز بەرسە، بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرىدىكى ئۆتكەن مەزگىللەر قۇياش تۇتۇلغانغا ئوخشايدۇ، ھەرگىز قۇياش پاتقانغا ئوخشىمايدۇ. قۇشلار قۇياش تەرەپتىن تارىلىۋاتقان ئاجىز نۇرلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قۇياشنىڭ پارلىشىغا ئىنتىزاردۇر.

بۇ ئۈممەتمۇ شۇنداق: زۇلمەتنىڭ يوقىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ، نۇرلار پارلايدىغان مەزگىل بولاي دەپ قالغانلىقىغا ئېنىق ئىشەنچتە، چۈنكى، ئۆز دىنىنى تولۇق ھالدا چىڭ تۇتقان مۇسۇلمان ياشلىرىدىن تارىلىۋاتقان شولىلار جىلۋە قىلماقتا. بۇ ئۈممەت يوقالمايدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن يارقىن بىشارەت.

## 3.قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىفلەر:

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز} (فاتىر سۈرىسى، 51-ئايەت).

دېمەك، پەقەت پەيغەمبەرلەر ياردەمگە ئېرىشىپ قالماستىن، مۆئمىنلەرمۇ ئېرىشىدۇ. نەدە ئېرىشىدۇ؟

دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا):" مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلبە قىلىمىز" دەپ يازدى} (مۇجادەلە سۈرىسى،21-ئايەت).

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى؛ ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ} (نۇر سۈرىسى،55-ئايەت).

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار اللهنىڭ نۇرىنى (اللهنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كافىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر )يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر). } ( سەف سۈرىسى،8-ئايەت).

شەكسىز اللهغالىبتۇر:{ الله ئىشلىرىدا غالىبتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ } (يۇسۇف سۈرىسى،21-ئايەت).

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ} (تەۋبە سۈرىسى،33-ئايەت).

مۇشۇنداق ئۇلۇغ ۋەدىلەر بار يەردە نەگە بارماقچىمىز؟ روھىمىزدا ئۈمىدۋارلىق پەيدا قىلساق بولمامدۇ؟

باشتىكى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ۋەدە-بىشارەتلەر بىلەن بىللە يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ بىر مۇنچە ۋەدە-بىشارەتلىرى بار:

تەمىم دارى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ:" بۇ ئىسلام دىنى چوقۇم كېچە- كۈندۈز يەتكەن يەرلەرگە يېتىدۇ. الله تائالا كېسەك ئۆي ۋە كىگىز ئۆيىنىڭ ھەر قانداقىغا چالا قويماستىن ئەزىزنى ئەزىز قىلىپ ياكى خارنى خار قىلىپ بۇ دىننى كىرگۈزىدۇ؛ ئىسلام ئارقىلىق ئەزىزنى ئەزىزلىسە، كۇفرى ئارقىلىق خارنى خارلىققا پاتۇرىدۇ".

تەمىم دارى مۇنداق دەيتتى:"ئۇنى مەن ئائىلەمدىكىلەرگە قاراپمۇ بىلدىم،

ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلىرى ياخشىلىقتا ئىززەت-شەرەپكە ئېرىشتى. كاپىر بولغانلىرى بولسا، خارلىقتا، مەھكۇملۇقتا ۋە جىزيە تۆلەشكە ئېرىشتى" ئىمام ئەھمەد "مۇسنەد" تە بايان قىلغان، 16344-ھەدىس.

سەۋبان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى دەيدۇ:" الله تائالا ماڭا يەرنى قاتلاپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭ شەرق-غەرب جايلىرىنى كۆردۈم. مېنىڭ ئۈممىتىم كەلگۈسىدە ماڭا قاتلاپ كۆرسىتىلگەن زېمىنغا ئىگە بولىدۇ. ماڭا قىزىل ۋە ئاق ئىككى خەزىنە بېرىلدى. مەن ئۈممىتىم ئۈچۈن رەببىمدىن ئۇلارنى ئومۇمى قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى، ئۇلارنى تۇخۇمدىن تارتىپ قۇرۇتىۋېتىدىغان، ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەنىنىڭ قولىغا قويماسلىقنى سورىدىم. رەببىم ماڭا: ئى مۇھەممەد! مەن بىرەر ھۆكۈم چىقارسام رەت قىلىنمايدۇ، مەن ئۈممىتىڭ ئۈچۈن ساڭا، ئۇلارنى ئومۇمى قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلمايدىغانلىقىم ۋە ئۇلارغا يەر يۈزىدىكى بارلىق ياۋلىرى بىرلىكتە قارشى چىققاندىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇخۇمدىن تارتىپ قۇرۇتىۋېتىدىغان، ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەنىنىڭ قولىغا قويمايدىغانلىقىم بىلەن سورىغىنىڭنى بەردىم، ئۇلار بىر-بىرىنى ھالاك قىلىپ، بىر- بىرىنى تۇتقۇن قىلمىسىلا بولىدى"، سەھىھ مۇسلىم 5144-ھەدىس.

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:" قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار ئىسلامنى قوغداپ كۆرەش قىلغان ھالدا بۇ دىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ" سەھىھ مۇسلىم، 3546-ھەدىس.

ئەبۇئىنەبە خۇلانى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن دەپ بايان قىلىدۇ:" الله تائالا ئىزچىل تۈردە بۇ دىن ئىچىدە يېڭى كۆچەتلەرنى تىكىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا ئىشلىتىدۇ" ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئەبۇ قەبىل مۇنداق دەيدۇ:" بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، ئۇنىڭدىن: قۇستەنتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل) بىلەن رۇمىيە (ھازىرقى ئىتالىيە رۇم شەھىرى) نىڭ قايسىسى بىرىنچى بولۇپ فەتھى قىلىنىدۇ؟ دەپ سورالدى. ئابدۇللاھ ھالقىسى بار بىر ساندۇقنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر يازمىنى چىقاردى ۋە مۇنداق دېدى:" بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا خەت پۈتىۋاتقان ئىدۇق، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن: قۇستەنتىن بىلەن رۇمىيە شەھرىنىڭ قايسىسى بۇرۇن فەتھى قىلىنىدۇ؟ دەپ سورىلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام

مۇنداق جاۋاب بەردى:" ھىرەقلىنىڭ شەھىرى (يەنى قۇستەنتىن) ئاۋۋال فەتھى قىلىنىدۇ"، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى،6358-ھەدىس.

ھەقىقەتەنمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتىدىن توققۇز ئەسىر كېيىن، مۇھەممەد فاتىھ ئىسىملىك، 23ياشلىق تەقۋادار مۇسۇلمان يىگىتنىڭ قولى ئارقىلىق قۇستەنتىن شەھىرى فەتھى قىلىنغان.

ئەمدى رىم شەھىرىمۇ فەتھى قىلىنىشى چوقۇم، چۈنكى بۇ، خاتالىقتىن خالى ۋە راستچىل پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقىقى سۆزىدۇر.

غەربلىكلەر ئىسلام دىنىمىزگە كىرىشكە يۈزلەندى، بۇمۇ بىشارەتلەردىنغۇ؟

●ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:" مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرمىگىچە، ھەتتا بىر يەھۇدى تاش ۋە دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنسا، تاش ۋە دەرەخ: ئەي مۇسۇلمان، ئەي اللەنىڭ بەندىسى! كەينىمدە يەھۇدى بار، كېلىپ ئۆلتۈرگىن دېمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. "غەرقەد" ناملىق دەرەخ مۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەھۇدىلار دەرىخىدۇر" سەھىھ مۇسلىم، 5203-ھەدىس.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:" دۇنيادىن پەقەت بىر كۈنلا قالغان تەقدىردىمۇ، الله تائالا ئۇ كۈننى ئۇزارتىدۇ ۋە ئۇ كۈندە ئىسمى مېنىڭ بىلەن ئىسمداش، دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ دادامنىڭ ئىسمى بىلەن ئىسمداش بولغان، مەندىن، مېنىڭ ئائىلە نەسلىمدىن بىر كىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، ئۇ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە تولغان يەر يۈزىنى باراۋەرلىك ۋە ئادالەتكە تولدۇرىدۇ". ئەبۇ داۋۇد، 3733-ھەدىس.

بۇمۇ بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ ئۈمىدۋارلىق ۋە زور بىشارەتتۇر.

ئۈمىدۋارلىقنى كۈچەيتىدىغان مۇشۇنداق بىشارەتلەردىن كېيىن يەنە نېمە دېمەكچىسەن؟

<u>4.بۇ ئىسلام دىنى ھەرۋاقىت زەئىپلەشكەن )ئاجىزلاشقان) چاغدا، قايتىدىن تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ:</u>

ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىق ۋە ئاسانلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر- بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

"قايغۇ يىلى" دەپ ئاتالغان بىرلا يىلدا ھەزرىتى خەدىچە ۋە ئەبۇ تالىپ ئۆلۈپ كەتتى (قىيىنچىلىق)، ئاندىن بۇ يىلغا ئۇلىنىپلا ھىجرەت قىلىش يىلى بولدى (ئاسانلىق).

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قازا قىلىشى ئاندىن ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈشى (قىيىنچىلىق)، كېيىن شۇنىڭغا ئۇلىنىپلا فارس ۋە رۇمنىڭ فەتھى قىلىنىشى (ئاسانلىق).

ئەندەلۇستىكى (ئىسپانىيە) مۇسۇلمان بۆلۈنمە خانلىقلارنىڭ غۇلىشى (قىيىنچىلىق)، كەيىندىنلا ئىسپانىيەدە 400يىل داۋاملاشقان مۇرابىتلار دۆلىتىنىڭ يورۇققا چىقىشى (ئاسانلىق).

ئەھلى سەلىب (خىرىستىئانلار) نىڭ ئۇزۇن ۋاقىت (90يىلچە) بەيتۇلمۇقەددەسنى ئىستىلا قىلىۋېلىشى (قىيىنچىلىق)، ئاندىن سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ قولى ئارقىلىق بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئازات قىلىنىشى (ئاسانلىق).

مۇڭغۇللارنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادقا بېسىپ كىرىپ، باغدادنى ۋە ئۇنىڭدىكى كۇتۇپخانىلارنى ۋەيران قىلىشى (قىيىنچىلىق)، ئاندىن قۇتۇزنىڭ مۇڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلىشى (ئاسانلىق).

ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) نىڭ ئاخىرقى رەۋىشتە قولدىن كېتىشى (قىيىنچىلىق)، ئاندىن دەل شۇ يىلى قۇستەنتىن (ئىستانبۇل) نىڭ فەتھى قىلىنىشى (ئاسانلىق).

دېمەك، ئىسلام قۇياشى غەربى ياۋروپادا پېتىپ بولغۇچە، شەرقى ياۋروپادىن پارلاپ چىققان.

بۇ ئىسلام دىنىمىز بىر خىل ئاجايىپ مەزمۇنلۇق ۋە ئىچكى يۇشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولۇپ، بۇ كۈچ ئاپەت خاراكتېرلىق كىرزىس يۈز بەرگەن پەيتتە پارلاپ چىقىدۇ.

## 5.ئىسلام ئويغىنىش دولقۇنى:

بۇ ئويغىنىش ئەڭ كۈچلۈك بىشارەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ھازىر مۇسۇلمان ياشلىرى اللەغا بىلىم ۋە ئاڭ بىلەن ئىبادەت قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى توغرا قائىدىسى بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە، تەجۋىد قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە يۈزلەنمەكتە.

شۇنداقلا دىن ۋە تەجۋىد قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قىلىدىغان ياشتا چوڭىيىپ قالغان ئاياللارمۇ مەۋجۇد.

يەنە شۈنىڭدەكلا، ھايالىق، ھىجابلىق، ئەرلەر بىلەن قالايمىقان ئارىلاشمايدىغان نۇرغۇن ئىسلام قىزلىرى مەۋجۇد.

شۇنداقلا، ئىسلام مەزمۇندىكى ئۇن-سىن لېنتىللىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تارقىلىۋاتىدۇ.

شۇنداقلا ئىسلامى مەزمۇندىكى كىتابلار ئەڭ بازارلىق ۋە ئەڭ كەڭ تارقىلىدىغان ھالغا كەلدى.

شۇنداقلا ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىگە كىشلەر كەڭ دەرىجىدە يۈزلەندى.

شۇنداقلا ئۇتتۇق قازانغان ياشلار، تىجارەتچىلەر ۋە داڭلىق ئەربابلار ئىبادەت ۋە ئىسلام يولىغا كۆنسېرى كۆپلەپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئۇلۇغ بۇرۇلۇش.

شۇنداقلا ئىسلام دىنىغا كىرىۋاتقان غەربلىك داڭلىق ئەربابلار كۆنساناپ كۆپەيمەكتە.

## 6.غەربلىكلەرنىڭ زور مىقداردا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە يۈزلىنىشى:

بۇ مەسلىدىن ئىنتايىن زور بىشارەتلەر، چوڭ ئۈمىدۋارلىق، بەلكى ئۇلۇغ ئۈمىدۋارلىقلارغا ئىگە بولىمىز.

## 7.ئاياللارنىڭ ئاللەغا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشكە يۈزلىنىشى:

بۇ ئۇلۇغ ئۈمىدۋارلىق ۋە زور بىشارەتتۇر. چۈنكى ئاياللار جەمئىيەتنىڭ يېرىمى بولۇپ، قالغان يېرىمنى ئاياللار تەربىيلەيدۇ.

## 8.ئۈممەتنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن كۈچ-قۇۋۋەت بارلىقى:

ئىسلام ئۈممىتى نۇرغۇن كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە؛ ئۈممەت ئۇلۇغ روھىي قوزغاتقۇچ كۈچكە ئىگە، سان-ساناقسىز ئادەم كۈچىگە ئىگە، زور ماددىي ۋە ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە.

ئۈممەت شۇنداق بىر ئۇلۇغ قورالغا، كۈچلۈك ساغلام دەستۇرغا ئىگكى، بۇ دەستۇرنى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىگە تەتبىقلاپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان بولسا، ئۈممەتنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە ھازىرقى ئەھۋالىمىز كارامەت بىر ئەھۋالغا ئۆزگىرىدۇ.

بۇ قورال دەل ئۇلۇغ ئىلاھىي دەستۇرغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت: { ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ }. (رەئد سۈرىسى،11-ئايەت).

**9.بارلىق زېمىن تۈزۈملىرىنىڭ جۇلىقى چىقىپ، كىشىلەر تۈزگەن قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەغلۇپ بولىشى؛**

ساپ ئەقىلگە تايانغان بارلىق تەلىماتلارنىڭ چېكىنىشى، گويا كى الله تائالا بىزگە دەۋاتقاندەكلا: بارلىق قانۇن- تۈزۈملەرنى، ھەرخىل تەلىماتلارنى سىناپ باقتىڭلار ۋە نەتىجىدە مەغلۇپ بولدۇڭلار، خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىدىڭلار! ئەمدى سىلەرگە پەقەت ئىسلاملا دىن، تۈزۈم ۋە شەرىئەت بولۇپ تۇرالايدۇ.

كوممۇنىزمنى، كاپىتالىزىمنى، سېكۇلارزىمنى ۋە باشقا نۇغۇن- نۇرغۇن يارىماس ئەقلى تەلىمات- ئىزملارنى سىناپ كۆردۇڭلار، نەتىجىدە مەغلۇپ بولدۇڭلار، قۇرۇپ جېدەلگە پاتتىڭلار، خاتىرجەملىك تاپالمىدىڭلار.

ئەمدى سىلەر ئىززەت- ھۆرمەت، يۈكسەكلىك، خاتىرجەملىك، مۇقىملىق ۋە دۇنيا- ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى خالىساڭلار، ئالدىڭلاردا سىلەر ئۈچۈن دىن، شەرىئەت، نىزام ۋە ھاياتلىق يولى بولالايدىغان پەقەت ئىسلاملا بار.

**10.قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق، سەۋردىن كېيىن غەلبە، زۇلمەتتىن كېيىن نۇر تۇغۇلىدۇ؛ تاڭ ئېتىپ نۇرلار جىلۋە قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەقىقىلەر ئەڭ قاراڭغۇ بولىدۇ.**

جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى لەھزىلىرىدە ئاسانلىق يېتىپ كېلىدۇ.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:" بىلگىنكى، قىيىنچىلىققا سەۋر قىلىشتا نۇرغۇن ياخشىلىق بار، غەلبە سەۋر بىلەن بىللىدۇر، خوشاللىق جاپا بىلەن بىللىدۇر، قىيىنچىلىق بىلەن بىللە ئاسانلىق باردۇر" (ئىمام ئەھمەد مۇسنەدى، 2666-ھەدىس)

بىراقلا يېشىلەر، تۈگەر مۇشەققەت،

ھالقىدەك سىقسىمۇ قەۋەتمۇ-قەۋەت!

بۇ يارقىن بىشارەتلەرنى ھەمراھ قىلىڭلار، ئۇلارنى يېزىپ كۆچۈرۈڭلار، تارقىتىڭلار، بۇلار ئارقىلىق روھىڭلارغا ئۈمىدۋارلىق ئۇرۇغىنى تېرىڭلار!

# گۇناھلار ۋە
# ھەسرەت-نادامەتلەر

ئاپتورى: دوكتور خالىد ئەبۇ شادى

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

## گۇناھلار ۋە ھەسرەت-نادامەتلەر

گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلارسىز پەيدەرپەي،
ۋەھالەنكى كۆتەرسىز ساۋابلار، جەننەتۇئەدەننى.
ياد ئەيلەڭ، ئاللاھغا قىلماي بۇ قەدەر گۇستاخلىق،
بىر گۇناھ ئىلە چىقاردى جەننەتتىن ئادەمنى.

**قۇرئان نۇرلىرىدىن:**

**{ئۇنى خاتالىقلىرى قورشىۋالغان......}سۈرە بەقەرە 81-ئايەت.**

**بۇ كىتابچىدا:**

نېمە ئۈچۈن ياخشى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىمۇ غېرىبلىق ھىس قىلىسىز؟

نېمە ئۈچۈن پاراكەندە ھالدا ناماز ئوقۇيسىز؟

نېمە ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ لەززىتى،مۇناجاتلارنىڭ تەمىنى سېزەلمەيسىز؟

نېمە ئۈچۈن ئۈستىگىزدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىگە سەل قاراپ،ئۇنى ئەرزىمەس نازارەتچى قاتارىدا كۆرىسىز؟

نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ، قەلبىڭىزنى ئۆلتۈردىڭىز؟

نېمە ئۈچۈن قەلبىڭىز بىئارام، پاراكەندە، قاتتىق ھەم سەرسان؟

**كىتابچە:**

تاڭ نۇرىنى كۆرمەيۋاتقانلارغا، نادامەت دەردىنى ھېس قىلماۋاتقانلارغا؛ قەلبىگە ۋەز- نەسىھەتنىڭ ياڭراق سادالىرى يۆسۈپ كىرەلمەيۋاتقانلارغا بېغىشلاندى.

ئۆلارنىڭ قەلبى سىلكىنىپ، ئەقلى ئويغىنىپ،كۆزلىرى ياشلىنىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس...

دوكتۇر خالىد ئەبۇ شادى.

بۇ كىتابچە گۇناھلارغا پېتىپ قالسىمۇ بەخرامان ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىپ، ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشتىن ئىلگىرى خاتالىقلىرىنى يۇيۇپ، ھايات شاملىرى ئۆچمەستە ئۈمىد نۇرلىرىغا يول تېپىۋېلىشى ئۈچۈن تەييارلاندى.

بۇ كىتابچە تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ، سالىھ ئۇتتۇق ئىگىلىرىنىڭ گۇناھ ھاڭلىرىغا قاراپ قەدەم تاشلاپ قېلىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن يېزىلدى.

بۇنىڭدا قەبىھ گۇناھلارنىڭ تەسرىنى تۈنۈشتۇرۇپ ئۆتتۇم، ئۇنى كۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى قەلبىڭلار بىلەن ئوقۇپ چىققايسىلەر. خەيرلىك دۇئالىرىڭلاردا بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغايسىلەر.

1. ئىلىمدىن ۋە رىزىقتىن مەھرۇم قىلىش

بىر كۈنى ئىمام شافىئى ئىمام مالىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. مالىك ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ:" الله سېنىڭ قەلبىڭگە نۇر تاشلاپتۇ، گۇناھ زۇلمىتى بىلەن ئۇنى ئۆچۈرۈۋالمىغىن!" دېدى. بىراق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شافىئى مالىكنىڭ نەسىھتىگە خىلاپلىق قىلىپ سالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋەكىئى ئىبنى جەرراھنىڭ ھوزۇرىغا كېتىۋاتقان يولدا بىر ئايالنىڭ ئېچىلىپ قالغان ھوشۇقىغا قاراپ قالدى- دە، ئۇنتۇغاقلىققا گىرىپتار بولۇپ، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى سۇسلاشتى. (شافىئى يادلاشقا تايىناتتى، ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى پەۋقۇلئاددە يوقۇرى بولۇپ، كىتاپ يادلىغاندا ئارىلاشتۇرۇپ يادلىۋالماي دەپ بىر بەتكە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ يەنە بىر بەتنى يادلايتتى). شۇنىڭ بىلەن ۋەكىئىمۇ مالىكنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك ئەستە ساقلاشنىڭ بىباھا دورىسى، دېگەن نەسىھتىنى تەكتلىدى.

ۋەكىئگە تۆكتۇم دەردۇ ھالىمنى، ئېرشاد ئەيلىدى ئۇستاز،
داۋادۇر دەپ، تەركى مەئسىيەت ئەستە تۇتماسلىق بالاسىغا.
دېدى ئۇ: ئىلىم-ئېرپان نۇردۇركى،يورۇتار قەلبىڭنى،
ئاتا ئەيلىمەس بۇ نۇرنى الله ھېچ بىر ئاسىغا. (شافىئى شېئىرلىرىدىن)

مۇسۇلمانلار سىپرۇسېنى فەتھى قىلغان چاغدا، ئەبۇدەردا دەل مۇشۇنداق بىر ئىش سەۋەپلىك يىغلاپ كەتكەن، ئۇنىڭغا: الله ئىسلامنى ئەزىز قىلىپ، شىرىك ۋە شىرىك ئەھلىنى خار قىلغان مۇشۇنداق كۈندە نېمىشقا يىغلايسەن؟ دېيىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: اللەنىڭ ئەمرىنى ئۇرۇندىمىغان خەلق نېمدېگەن پەس! ھالبۇكى، اللەنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپمۇ ھەيۋەت- قۇدرەتتىن ئايرىلمىغانلار بۇلارغۇ!

نېئ.ەتلەر غەنىيمەت، قولدىكى چاغدا،
گۇناھلار نېئمەتنى يوق قىلار ئاخىر،
ئۇلارنى يۆيۈۋەت ئىبادەت بىلەن،

اللەنىڭ جازاسى قىلماس ھېچ تەخىر.

## ھېكمەت

سەن مۇنداق دەپ سوئال قويۇشۇڭ مۇمكىن: بۈگۈنكى ۋاقىتتا گۇناھلارغا پاتقانلار، بۇزۇق ئادەملەر قانداقسىگە پاراغەتتە بولۇشۇپ، كۆپلىگەن ھەققانىيەتچىلەر، ئىسلام يولىدا چىڭ تۇرغانلار كەمبەغەل، ئاجىز ھەم خار بولۇپ قالىدۇ؟!

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساڭا جاۋاپ قايتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:" اللەنىڭ گۇناھقا پاتقان بەندىگە ئۆزى خالىغاننى بەرگەنلىكىنى كۆرسەڭ، ئۇ چوقۇم اللەنىڭ تۇيدۇرماي جازالىشىنى كۈتۈۋاتقان بولىدۇ". ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇغان:{ ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال- خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق) ئۇلار ھەسرەتتە قالدى}. (سۈرە ئەنئام 44-ئايەت).

بىپەرۋا بۇرادىرىم! ئەگەر اللە سەن گۇناھقا پاتقاندىمۇ ساڭا نېئمەتلىرىنى تۆككىنىنى كۆرسەڭ، اللەتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگىن! ئەگەر ساڭا مەلۇم مال-مۈلۈك، ئايال، سالامەتلىك ياكى گۈزەللىكنى ئاتا قىلغان بولسا، ئاندىن سەن اللەغا ئاسىيلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرغان بولساڭ، اللەتىن ھەزەر قىلغىن. بەلكى اللەنىڭ نېئمىتىنى يوق قىلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىدىن، قاتتىق غەزىپىدىن ۋە ئىشلىرىڭنى تەتۈرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشىدىن ھەر دائىم ئۆزەڭنى ئاگاھلاندۇر!

اللەنىڭ بۇ ئىلاھى قانۇنىيىتىنى اللەنىڭ ئۆز كىتابىدىن نەقىل ئېلىپ ئىسپاتلاپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلامسەن؟

ئۇنداقتا، اللەنىڭ كۇففارلارنى تەسۋىرلىگەن تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قۇلاق سالغىن:

{ئىنسانلار (كۇففارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۈممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك اللەنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. (يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت

دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھوزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇنېمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر}. (زۇخرۇف سۈرىسى 33-35 ئايەتلەر).

## 2.غېرىبانە قەلب

گۇناھ-خاتالىقلار قەلبنى دائىم مۇجۇپ تۇرىدىغان غېرىبلىق ۋە قايغۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز بۇ يەردە قەلبى ئىماندىن نۇرلانغان ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلەيلى.

بۇ خىل كىشىلەر ھېچقاچان گۇناھ قىلىشتىن ھوزۇر ھېس قىلمايدۇ. ئۇ ئارقىلىق خۇشاللىق سەزمەيدۇ، ئەكسىچە گۇناھ سادىر قىلىپ بولغۇچە دەرھال قەلبنى قايغۇرۇش تۇيغۇسى ئىگەللىۋالىدۇ. ھاۋايى- ھەۋەسنىڭ مەسلىكى بۇنداق تۇيغۇنى سەزدۈرمەيدۇ. قەلبى بۇ خىل قايغۇرۇشتىن خالى ئادەم - ئىمانى تۈگەشكەن ئادەمدۇركى، قەلبى ئۆلگەنلىكىگە ماتەم تۇتسۇن!

ھەممىمىز اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، ھەم اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

## خارابلاشقان يۇرتلار

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن: قەلبدە قايغۇرۇش تۇيغۇسى قالمىغان چاغدا خاراب بولىدۇ. خۇددى ئادەم تۇرمىغان ئۆي خارابلاشقاندەك.

قايغۇ قەلبنىڭ خارابلاشماسلىقىنىڭ كاپالىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

ھەسەن بەسرى بۇ قاراشنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: مۆمىن ئادەم گۇناھ سادىر قىلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قايغۇرۇپ يۈرگەچكە جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ.

بۇرادىرىم! سۆزلىرىڭىزدە قايغۇرىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، ئىش- ھەرىكەتلىرىڭىز تىلىڭىزنى يالغانغا چىقىرىۋاتقان قېرىنداشىم: قەلبىڭىزدە غەم بولغىنىدا ئىدى، ئۇنىڭ تەسىرى چېھرىڭىزدە نامايان بولاتتى! اللەتىن قورقۇپ يىغلاش كۆرۈلەتتى... يامان ئىشلارنىڭ ئارقىسىدىن ياخشى ئىشلارنى قىلىش كۆرۈلەتتى... ياخشى ئادەملەرنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىڭىزنى ئاتقان بولارئىدىڭىز؛ يامان ئادەملەرنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق بولار ئىدىڭىز؛ ھەقىقى تەۋبە، نادامەت ياشلىرى ۋە پولاتتەك ئىرادىڭىز نامايەن بولار ئىدى......

**3.ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا غېرىبلىق**

ئەبۇ دەردا مۇنداق دېگەن:" بىرىڭلار مۆمىنلەرنىڭ قەلبى ئارقىلىق سەزمەستىنلا لەنەتكە دۇچار بولۇشىدىن ھەزەر قىلسۇن! ئاندىن بۇ نىمىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سوراپ، مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: بەندە اللەغا ئاسىيلىق قىلغاندا، ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، الله بەندىگە سەزدۇرمەستىنلا ئۇنى مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئۆچ كۆرستىپ قويىدۇ."

ئەگەر بۇرادەرلىرىڭىزدىن ناچار مۇئامىلىگە ئۇچىرسىڭىز، بۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭىز سەۋەبلىكتۇر. شۇڭا دەررۇ الله تائالاغا تەۋبە قىلىڭ، ئۇلاردىن ئارتۇقچە يېقىنچىلىق كۆرسىڭىز، بۇ سىزنىڭ اللەغا ئىتائەت قىلغانلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسىدۇر، شۇڭا دەررۇ اللەغا شۈكرى قىلىڭ.

پەقەت بۇ خىل ناچار مۇئامىلەلا ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىدە قىمىرلىغان ھەرقانداق چولڭ- كىچىك، ئالاھىدە ئاددى جاندارلارنىڭ سىزگە ھاقارەت كەلتۈرۈپ، كۆزگە ئىلماسلىقىمۇ دەل ھۇزەيفە ئىبنى يەمانىنىڭ بۇ قانۇننى ئىپادىلەپ بىرىدۇ:" ھەر قانداق بىر قەۋم اللەنىڭ ھەققىگە سەل قارايدىكەن، اللەمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىگە سەل قارايدىغانلارنى پەيدا قىلىدۇ."

ھۇزەيفە پىرىنسىپىنىڭ ھەقىقىتىنى تەكىتلىگەن زاھىد ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزى قانداق ھەق ئىيتىلغان- ھە!:" كىمكى مەخلۇقلاردىن قورققانلىقتىن ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك قىلسا، ئۇنداق ئادەمدىن ئىتائەت ھەيۋىتى يوقىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بالىسىنى ياكى خىزمەتكارلىرىنى ئىشقا بۇيرىسىمۇ ئۇلار ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ."

**4.ئىشلارنىڭ تەسلىشىشى**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:( سىلەرگە ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەندۇر). شۇرا سۈرىسى 30-ئايەت.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" ئادەم ئۆزى سادىر قىلغان گۇناھى سەۋەبىدىن رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ". نەسەئى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان .

دىمەك ئۆزئىشلىرىنى ئىمان تارازىسىدا ئۆلچەيدىغان مۆئمىن شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدىكى، ئۇ دۇچار بولغان بالا گۇناھ سەۋەبلىك بولىدۇ. ھەر قانداق ئاۋارىچىلىق خاتالىقتىن تۇغۇلىدۇ.

ئەمما ھاۋايى- ھەۋەسنىڭ دېڭىزىغا غەرق بولغان ماددا قۇللىرى بولسا، مەلۇم بىر

ئاپەتكە گىرىپتاربولسا ياكى بىر قىيىنچىلىققا دۇچار بولسا، بۇنىڭغا ئۆزلىرى سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ، ئاھ ئۇرىدۇ.

ئەسلىدە بۇلارباشتا ئۆزى خاتا دەسسەپ، گۇناھلارغا غەرق بولغاچقا جازا تارتقانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. زۇلۇمنى باشلىغۇچى ئەڭ زالىم قائىدىسىنى ئۇقمايدۇ.

سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ:" مەن ئايالىمنىڭ مۇئامىلىسىدىن، ئېتىمنىڭ ۋە ئۆيدىكى چاشقانلارنىڭ خۇيىدىن ئۆزۈمنىڭ گۇناھ سادىرقىلغانلىقىمنى بىلىۋالىمەن".

بۇ خىل تونۇش، الله قەلبىنى يورۇتۇپ، ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇپ، توغرا يولغا باشلىغان ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. بىزنى الله شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى سورايمىز.

## 5.تائەتتىن مەھرۇم بولۇش

سۇفيان دەيدۇكى:" گۇناھىم سەۋەبلىك تۆت ئاي كېچىسى ئويغىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن مەھرۇم قىلىندىم."

ئىبنى سىرىن بىر ئادەمنىڭ كەمبەغەللىكىنى زاڭلىق قىلغاچقا، قەرز ھەققىدە زىندانغا چۈشكەن.

مەكھۇل بىرسىنى رىيا قىلىپ يىغلىدىكى دەپ مەسخىرە قىلغاچقا، بىرىيلغىچە اللەدىن قورقۇپ يىغلاشتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەمەلىيەتتە، بۇخىل جازالارنىڭ دەررۇ يۈز بېرىشى اللەنىڭ بەندىسىنى سۆيگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. چۈنكى بۇجازالار يېنىك ھەم تېز ئۆتۈپ كېتىپ تۈگەيدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە بولسا، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كېچىپ باقمىغان ئېغىر جازالار باردۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقان ئىدى:" الله ئۆز بەندىسىگەياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى دۇنيادىلا كۆرسىتىدۇ؛ ئەگەر الله ئۆز بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ گۇناسى بىلەن كارى بولماستىن، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىراقلا جازالايدۇ". تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، دۇنيادا جازالانغان ئادەم اللەغا يېقىن بەندىدۇر. دۇنيادا گۇناھى سۈرۈشتۈرۈلمەي ئاخىرەتكە قالدۇرۇلغان ئادەم اللەنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ئادەمدۇر...

بەزىدە بەندە گۇناھ سادىر قىلسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇنى جازالىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ نېئمىتى يۈتكىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيدۇ، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

مەن دەيمەنكى قەلبنى ئاللاغا بېغىشلاشنىڭ راھىتىنى ۋە مۇناجاتنىڭ لەززىتىنى يوقىتىپ قويۇشمۇ بىرخىل مەھرۇملۇق، ئاللاغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش تۈيغۇسىنىڭ كەملىكى-مەھرۇملۇق؛ تائەتنى قوبۇل قىلىش ئىشىكىنىڭ تاقىلىشى- مەھرۇملۇق؛كۆز قېتىپ قېلىپ ياش تۆكەلمەسلىكمۇ مەھرۇملۇق؛ يۈرەكنىڭ قارىيىشى، ۋەز-نەسىھەت ئاڭلىغاندا تەسىرلەنمەسلىكمۇ مەھرۇملۇق...مەھرۇم قىلىنغانلار نۇرغۇن بولسىمۇ ئۆزلىرى سەزمەس.

گۇناھكار بۇرادىرىم!

كۆزلىرىڭ قانچە قېتىملاپ ھارامغا تىكىلگەن بولسىمۇ، ئاز يىغلىدى. قانچە قېتىملاپ بامدات نامىزىغا چىقمىغان سەۋەبتىن يۈزۈڭنىڭ نۇرى ئۆچتى، قانچە قېتىملاپ ھارام مال- مۈلۈككە ئېغىز تەككۈزۈپ سالدىڭ- دە، بەرىكەتتىن قۇرۇق قالدىڭ؟ قانچە قېتىملاپ ناخشا-مۇزىكىلاردىن ھوزۇرلانغىنىڭ ئۈچۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن مەھرۇم قالدىڭ...دۇنيا مۇھەببىتى قەلبىڭنى ئىشغال قىلغاچقا، ئاخىرەت ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتكەن...چۈنكى ئاخىرەت ئۇلۇغ بولغاچقا، شېرىكلىششنى قوبۇل قىلمايتى...

## ھېكمەت

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئېيتقان:" باتىل نەرسىگە كۆپ نەزەر سېلىش ھەقنى تونۇشنى قەلبتىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ."

## 6.گۇناھتىن گۇناھ تۇغۇلىدۇ

بۇنىڭ سىرى شۇكى، بىرئادەم ئاللاغا ئاسىيلىق قىلسا،شەيتان ئۇئادەمگە قاراپ يۈگۈرەيدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ، شەيتان پەقەت يامانلىققا، گۇناھقا، خاتالىق ۋە ھالاكەتكە باشلايدۇ، شۇڭاسەھل ئىبنى ئاسىم:" گۇناھنىڭ جازاسى- گۇناھ" دەپ توغرا ئېيتقان.

خۇددى زەنجىرنىڭ ھالقىلىرىدەك بىرى يەنە بىرىنى سۆرەيدۇ، ياكى بىر تىزىق مارجاندەك، ئۇنىڭدىن بىرتال دانە چۈشۈپ كەتسە قالغانلىرى تورۇكلاپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئىبنى قەييىم قەسەم ئىچكەن ھالدا توغرا ئېيتقان:" الله بىلەن قەسەمكى، سەندىن دوست (پەرىشتە) يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىنلا، دۈشمەن (شەيتان) ساڭا قاراپ ئېتىلىپ كېلىدۇ، شۇڭا شەيتان غالىب كەلدى، دەپ ئويلىما، لېكىن ساقلىغۇچى پەرىشتە يۈز ئۆرۈگەندۇر".

## اللەغا ئىتائەتمۇشۇنداق بولىدۇ

ئەگەر بەندە اللەغا يېقىنچىلىق قىلسا، پەرىشتە ئۇنىڭغا قاراپ ئالدىراپ، شەيتان ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. پەرىشتە پەقەت ئۇنى تائەتكە، ياخشىلىققا،پاكلىق ۋە خەيرىيەتكە باشلايدۇ. شۇڭا ئالىملار ئېيتقان:" تائەت تۇغۇمچاندۇر، تائەتنىڭ ساۋابى تائەتتۇر".

ئەگەر اللەغا ئىتائەت قىلغان ئادەمنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى ئۇنىڭ بۇ خىل ئىتائىتىنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ تېپىلىدۇ. خۇلەيد ئەسرى بۇ مەناغا قانداق كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇنى غەنىيمەت بىلگەنلىكىنى، تائەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە يېقىنلاشقان مالائىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى اللەغا بىۋاستە ئېلىپ چىقسۇن دەپ قانداق گۇۋاھلىققا تارتقانلىقىنى ئاڭلاڭ!

خۇلەيد ئەسرى كۈن چىققۇچە اللەغا زىكرى- تەسبىھ ئېيتاتتى، ئاندىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئالدىراشقان مالائىكىلەر ۋە قاچقان شاياتۇنلارغا خاتىرجەم بولغان ھالدا ئىشكىنى تاقايتتى -دە، يېنىدىكى مالائىكىلەرگەمۇنداق دەپ خىتاپ قىلاتتى:" پەرۋەردىگارىمىنىڭ مالائىكىلىرىنى قارشى ئالىمەن! اللەغا قەسەمكى، ھازىر ئۆزەمدىكى ياخشىلىققا سىلەرنى گۇۋاھلىققا تارتىمەن، قېنى ئېلىڭلار: اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، الله پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا اللەغا خاستۇر، يالغۇز اللەدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، الله بۈيۈكتۇر".

ئۇ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكۈچە ياكى نامازغا چىققۇچە توختىماي مۇشۇنداق دەيتتى.

### 7.بارلىق مەخلۇقاتلارغا شۇملۇق كەلتۈرۈش

گۇناھكار ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا زىيانغا ئۇچراتسا مەيلى ئىدى، ئەپسۇسكى ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ئىنسى- جىن، ئادەم -ھايۋان، دەرەخ- تاش قاتارلىقلارغىمۇ زەرەر كەلتۈرىدۇ. گەرچە سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭدىن باشقىلار زىيان چەكمىگەندەك،

ھېچكىمگە زەخمەت يەتكۈزمىگەندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ زەررىرى باشقىلارغىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە بىر ئادەمنىڭ: زالىم ئۆزىگىلا زۇلۇم قىلىدۇ،دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىسىنى توغرىلاپ مۇنداق دېگەن ئىدى:" سۆزۈڭ توغرا ئەمەس، الله بىلەن قەسەمكى، زالىملارنىڭ زۇلۇمى دەستىدىن ئۇۋىسىدىكى كەكلىكلەرمۇ ئۆلۈپ كىتىدۇ!".

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىن بىرلا ئەبۇ ھۇرەيرە بۇنى تەكىتلىمەستىن، بەلكى ئەنەس ئىبنى مالىكمۇ مۇنداق دېگەن:" ئىنسانلارنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئۇۋىسىدىكى كىلەمۇ ئورۇقلاپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن!".

شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ زۇلمى گۇناھلىرى، گۇناھتىن قول ئۈزمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنىڭ باشقىلارغىمۇ تىگىش سەۋەبلىك، پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئازار يەپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۆلۈغ اللەدىن ياردەم تىلەپ، ئۇنى الله نېئمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىشىنى، ئۆز رەھمىتىدىن قوغلاپ لەنەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇجاھىد الله تائالانىڭ :{ بارلىق لەنەت قىلغۇچىلارنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ} دېگەن سۆزىنى تەپسىر قىلىپ :" ئۇلار يەر-يۈزىدىكى يىلان- چايان، قۇرت-قوڭغۇز قاتارلىق ھاشارەتلەردىن ئىبارەت، ئىنسان باللىرىنىڭ خاتالىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلار يامغۇردىن مەھرۇم بولىدۇ "دېگەن.

## ھېكمەت

ئىراقىنىڭ فەقىھ ئاتالغان ئىبنى شىبرىمە ئېيتقان:" كىشلەردىن ھەيرانمەنكى، كېسەللىكتىن ئېھتىيات قىلىپ تاماقتىن ئۆزىنى تارتىدۇ- يۇ دوزاختىن قورقۇپ گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتىشمايدۇ".

## ساڭا ھەيرانمەن

بىر تەڭگەڭ قولدىن كەتسە يىغلاپ كىتىسەنۇ، جەننەت قولۇڭدىن كېتىۋاتسا كۈلۈپ يۈرمەكتىسەن!

ھارام مال مۈلۈك بىلەن كەبىدىنمۇ كۆركەم كيىنەر بولساڭ، ھەجەر ئەسۋەدتىنمۇ

يالىڭاچ ھالدا دۇنيادىن كېتىسەن...

دۇنيا چۈشتىن ئىبارەت، ئۆلۈم ئويغىنىشتۇر.قىيامەت كۈنى بولسا،چۈشۈڭگە ئېنىق تەبىر بەرگۈچىدۇر.

دۇنيا دېڭىز، قەبرىلەر ئۇنىڭ ساھىلىدۇر،جان قېيىقىڭ قىرغاقتا يېقىنلاپ قالدى !

ئەتىڭگە ياخشىلىقتا شۈكرى قىلىپ،غەزىپىڭدىن قورقۇپ ئۆزى ئوۋلىغان ئوۋنى يېمەستىن نەپسىنى بىسىپ ساقلاپ تۇرۇشنى ئۆگەتتىڭ يۇ- الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ساڭا قانچە قېتىم تەلىم بەرسىمۇ سەن يەنە قوبۇل قىلمىدىڭ!

## رەسۇلىمىز ئاگاھلاندۇرىدۇ

دوزاخ ئوتىغا ئوخشاش ئەقىلنى مەسلىكتىن ئويغىتىدىغان بىر نەرسە بولمىسا كېرەك. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەقىل بوزۇلۇپ، ئاڭ يوقىلىۋاتقان ئەھۋاللاردا دوزاخ ئوتىنى بايان قىلاتتى.

جامائەت نامىزىغا چىقماسلىقتا قارىتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:" ئوتۇن يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئوتۇن دۆۋىلىۋەتسەم دەيمەن، ئاندىن نامازغا بۇيرۇپ ئۇنىڭغا ئەزان توۋلانسا، ئاندىن بىرەيلەننى بۇيرۇپ كىشىلەرگە ئىمام قىلىپ ئاندىن كېيىن، نامازغا چىقمىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۆيلىرىگە ئوت قويىۋەتسەم دەيمەن." نەسەئى رىۋايىتى.

ئەرلەرنىڭ ئالتۇن زىبۇ-زىننەت ئىشلىتىشىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ:" بىرىڭلار ئاتايىتەن دوزاخ ئوتىدىن بىر تال چوغنى ئېلىپ، ئۇنى قولىغا چاپلىۋالىدۇ." مۇسلىم رىۋايىتى.

باشقىلارنىڭ مال مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىشقا قارىتا مۇنداق دەيدۇ:" سىلەر دەۋالىشىپ كېلىسىلەر، مەن بولسام ئىنسانمەن، بەلكىم بەزىڭلار يەنە بەزىڭلارغا قارىغاندا پاكىتنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن- دە، مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغىنىمغا بىنائەن ئۇنىڭكىنى راست دەپ، ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىرىشىم مۇمكىن، كىمگە بولسۇن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەققىدىن بىر نەرسىنى ھۆكۈم قىلسام، ئۇ بىر پارچە دوزاخ ئوتىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى ئۇنى ئالسۇن ياكى قويسۇن ئىختىيارى ئۆزىدە." (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى)

يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان

بولغانلىقتىن دىيلگەن. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ئەتە قىيامەتتە يۈزىمىزگە دوزاخ ئوتى ئۇرۇلۇشنىڭ ئورنىغا، دوزاخ ئوتىدىن قوغدىلىپ قالىدۇ.

ئەقىل ئىگىسى شۇ كىشىدۇركى ئاگاھلاندۇرۇش ساداسىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۆزىنى ھەق يولغا توغرىلار، تەھدىد خىتابىغا جاۋابەن، گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ تەۋبە قىلىبگاھىغا قايتار...

## غەپلەتتە قالغان بۇرادىرىم

ھەي! جەننەتنى ئەرزىمەس پۇلغا ساتقانلار! ئەگەر مالنىڭ قىممىتىدىن قىلچە خەۋىرىڭ يوق بولسا سالىھلار- ياخشىلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ سورىساڭ بولىدۇ، ئۇلار ھەققى نەرىق- باھاسىنى بىلگەنلەردۇر!....

الله ساڭا ئۆزى ئاتا قىلىپ، قايتا ئۇنى سەندىن سېتىۋالغان جېنىڭ ۋە مال-مۈلكۈڭدىن ئىبارەت بۇ نەرسە ھەجەپ قىززىق! ئۇنىڭ ئورنىغا الله مەڭگۈلۈك جەننەتنى ۋەدە قىلدى! سودا كېلىشىمى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئەلچىنىڭ قولى ئارقىلىق ئىمزالاندى...

اللەغا قەسەمكى، بۇنىڭدىن كېيىن سەن يەنە ئۇلارنى اللەتىن باشقىسىغا ئەرزىمەس پۇلغا، اللەنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغان كىچىككىنە دۇنيالىق مەنپەئەتكە قانداقمۇ سېتىۋەتتىڭ.؟؟؟!!

**8.قەلبنىڭ ئۆلۈمى**

قۇرئان جۇلاسى ئاتالغان مۇھەممەد ئىبنى ۋاسى بۇنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:" گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ".

شۇڭلاشقا سەئىد ئىبنى مۇسەييىبكە :خەلىفە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان، قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا خۇرسەن بولمايدىغان ھەم يامانلىقىغا قايغۇرمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن، دېدى دەپ ئېيتىلغان چاغدا ئۇ:" ئۇنداقتا قەلبىڭ ئۆلگىنى" دېگەندى..

بۇ قەلب يالغۇز ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى ئەمەس، يەنە باشقا نۇرغۇن ئالامەتلىرى بار:

- گۇناھدىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنى يوشۇرماسلىق،
- باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا خۇرسەن بولۇش،
- تەقۋادارلارنى كۆرسە ئىچى سىقىلىش،

●تەۋبىگە ئالدىرماستىن، گۇناھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش،
●تائەتنىڭ قولدىن كەتكىنىگە قايغۇرماسلىق،
●يامان ئىشلارنى قولى، تىلى ياكى قەلبى بىلەن ئىنكار قىلىپ ئۆزگەرتمەسلىك ....
گۇناھكار بۇرادىرىم! يەنىلا ساڭا خىتاپ قىلىپ دەيمەنكى :
ئويغاتقىن قەلبىڭنى ئۇيقۇدىن دوستۇم،
ئۇتتۇقتا قول سوزار ئويغانغان ئادەم،
مەن گەرچە ئالالماي قالسام نەسىھەت،
ئويغىنىپ بەختكە سەن قويغىن قەدەم.

## كىچىككىنە گۇناھمۇ ھالاك قىلىدۇ!!!

ئىبنى جەۋزى ئېيتقان:" كىچىككىنە گۇناھقىمۇ سەل قارىمىغىن؛ چۈنكى ئاجىز ئوت-چۆپلەردىن مۇستەھكەم ئارغامچا ئېشىلىدۇ- دە، ئۇنىڭغا سېمىز تۆگىمۇ بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ".

## 9.بەندە ئۇستىدىكى اللەنىڭ ھەققى ئاددى كۆرۈلۈپ قالىدۇ

چۈنكى گۇناھ ئىنساننى اللەنىڭ چەكلىمىلىرىدىن ئەيمەنمەيدىغان ھالەتكە ئاپىرىپ قويىدۇ- دە، ئۇنىڭ قەلبى ئاسىيلىقتا ۋە اللەنىڭ ھارام قىلغانلىرىغا چېقىلىشقا كۆنۈشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ "تەۋبە" سۆزىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئۇنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن چاغدا ....
شۇڭا، ئەنەس ئىبنى مالىك تابىئىنلار ئەۋلادىغا قاراپ مۇنداق دېگەن:" سىلەر كۆزۈڭلەرگە چاچتىن ئىنچىكە كۆرۈنىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر، ئۇلارنى بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ھالاك قىلغۇچى گۇناھلاردىن ھىسابلايتتۇق".
نېمىشقا ئۇلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنگەن دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىمانى ئەقىل كۆزلىرىنى توسۇۋالىدىغان كۆزلىرىنى توسۇۋالىدىغان پەردىلەرنى سىرىپ تاشلىغاچقا، ئۇلار اللەنىڭ كاتتىلىقىنى، ئۇلۇغلىقىنى بىلگەن- دە، مۇنداق نەسىھەت قىلىشقان:" گۇناھنىڭ كىچىكلىكىگە قارىمىغىن، لېكىن ئۆزۈڭ ئاسىيلىق قىلىۋاتقان زاتنىڭ كاتتىلىقىغا قارىغىن ".
بەلكى ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى مۇنداق دەيتتى:" رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئالدىدا مەلۇم بىر سۆزنى ئېيتقان ئادەم ئۇ سۆزگە قارىتا مۇناپىق ھىسابلىناتتى، بۈگۈنكى كۈنلەردە بولسا، ئۇنداق سۆزنى بىر سورۇندا تۆت قېتىملاپ ئاڭلاۋاتىمەن".

## سەن مۇناپىقمۇياكى مۆئمىنمۇ؟

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئېيتقان :" مۆئمىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يوغان بىر تاغدەك، ئۆزىنى شۇ تاغنىڭ تۈۋىدە بېشىغا تاغ غۇلاپ چۈشىدىغاندەك كۆرىدۇ! پاسىق بولسا گۇناھلىرىنى بۇرنىغا قونغان چىۋىندەك، مۇنداق قىلسىلا ئۇچۇپ كىتىدىغاندەك كۆرىدۇ!!"

بۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزنى ئەگىشىشكە بۇيرىغان ئىبنى مەسئۇدنىڭ مىزانى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىبنى مەسئۇد ھەققىدە:" ئىبنى مەسئۇد سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن سۆزگە ئىشىنىڭلار" دېگەن. (ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى)

بىز رەسۇلىمىز ئىشىنىشكە بۇيرىغانغا شەكسىز ئىشىنىمىز، سىزدىن سوراپ باقايلى:

گۇناھىڭىزغا قانداق قارايسىز؟ بېشىڭىزغا غۇلاپ چۈشىدىغان تاغدەك كۆرەمسىز ياكى ئۇنى بۇرنىڭىزدىن ھەيدەيدىغان چىۋىندەك كۆرەمسىز ؟

ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ، سىزگە قارىتىپ سۆزلەۋاتىمەن، دەل سىزنى دەۋاتىمەن!؟

گۇناھكار بۇرادىرىم !

نىجاتلىق تېپىش ياكى ھالاك بولۇش ئۆز قولىڭىزدا! گۇناھ قەلبىڭىزدە قانچىكى زور سىزىلسە، ئاللەنىڭ ئالدىدا شۇنچە كىچىكلەيدۇ...سىزگە قانچىكى ئەرزىمەس بىلىنسە، ئاللەنىڭ ئالدىدا شۇنچە زورىيىپ بارىدۇ...شۇڭا ئاللەنى قەلبىڭىزدە ئۇلۇغ بىلىڭ، ئاندىن گۇناھلىرىڭىز زور بىلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ مۆئمىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىيالايسىز....

بولمىسا... ئىسمىڭىزنى ئۆز قولىڭىز ئارقىلىق مۇناپىقلار تىزىملىكىگە يازدىڭىز!!!

## 10.بۈگۈنكى مەھرۇملۇق، ئەتىكى مەھرۇملۇق ئالدىدا ئىنتايىن تۆۋەن تۇرىدۇ

سىز بەلكىم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنى ئاڭلاپ باقمىغانسىز:" ئەگەر جەننەتنىڭ زىننەتلىرىنى ۋە يىپەكلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىلەر، دۇنيادا ئۇلارنى ئىشلەتمەڭلار!" تەبرانى رىۋايەت قىلغان..

قېرىنداشلىرىم! كىمكى دۇنيادا يىپەك كىيىم كەيسە، ئاخىرەتتە ئۇنى كىيىشتىن

مەھرۇم قالىدۇ. كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ ئىسىل شارابلىرىنى ئىچەلمەيدۇ. كىمكى بۇگۇنكى تۇپراقتىن يارىتىلغان قىزلاردىن كۆز ئۈزەلمىسە، ئەتىكى نۇردىن يارىتىلغان ھۆر قىزلارنى قۇچالمايدۇ؛ دۇنيانىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم ئاخىرەتنىڭ نەغمە –ناۋالىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ....

بايان ئەتمىش ئىبنى ئاباس جەننەتتە بىر مەيىن شامال،

قوزغىتار ئىكەن ھەۋەسنى، ئېگىپ تال-چىۋىقلارنى .

نەھەۋەسكى، كۈي-ناۋالار ئاڭلىنىپ يۈرەك تارىنى چەككەن،

ئەجەب بېرىشىدىن ھوزۇرلار لال قىلار ئەقىل ھۇشلارنى.

بۇرادەرلەر زىيان تارتماڭلار تېگىشىپ جەننەتنى دۇنياغا،

دۇتتار- تەمبۇر، نەيلەردىن خۇش ئېتىپ قۇلاقلارنى...

## يا ئۇ، يا بۇ

سەلەمە ئىبنى دىينار ئېيتقان ئىدى:" ئاخىرەتتە ئىلىكىڭدە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى دۇنيادا تەرك قىلغىن".

## 11.مەنپەئەتسىز ئىبادەت

رەسۇلىمىز دەيدۇكى:" بەزى روزا تۇتقانلار ئۇچۇن روزىسىدا ئاچلىقتىن بەلەك ھىچ مەنپەئەت يوق. بەزى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغانلار ئۇچۇن ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا ھىچ پايدا يوق!›› سەھىھ ھەدىس

ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىنى قىلغان گۇناھلىرى – غەيۋەت، يالغانچىلىق، ھارامغا قاراش، پارا- جازانە قاتارلىقلار ئارقىلىق مەنپەئەتسىز ھالغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرەتتىن زىيان تارتىپ دىننى سىتىپ يەپ، ھىچ بىر پايدا- ساۋابسىز ئۆزىنى قىينىغان بۇ رامىزان تۇتقۇچىلار ھەققىدە ئويدان ئويلىنىپ كۆرۈڭ!

يەھيا ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيتتى:" بىر ئادەم ھالال- پاك تاماق يەپ روزىسىنى باشلىسىمۇ، قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى ھارام يەپ، يەنى غەيۋەت قىلغان ھالدا ئىپتار قىلىشى مۇمكىن".

يەنە ئاشۇ كىچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلسىمۇ، بۇ ئارقىلىق باشقىلارغا رىيا ۋە كۆز-كۆز قىلىش نىيىتىدە بولغانلىقتىن، قىلغىنى زايا كىتىپ، ساۋابلاردىن قۇرۇق قالغان، قەلبى

تۆزەلمگەنلىكتىن ئۆزىنى ئۆزى قىينىغان بىچارىنىڭ ھالىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ!

## 12.مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت

ھەر بىر گۇناھ- مەئسىيەت بۇرۇن اللە ھالاك قىلغان خەلقلەردىن مەلۇم خەلقتىن مىراس قالغان. مەسىلەن،يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار فىرئەۋىننىڭ مىراسى تەككەنلەردۇر.

تەكەببۇرلۇق، ناھەق زۇلۇم قىلغۇچىلار ھۇد خەلقىنىڭ مىراسىغا ئىگە بولغانلاردۇر؛ جىنسىي - تارازىدا بابلىغۇچىلار شۇئەيبنىڭ خەلقىگە ئوخشىغانلاردۇر...ھالاك بولغانلارنىڭ يولىدا ماڭغۇچىلار ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. خاتا يولدا ماڭغانلارغا ئەگەشكەنلەر داغدام يولنى يوقىتىپ قويىدۇ...

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەردارى بولغان رەسۇلىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇ مەزمۇننى ھايات ئەڭگۈشتىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ:" خۇددى يانتاقتىن ئۈزۈم ئالغىلى بولمىغاندەك، بۇزۇقلارنىمۇ ياخشىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ قارىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا تاللىغان يولۇڭلاردا مېڭىڭلار، قايسى يولدا ماڭساڭلار،شۇ يولدىكىلەر بىلەن ھەمرا بولىسىلەر." (سۇيۇتىنىڭ"جامى سەغىر"ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

## ئالدىڭىزدا ئىككى يول بار

بىرى- ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ يولى،يەنە بىرى بولسا ئەبۇ جەھىل ۋە فىرئەۋىننىڭ يولى؛ بىر بولسا قەلبنى ھاۋايى-ھەۋەسلەرنىڭ ۋىرۇسلىرىدىن تازىلاپ ساقايتىپ، شەرىئەت ئۆلچەملىرىگە سېلىپ،اللەتىن قورقۇش ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك، ياكى ئۇنىڭ داۋاسى دوزاخ ئوتلىرىدا پۇچىلىنىش، خارلىق كىشەنلىرىگە چىرمىلىپ، جەھەننەم ھاڭلىرىدا تولغىنىش بولماي ئامال يوق!...

گۇناھكار بۇرادىرىم!

تەقۋادار ئادەمنىڭ يۈزىدە تائەتنىڭ نۇرى جىلۋە قىلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ يۈزىدە پاسىقلىقنىڭ زۇلمىتى نامايەن بولىدۇ. ئۆلۈم سەكراتىدا بىرىنچىسىگە بىشارەت كەلسە، ئىككىنچىسىگە نادامەت ۋەھىمە سالىدۇ...قەبرىگە قويۇلۇش بىلەنلا، تەقۋادار جەننەت باغچىلىرىدا يايراش ھېس قىلسا، پاسىق دوزاخ ئوتى تەپتىدىن زارلايدۇ...

قىيامەتتە قايتا تىرىلگەن چاغدا، ئۇ، پەرۋاز قىلسا، بۇ، داقىرتىپ سۆرىلىدۇ... ئۇ، اللەنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا ئارام ئالسا، بۇ ھەسرەت- جاپا تەرلىرى دېڭىزىدا تىرمىشىپ ئۈزىدۇ...

ئاندىن ئاسىيلارغا:" سىلەرگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەنمۇ؟" دېيىلسە، ئىتائەتمەنلەرگە:" دۇنيادىكى سەبرى- تاقىتىڭلارغا بارىكاللا! سىلەرگە ئامانلىق!؟ دېيىلىدۇ...

شۇڭا سائادەتمەنلەر ماڭغان يولدا ماڭغىن. ئۇلارغا ھەمرا بولۇشنى كۆزلىسەڭ، شەھىدلىك ماقامىغا ئېرىشىسەن .

سائادەتمەنلەر روزا تۇتقاندا، سەن تۇتماي يۈرسەڭ؛ ئۇلار كېچىلىرى ئىبادەت قىلغاندا، سەن غەرق ئۇيقۇدا ئۇيقۇدا ياتساڭ؛ ئۇلار اللەغا ئىتائەتمەنلىكتە بوشاشماي كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكسە، سەن بولساڭ تامامەن ئەكسىچە زالالەتتە كۈلۈپ-ياپرىساڭ...

ئويلاپ باق، ئاخىرەتتە بۇلار اللەنىڭ ئالدىدا باراۋەر بولارمۇ ؟!...

## 13.شەيتاننىڭ مەسخىرىسى

ئىسلام پېشۋاسى بولغان ئىبنى تەيمىيەدىن مۇنداق سوراشتى:" شەيتانمۇ ئۇخلامدۇ ؟" ئۇ جاۋاب بەردى:" شەيتان ئۇخلىغان بولسا، بىز راھەتكە چىقار ئىدۇق !" قېرىندىشىم !

سېنىڭ ھەر- بىر گۇناھىڭ شەيتاننى بەختكە چۆمدۈرىدۇ، ھەر بىر خاتالىقىڭ ئۇنى ياپرىتىدۇ، چۈنكى سەن گۇناھ سادىر قىلىش ئارقىلىق شەيتانغا شېرىك بولدۇڭ! گۇناھلار بولسا، كۇفرىنىڭ ئەلچىسىدۇر؛ كۇفرى بولسا، دوزاخنىڭ يولىدۇر، شەيتان ئۆزى تەنھا دوزاختا مەڭگۈ قېلىشنى خالىمايدۇ ...

دەل مۇشۇ سەۋەبلىك، بىر ئادەم سەجدە تىلاۋەت ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلسا، شەيتان يىغا- زار قىلغان ھالدا قېچىشقا باشلاپ:" خەپ سېنى! سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇپ ئۇنى ئورۇندىغاچقا بۇنىڭغا جەننەت بارۇ، مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇپ ئاسىي بولغانلىقىمدىن دوزاخقا مەھكۇممەن!"دەپ ھەسرەت چېكىدۇ ...

شۇڭا داۋاملىق سەجدە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزۈڭدىن- ئۆزۈن رۇكۇ قىلىش ۋە ئىسسىقتا ئۇسسۇزلۇقتا چىداپ روزا تۇتۇش ئارقىلىق شەيتاننىڭ دەككىسىنى بەرگىن! ئۇ ئەتە ئاخىرەتتە دوزاخنىڭ دەرۋازىسىدا دات- پەرياد چېكىشتىن ئىلگىرىمۇ، بۇ دۇنيادا يىغلاپ

ئۆتسۇن !

## ھېكمەت

ئىبنى ئابدۇللا مۇنداق دېگەن:"ئەگەر بىر ئوۋچى ئوۋنى كۆرسە، ئوۋ ئوۋچىنى كۆرمىسە، ئۇنى ئوۋلىۋېلىشى مۇمكىنغۇ؟" كىشىلەر: "شۇنداق" دېيىشكەندە، ئۇ ئېيتتى:" شەيتان بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىز شەيتاننى كۆرمەيمىز- دە، ئۇ بىزگە زەخمەت يەتكۈزىدۇ " .

## 14.ھاياتنىڭ يامان ھالەتتە ئاخىرلىششى

گۇناھلار ھاياتنىڭ يامان ھالەتتە ئاخىرلىششىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزى كۆنگەن ھايات ئۇسلۇبىدا جان ئۈزىدۇ. مەسلەن: سەجدە قىلغان ھالدا جان ئۈزۈشنى خالايدىغان كىشى، سەجدە ئەمەللىرىنى كۆپ قىلىش كېرەك. روزا ھالىتىدە جان ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم روزىنى كۆپ تۇتۇشى لازىم .

اللەنى تىلغا ئالغان ھالدا جان ئۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشى، اللەنى دائىم ئەسلەپ زىكرى، تەسبىھ ئېيتىپ يۈرۈشى زۆرۈر .

گۇناھكارمۇ دەل شۇنداق. ھاياتى ناچار ھالەتتە ئاخىرلاشقان ئادەمنى كۆرسەڭلار، بۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا ھەق يولىدا ماڭماي، گۇناھلارغا پاتقانلىقىنى، شۇڭا جان ئۈزەر ۋاقتىدا اللەنىڭ غەمخورلۇقىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

قەبىھ قىلمىشلىرىنىڭ دەستىدىن اللە مۇشۇنداق لەنەتلىك ئاقىۋەتكە قالدۇرۇپ، جېنىنى ئالغانلاردىن ئىككى مىسالنى كۆرۈپ بېقىڭ :

1.ماراكەشلىك مۇھەممەد ئىبنى مۇغىس (340- ھىجرىيەدە ئۆلگەن) ئۇ ھاراق دېسە جېنىنى بېرىدىغان زابونلاردىن ئىدى، ئۆلەر ۋاقتىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇنىڭ بەزى ئۆلپەتلىرى مادارىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن:" ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ماڭالامسەن؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ:" ماڭالىغان بولسام، ئەبۇزەكەرىيانىڭ قاۋاقخانىسىغا بېرىپ پەيزى قىلاتتىم" دېگەن... باشقىلار يەنە:" مەسجىدكە بېرىشنى ئويلىساڭچۇ!" دېسە، ئۇ :"ھەر كىمنىڭ ھاياتىدا كۆنۈپ قالغان ئىشى بار، مەسجىدكە بېرىپ ئادەتلەنمەپتىكەنمەن..." دېگەن .

كىم قانداق ھالەتتە ئۆلسە،شۇ ھالەتتە قايتا تىرىلىدۇ.

2.مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك (1358- ھجرىيەدە ئۆلگەن) ئۇنىڭغا قويۇلۇشقا تېگىشلىك ئىسىم قويۇلمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ...

ئۇ ئىسلام دىنىغا ئۆچ ئىدى. ئۇ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەزاننىمۇ تۈرك تىلىدا توۋلاشقا مەجبۇرلىغان، جۈمە كۈنىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈنىنى يەكشەنبە كۈنىگە يۆتكىگەن؛ مەشھۇر ئايا سوفىيا مەسجىدىنى مۇزىيخانىغا ئۆزگەرتكەن، بىر كۈنى سەھەردە ناماز بامداتقا توۋلانغان ئەزان ئاۋازىغا ئۆچلۈكى تۇتۇپ كەتكەچكە، ئەزان ئېيتقان مەزىننى ئۆلتۈرۈشكە ۋە مەسجىد مۇنارىنى چېقىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلغان.

ئىنتايىن كۈلكىلىك ھەم ئېچىنارلىقى شۇكى، ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىگە جىنازا نامىزى ئوقۇلماسلىقى كېرەكلىكى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلغان...

ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز ۋەسىيىتىگە بىنائەن جىنازا نامىزى ئوقۇماسلىق ياكى ۋەسىيەتكە خىلاپ ھالدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا تالاش- تارتىش يۈز بېرىپ، ئاخىرى ھەر ھالدا جىنازا نامىزى ئوقۇلىشىنى توغرا تېپىشقان، لېكىن ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا كىم ئىمام بولغىنىنى بىلەمسىز؟!

ئۇ دەل جاھىل مىللەتچى دىنى ئىشلار مۇدىرى شەرەفىددىن ئەپەندى بولۇپ، كېيىن ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيەت رەئىسى "ئىسمەت ئەينۆنۇ" نى قايىل قىلىپ، بارلىق ئىبادەتلەردە قۇرئان كەرىمنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ئىشلىتىش ۋە مەسجىدلەردە قانۇننىڭ كۈچىگە تايىنىپ تۈركچە قىرائەت قىلىشنى مەجبۇرى يولغا قويغان ئىدى. ئاتا تۈركنىڭ جىنازىسىغا مانا مۇشۇ شەرەفىددىن ئىمام بولغان!...

دېمەك،پالتىسىنىڭ سېپى ئۆزىدىن بولغان، بۇ اللهنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى... الله ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ!.

## خۇلاسە كالام

1.گۇناھ تەسىرىگە قانچىلىك ئۇچراش مىزانى بويىچە ئىمانىڭىزنى ئۆلچەپ بېقىڭ؛ مۇشۇ ئاساستا ئىمانىڭىز قانچىلىك دەرىجىدە تۈزەش- رىمونت قىلىشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

2.اللهغا تۇتىشىدىغان بىرىنچى يول- گۇناھلىرىڭىزنى قايتا تەكشۈرۈپ، گۇناھ سادىر قىلغىنىڭىز ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ ۋە پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان

سەلبى تەسرلەر ھەققدە ئويلىنىپ تەۋبە قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

3.كىمكى بۇگۇنكى ۋاقتىلىق پاراغەتلەرگە بېرىلىشتىن ئۆزىنى چەكلىيەلىسە، ئەتىكى مەڭگۈلۈك راھەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ.

4.كاپىرلارنىڭ قىلىقلىرىنى دورىغانلار، ئۇلاربىلەن بىللە تىرىلىدۇ. زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلغانلار ئۇلار بىلەن بىللە قوپىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ قىلغىنىنى دورىغانلار ئۇلار بىلەن بىللە تىرىلىدۇ.

5.بۇ نەسىھەتلەرنى يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويغان بولسىڭىز، قەبرىستانلىقتا يادىڭىزغا كەلتۈرۈڭ؛ ئۇ يەردە يادىڭىزغا كەلمىسە، سالىھ- تەقۋادار دوستلىرىڭىزبىلەن سۆھبەتتە بولغاندا ئەسلەڭ! ئۇيەردە ئېسىڭىزغا كەچمىسە، زىكرى-تەسبىھ سورۇنلىرىدا ئەسلەشكە تىرىشىڭ.

يۇقارقى جايلارنىڭ ھەممىسدە يادىڭىزغا ئالالمىسىڭىز، ئۇنداقتا دەرھال، مەن تىرىكمۇ، ئۆلدۈممۇ دەپ يۈرەك سوقۇشىڭىزنى ئۆلچەپ بېقىڭ.

6.بىر نەرسىنى ياقتۇرمىغان ئادەم ئۇنەرسىدىن قاچىدۇ، بىر نەرسىنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا يېپىشىدۇ. گۇناھتىن قېچىش ماھارىتىڭىزنى تولۇق يېتىلدۈرمەكچى بولسىڭىز، بۇ كىتاپچىنى قايتا- قايتىلاپ ئوقۇپ تۇرۇڭ.

# رەببىمىزنىڭ خۇرسەنلىكى

ئاپتورى: دوكتور خالىد ئەبۇ شادى
تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

ئۆتمۈشۈڭگە دىلخەستە، تەۋبە قىلساڭ ھەسرەتتە،
ھەق يول تۇتساڭ مەقسەتتە، ئورنۇڭ بولار جەننەتتە.
كۆرگىن الله كالامى، قانداق گۈزەل بايانى:
تاشلىغانغا گۇناھنى مەغپىرەت بار، ئەلۋەتتە!

قۇرئان كەرىم جىلۋىسىدىن:

{گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەدىن باشقا كىم بار؟}، (ئال ئىمران سۈرىسى، 135 ـ ئايەت)

گۇناھ قىلىپ، تەۋبە قىلمايدىغان؛ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلمايدىغانلار ئويغىنىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بۇ سۆزلىرىمنى ئۇلارغا بېغىشلايمەن.

كىتاپچىنىڭ تېمىلىرى:

نېمە ئۈچۈن تەۋبە قىلىسەن؟
مەقبۇل تەۋبىنىڭ شەرتلىرى
گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر قىلغىن!
نادامەتنىڭ بەلگىلىرى
تەۋبەڭنى سىناپ كۆر
تەۋبە ئىشكىنىڭ تاقىلىشى
تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى

## نېمە ئۈچۈن تەۋبە قىلىسەن؟

ـ چۈنكى اللە تائالا سېنى ۋە بارلىق مۆمىنلەرنى:{ ئى مۆمىنلەر! نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار اللەقا تەۋبە قىلىڭلار!} دەپ بۇيرۇغان.

ئەگەردە تەۋبە قىلغۇچى مۆمىن نىجاتلىقنى ئۈمىد قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىيالمىغان بولسا، گۇناھتىن قول ئۈزمىگەن ئاسىي بەندە قانداق قىلىشى كېرەك؟

ـــ چۈنكى قىيامەت كۈنى سېنىڭ تارازۇ- مىزانىڭ كۆز ئالدىڭدا تۇرغۇزۇلۇپ، ساۋاب- ياخشىلىقلىرىڭ بىر تەرىپكە، گۇناھ- يامانلىقلىرىڭ يەنە بىر تەرىپكە قويۇلۇپ

ئۆلچىنىدۇ، ياخشىلىق تەرىپىنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن پەقەت گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان ھەقىقىي تەۋبە يولىلا بار.

ـــ چۈنكى تەۋبە قىلغۇچى اللەنىڭ سۆيۈملۈك بەندىسىدۇر، گۇناھتىن تەۋبە قىلغان ئادەم گۇناھسىز ئادەمگە ئوخشاشتۇر. گۇناھكار گۇناھلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭدىن قەلبى غەش بولسا، گۇناھى دەپتەردىن ئۆچۈرۈلۈپ، پۈتۈكچى پەرىشتىلەرگە اللە ئۇنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

ـــ چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى اللەنىڭ ھەققى بەك كۆپ بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى تولۇق ئورۇنداپ بولالماس؛ اللەنىڭ نېمەتلىرى بەك جىق بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈرۈپ ھەر- بىرىگە شۈكرى ئېيتىپ بولغىلى بولماس؛ شۇڭا، اللەنىڭ زىرەك بەندىلىرى ھەر دائىم تەۋبە قىلىش ئارقىلىق كەمچىلىكىنى تولدۇرۇپ، چالىسىنى پۈتۈنلەشكە تىرىشىدۇ.

ـــ چۈنكى اللە تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى سۆيىدۇ، ھەق يولغا ماڭغۇچىلارنى سۆيىدۇ، مەغپىرەت تىلىگۈچىلەرنى سۆيىدۇ، پاكلانغۇچىلارنى ۋە اللەقا بېرىلگۈچىلەرنى سۆيىدۇ.

ـــ چۈنكى ئىبلىس بىز ھاياتلا بولساق داۋاملىق بىزنى ئازدۇردىغانلىقىنى، نەپسىمىز توختاپ جان ئۈزگىچە چوقۇم زالالەتكە تەرغىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز، شۇڭا، اللە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، بىز مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغانلا بولساق، اللەقا يۈزلىنىدىغانلا بولساق، گۇناھىمىزغا ھەسرەت چېكىپ يىغلايدىغانلا بولساق بىزگە تەۋبە ئىشىكىنى ئوچۇق دەپ ئېلان قىلغان.

ـ چۈنكى تەۋبە قىلساق رەببىمىز خۇرسەن بولىدۇ، مالائىكىلەر بەختتە چۆمۈلىدۇ؛ شەيتان ئاچچىق يۈتىدۇ، دوستلار خوشال بولۇپ، دۈشمەنلەر نادامەت قىلىدۇ، نامە- ئەمەل دەپتىرىمىز ئاقىرىپ، دەرىجىمىز كۆتىرىلىدۇ، قەبرىمىز كەڭرىپ، قەدرىمىز ئۆسىدۇ.

ـــ چۈنكى تەۋبە ئارقىلىق ياخشىلىق ئەگىپىدۇ، غەم- قايغۇ يوقىلىدۇ، رىزقى كەڭرىيدۇ، قىينچىلىق ئاسانلىشىدۇ، بەرىكەتلەر ياغىدۇ، توسقۇنلۇقلار تۈگەيدۇ، كۆڭۈلگە خاتىرجەملىك، روھقا ئارامىلىق، قەلبگە جۇشقۇنلۇق ئورنايدۇ.

ـ چۈنكى رەببىمىز ئېيتقان:{ تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر}

شۇڭا كىشىلەر ئۈچىنچىسى بولمىغان ئىككى گورۇھقا بۆلۈنگەن: تەۋبە قىلغۇچى ياكى زالىم. ئۇنداقتا سىز قايسى گورۇھتىن؟

## تەۋبىنىڭ شەرتلىرى

**1. تاشلاش ( قول ئۈزۈش)**

مەقبۇل تەۋبىنىڭ بىرىنچى شەرتى گۇناھتىن قول ئۈزۈشتۇر.

چۈنكى هاراق رومكىلىرىنى تۇتقان هالدا هاراق ئىچىشتىن تەۋبە قىلدىم دېيىشىنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟ ياكى يالغانچىلىقنى ئۆزمەي قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ يالغانچىلىق قىلماسلىق قارارىغا كەلگەنمەن دېگىنى چوڭ يالغانچىلىق ـ دە! ياكى پادىشاھقا ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھۆرمەت كۈتكەن بارمۇ؟

شۇنداق تەۋبە قىلدىم دېسە ئۇ تەۋبە بولىدى، ئەمما يالغانچىلارنىڭ، ھەقىقىي مۆمىنلەرنى چۈشەنمىگەنلەرنىڭ، اللەنىڭ ھۆكۈملىرىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسى بولىدى...

«كەچۈرگىن الله» تىن كەچۈرگىن الله،
چىقسا سۆز بىئىخلاس، مەنىگە خىلاپ.
گۇناھلار ئىجابەت يولىنى ئەتكەن،
نە ئۈمىد كۈتەرمەن، تىلىكىم سوراپ؟!

ھەقىقىي مۆمىن تەۋبە ئارقىلىق گۇناھتىن تامامەن قول ئۈزىدۇ، كۆز ياشلىرى بىلەن نادامەت چېكىدۇ، خاتالىقىغا ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلىدۇ ۋە غەپلەتلىك ھاياتتىن قەلبىنى پاكلايدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

بىراق بۇنداق دېگەنلىكنىڭ مەنىسى، تەۋبە قىلغۇچى گۇناھتىن يېنىپ، قايتا مەڭگۈ گۇناھ سادىر قىلمايدۇ دېسەك بولامدۇ؟

ياق! چۈنكى ھەدىس شەرىفتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئېنىق:« ھەرقانداق مۆمىن بەندىنىڭ بەزى- بەزىدە قىلىپ ئادەت بولۇپ قالغان گۇناھى بولىدۇ، ياكى دۇنيادىن كەتكىچە ئايرىلالمىغان مۇقىم گۇناھى بولىدۇ؛ مۆمىن ھەقىقەتەنمۇ گۇناھ- پىتنىلەرگە دۇچار قىلىنىپ، تەۋبە قىلغۇچى، ئۇنتۇلغاق قىلىنىپ يارىتىلغان، ئۇ ۋەز- نەسىھەت ئاڭلىسىلا دەرھال ھوشىغا كېلىدۇ»

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! يۇقۇرقى ھەدىسنى قايتىلاپ ئوقۇغىن!

بۇ مۆمىن بەندىنىڭ سۈپەتلىرىگە دىققەت قىلغىن، شۇنداق، مۇدۇرمەيدىغان تۇلپار يوق بولغاندەك، ھەر بىر مۆمىننىڭمۇ كەتكۈزۈپ قويىدىغىنى بولىدۇ، ھەر قانداق مۆمىننىڭ شەيتان غېپىدە كىرىۋالىدىغان ئاجىزلىق نوقتىسى بولىدۇ، ئەمما ئۇ ھەيۋە، جەڭ ئەمەس، ھۇجۇم لېكىن قاقشاتقۇچ زەربە ئەمەس.. مۆمىنگە پايدىلىق پەند-

نەسىھەت، ھەق سۆز ۋە توغرا مەسلىھەت بېرىلگەن ھامان دەرھال ئۇيىقۇسىنى ئېچىپ گۇناھتىن قول ئۈزىدۇ، خۇددى ھېچقانداق گۇناھ سادىر بولمىغاندەك، خاتالىق ئۆتكۈلمىگەندەك، تەۋبە ئارقىلىق ئۆز يولىنى تېپىۋالىدۇ.

بىخەتەرلىك كلاپانى

* مۆمىن ھۇشىنى تاپىدۇ: گۇناھىنى داۋراڭ قىلمايدۇ، خاتالىقىدا ئەزۋەيلىمەيدۇ، نەسىھەتنى رەت قىلمايدۇ، دوزاخقا يىغلاپ كىرمەسلىك ئۈچۈن، گۇناھىنى كۈلۈپ قىلمايدۇ...

* مۆمىن ئۇيىقۇسىنى ئاچىدۇ: گۇناھتىن قول ئۈزىدۇ، گۇناھ شېرىكلىرى، گۇناھ ئورنى ۋە گۇناھقا چېتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن قول ئۈزىدۇ.

* مۆمىن ئەقلىنى تاپىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھ سادىر قىلغان پەيتىدە، اللەنىڭ نەزىرىدە قىممىتى چۈشەنلىكىنى، قەدرى تۆۋەنلىگەنلىكىنى، شۇڭا اللە ئۇنىڭ گۇناھ سادىر قىلىشىغا يول بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، ئەگەر ئۆزى اللەنىڭ نەزەرىدە ئېزىز ۋە قەدىر- قىممەتلىك بولغىنىدا، ئەلۋەتتە اللەنىڭ ئۇنى گۇناھتىن ساقلاپ، قۇتۇلدۇرۇپ، ھەق يولدىن ئايرىمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

* مانا ئەمدى سەن اللە تائالانىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلىسەن:

{تەقۋادار كىشىلەر شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىسا اللە ئۇنى ئەسلەيدۇ- دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ (شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىدىن) خالاس تاپىدۇ}، (ئەئراف سۈرىسى، 201 ـ ئايەت)

يەنى ئۇلاردىن گۇناھ سادىر بولغان ۋە خاتالىق كۆرۈلگەن ھامانلا اللەنى ئەسلەيدۇ.

شەيتان باشلىرىدا غەلبە تۇغلىرىنى كۆتىرىشتىن بۇرۇن ئەقلىڭلارنى تېپىڭلار! شەيتان غادىيىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنى رەسۋا قىلىڭلار! ئۇ پەخىرلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇن جاجىسىنى بېرىڭلار! ئۇنى يۈكسەكلەردىن ئاھانەت ئازگاللىرىغا غۇلىتىڭلار! بۇنىڭ ھەممىسى- ئۇلارنىڭ تەۋبىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشماقتا...

ئالدىڭدا ئالتە سائەتلىك پۇرسىتىڭ بار

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« گۇناھ پۈتكۈچى پەرىشتە خاتالىق ئۆتكۈزگەن مۇسۇلمانىنىڭ گۇناھىنى پۈتمەي ئالتە سائەت كېتىدۇ، ئەگەر بۇ مۆھلەتتە

پۇشايمان قىلىپ، اللەتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ گۇناھنى بىكار قىلىدۇ، بولمىسا بىرگە بىر گۇناھ پۈتىلىدۇ».

بۇ نېمە دېگەن كەڭ قورساقلىق!

«اللە ئۈچەيلەننىڭ ئۈچىنچىسى» ۋە «مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا اللەدۇر» دېگەنلەرگە قارىتا اللە ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:{ ئۇلار اللەقا تەۋبە قىلمامدۇ؟ اللەتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟}، (مائىدە سۈرىسى، 74 ـ ئايەت)

## ھېكمەت

مەيمۇن ئىبنى مەھران ئېيتقان:« اللەنى زىكرى قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: اللەنى تىلى ئارقىلىق زىكرى قىلىش، بۇنىڭدىنمۇ ئەپزەلى شۇكى، گۇناھ سادىر قىلىشقا يېقىن بېرىپ قالغان چاغدا، گۇناھ ئالدىدا اللەنى ئەسلەش».

## ئوڭ تاناسىپ قائىدە

ئىمان بىلەن گۇناھنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇش ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، يەنى، ئىمان قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى، گۇناھمۇ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، ۋىجدانىغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ؛ ئەگەر ئىمان ھالسىز بولسا، بەندە قىلغان گۇناھنى شۇ ماكاندىن ئايرىلىش بىلەنلا يادىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۆزىنى مالامەت قىلماستىن ياكى ۋىجدانى پۈچۈلانماستىن، گۇناھقا يەنە گۇناھ، خاتالىققا خاتالىق قوشۇپ قىلىدۇ.

* مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن ئىماننىڭ پەزلى ئارقىلىق گۇناھنى قىرىق يىلغىچە يادىدا تۇتقان، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:« بىر قېتىم قەرزدار بولۇپ قالدىم، شۇڭا قىرىق يىل ئىلگىرى قىلغان بىر گۇناھىم تۈپەيلىدىن قەرزدارلىققا پاتتىم، دېدىم. بىر كىشىگە: ‹ھەي گاداي!› دەپ تاشلىغاندىم...»

* مەكھۇل بىر يىلغىچە گۇناھنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:« يىغلاپ تۇرۇپ سەجدە قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇ رىيا قىلىۋاتىدۇ، دېگەندىم، شۇنىڭ بىلەن مەن بىر يىلغىچە اللەتىن قورقۇپ يىغلاشتىن مەھرۇم قىلىندىم».

* فۇزەيل بەش يىل گۇناھنى ئەسلەيدۇ ۋە قىلغان بىر گۇناھى سەۋەبىدىن بەش ئايغىچە كېچىسى ئويغىنىشتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ.
سەن بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۆز قەلبىڭدىكى ئىمانىڭ دەرىجىسىنى پەرەز قىلىپ باقساڭ ۋە قىلغان گۇناھىڭغا پۇشايمان قىلىپ ئۇنى قانچە كۆنلەرگىچە، بەلكى قانچە سائەتلەرگىچە ئەسلەپ كەلگەنلىكىڭنى ئۆزۈڭدىن سوراپ كۆرسەڭ بولىدۇ.

## يامانلىق ئېچىدىكى ياخشىلىق

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر ئادەم قىلغان گۇناھى سەۋەبىدىن رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ».
الله سەندىن ئۆزىگە مۇھتاج بولۇشۇڭ ۋە ئۇنىڭغا بىچارىلىكىڭنى بىلدۈرۈشۇڭ ئۈچۈن رىزىقنى مەھرۇم قىلىدۇ، بۇ مۇھتاجلىق ئارقىلىق ساڭا بايلىقنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنداق بىچارىلىك ئارقىلىق ئىززەت ئاتا قىلىدۇ؛ الله نېمە دېگەن مەرت، نېمە دېگەن كۆيۈمچان! نېمە دېگەن مېھرىبان! ئۇ بىزنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالىدۇ، بىزگە ئاتا قىلىش ئۈچۈن مەھرۇم قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ مەھرۇم قىلىشى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدىن ئىبارەت.
ئۇ ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغىتىدۇ، غاپىللارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، مۆمىن بۇنى ئىنتايىن ياخشى بىلگەچكە، پەقەت گۇناھ تۈپەيلىدىنلا يامانلىققا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ، بىر قۇشنىڭ ئۇۋۇلىنىشى، بىر دەرەخنىڭ كېسىلىشىمۇ تەسبىھنى تەرك قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقنى، خاتالىق ئۆتكۈزۈلمەي يادلىغان بىرەر سۈرىنىڭ يادىدىن كۆتىرىلىپ كەتمەيدىغانلىقنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. {سىلەرگە (يەنى جىنىڭلارغا ۋە مېلىڭلارغا) ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، الله نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار)}، (شۇرا سۈرىسى، 30 ـ ئايەت)

## گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەردىن دىققەت قىلغىن

ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر، گۇناھقا سەۋەپچى بولىدىغان ئىشلاردىن قول ئۈزگەندىلا، گۇناھتىن تولۇق قول ئۈزگىلى بولىدۇ.

* ئەگەر ئۆزەڭنىڭ هارامغا سەبىر قىلالمايدىغانلىقىڭنى بىلسەڭ، ئاندىن يېرىم يالىڭاچلىق، ئوچۇق ئەۋرەت فىتنە- پاساتلىرى كۆرۈلىدىغان بىر جايغا چاقىرىلساڭ، بۇ جايغا بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ ساڭا هارام ھېساپلىنىدۇ.

* ئەگەر كۆڭگە ئالتە سائەت ئۇخلىساڭ ئۇيقۇڭ تولۇق قاندىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئاندىن بەدىنىڭنىڭ ئارامىنى تامامەن بۇزىدىغان ھالدا كېچىلىك ئولتۇرۇشقا قاتنىشىپ، بۇ تۇپەيلى بامدات نامىزىڭنى قولدىن بېرىپ قويساڭ، بۇ كېچىلىك ئولتۇرۇش سەن ئۈچۈن هارام.

* اللەنى يادىڭدىن چىقىرىپ، سېنى ئازدۇرىدىغان، پەس شەھۋەت- ھەۋەسلىرىڭنى قوزغايدىغان ۋە نادامەتكە پۇرسەت بەرمەي ئازدۇرىدىغان دوست- ئاغىنىلىرىڭ بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش سەۋەبىدىن هارام ئىشلارغا ئىشىك ئېچىلىدىغان بولسا، بۇنداق دوست- ئاغىنىلەر بىلەن بىللە بولۇشۇڭنىڭ ئۆزى هارام.

تەۋبە قىلماقچى بولغان بىرىگە ئېبراھىم ئىبنى ئەدھەمدىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ زاھىد مۇنداق نەسىھەت قىلغان ئىدى:« كىمكى تەۋبە قىلماقچى بولىدىكەن، يامان ئىشلاردىن تامامەن قول ئۈزسۇن. بۇرۇن ئارىلىشىپ كەلگەنلەر بىلەن ئارىلاشمىسۇن، بولمىسا ئۇيىلغىنىغا يېتەلمەس».

## ھېكمەت

بېشرى ئىبنى ھارىسنىڭ قىز بىر تۇغقىنى زەبدە ئېيتقان:« بەندىگە ئەڭ ئېغىر نەرسە - گۇناھ، ئەڭ يېنىك نەرسە - تەۋبە قىلىشتۇر. ئۇنىڭ ئېغىر يۈكنى يەڭگىللىگە ئالماشتۇرمايدىغىنى نېمىسدۇ؟!».

### 2 ـ نادامەت

مەقبۇل تەۋبىنىڭ ئىككىنجى شەرتى نادامەتتۇر.

## نادامەتنىڭ تۇغۇلىشى

* نادامەت قىلغىن! چۈنكى سەن گۇناھقا پاتقان ۋاقتىڭدا، گۇناھ سادىر قىلىپ خۇرسەنلىك تاپقىنىڭدا، اللەنىڭ سېنى كۆزىتىپ تۇلۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا

ئىشەنچىڭ بولسىمۇ پەرۋا قىلماستىن گۇناھنى يۈيمەي تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتكىنىڭدە- اللەتىن يىراقلىشىشتىن ئىبارەت زور خاتالىققا يول قويغان بولىسەن!

* پۇشايمان قىلغىن! چۈنكى سەن مالائىكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىنى شەيتانىنىڭ دوستلۇقىغا سېتىۋەتتىڭ، جەننەتتە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە ئۆتۈشنى دوزاختا شەيتانلار بىلەن بىللە بولۇشقا ئالماشتۇردۇڭ؛ اللە رەھمىتى ۋە رازىلىقىنى اللەنىڭ غەزەپ ۋە ئاسىيلىقىغا تېگىشتىڭ...

* ھەسرەت چەككىن! چۈنكى سەن گۇناھلار ئارقىلىق ۋاقىتتىن ئىبارەت دەسمايەڭنى يوقاتتىڭ؛ ئىسىت! سەن ئۇنى پايدىسىز يەرگە سەرپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزەڭگە زەرەر يەتكۈزىدىغان، جازاغا ئۇچرىتىدىغان ۋە ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان ئىشلارغا خەجلىدىڭ...

{(گۇناھكارلارنىڭ) ھەر- بىرىنى گۇناھى تۈپەيلى جازالىدۇق}، (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 40 ـ ئايەت)

* نادامەت قىلغىن چۈنكى اللە تائالا بۇ گۇناھ تۈپەيلى سېنى گۇناھقا پاتقان پەيتتە قەبزى روھ قىلىپ قالسا، سېنىڭ ھاياتىڭنى ئېچىنىشلىق ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ، قانداق نەرسە ئۈستىدە ئۆلگەن ئادەم شۇنداق ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ.

* پۇشايمان قىلغىن! چۈنكى سەن تەۋبە قىلغان ھالەتتىمۇ، تەۋبەڭنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا كېپىللىك قىلالمايسەن، مەغپىرەت تىلىگەن ئەھۋالدىمۇ اللەتىن كەچۈرۈم بېلتى ئالالمايسەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن:« سەن ئۈچۈن تەۋبىگە ئۇرۇنۇشقا قارىغاندا گۇناھنى تەرك قىلىش ئاساندۇر، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تاشلاپ، ساڭا تەۋبە ئىشكى تاقىلىپ كەتسە، ئامالىڭ قالماسلىقتىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايسەن؟».

## نادامەتنىڭ بەلگىلىرى بار

بەندە پۇشايمان- نادامەت قىلسا، نادامىتى قەلبدە ئۆسۈپ يېتىلىپ ئاخىرى كۆز ياشلىرى ئارقىلىق گۇناھنى يۇيۇۋېتىدۇ. اللەتىن قورقۇپ تۆكۈلگەن ياش تەۋبە قىلغۇچىنى ئالى ماقام، يۈكسەك نىشانلارغا ئۆرلىتىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ بىشارىتىگە قۇلاق سالغىن:« دەۋزەخ ئوتى تەگمەيدىغان ئىككى خىل كۆز بار... بىرسى اللەتىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆزدۇر...».

يەنە تېخى ئىبنى ئۆمەر تۆۋەندىكى سۆزى ئـارقىلىق كىشـىگە ئىلھـام بېغىشـلايدۇ:« اللەتىن قورقۇپ بىر تامچە ياش تۆكۈش مەن ئۈچۈن مىڭ دىنار پۇل سەدىقە قىلغانـدىن ئارتۇق».

شۇڭا نادامەت قىلغۇچى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتىدىن ئىلھـام ئېلىـپ، مۇھەممەد ئىبنـى مۇنكەدىرنىـڭ قىلغىنىنـى دورايـدۇ، ئـۇ اللەتـىن قورقـۇپ يىغلىغـان چاغلىرىدا كۆز ياشلىرىنى يۈز ۋە ساقاللىرىغا سۈۋايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:« دوزاخ ئـوتى ياش تۆككەن جاينى كۆيدۈرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىس ئاڭلىغانمەن».

* كىمكى يىغلاي دەپمۇ كۆزىـدىن يـاش چىقىرالمىسـا، يىغلاشـقا ھەرىـكەت قىلىـپ يىغلامسىرىسا، ئاخىرى الله ئۇنىڭغا مۇنداق نىجاتكـار يىغىنـى نېسـىپ قىلىـدۇ. ئەبـۇ بەكـرى سـىددىق مۇنـداق دەيـدۇ:« يىغلىيالىغـان ئـادەم يىغلىسـۇن، يىغلىيالمىسـا يىغلامسىرىسۇن».

## گۇناھلار مۇئامىلىسى

تەۋبە قىلغـۇچى قېرىنـدىشـىم! ئەگەر بىـر ئاقىـل ئىنسـان پەقەت ئۆتـۈپ كەتـكەن ئۆمرىدىكى گۇناھلىرىغىلا يىغلايدىغان بولسا، ئۇ ئۆلۈپ كەتكىچە غەم ـ قايغۇ ئىچىـدە ئۆتۈشى ھەقلىق دېگەنلىكتۇر؛ قالغان ئۆمرىنىمۇ ئۆتۈپ كەتـكەن گۇنـاھلىق دەۋرىـدەك ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! يەنە تېخـى گۇنـاھلىرى تەۋبە ئـارقىلىق كەچۈرۈلگەن ئادەم ئىسىل مۆمىنلەرنىڭ ساۋابىدىن قۇرۇق قالماسلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ تەقۋادار بولۇشى كېرەك...

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! يېرىم كېچىلەردە اللەقا نىدا قىلغىن! سەھەرلەردە اللەقـا ئىلتىجا قىلغىن! مۇناجاتلىق ئاۋازىڭنى ئۈزمەڭ:

گۇناھلار مەندە كۆپ ھازىر، يارەببىم!
بىرمۇ ـ بىر ساناشقا يوقتۇر شىجائەت.
جەھەننەم ئازابى بەك مۈشكۈل ماڭا،
سەبرىم ھەم كۈچۈم يوق، قىلماسمەن تاقەت.
ئىلاھىم بەندەڭمەن ئاجىز، بىچارە،
ساقلىغىن دەۋزەختىن تاڭلا قىيامەت!

## ھېكمەت

بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى نامازغا چىقىپ جامائەتكە ئۆلگۈرەلمەي قېلىپ، ئەگەر ئۇ بۇنىڭغا قايغۇرسا، الله ئۇنىڭغا جامائەتنىڭ فەزىلىتىنى ئاتا قىلىدۇ».

## 3ـ قايتىلىماسلىققا بەل باغلاش

گۇناھلىرىڭغا قايتىدىن قەدەم تاشلاپ سالماسلىققا بەلنى مەھكەم باغلىغىن، بۇنىڭدا تەۋرىنىپ قالمىغىن. ئوغۇل بالىلاردەك ئىش قىلىپ، ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىن، نىيىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، بەل باغلىساڭ اللەقا تەۋەككۈل قىلغىن.

## ھەقىقى ئەركەكلەرچە ئىرادە

مالىك ئىبنى دىنار بىر كۈنى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئەنجۈر ساتقۇچىنى كۆردى ۋە ئەنجۈر يىگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇنىڭدا پۇل يوق ئىدى، ئۇ باققالدىن نېسىگە بېرىشنى ئۆتۈندى، بىراق باققال ئۇنىمىدى، مالىك يەنە باققالغا ئاياق كىيمىنى گۆرۈگە قويۇپ تۇرۇپ ئەنجۈر ئالماقچى بولدىيۇ، مەقسەتكە يېتەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن مالىك قايتىپ كەتتى. كىشىلەر باققالنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھېلىقى خېرىدارنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، باققال ئۆز قولى ئارقىلىق مالىكقا ھارۋىدىكى بارلىق ئەنجۈرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇ قۇلغا:« ئۇ بۇ ئەنجۈرلەرنى قوبۇل قىلىدىغان بولسىلا، سەن الله رازىلىقى ئۈچۈن ئازاتسەن» دېدى.

باققالنىڭ قۇلى ئازاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىشنى خىيال قىلغان ھالدا مالىكنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەمما مالىك ئۇنىڭغا:« بېرىپ خوجايىنىڭغا ئېيتقىن! مالىك ئىبنى دىنار دىنىنى سېتىپ ئەنجۈر يېمەيدۇ، مالىك قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەنجۈر يېمەسلىككە قەسەم قىلغان» دېدى .

قۇل ئۇنىڭغا:« تەقسىر بۇنى ئالسىلا، بۇ ئارقىلىق مەن ئازاتلىققا ئېرىشىمەن» دېدى. مالىك ئۇنىڭغا «سەن ئازاتلىققا ئېرىشكىنىڭ بىلەن مەن بۇ ئارقىلىق قۇللۇققا گىرىپتار بولىمەن» دېدى.

مالىك ئۆز ھەۋىسىنى دەپ خارلىنىپ، قورسىقىنى دەپ ئاھانەتكە ئۇچرىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئۆزىنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن، نەپسى- بالاسىغا يۈگەن سېلىپ ئۇنى چېنىقتۇرۇش يۈزىسىدىن ئەنجۈر يېيىشنى ئۆزىگە هارام قىلغان ئىدى.
شەيتانغا ئالدىنىپ، نەپسى- ھەۋەسكە قۇل بولۇپ خاتالىق ئازگاللىرىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىرادىگە كېلەلمەيدۇ؟ ئۇنداقلار ئۆزىنى پەسكەشلىك، پەسلىك ئازگاللىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىماستىن، ئۆزىنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا رازى بولغىنى نېمىسى؟

## پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە كىشىلەر

سەلەمە ئىبنى دىنار ئەينى ئىبرەتنى چۈشۈنۈپ يەتكەچكە، بىر كۈنى ئۇ قاسساپلار ئالدىدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇلار:« بۇ سېمىز گۆش، سېتىۋالسىلا» دېيىشتى، سەلەمە:« مەندە ئۇنىڭغا بەرگۈدەك پۇل يوق» دېدى، ئۇلار:« پۇلنى كېيىنكە قالدۇرايلى» دېيىشتى، ئۇ:« مەن ئۆزەمنى كېيىنكە قالدۇراي» دەپ جاۋاپ بەردى.
ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەممۇ بۇ ئىبرەتنى بىلگەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەرز- ھاللىرىنى ئېيتىپ:« گۆش بەك قىممەتلەپ كەتتى» دېيىشكەندە، ئۇلارغا:« سىلەر ئۇنى ئەرزانلاشتۇرۇڭلار» دېگەن ئىدى، يەنى ئۇ گۆشنى سېتىۋالمىساڭلا بولىدىغۇ، دېمەكچى ئىدى.
قېرىندىشىم! ئىبنى سەمئۇن ئېيتقان بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە قۇلاق سالغىن:
«گۇناھلارنىڭ چاكىنا نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قەدىر- قىممىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا يولىمىغان ئىدىم، ئۇ مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلىنىشقا يول تاپالمىدى».
سىز يەنە مۇنداق ئىرادە ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بەرىكەتلىرىگە چۈمۈلۈپ، ياخشىلىقلىرىغا غەرق بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىدىڭىزمۇ؟
ئەبۇ ھەزىم سەلەمە ئىبنى دىنارنىڭ دىللارنى يورىتىدىغان بۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ:« نەپسانى دۇنيارىڭ تۈزەلگەندە چوڭ گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلىدۇ؛ بەندە گۇناھ قىلماسلىققا ئىرادە باغلىغان چاغدا، غەلىبىلەر ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچىدۇ».
گۇناھتىن باشقىغا قۇۋۋەتسىز، خاتالىقتىن باشقىسىغا ئىرادىسىز بىلى بوش، غەيرەتسىز ئىنسانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

ھەۋەسكە غەرق بولغان قەلبكە نەچارە،
شەيتانغا رايىشۇ، رەھمانغا ئاسى.
تەۋبىگە نەسىھەت قىلساڭ ئۇنىماي،
گۇناھقا تەلپۈنەر نەپسى بالاسى!

## ھېكمەت

فۇزەيل ئىبنى ئىياز الله يولىدا جەڭگە ئاتلانغان مۇجاھىدلار بىلەن ۋىدالىشقان چاغدا مۇنداق دەپ تاپىلايتتى:« تەۋبە قىلىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى قىلىچ قايتۇرالمىغاننى تەۋبە قايتۇرالايدۇ».

## تەۋبىگىزنى سىناپ كۆرۈڭ

مەغپىرەت تىلەش باشقا نەرسە، تەۋبە باشقا نەرسە...
مەغپىرەت تىلەش سۆز ئارقىلىق، تەۋبە ئەمەلىيەت ئارقىلىق بولىدۇ. مەغپىرەت تىلەشنى مۆمىنمۇ، مۇناپىقمۇ جايىدا قىلالايدۇ، ئەمما تەۋبىنى مۆمىنلا ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ، مەغپىرەت تىلەش بولسا، اللە تەرەپكە قايتىش ئېلانى، ئەمما تەۋبە بولسا الله بىلەن ئۈزۈلگەننىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا:{ رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار!} (ھۇد سۈرىسى، 52 ـ ئايەت) دېگەن. شۇڭا يامانلىق ئارقىسىدىن ياخشىلىق قىلمايدىغان، گۇناھنىڭ كەينىدىن تائەتكە بېرىلمەيدىغان ھەرقانداق تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبىسى ناجىنس ھەم گۇمانلىقتۇر. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر سالىھ كىشىنىڭ مۇشۇ يولنىلا تۇتقانلىقىنى ئۇچرىتىسەن.
* ئۆمەر ئىبنى خەتتاب باغچىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ نامازغا كېچىكىپ قالغاچقا سەدىقە بەرگەن.
* ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللامۇ مۇشۇنداق يول تۇتقان، ئۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيالماي قالغىنىدا، كېيىنكى ناماز بىلەن بىرگە نەپلى نامازلارنى ئوقۇيتتى.
* ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ سىڭلىسى ئۇممۇل بەنىننىڭ قېشىغا بىر كۈنى ئەززە خانىم كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاشىقى شائىر كۇسەييىرنىڭ:

قەرزدارلار قەرزىنى تۆلەتتى تامام،
قەرزىنى تۆلمەي قىينايدۇ ئەززە ...

دېگەن سۆزىدىكى بۇ قەرزىنىڭ زادى نېمىلىكىنى سورىغان، ئەززە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر قېتىم سۆيۈۋېلىشىغا ۋەدە قىلغانلىقىنى، ئەمما بۇنى ئورۇنداشتىن قىينالغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇممۇل بەنىن ئۇنىڭغا:« ۋەدەڭنى ئورۇندىغىن، گۇناسى ماڭا بولسۇن!» دەپ تاشلىغان ۋە مۇشۇ سۆزى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ قىرىق نەپەر قۇلنى ئازات قىلغان.

مەقبۇل تەۋبىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بەلگىسى تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇشىدىن ئىبارەت، بۇنداق بولۇش ئۈچۈن مەزكۇر ئۆمەر، ئىبنى ئۆمەر (ئابدۇللا) ۋە ئۇممۇل بەنىنلاردەك قىلىشىڭ لازىم، يەنى گۇناھ- خاتالىقىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ، ئۆزۈڭنىڭ چوشۇشىكە باشلىغان ئىمان بىنايىڭنى قايتىدىن مۇستەھكەملىشىڭ زۆرۈر، الله تائالانىڭ بۇ بىشارىتىگە قارىغىن:{ شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ} (ھۇد سۈرىسى، 114ـــ ئايەت)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قارىغىن:« يامان ئىشنىڭ كەينىدىن ياخشى ئىش قىلغىن، ئالدىنقىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ».

شام ۋائىزى ئاتالغان ئەھمەد ئىبنى ئاسىم ئەنتاكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ باقساڭ گۆلقەقەلبىڭ ئېچىلىپ كېتىدۇ:« كەلمىشىڭ (كەلگۈسىڭ) نى ئىسلاھ قىلغىن، ئۆتمۈشۈڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

## ھەقىقى تەۋبە دېگەن نېمە؟

* بۇ توغرىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب:« گۇناھتىن تەۋبە قىلىپ قايتا كەينىگە يانماسلىق، خۇددى ساغقان سۈت ئەمچەككە يانمىغاندەك» دېگەن.

* ھەسەن بەسرى:« بەندىنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، قايتىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىشى» دېگەن.

* كەلبى:« تىل بىلەن ئىستىغپار ئېيتىپ، دىل بىلەن نادامەت چېكىپ، بەدەننى چىڭ تۇتۇشتۇر» دېگەن.

* سەئد ئىبنى مۇسەييەب:« ئۇ تۆت نەرسىنىڭ جۇغلانمىسى، تىل بىلەن ئىستىغپار ئېيتىش، جىسمانىي جەھەتتىن ئارىنى ئۈزۈش، قەلبدە قايتا سادىر قىلماسلىقنى پۈكۈش، ناچار ھەمرالاردىن قول ئۈزۈش» دېگەن.

## تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ھەزەر ئەيلىگىن

يەھيا ئىبنى مۇئاز مۇنداق دېگەن:« تەۋبىدىن كېيىنكى بىر خاتالىق- ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى 70 خاتالىقتىن يامان».

## تەۋبە ئىشىكىنىڭ تاقىلىشى

تەۋبە ئىشكى پەقەت تۆۋەندىكى ئەھۋالدىلا تاقىلىپ كېتىدۇ:

1. قۇياش غەربتىن چىققاندا. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى:« تەۋبىنىڭ ئىككى يان بوسۇغىسىنىڭ ئارىلىقى شەرق بىلەن غەربتەك كېلىدىغان ئىشكى بار، قۇياش غەربتىن چىقمىغۇچە بۇ ئىشىك تاقالمايدۇ».

بۇ ئەھۋال قىيامەت قايىم بولۇپ، قىيامەت ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن:{ ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ}، (ئەنئام سۈرىسى، 158 ـ ئايەت) كۈندە يۈز بېرىدۇ.

2. جان ھەلقۇمغا كېلىپ، مالائىكىلەرنى كۆرگەن چاغدا. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جېنى ھەلقۇمغا يەتمىسىلا، اللە بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». نېمىشقا؟ چۈنكى بۇ چاغدا بەندىنىڭ كۆز ئالدى ئېچىلىپ، جان ئالغۇچى پەرىشتىلەرنى ئېنىق كۆرىدۇ- دە، دەل مۇشۇ پەيتتە ئىمان ئېيتقۇسى كېلىدۇ، بۇنداق ئىماننىڭ قىممىتى بولمايدۇ، بۇ چاغدىكى تەۋبىنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، ئىبنى ئۆمەر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« ئۆلۈم قەھرى يېتىپ كەلمىسىلا، تەۋبە ئالىمى كەڭدۇر».

بەسىرىيلىك تابىئى ئەبۇ مجلەز سەنۇسىنىڭ سۆزىمۇ بۇ ھەقتە ئېيتىلغان:« مالائىكىلەرنى ئېنىق كۆرمىسىلا، بەندىنىڭ تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بولىدۇ».

## تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى

1. قــــــــــــۇرۇق ئارزۇغــــــــــــا بېرىلمەســــــــــــلى
ك، ئــاخىرەت ئۈچــۈن ئەتە ئۆلــۈپ كېتىدىغانــدەك ئىبــادەت قىلغــىن! رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق نەسىھەت قىلغان ئىدى.

قېرىندىشىم! تەۋبەڭنى كېچىكتۈرۈپ، ئۈزۈقۈڭغا بېرىلگەن بۇرادىرىم !سەن تەۋبە قىلماي يۈرگەن ھالــدا تۇيۇقســىز ئۆلــۈم يېتىــپ كەلســە قانــداق قىلارســەن؟ يــاكى تۇســاتتىن ئۆلمەسلىككە ئۆلۈم پەرىشتىسى بىلەن توختام تۈزۈۋالغانمۇســەن؟! غەيىپــتىن خەۋەردار بولۇپ ئۆلۈم خەۋىرىڭنى بىلىۋالدىڭمۇ ياكى تەۋبە قىلمىغۇچە جېنىڭنــى ئالمايــدىغانغا اللەتىن ۋەدە ئېلىۋالدىڭمۇ؟؟!

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! ۋاقتىنــى كەيــنىگە سوزۇشــتىن ھەزەر قىــل! بــۇ، ۋەيــران بولغانلارنىڭ چارىسى، گەدەنكەشلەرنىڭ دەسمايىســى، الــلە تائــالا ئــۇلار ھەققــدە:{ شەيتان ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى، كۆڭلىنى تىندۇردى}، (مــۇھەممەد سۈرىســى، 25 ـ ئايەت) دېگەن.

ھەسەن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە:« شەيتان ئۇلارنىڭ خاتــالىقلىرىنى ئۇلارغــا بېــزەپ كۆرستىپ، قۇرۇق ئارزۇ سېلىپ قويدى»، دېگەن.

الــلە تائــالا يەنە ئــۇلار ھەققــدە:{ بەلكــى ئىنســان كەلگۈســى ھاياتــدا گۇناھقــا ئەۋزەيلمەكچى بولىدۇ}، (قىيامەت سۈرىسى، 5 ـ ئايەت) دېگەن. ئىبنى ئابباس تەپسىر قىلىپ:« يەنى گۇناھنى قىلغان بولسىمۇ، تەۋبىسىنى كېچىكتۈرىدۇ»، دېگەن.

الله تائالا يەنە بۇ ھەقتە:{ ئۇلار غەيىب ئىشلىرى ئۈستىدە يىراق جايــدىن قارىســىغا سۆزلەيدۇ}، {سەبە سۈرىسى، 53ـ ئايەت} دېگەن.

ئىكرەمە بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ:« ئۇلارغا تەۋبە قىلىڭلار دېيىلسە، مانا بۇنىڭــدىن كېيىن دەپ كەينىگە سوزىدۇ»، دېگەن. تەۋبىنى كەينىگە ســوزغۇچى خــۇددى بىــر تــۈپ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلىماقچى بولسىمۇ، دەل ئەمــگەك ۋاختىــدا:« ئەتە قىلايچــۇ» دەپ كېچىكتۈرۈپ، ئەتىسى كەلسە يەنە ئەتىسگە كېچىكتۈرۈۋېرىپ دەرەخ يوغىنــاپ كېتىــپ قومۇرۇشقا تېخىمۇ ئامالسىز قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

ئۆيۈڭنى بېزەيسەن تولدۇرۇپ مۈلۈككە،
كىم بىلسۇن، ئىگىسى باشقىدۇر بەلكىم.
ئىنسانىنىڭ ئارزۇسى"ئەتە".."ئۆگۈن" دە،
"ئەتە" دەپ ھەممىدىن ئايرىلار ھەر كىم...

2 . تەۋبە قىلغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىش

ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە مۇشۇنداق نەسىھەت قىلغان:« تەۋبە قىلغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈڭلار، ئۇلارنىڭ قەلبى تېخىمۇ ساپ بولىدۇ».

قېرىنداشلىرىم! يۇقسۇللار سەدىقە، ياخشىلىق، زاكات ياكى ئېھسان تەمەسىدە بايلارنىڭ داستىخانلىرىنى ئىزدەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ بىر ۋاقلىق كەچلىك تاماقتىن قۇرۇق قالمايدۇ؛ ساۋاپلارغا يۇقسۇل بەندىلەر تائەت-ئىبادەت بايلىرىنىڭ ۋە دۇئا- زىكرى ساھىبلىرىنىڭ داستىخانلىرىدىن قەلب ھۇزۇرىنى، دۇئا ئىجابىتىنى، بەرىكەت- رەھمەتنىڭ غەنىمەتلىرىنى ئىزدىسە بولمامدۇ؟!

قېرىنداشلىرىم! ياخشىلار سىلەردىن زىرىككىچە ئۇلارغا يېپىشىڭلار، سىلەردىن مالاللىق كۆرمەي قارشى ئالسىلا ئۇلاردىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار. بىرەرسى سىلەرگە دۇئا ئىنايەت قىلىپ ئىجابەت بەرىكىتىنى كۆرۈپ قالارسىلەر، خۇددى ئەلى ئىبنى ئابدۇرەھىم ئەلغەزائىورى ئېيتقاندەك:« مەنسەرى ئىبنى مەغلىس اللەنىڭ زىكرىگە بەنت بولغان پەيتتە ئۇنىڭ ئىشكىنى چەككەن ئىدىم، ئۇنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم: ‹ئى الله! مېنى سېنىڭ زىكرىڭدىن بۇراۋاتقان ئۇ ئادەمنى مەندىن خالاس قىلىپ ئۆزەڭگە قاراتقىن!›. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى ئارقىلىق مەن قىرىق يىلغىچە ھەلەب شەھرىدىن پىيادە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلالىدىم».

## ھېكمەت

ئىبنى ئاتائۇللا ئىسكەندەرى ئېيتقان:« بەلكىم سىز ناچار ئادەمسىز، ئۆزىڭىزدىنمۇ ناچار ئادەم بىللە بولسىڭىز ياخشى تەرىپىڭىز كۆرۈلۈشى مۇمكىن».

3. اللەنىڭ نىمەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ۋە ئۆز كەمچىلىكىنى كۆرۈپ يېتىش

الله ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلىۋاتقان نىمەتلەر نېمە دېگەن كۆپ! نېمە دېگەن زور! ھالبۇكى بىز ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىشتا بەكمۇ يىراق! شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، الله بىزنى نىمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ؛ بىز ئىنئام قىلغۇچىغا كۆپ ئاسىيلىق قىلساقمۇ، ئۇ بىزدىن ئىنئاملىرىنى ئايىمايدۇ! ئۇنىڭ غەزىپىگە بەكمۇ كۆپ قېتىم لايىق بولۇپ قالساقمۇ، ئۇ

يەنىلا بىزنى رەھمىتىدىن قوغلىۋەتمەيدۇ! بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىش پەرۋەردىگارىدىن ھايا قىلىشقا زور ياردەم بېرىدۇ. ھايا قىلىشنىڭ بىر تۈرى - تەۋبە قىلىشتۇر!

بۇ مەزمۇن (نىمەتلەرگە غەرق بولۇش ۋە كەمچىلىكنى كۆرۈپ يېتىش) سەييىدۇل ئىستىغپار ھەققىدىكى ھەدىستە بەكمۇ رۇشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، سەييىدۇل ئىستىغپارنى تاڭ ئاتقاندا ئېيتىپ، دەل شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە اللە جەننەتكە كىرىش مۇكاپاتىنى بېرىدىغانلىقى، كەچتە ئېيتىپ يېتىپ شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگىمۇ جەننەت ئىشكى ئۇچۇقلۇقى مەلۇم.

## سەييىدۇل ئىستىغپار

«ئى اللە، سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق! مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ساڭا بەرگەن ۋەدە- ئەھدىلىرىمدە تۇرىمەن. قىلغان يامان ئىشلىرىمدىن ساڭا پاناھ تىلەيمەن، ماڭا بەرگەن نىمەتلىرىڭ ئارقىلىق ئۆزەڭگە قايتىمەن، گۇناھىم بىلەن قايتىمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، چۈنكى گۇناھلارنى پەقەتلا سەن مەغپىرەت قىلىسەن».

4. اللەنىڭ كەچۈرۈمىنىڭ كەڭلىكىنى بىلىش

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! كىم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلگىن! سەن كۇففارلارغىمۇ تەۋبە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، گۇناھكارلارغا قايتىش يولى ھازىرلاپ بەرگەن زات بىلەن، ئۆز سېخىلىقى ئارقىلىق بۇزۇق- پەسكەشلەرگە پۇرسەت بەرگەن زات بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن؛ غەزىپىدىن رەھمىتى ئۆتۈپ كەتكەن زات بىلەن، كەچۈرۈمى ئازابىنى بېسىپ چۈشكەن زات بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن. ئەگەر ئۇ زات پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى كەچۈرسىمۇ، بۇ تۈپەيلى ئۇنىڭ مۈلكىدىن ھېچ نەرسە كەملەپ قالمايدۇ، ئۇ ئۆزى ھەققىدە:{ ئەگەر سىلەر شۈكرى قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار سىلەرنى ئازاپلاپ نېمە قىلىدۇ؟}، (نىسا سۈرىسى، 147 ـ ئايەت) دېگەن.

ئۇنىڭ بىر ئىسمى - تەۋبىنى كۆپ قوبۇل قىلغۇچى (تەۋۋاب) دۇر؛ ئەگەردە سەن گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭ، ئۇ قۇرئان كەرىمدە بۇ سۈپەت بىلەن تونۇلماس ئىدى! گۇناھ بولمىسا تەۋبە نېمە ئىش قىلسۇن؟!

بەندىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان ئەڭ گۈزەل سۆز - ئى رەببىم! مەن گۇناھ قىلدىم، ئى پەرۋەردىگارىم، مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم! ئى رەببىم! يامانلىق ئۆتكۈزدۈم! دېگەن سۆزدۇر؛ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، رەھىمدىل زاتتىن بۇ چاغدا دەرھال: ئى بەندەم، مەغپىرەت قىلدىم! ئى بەندەم كەچۈرۈم قىلدىم! ئى بەندەم كەچۈردۈم! دېگەن جاۋاب قايتىدۇ...

قۇللىرى قېرىسا، ئىسىل خوجايىن،
قۇللۇقتىن مەردلەرچە بوشتار دايىم.
سەن چەكسىز سېخىسەن، گۇناھكار قۇلمەن،
قېرىدىم، دەۋزەختىن بوشات ئىلاھىم!

<u>ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى:</u>

* ھەر كىچىسى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان ھالدا تەۋبىنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ؛ بەلكىم بۇ سىز ئۈچۈن قىيامەت كۈنىلا ئويغىنىدىغان ئاخىرقى قېتىملىق ئۇيقۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن!

* باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭ؛ بۇ ئارقىلىق تەۋبە مۇكەممەل بولىدۇ.

* كىمكى دايىم مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرسا، اللە ئۇ كىشىنىڭ ھەر بىر قىيىنچىلىقىنى تۈگىتىپ، غەم- قايغۇلىرىنى كۆتىرىۋېتىدۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزقى ئاتا قىلىدۇ.

* ھەر كۈنى 100 قېتىم اللەتىن مەغپىرەت تىلەڭ؛ مەغپىرەت تىلەشتە ئاددى سۆزلەرنى قوللىنىڭ (مەسىلەن: ئەستەغپىرۇللاھەل ئەزىم، يەنى، ئۇلۇغ اللە دىن مەغپىرەت تىلەيمەن، دېگەندەك).

* يامانلىق كەينىدىن ياخشىلىق قىلىڭ، يامانلىقنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ؛ ئەمەلنى ئەمەل ئارقىلىق يۇيۇڭ، يامانلىقنى ياخشىلىق ئارقىلىق يوق قىلىڭ؛ بىلىشىڭىز لازىمكى، مەقبۇل تەۋبىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى - تەۋبە قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىلىنىشنىڭ كۆرىلىشىدۇر.

* ھەقىقى تەۋبە قىلغۇچىنىڭ بەلگىلىرىدىن - قەلبىنىڭ ئېزىلىشى، ياشنىڭ تۆكۈلىشى، باشقىلاردىن نەسىھەت تەلەپ قىلىش؛ زىكرى تەسبىھ سورۇنلىرىغا يۈزلىنىش، دۇنيا نېمەتلىرىگە زىيادە بېرىلمەسلىك، ئاخىرەت ھەققىدە ئويلىنىش قاتارلىقلار بار.

* ناچار ھەمرالاردىن قول ئۈزۈڭ؛ بۇ ئەھۋالدا ئىپار ساتقۇچىغا ھەمرا بولمىسىڭىزمۇ مەيلى؛ يامان ھەمرالارنىڭ قېشىدا بولۇشقا ھەرگىز ئىنتىلمەڭ، چۈنكى ئۇ كۆرەك باسقۇچى بولۇپ - كىيىمىڭىزنى كۆيدۈرەر ياكى ئۇنىڭدىن بەدبۇي پۇراققا ئېرىشەسىز. رەسۇلىمىزنىڭ:« ئىنسان ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، دوستلىشىدىغان كىشىلىرىگە بىرىڭلار ئوبدان دىققەت قىلسۇن» دېگەن ھەدىسنى يادىڭىزدا تۇتۇڭ.

* ئەتىگەن - كەچلەردە سەييىدۇل ئىستىغپارنى ئوقۇشنى ئۇنتۇماڭ.

* ئىرادىڭىزنى چىڭىتىپ، روھىڭىزنى بەردەم قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىڭ، بۇنى بۇرۇنقى ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قىلالايسىز. ھۇشيار ھالەتتە ئۇخلاڭ؛ غەرق ئۇيقۇدىن ئويغىنىڭ (بامداتقا)، تويغۇدەك تاماق يەڭ، ئاچلىققا چىداپ روزا تۇتۇڭ (نەپلى روزا).

نەپسى ۋە شەيتانغا بويسۇنما ھەرگىز،
نەسىھەت قىلىشسا قۇلاق سالما ھەم.
ئىككىسى بولمىسۇن ئاغىنەڭ، باشچىڭ،
بىلىسەن قاپقانغا ئالدۇرار قەدەم .

# الله نەدە ؟

ئاپتورى : دوكتور خالىد ئەبۇ شادى

تەرجىمە قىلغۇچى : ھىلالى

زامانەم بۇ دېمە ھەرگىز ئۆتەر بولساڭ پاراغەتتە،
دېگىن دائىم: رەببىم مېنى بايىقاپ تۇرار بۇ سائەتتە .
قىلار الله بىپەرۋالىق دەپ ئويلىما بىرەر لەھزە،
خەۋەرداردۇر ئەسرارىڭدىن بولالمايسەن نە خىلۋەتتە......

قۇرئان كەرىم جىلۋىسىدىن :

(اللەنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەمدۇ؟) ئەلەق سۈرىسى 14-ئايەت.

كىتابچە:

اللەنىڭ ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا سەل قاراپ، ئادەملەردىن يوشۇرۇن ئىشلارنى قىلماقچى بولىسمۇ، اللەدىن يوشۇرالايدىغانلىقىنى ئەسلەپ، اللەغا خۇددى كۆز ئالدىلىرىدا تۇرغاندەك سەممى ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەقىقى يوسۇندا قورقۇش يولىغا يۈزلىنەر دېگەن ئۈمىددە تۈھپە قىلىندى.

كىتابچىنىڭ مەزمۇنى:

*قەدىرلىك دوستۇم،دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭ!
*بۇرادىرىم، اللەدىن ھەقىقى ھايا قىلىڭ!
*اللەدىن قورقۇشنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى
*ھايا قىلىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟
*اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئالدىدىكى قىممىتىڭ قانچىلىك؟
ھايا قىلىش ۋاقتى يىتىپ كەلدى:

1-ئۆزۈڭدىن:

الله ساڭا نەدە بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ئالدىدادوزاخ دەرۋازىسى ئالدىدائۆزۈڭگە گۇۋاھ بولىدىغان كۆزەتكۈچى قىلىپ ياراتقان ئۆز قۇلىقىڭ، كۆزۈڭ ۋە تېرەڭدىن ھايا قىلغىن.

الله تائالا دەيدۇ:( ئۇلار دوزاخقا كەلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋە قۇلاقلىرى، تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشى ھەققىدە گۇۋاھ بېرىدۇ.) (فۇسسىلەت سۈرىسى 20-.ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغۇ دەل مۇشۇ تۈپەيلى كۈلۈپ تاشلىغان ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق بايان قىلغان:

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىدا تۇراتتۇق، ئۇ كۈلۈپ تاشلاپ:" نېمگە كۈلگىنىمنى بىلدىڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى، بىز:« الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلگۈچىدۇر!" دەپ جاۋاپ بەردۇق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى:« اللەنىڭ ئۆز بەندىسگە قىلىدىغان سۆزىگە كۈلىۋاتىمەن، بەندە مۇنداق دەيدۇ:" ئى پەرۋاردىگارىم! مېنى زۇلۇمدىن ساقلايتتىڭغۇ؟" الله ئۇنىڭغا جاۋابەن:" شۇنداق!" دەيدۇ. ئاندىن بەندە ئۇنىڭغا:" ئۇنداقتا مەن ئۆزەمگە ئۆزەمدىن باشقا گۇۋاھچى بولىشغا ئۇنىمايمەن". رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: ئاندىن الله ئۇ بەندىنىڭ ئاغزىنى پېچەتلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئەزالىرىغا:" سۆزلە!" دەيدۇ، ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ چىقىدۇ... ئاندىن الله بەندىنىسېنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، شۇ چاغدا بەندە ئۆز ئەزالىرىغا كايىپ:" سىلەردىن جاق تويدۇم! مەن دەل سىلەر ئۈچۈن جاپا چەككەنتىمغۇ!" دەيدۇ...

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش الله تائالادىن ۋە ئاخىرەت كۈنىنىڭ تەييارلىقىدىن يۈز ئۆرىگەنلەرگە، دوزاخ ئەھلىگە ھېساب كۈنى الله مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:{ سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار – (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا)، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار) لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى «الله بىلمەيدۇ» دەپ گۇمان قىلدىڭلار.} (سۈرە فۇسسىلەت 22-ئايەت).

## دۇردانە

شاملىق ئابدۇللاھ بىننى ئابدۇللاھ مۇنداق بىر ئەقىل دۇردانىسېنى ئېيتقان:

ئۆتەر ئۆمۈر، كۆپىيەر گۇناھ،
خاتالىقلار تەكرار بى ئىسلاھ.
تانالماسسەن بىر گۇناھتىنمۇ،
ئەزالىرىڭ بولغاندا گۇۋاھ!
قېرىماستىن ئۆتسەم دەر ئىنسان،
ئەجەب!

**قىلماي ئۆلۈمدىن ئاگاھ!**
**ھايا قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى.**

**2.مەخلۇقاتلاردىن**

**چۈنكى، بارلىق مەخلۇقاتلار- ھاياتلىقلار، جانسىزلار، ئىنسى- جىنلار، مالائىكىلەر، تاغۇ- دەريالار، زېمىن ۋە ئوكيانلار ھەممىسى ھېچ بىر توختاپ قالماستىن اللەنى يادلاپ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.**

**الله تائالا ھەق دېگەنكى:{ يەتتە ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللەنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللەنى پاك دەپ مەدھىيلەيدۇ (يەنى اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر. } (ئىسرا سۈرىسى 44-ئايەت)**

**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ھەدىستە، اللەغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكىنى، ھەتتا ئاسمانمۇ ئۇلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بىزگە مۇنداق بايان قىلغان ئىدى:" ئاسمان ھەقلىق رەۋىشتە غىچىرلاپ تۇردى، الله بىلەن قەسەمكى، ئاسماندىكى ھەربىر غېرىچ ئورۇندا اللەنىڭ پاكلىقىنى مەدھىيلەپ سەجدە قىلىپ تۇرغان پەرىشتىنىڭ پىشانىسى بار".**

**الله ھەقىقەتەن پاكتۇر، ئاسمان ئالەملەرنىڭ پەرۋاردىگارى بولغان اللەغا سەجدە قىلىپ تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ جىقلىقىدىن ۋە ئېغىرلىقىدىن غىچىرلاپ ئاۋاز چىقارماقتا!**

**بەلكى، ئەقىل يەتمەيدىغان، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مەخلۇقاتلار بار، الله ئۇلارنى زىكرى- تەسبىھ ئۈچۈن ياراتقان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇ مەخلۇقاتلارنىڭ قانداق زور ۋە قانداق چوڭ يارىتىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان:**

**"ئەرش خادىملىرىدىن بولغان بىر خوراز توغرىسىدا ماڭا سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىندى، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى يەر تېگىدە،تاجىسى ئۈستىدە ئەرش تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قۇلاق يۆپىكى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقىنىڭ مۇساپىسى يەتتە يۈز يىل قۇش ئۇچقۇدەك كېلىدۇ، ئۇ پەرىشتە:" قارارگاھىڭدا پاكتۇرسەن" دەپ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.**

**سىزمۇ ئېيتىڭ:"سۇبھەنەللاھ!الله بۈيۈكتۇر! الله ئۇلۇغدۇر!"**

**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنى ھەر دائىم تەكرارلاڭ:"ھەر قانداق ماخلۇقات ئىنسان بالىسىغا قارىغاندا اللەغا تېخىمۇ ئىتائەتچاندۇر!"**

بۇ ھەدىسنى مەشھۇر تابىئىنلاردىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن ئەلمىسرى ئاڭلاپ،دەرھال مۇنداق دېگەن:

"بىرىڭلار ئۆزى مىنگەن ئۇلىغى،كەيگەن كىيىمى ئۆزىگە قارىغاندا اللەغا تېخىمۇ كۆپ زىكرى ئېيتىدىغانلىقىدىن ئۇيالمامدىغاندۇ؟"

●دوزاختا كۆيمەسلىك ئۈچۈن

سۆيۈملۈك قېرىندىشىم!مەن شۇنداق دەپ سەندىن سوراپ باقاي:

ئويلاپ كۆر،ئادىشىپ قايسى بىر يۇلتۇز،
توپىدىن ئايرىلسا مەخسەتكە خىلاپ،
اللەنىڭ ئەمرىدىن چەتنىگەن ھامان،
ۋەيران بوپ،يۈكسەكتىن چۈشىدۇ غۇلاپ،
گۇناھكار ئاسلار ئىبرەتى ئۈچۈن،
ئۆرتىلىپ بوشلۇقتا بولىدۇ خاراب!
ھاياتنىڭ قۇرۇلغان ھەق دىن ئۈستىگە،
شەرىئەت-ئوربىتىنىڭ،ئىچىدە ساۋاب.
كائىنات گۈلتاجى،بۇرچۇڭ قالدۇرۇپ،
كېتەمسەن زالالەت يولىغا قاراپ؟!

قېرىندىشىم!خۇددى يۇلتۇز اللە بەلگىلەپ بەرگەن ئوربىتىنى تەرك قىلسا ئۆرتۈلۈپ،كۈيۈپ كەتكەندەك،ئىنسانمۇ اللەغا ئىتائەت قىلىش ئوربىتىدىن،اللەغا بويسۇنۇش يولىدىن چىقىپ كەتسە ئۆرتىلىپ كۆيىدۇ!دۇنيادا كۆيمەستىن،دوزاختا كۆيىدۇ!شۇڭا اللە يولىدىن بۇرۇلۇپ كەتمە،ئوربىتىدىن بۇرۇلۇپ كەتمە،ئۆز بۇرچۇڭ بىلەن قارشىلاشما!شۇندىلا دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشتىن ساقلىنالايسەن!

ھايا قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى.

### 3-مالائىكىلەردىن

كىچىك قىلمىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىپ-خاتىرلەپ،ئۇلارنى اللەغا مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان،ئىشلىرىڭنى تەقىپ قىلىپ،نەپەسلىرىڭنىمۇ ساناپ تۇرىدىغان سېنى قوغداۋاتقان ئىككى پەرىشتىدىن ھايا قىلغىن!

ئۇ ئىككىسى غەپلەتتە قالماستىن، ئۇخلاپ قالماستىن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار گۇناھنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ، بەلكى نېمىگە بۇيرۇلغان بولسا

شۇنى قىلىدۇ، سىنىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرىڭغا گۇۋاھ بولىدۇ، اللەغا ئىتائەت قىلساڭ سەن بىلەن بىر سەپتە تۇرسا، گۇناھ قىلساڭ ساڭا قارشى سەپتە تۇرىدۇ، الله تائالا بىزگە ئېيتقان شۇ كۈندە، ئۇلار گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىپ ئامانەتنى تاپشۇرۇشقا تەييار (كىشلەرنىڭ نامۇ- ئەمالى ئوتتۇرغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قۇرقانلىقنى كۆرىسەن، ئۇلار:« ۋاي بىزگە! بۇ نامۇئەمالغا چوڭ- كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ). (سۈرە كەھف 49-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىبنى ئاباباس مۇنداق تەپسىر قىلغان:" بۇ ئايەتتىكى كىچىكى تەبەسسۇمنى، چوڭى كۈلكىنى كۆرستىدۇ".....

شۇڭلاشقا مۇجاھىد ساڭا كۈيۈنۈپ، چىن قەلبىدىن مۇنداق نەسھەت قىلغان:" كىشلەر مەزكۇر ئايەتتىكى خاتىرلەشتىن چۆچۈگەن، ھالبۇكى "زۇلۇم" دىن چۆچۈمگەن، شۇڭا ئۇششاق- چۈششەك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇششاق گۇناھلار يىغىلىپ ئىگىسىنى ھالاك قىلىدۇ".

يوشۇرۇن قىلغان ناشايان قىلىق،
سىرىنى ساقلاشقا قىلالماس ئامال،
مۇمكىنمۇ يوشۇرۇش،ئىككى پەرىشتە-
يېنىدا شاھىد،ھەم رەببى زۇلجەلال؟!

## ھېكمەت

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئېشەكلىك بىر ئادەم دەريانىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئېشىكىدىن چۈشۈپ، ئاغزىدا بىرنى ئىسقىرتقان،شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىق پۈتكۈچى پەرىشتە بىلەن يامانلىق پۈتكۈچى پەرىشتە تالىشىپ قالغان، يامانلىق پۈتكۈچى پەرىشتە:" ئۇ ئويناپ ئىسقىرتتى" دېسە، ياخشىلىق پۈتكۈچى پەرىشتە:" ئۇ ئېشىكىنى سۇغۇرماقچى" دەيتتى، ئاندىن الله ئۇلارغا بىر پەرىشتە ئارقىلىق مۇنداق بۇيرۇق يەتكۈزدى" ئۇنىڭ ئىسقىرتقىنىنى خاتىرلەڭلار، الله ئۆزى چۈشىنىدۇ".

گۇناھىڭ بولسىمۇ زەررىدەك يېنىك،
مەقسەتلىك قىلدىڭمۇ، سۇرۇشتە باردۇر.
يامانلىق تاپارسەن يامانلىقىڭغا،

ئىزگۈلۈكلىرىڭگە ئۇتۇقلار باردۇر .
بۇ مەنا بايانى ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ،
سۈرە ئى "زىلزال"دا بەر قارارادۇر .

قېرىندىشىم ! شۇنداقلا :

**4-قەۋمىڭدىكى ياخشى كىشىلەردىن هايا قىلغىن !**

چۈنكى، رەسۇلىمىز ئېيتقانكى:" خۇددى قەۋمىڭ ئىچىدىكى سالىه كىشىلەردىن هايا قىلغىنىڭدەك، اللەدىن هايا قىلىشىڭنى تەۋسيه قىلىمەن ."

قېرىندىشىم ماڭا چىن سۆزۈڭنى ئېيتىپ باققىن، ئەگەر ئۆز تۇققانلىرىڭدىن بىر سالىه كىشى ئۆيۈڭگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ سېنى زىيارەت قىلسا، ئاندىن سېنى ئۆزى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشقا بۇيرىسا، ئەگەر سەن بىناماز ئادەم بولغىنىڭدا، هالىڭ قانداق بولار ئىدى ؟ ياكى ئۇ تۇققىنىڭ سېنى قۇرئان ئوقۇشقا تەكلىپ قىلسا، قاراپ كۆرگەندە،ئۆيۈڭدىكى قۇرئان كەرىمنى توپا بېسىپ ياتقان، ئۇنى ئۆتكەن يىلقى رامىزان ئايلىرىدىن بېرى سۆرتۈپ قويۇشقا يارىمىغان بولساڭ؛ ياكى ئۇ ساڭا ئەڭ يېقىن مەسجىدنى كۆرسىتىپ قوي دېسە، هالبۇكى، سەن ياستۇقىڭنى قىرلاپ ئۆيدىن چىقمايدىغان،پەقەت ئۆيدىلا ناماز ئوقۇيدىغان هورۇن ئادەم بولغان بولساڭ... بۇنداقتا قانداق ئەهۋالدا قالار ئىدىڭ؟ قانداق ئىنكاس قايتۇرار ئىدىڭ ؟!!

چوقۇمكى، سەن ئۇ كىشىدىن هايا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمەسلىكىڭ ۋە ئۆز ئەيىپىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ناماز ئوقۇيسەن، قۇرئان ئوقۇيسەن ياكى مەسجىدكە يۈگرەيسەن...ئۇنداقتا، ئۇلۇغ اللەنىڭ ئالدىدا بۇنداق خىجالەت هېسلىرى يوقمۇ ؟!

قېرىندىشىم، فەرقەد ئەل سەنگى تەسۋىرلىگەن مۇناپىقتەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلان:" مۇناپىق كۆزىتىپ تۇرار؛ بىرەرسى كۆرۈنمىسىلا، يامانلىق ئىشكىلىرىگە ئۆزىنى ئۇرار، ئۇ ئادەملەرنىلا كۆزدە تۇتار، اللەنى كۆزدە تۇتماس ".

**5.هەقىقىي هايا- اللەتىن هايا قىلىشتۇر !**

قېرىندىشىم، اللەتىن هايا قىلغىنكى،{ الله سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) هەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.} شۇئەرا سۈرىسى، 218-219-ئايەتلەر .

بىلەمسىلەركى، اللەنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى:{( الله كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە

دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.)} غافىر سۈرىسى 19- ئايەت .

الله كېچە- كۈندۈز دېمەي يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بارلىق ئەھۋاللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، {(سىلەر قەيەردە بولساڭلار، الله سىلەر بىلەن بىللە.)} ھەدىد سۈرىسى 4-ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

زالالەتكە چۆكۈپ، گۇناھلارغا غەرق بولغان بىرى {(اللەنىڭ) ئۇنى (كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ ؟)} ئەلەق سۈرىسى 14-ئايەت .

قىلمىشىڭلارنى الله بىلمەي قالىدۇ دەپ ئويلىماڭلار! قىلغۇاتقان ئىشىڭلارنى الله كۆرمەي قالىدۇ، دېگەن گۇماندا بولماڭلار! {( الله ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزەتكىچىدۇر)}. نىسا سۈرىسى 1- ئايەت .

بەلكى الله ئۆزى توغرىسىدا: {( ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغانلىرىنى كۆزىتىپ، ئۈستىدە تۇرغۇچى.)} رەئد سۈرىسى 32-ئايەت، دېگەن...

ھەر- بىر كىشىنىڭ ئارىسىدا، سەنمۇ بارسەن، ئوقۇرمەن بۇرادەر !

ھۇمەيد ئەتتەۋىل دېگەن ئالىم سۇلايمان ئىبنى ئەلىگە مۇنداق سۆز قىلغان:" ئەگەر الله كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئويلىغان ھالدا، خىلۋەتتە اللەغا ئاسيلىق قىلغان بولساڭ، ھەقىقەتەن زور جىنايەتكە جۈرئەت قىلغان بولىسەن! ئەگەردە الله كۆرمەيدۇ دەپ ئويلىغان بولساڭ، ئېنىق كاپىر بولغىنىڭ شۇ !"

ھەي بۇرادەر !...

ئەبۇ فەرەج ئىبنى جەۋزى مۇنداق دېگەن ئىدى:" الله! الله! الله! ئۇ سەن مەۋجۇد بولماستىنلا سەن تەرەپتە تۇرغان، يەنى سېنىڭ يارىتىلىشىڭنى ھىمايە قىلىپ، پەرىشتىلەرگە :{( مەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن)} دېگەن. بەقەرە سۈرىسى 30-ئايەت .

سېنىڭ ئاز-پاز ئەمىلىڭنى كۆپكە ساناپ:{( الله كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەر ۋە ئاياللار )}. )ئەھزاب سۈرىسى، 34-ئايەت) ، دەپ تەرىپلىگەن .

سېنىڭ ئەسلى ئاتا-ئاناڭنىڭ خاتالىقىنىڭ ئۆزرىسېنى ساڭا كۆرستىپ:{ (شەيتان) ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى]}. ئەئراف سۈرىسى، 21-ئايەت.

ئۇ سېنىڭ يارىماس قىلمىشلىرىڭنى:{( ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى ؟)} ئىنفىتار سۈرىسى، 6- ئايەت .

لىباسىغا يۆگەپ، ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىدە سېنى پايدىغا ئېرىشتۈرۈپ:{( ئون

ھەسسە ئارتۇق ساۋاپقا ئىگە بولىدۇ)}. (ئەنئام سۈرىسى ، 159- ئايەت.) دېگەن .

سەن يوق چاغدا سېنى ھىمايە قىلغان زات، سەن بار چاغدا سېنى ھەرگىز زىيانغا ئۇچراتماس...ئۇ خۇددى سېنى قالغان مەخلۇقاتلارنىڭ ئالدىدا قويغىنىدەك، سەنمۇ ئۇنى تەلەپلىرىگە قارىتا قەلبىڭدە بىرىنچى ئورۇنغا قويغىن !

## نادىر ئۆلگىلەر

**A .ئىبنى ئۆمەر بىلەن پادىچى :**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر مەككىگە كېتىۋاتقان سەپىرىدە، ئارام ئېلىش ئۈچۈن يولنىڭ بىر يېرىدە توختىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا بىر پادىچى يېتىپ كەلدى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا:" ھەي پادىچى، ماڭا قويلىرىڭدىن بىرنى سېتىپ بەرگىن!" دېدى. پادىچى:" مەن قۇلمەن." دەپ جاۋاپ بەردى، ئابدۇللا :" خوجايىنىڭغا بىر قوينى بۆرە يەپ كەتتى دېسەڭ بولمامدۇ ؟"دېۋىدى، ئۇ:"الله بارغۇ؟" دېدى، ئىبنى ئۆمەر يىغلاپ كەتتى، كېيىن ئۇ قۇلنىڭ ئېگىسىگە بېرىپ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر توپ قوي سېتىۋېلىپ ئىنئام قىلدى ...

كىمكى الله رىزاسى ئۈچۈن ھارامدىن ۋاز كەچسە، الله ئۇنىڭغا ھالالنى ئاتا قىلىدۇ. بىر دانە قوي ئالدىدا ئىپپىتىنى ساقلىغان ئادەمنى الله بىر توپ قويغا ئىگە قىلدى ...

**B. شەھۋەتلەردىن غالىپ كەلگەن ھايا :**

مەدىنىلىكلەر ئارىسىدا بىر يىگىت بولۇپ، بارلىق نامازلارغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن بىرگە ھازىر بولاتتى، بۇ يىگىت كۆرۈنمەي قالسا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. مەدىنىدىكىلەردىن بىر ئايال بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئايال ئۆز ئەھۋالىنى بەزى ئاياللارغا بايان قىلغاندا، بىرسى ئۇنىڭغا:" مەن ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇ يىگىتنى يېنىڭغا كىرگۈزۈپ بېرىمەن" دەپ ۋەدە قىلدى.

ئۇ ھىيلىگەر ئايال يىگىتنىڭ ئۆتىدىغان يولىدا ئولتۇردى، يىگىت يولدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭغا:" مەن يېشىم چوڭىيىپ ئاجىزلاپ قالغان موماي‌مەن، بىر قويۇم بار ئىدى، ساغاي دېسەم ساغالمىدىم، الله رىزاسى ئۈچۈن ياردەم قىلغان بولساڭ"دېدى. يىگىت ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە ھېلىقى ئاشىق ئايال يىگىتتىن ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى، يىگىت ئۆزىنى قاچۇردى، يىگىت ئۇ ئايالنىڭ تەلىپىگە قەتئىي ئۇنىمىغان چاغدا، ئايال ئاللا- چوقان كۆتۈردى ۋە كىشىلەر يىغىلدى.

ئۇ ئايال:" بۇ يىگىت ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ناشايەن ئىشقا زورلىدى"دەپ تۇرىۋالدى. كىشلەر يىگىتكە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى ھەمدە يىگىتنى باغلاپ ئۆمەر خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى .

ئۆمەر ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا:" ئى الله، ئۇ توغرىسىدىكى ئويۇمنى يالغانغا چىقارمىغىن" دېدى. كىشلەر ئۇنىڭغا ۋەقەنى بايان قىلدى. ئۆمەر يىگىتكە بۇرۇلۇپ:" ماڭا راست سۆزلىگىن" دېدى. يىگىت ھەقىقىي ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. خەلىپە ئۆمەر:" ھېلىقى مومايىنى كۆرسەڭ تونۇمسەن؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ:" تونۇيمەن" دېدى .

ئۆمەر ھېلىقى ئايالنىڭ خوشنىلىرىغا ئەۋەتىپ، ئايالLارنى ئەكەلدۈرۈپ، يىگىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇ تونۇيالمايۋاتاتتى، ئاخىرى بىر موماي ئۆتكەن چاغدا، يىگىت دەرھال:" ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى مانا مۇشۇ شۇ" دېدى، ئۆمەر مۇبارەك دەررىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ مومايغا :" ماڭا راست گەپ قىل" دەپ بۇيرىدى، موماي ۋەقەنى يىگىتنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش بايان قىلدى. خەلىپە ئۆمەر:" ئارىمىزدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك يىگىتلەرنى قىلغان اللەغا مەدھىيىلەر بولسۇن" دەپ تولۋلىدى .

### C .مۇبارەكنىڭ تويى مۇبارەك ...

بۇ، ئىمام، ئىسلام پېشۋاسى تەرىپلىك ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەكنىڭ دادىسى مۇبارەك توغرىسىدىكى گەپ. مۇبارەك ئەسلى خوجايىنى ئازاد قىلغان قۇل ئىدى. كېيىن ئۇ بىر باغدا ئىجارىكەش ئىشلەمچى بولغان ئىدى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغنىڭ ئىگىسى بىر توپ دوستلىرى بىلەن بىللە باغقا كىرىپ قالدى ۋە مۇبارەككە:" ئوبدان تاتلىق ئاناردىن ئۈزۈپ ئەكەلگىن" دېدى. ئۇ بىر قانچە ئانارنى ئەكەلگەن ئىدى، ئاچچىق بولۇپ چىقتى، باغنىڭ ئىگىسى:" سەن تاتلىق ئانارنى ئاچچىقدىن ئايرىپ تونۇيالامسەن؟" دەپ سورىدى. ئۇ:" سىز ماڭا تاتلىق-ئاچچىقنى تونۇشقا رۇخسەت قىلمىغان تۇرسىڭىز" دەپ جاۋاب بەردى. باغنىڭ ئىگىسى:" سەن مۇنچە يىلدىن بېرى باغقا قاراۋاتقان تۇرۇقلۇق مۇنداق دەيسەنغۇ ؟" دېدى .

ئۇلار:" مۇبارەك بۇ يەردە ئىشلىگەندىن بېرى بىرەر دانە ئانارنى يەپ باقمىدى" دېيىشتى.

باغنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا:" مۇبارەك سەن دەپ باققىن، مېنىڭ بىرلا قىزىم بار، ئۇنى كىمگە بېرىشىم كېرەك؟" دەپ سورىدى. مۇبارەك مۇنداق دېدى:" يەھۇدىيلار پۇل- مال ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، ناسارالار گۈزەللىك ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، ئەرەپلەر ئەسلى- نەسەپ ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، مۇسۇلمانلار تەقۋالىق ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، سىز قايسى تۈرگە كىرىسىز؟

قىزىڭىزنى ئۆز تۇرىڭىزدىكىلەرگە بېرىڭ".

باغنىڭ ئىگىسى:" سەندىنمۇ تەقۋادار ئادەم تېپىلارمۇ؟" دېدى ۋە كېيىن قىزىنى ئۇنىڭغا بەردى. دەل مۇشۇ قىزدىن مەشھۇر ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك تۇغۇلدى... (مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى اللەنىڭ ئىزنى بىلەن كۆركەم ئۆسىدۇ، ناچار يەرنىڭ گىياسى ناچار ئۆسىدۇ) ئەئراف سۈرىسى، 58-ئايەت.

## ئۈچ توپلام

هايالىق قېرىندىشىم! بىلگىنكى، قىلغان ھەر قانداق ئەمەلىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئۈچ دەپتەر توپلىمى ئېچىلىدۇ :

نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟ الله ئۈچۈنمۇ، شەيتان ئۈچۈنمۇ؟ دىن ئۈچۈنمۇ؟ جەننەت ئۈچۈنمۇ ياكى دوزاخ ئۈچۈنمۇ ؟ مالائىكىلەرنى خۇشال قىلىش ئۈچۈنمۇ، ياكى خاپا قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ئىبلىسقا دۈشمەنلىشىش ئۈچۈنمۇ، ياكى دوستلىشىش ئۈچۈنمۇ ؟

ئەگەر الله ئۈچۈن بولسا راۋان بولغىنى، باشقىلار ئۈچۈن بولغاندا كېچىككىنى .

قانداق قىلدىڭ؟ ئەگەر ئەمەللىرىڭ الله ئۈچۈن بولغان بولسا، قانداق ئادا قىلدى؟ قەلبىڭدىكى ھەقىقىي نىيەت بىلەنمۇ، ياكى ۋىجدانىڭدىن سىرتتىمۇ ؟

كىم ئۈچۈن قىلدىڭ؟ ئەمەلىڭدە اللەنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ چىن ئىخلاسىڭ بىلەن قىلدىڭمۇ؟ نىيىتىڭدە اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرى شېرىك بولدىمۇ يا؟ ئەمەلىڭ بىلەن رىيا قىلدىڭمۇ؟ باشقىلارغا داۋراڭ سېلىش ئۈچۈن بولدىمۇ؟!!

هايالىق بۇرادىرىم! مۆمىنسەن، مۆمىن دېگەن پۇختا، ئەستايىدىل بولىدۇ، ئىشەنچ بىلەن قەدەم باسىدۇ، ھەرگىز ناماز شام قارىغۇسىدەك قارىسىغا ئىش قىلمايدۇ .

## هايا قىلىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟ اللەنى تونۇشنى قانداق ۋايىغا يەتكۈزۈش لازىم ؟

### 1- ئىنتايىن ئاسان ئۇسۇل

سەهل ئىبنى ئابدۇللا تەسەتتۇرى مۇنداق دېگەن :

ئۈچ ياش ۋاقتىمدا كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتىم، تاغام مۇھەممەد ئىبنى سىۋارنىڭ ئوقۇغان نامازلىرىغا قارايتتىم، بىر كۈنى مەندىن:" سېنى ياراتقان اللەنى

زىكرى قىلمامسەن؟" دېدى، مەن:" قانداق زىكرى قىلمەن؟" دەپ سورىسام، يوتقىنىڭدا ئۆرۈلگەن چاغلىرىڭدا تىلىڭنى ھەركەتلەندۈرمەستىن قەلبىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم:" الله مەن بىلەن بىللە، اللهقاراپ تۇرغۇچى، الله منى كۆرۈپ تۇرغۇچى" دىگىن دېدى.

مەن بىر نەچچە كېچىلەرگىچە مەزكۇر سۆزلەرنى تەكرارلىغاندىن كېيىن، تاغامغا بىلدۈردۈم. ئۇ ماڭا:" ئۇلارنى ھەر كېچىسى 11 قېتىمدىن تەكرارلىغىن" دېدى. مەن مۇشۇنداق تەكرارلاۋەرسەم، قەلبىمگە بىر خىل شېرىن تۇيغۇ پەيدا بولدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاغام ماڭا:" ئۆگەنگىنىڭنى يادلا، قەبرىگە كىرگۈچە شۇنداق داۋاملاشتۇر، ئۇ ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلىدۇ" دېدى. نۇرغۇن يىللارغىچە مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. كېيىن بىر كۈنى تاغام ماڭا مۇنداق دېدى:" ھەي سەھل، الله ئۆزى بىلەن بىللە بولغان، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئادەم اللهغا ئاسىيلىق قىلامدۇ؟»

## 2. گۇناھاردىن ساقلانغىن

ھايالىق قېرىنداشىم!

*ئەقىل غايىپ بولۇپ شەھۋەت غالىپ كىلىپ،گۇناھ يېقىنلىشىپ، قەلب مەسلىككە غەرق بولغاندا دەرھال يادلىغىن:" الله مەن بىلەن بىللە، الله ماڭا قاراپ تۇرغۇچى، الله منى كۆرۈپ تۇرغۇچى!"

*خىلۋەتتە تۇرغىنىڭدا ھىچكىم قېشىڭدا يوق چاغدا، كۆزلەر ئۇيقۇغا غەرق بولغان ۋاقىتتا ئەسلىگىن:" الله مەن بىلەن بىللە، الله ماڭا قاراپ تۇرغۇچى، الله منى كۆرۈپ تۇرغۇچى!"

*اللهنىڭ نېئمەتلىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈش.

قانچە قېتىملاپ ئاغرىپ قالغىنىڭدا، ئۇ ساڭا شىپالىق ئاتا قىلدى. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە سېنى قۇتقازدى. ئاچ- ئۇسسۇزلىققا گىرىپتار بولغىنىڭدا ئۇ سېنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئۇسسۇزلۇقۇڭنى قاندۇردى. گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن سېنى قىينىچىلىقلارغا دۇچار قىلىپ سىنىدى. خاتالىقلىرىڭنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بالا قازاغا گىرىپتار قىلدى؛ مىليونلىغان كىشىلەر كاپىرلىقنىڭ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ يۈرگەندە، ئۇ سېنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلدى؛ ساڭا كۆرۈش، ئاڭلاش، چۈشىنىش نېمەتلىرىنى ئاتا قىلدى. ھالبۇكى بۇ نېمەتلەردىن نۇرغۇن ئادەم مەھرۇمدۇر... سەن ئۇنىڭغا

گۇناھلىرىڭ ئارقىلىق پوچىلىق قىلسەڭ، ئۇ سېنى سۆيىدۇ،ئۇنىڭغا ئاسىي بولسەڭ، ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ...

سەن اللەنىڭ ساڭا ياپقان خەيرىخاھلىق پەردىسىنى يىرتساڭمۇ، ئۇ سېنى رەھمەت پەردىسى بىلەن داۋاملىق ياپىدۇ، يامانلىق قىلغىنىڭغا ياخشىلىق قىلىدۇ. گۇناھ قىلغىنىڭغا ئىنئام قىلىدۇ. مۇناسىۋەتنى ئۈزگىنىڭگە قارىماي، ساڭا كۆيىنىدۇ؛ تىلىڭنىڭ يالغانچىلىق گۇناھى ئۈچۈن سېنى سۆزلەش نېمىتىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ؛ ھارامغا تىكىلىش گۇناھىڭ تۇرسىمۇ، سېنى كۆرۈش نېمىتىدىن ئايرىمايدۇ؛ ھارام، ناشايىن سۆزلەرگە قۇلاق سېلىش خاتالىقىڭ ئۈچۈن سېنى گاچا قىلىپ تاشلاش ئارقىلىق جازالىمايدۇ...

ئۇ ساڭا سەن بىلىدىغان نېئمەتلەرنىمۇ، سەن بىلمەيدىغان نېئمەتلەرنىمۇ ئاتا قىلغان. سەن ئۇنىڭ بەزى نېئمەتلىرىنى ھىس قىلساڭمۇ، بەزىلىرىنى سەزمەيسەن. شۇنداق جىق نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغانىكى، سەن ئۇلارنى دائىم كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغىنىڭ ئۈچۈنلا شۈكرى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماقتىسەن، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغان چېغىڭدىلا تونۇپ يېتەلەيسەن...

## ھارۇن رەشىدنىڭ نەسىھەتچىسى

ئىبنى سامماك ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان مۇھەممەد ئىبنى سەبىھ بىر كۈنى ھارۇن رەشىدنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى قاچىدا بىر يۇتۇم سۇ بار ئىدى، ئۇ:" مەن سىزنى بۇ سۇدىن مەھرۇم قىلسام نەچچە پۇلغا سېتىۋالار ئىدىڭىز؟" دەپ سورىدى. ھارۇن رەشىد:" قول ئىلكىمدىكىلەرنىڭ يېرىمىغا سېتىۋالار ئىدىم" دېدى. ئىبنى سەمماك:" ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن سىرتقا چىقىشتىن مەھرۇم بولسىڭىز، بۇنىڭ ئامالىنى نەچچە پۇلغا ستىۋالار ئىدىڭىز؟"دەپ سورىدى. ھارۇن رەشىد:" بارلىق مۈلكىمگە سېتىۋالغان بولاتتىم" دەپ جاۋاپ بەردى. ئىبنى سەمماك دېدىكى:" مۈلكىڭىز بىر يۇتۇم سۇ ۋە بىر قېتىم سىتىشكە يارايدىكەن!"

## ھەر كۈنلۈكى 24 مىڭ نېئمەت

ئىبنى قەيىۇم رەھمەتۇللا مۇنداق دېگەن:"نەپەس ئېلىش ئىنسانلار ساناپ يۈرمەيدىغان نېئمەتلەرنىڭ ئادەتتىكى بىرسى بولۇشى كۆپايە. ئىنسان بىر كېچە-كۈندۈزدە 24مىڭ قېتىم نەپەسلىنىدۇ، دىمەك الله بىرلا نەپەسلىنىش بابىدا ئىنسانغا بىر

كىچە كۈندۈزدە 24مىڭ دانە نېئمەت ئاتا قىلىۋاتىدۇ. بۇ نېئمەتلەرنىڭ ھەر بىرىگە قارىتا بەندىنىڭ اللەغا شۈكرى – رەھمەت ئېيتىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ."

## ئەرابى ئۇستازنىڭ تەلىمى

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر ئەرابى (تاغلىق ئەرەب) خەلىفە ھارۇن راشىدنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:"ھەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله سەندە بار نېئمەتلەرنى ئۇلارنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىش بەدىلىگە داۋاملاشتۇرسۇن! سەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان نېئمەتلەرنى اللەغا ياخشى ئۈمىدتە بولۇش بەدىلىگە قولۇڭغا يەتكۈزسۇن! سەندە بار بولسىمۇ، سەن تونۇمايۋاتقان نېئمەتلەرنى ئۇلارغا شۈكرى قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا تونۇتسۇن!"

بۇ سۆز ھارۇن راشىدكە بەك ياقتى ۋە مۇنداق دېدى:"ئۇنىڭ تەقسىملىشى نىمدېگەن ياخشى!"

## 3.اللەنىڭ مۈلكى ئىچىدە قىممىتىڭ قانچىلىك؟

بۇ ئۇلۇغ كائىناتنىڭ ھەجمىنى ۋە ئۆزەڭنىڭ ئۇنىڭدىكى ھالىتىڭنى ئېنىق بىلسەڭ، تېخىمۇ ھايا قىلىشىڭغا بۇ ئوبدان تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. اللەنىڭ ئالدىدا كۆزىتىلىپ تۇرغانلىقىڭنى ئېنىق سىزىشكە باشلايسەن، بىرىنچى ھەدىسكە قۇلاق سالغىن، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن:" يەتتە قات ئاسمان ئەرش كۇرسىنىڭ ئىچىدە پەقەت قالقانغا تاشلاپ قويۇلغان يەتتە دانە تەڭگىدەك كىلىدۇ."

ئۇنداقتا يەتتە ئاسمان قانچىلىك دەپ سورايسەن؟

ئىككىنچى ھەدىسكە قۇلاق سالغىن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېگەن:"بىر ئاسمان بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئارىلىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپە، ھەر بىر ئاسماننىڭ ئارلىقى يەنە بەش يۈز يىللىق مۇساپە، كۇرسى بىلەن سۇنىڭ ئارلىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپە، ئەرش بىلەن سۇنىڭ ئۈستىدە، الله ئەرش ئۈستىدە، قىلغان ئەتكىنىڭلاردىن ھىچ نەرسە اللەغا يوشۇرۇن ئەمەس."

ئەمدى ئۆزەڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنسەن؟! سەن ئىنسان، الله نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىغا تەڭ كەلمەيدىغان دۇنيانىڭ بىر قىسمى! ئۇنداقتا تەكەببۇرلۇق نىمە ئۈچۈن؟ گۇناھلار نىمە ئۈچۈن؟! ھەددىدىن ئېشىش نىمە ئۈچۈن؟!

### 4.ئەمەللەرنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇش كېرەك

رەسۇللىمىز بۇ خىل تەھدىدنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى چىغدا ئىتائەتمەن تۇرقىغا كىرىۋالىسمۇ، اللەنىڭ ئالدىدا خىلۋەتتە قالغاندا پاسىقلىشىپ كېتىدىغان ئىككى يۈزلىمە كاززاپلارغا قارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:" ئۈممەتلىرىمدىن بىر نەچچە قەۋملەرنى بىلىمەن، ئۇلار قىيامەت كۈنىدە تىھامە (يەر ئىسمى) نىڭ ئاقباش تاغلىرىدەك ياخشىلىقلار بىلەن كەلسىمۇ، اللە ئۇلارنى توزاندەك توزۇتۇپ يوق قىلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، سىلەرنىڭ نەسلىڭلاردىن، خۇددى سىلەردەكلا كېچىلىرى ئىبادەت قىلىدۇ، بىراق ئۇلار يالغۇز چاغلىرىدا اللە هارام قىلغان ئىشلارنى قىلىدىغان قەۋملەردۇر!"

شۇڭا ياخشى ئەمەللىرىڭنىڭ بىهۇدە يوق قىلىنىشىدىن ھەزەر قىل! ياخشى ئىشلىرىڭنى ئاسرا، اللەغا ھەر دائىم ئىتائەت قىلىشتىن يالتايما، تىرىشچانلىقلىرىڭنى بىهۇدە زايا قىلمىغىن، كېچىدە بىپەرۋا يول مېڭىپ، كۈن چىققاندا خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالمىغىن، مەخلۇقاتلارنىڭ رازىلىقىنى ئەمەس، اللەنىڭ رىزاسىنى كۆزلىگىن، چۈنكى مەخلۇقاتلارنىڭ رازىلىقى يەتكىلى بولمايدىغان غايە، ئىشقا ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيالدۇر.

## قايسىسى ئاسان؟

سەلەمە ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن:" بەندىنىڭ اللە ئۈچۈن ياسىنىشى خەلقنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدۇ، بەندىنىڭ خەلق ئۈچۈن ياسىنىشى اللەنىڭ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بىر زات بىلەن مادارا قىلىش نۇرغۇن زاتلار بىلەن مادارا قىلغاندىن ئاسان، سەن قاچان اللە بىلەن مادارا قىلساڭ (يەنى ئۇنى رازى قىلساڭ) بارلىق يۈزلەر ساڭا مايىل بولىدۇ. قاچانكى ئۇنىڭ نارازىلىقىغا يولۇقساڭ، سېنى بارلىق كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ."

### تۈگەشكەن دەۋەتچى

يەھيا ئىبنى مۇئاز سورۇنلاردا مۇنداق دېكلىماتسىيە قىلاتتى:

ۋەز ئېيتار بىراۋلار، قوبۇل قىلىنماس،

قەلبىدىن باشتا ئۇ قارار ئالمىسا.

**خالايىق! تۇگەشكەن دەۋەتچىدۇر شۇ،**
**سۆزلىسە ئىشىغا نەزەر سالمىسا.**
**كۆرۈنۈپ تەقۋادار كىشىلەر ئارا،**
**خىلۋەتتە رەببىگە سادىق بولمىسا.**

## 5.يوشۇرۇن ئىبادەت قىلىشنىڭ ساۋابىدىن خۇرسەن بولۇش

اللەنى كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك سېزىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى شۇكى، يۇشۇرۇن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ساۋابتىن خۇرسەن بولۇش لازىم.

بۇ خىل ئىبادەتلەرگە بېرىلىدىغان ساۋابلار ئىگىسى اللەنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە اللە ئۆز سايىسىدە سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئۈچ تۈرلۈكى يۇشۇرۇن ئىبادەت قىلىدىغانلاردىن ئىكەنلىكىنى ئەسلەش كۇپايە!"يەنە بىرى، ئابرۇيلۇق گۈزەل بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا،مەن اللەدىن قورقىمەن، دىيەلىگەن كىشىدۇر. يەنە بىرى يوشۇرۇن ھالدا سەدىقە بەرگەن، ھەتتا ئوڭ قولى نىمنى بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر، يەنە بىرى شۇكى، ھېچ كىشى يوق خىلۋەت جايدا اللەنى ئەسلەپ كۆزلىرى ياش تۆككەن كىشىدۇر."

شۇنداق زور ساۋابىنىڭ سىرى شۇكى، يوشۇرۇن ئىبادەت ئىخلاسقا تىخمۇ يىقىن، رىيا، ماختىنىش ۋە شۆھرەتتىن تېخمۇ يىراق، مەغرۇرلۇق قىلىشتىن ئىبارەت نەفسى خاھشىنى تىزگىنلەشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، شۇڭا بەزى ئەسەرلەردە (ھەدىسلەردە) يوشۇرۇن ئىبادەتنىڭ ئاشكارە قىلغان ئىبادەتتىن 70 ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

شۇڭا بۇ خىل ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭ، ھەر قانداق ئەھۋالدا اللەنىڭ چەكلىمىسىدىن ئۆزەڭنى تارتىشىڭ ئاسان بولىدۇ، ھەم اللەنىڭ ئالدىدا يىقىن سالىھ بەندىلىرىدىن بولۇپ قالىسەن.

*شۇڭا كەھبۇل ئەھبار مۇنداق دەپ خوش خەۋەر بەرگەن:" كىمكى ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بىرى يوق جايدا اللەغا بىر كىچە ئىبادەت قىلسا، خۇددى كىچىدىن كۈندۈزگە چىققاندەك گۇناھلىرىدىن چىقىپ كىتىدۇ."

*يەنە ئەمرى ئىبنى ئاس مۇنداق دېگەن:" كېچىدىكى بىر رەكئەت ناماز كۈندۈزدىكى ئون رەكئەت نامازدىن ياخشىدۇر."

*ھۈزەيفە ئىبنى قەتادە ئۈچىنچى بولۇپ مۇنداق دېگەن:" ئەگەر اللەغا خىلۋەتتە ئىتائەت قىلساڭ، مەيلى سەن خالا ياكى خالىما، اللە قەلبىڭنى ئىسلاھ قىلىپ قويىدۇ."

بىر كىشى تەمىم ئەددادىغا:" كىچىدە قانداق ناماز ئوقۇيسىز؟" دېگەندە، ئۇ قاتتىق غەزەبلىنىپ، ئاندىن مۇنداق دېگەن:" الله بىلەن قەسەمكى، پۈتۈن كىچىدە ناماز ئوقۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈشتىن يوشۇرۇن ھالدا بىر رەكئەت ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن."

## مەخپىي ئىنسانپەرۋەرلىك

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك رۇققە دىيارىغا كۆپ باراتتى ۋە ئۇ يەردىكى بىر سارايدا تۇراتتى. بىر يىگىت ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىجىرىپ بىرەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىس ئاڭلايتتى.

ئابدۇللا بىر قېتىم رۇققەگە كەلگەندە ئۇ يىگىتنى كۆرمىگەنلىكتىن باشقىلاردىن ئۇنى سورىغان ئىدى. ئىغىر قەرز تۆپەيلىدىن قاماققا ئىلىنغانلىقنى ئېيتىشتى. ئابدۇللا:" ئۇنىڭ قەرزى قانچىلىك ئىكەن؟" دەپ سورىغاندا، ئۇلار :"ئون مىڭ تەڭگە ئىكەن" دەپ جاۋاپ بىرىشتى. ئابدۇللا كېچىسى قەرز ئىگىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئون مىڭ تەڭگىسىنى بەردى ۋە ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، بۇ سىرنى ھىچكىمگە ئېيتماسلىققا قەسەم قىلدۇردى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا، تاڭ ئاتقاندا بىرىپ ئۇ يىگىتنى قاماقتىن چىقىرىۋىتىشنى تاپىلىدى.

يىگىت قاماقتىن چىققاندىن كيىن ئۇنىڭغا:" ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك بۇ يەردە بار ئىدى، ئۇ سەن توغرۇلۇق سۈرۈشتۈرگەن" دىيىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت ئابدۇللانىڭ كەينىدىن يولغا چىقىپ، ئۇنىڭغا يول ئۈستىدە ئۇچراشتى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا:"يىگىت نەگە كەتتىڭ؟ سېنى سارايدا ئۇچراتمىدىمغۇ؟" دېگەندە، ئۇ:"مەن بىر قەرز تۆپەيلى قاماقتا يىتىپ قالغان ئىدىم" دېدى.

ئابدۇللا:" ئەمىسە قاماقتىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟" دەپ سورىدى، يىگىت:" بىر كىشى كېلىپ قەرزلىرىمنى تۆلەپتۇ، قاماقتىن چىققانغا قەدەر بۇ ئەھۋالنى بىلمىدىم" دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا:" قەرزىڭنى ئادا قىلغان اللهنىڭ ئىنايىتىگە ھەمدۇ-سانا ئېيتقىن!" دېدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى...

## ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك ئۆز ئىختىيارىڭ

رەسۇلمىز مۇنداق دېگەن:" بىر كىشىنىڭ باشقىلار كۆرمىگەن جايدا ئوقۇغان نەپلە نامىزى، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئوقۇغان 25 قىتىملىق نامىزىغا تەڭ كېلىدۇ." بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۆيۈڭدە بىر يىل ئىچىدە ئوقۇغان نەفلە نامىزىڭ ئۈچۈن، مەسچىتتە 25 يىل ئوقۇغان نەفلە نامازنىڭ ساۋابىغا ئىگە بولالايسەن!

شۇڭا رەسۇلۇللا كۆرسىتىپ ئۆتكەن:" نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىدۇر، پەقەت پەرز ناماز بۇنىڭ سىرتىدا."

## ئاخىرقى نىدا

قاچانغىچە غەپلەتتە يۈرەرسەن تاماشىشايۇ-راھەتتە، ھالبۇكى ئۆلۈم پەرىشتىسى يېتىپ كېلەر، سەن بىپەرۋا پۇرسەتتە؛ قاچانغىچە قاترايسەن پۇل مال يىغىش كويىدا، ھالبۇكى ئۆلۈم دورغىسى كۈنسېرى كەينىڭدىن يىقىنلاپ كەلمەكتە... ئاگاھ بولغىن!

پەقەت پۈتۈن ئىخلاس تاقىتىڭ يەتكەنچە قىلىشۋالغان ئىبادىتىڭ بىر ئازدىن كىيىنلا قەبرىگە كىرگىنىڭدە بولۇپ قالغۇسدۇر ئەڭ پايدىلىق راھىتىڭ ۋە ئامىتىڭ!

ئەمەللىرىڭ،ئەمەللىرىڭ،

نامازلىرىڭ،نامازلىرىڭ!

تەقۋادارلىق سۈپەتلىرىڭ ساڭا ھەمرا بولار تاختىدا سەن يۇيۇلغاندا،ساڭا يولداش بولار ئۇلار، جىنازاڭ كۆتىرىلىپ ئېلىپ مېڭىلغاندا، ئۇلار ساڭا ھەمرا يەنە ناماز ئوقۇلغاندا!

قاچان سەن ئويغانساڭ قايتىدىن تىرىلىش سۈرى چېلىنغاندا، ھەم يولۇقساڭ ساراسىمگە، ئىنسانلار مەھشەر مەيدانىغا يىغىلغاندا، سەندىن قاچسا ئاناڭ-داداڭ، بىر تۇغقان ئاچا-ئاكاڭ... دەپ شۇ چاغدا ھازىر بولار ياخشى ئەمەللىرىڭ، سەن بىلەن بىللە بولار نەگە بارساڭ، ھېچ ئايرىلماس نەدە تۇرساڭ! قەبرىدە بولسا، ئۇلار يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرماس، ساڭا ئۇلار خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇرار، قورقۇنچقا قالدۇرماس، نۇرلۇق چىراق بولۇپ يېقىلار، گۆرۈڭنى زۇلمەتكە تولدۇرماس!... قىيامەت كۈنىدە بولسا...

ئۇلارنىڭ راھمان الله تائالانىڭ ئەرش سايىسى ئاستىدا سايە بولار، ئۇلۇغ پادىشاھ اللەنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇپ ھىساب بىرىشنى ئاسان قىلار...

ھەي قېرىندىشىم! رىزق بەرگۈچىنى قويۇپ، رىزق توپلاشنىلا ئويلىدىڭمۇ؟ نېئمەت

ئاتا قىلغۇچى بىلەن كارىنىڭ يوق نېئمەتلەر بىلەنلا بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ياكى خالىق (ياراتقۇچى) نى ئۇنتۇپ مەخلۇق (يارالغۇچى) بىلەن مەشغۇل بولدۇڭمۇ؟ ئۆلۈم سېنى كۆنگە يۈز قېتىملاپ چاقىرسىمۇ بىر تال مويۇڭ تەۋرىمەس ھالغا كۆندۈڭمۇ؟

الله بىلەن قەسەمكى، دەرەخنىڭ قەلبى بولغىنىدا نالە قىلار ئىدى، تاشنىڭ جىنى بولغىنىدا پىغان سالار ئىدى! دەرەخ كۆتىگى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى دەپ ئىڭرىغان ئىدى-يۇ، سەن غىڭ قىلماسسەن!؟

الله ھەققى ماڭا دەپ باققىن!

قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، ئاخىرەت سەپىرى جاكارلانسا، ئازمۇ- كۆپمۇ مال مۈلۈكىڭدىن ساڭا مەنپەئەت كىلىش بىكار بولسا، جىنازەڭنى يۆيگۈچىلار:" سۇنى تېز ئىستىڭلار!" دەپ توۋلىسا، جىمى خالايىقنىڭ سەن بىلەن قىلچە كارى بولمىسا، دوختۇرلار نائىلاج مۈرىسىنى قىسسا، يوقلىغۇچىلار بېشىنى چايقاپ كۆزىنى يۇمسا، مىراسخورلار ۋاپاتىڭ ئىلانىغا ئىنتىزار بولۇشۇپ تۇرسا... ئاخىرى نەپسىڭ توختاپ ئاۋازىڭ ئۆچسە، شۇ چاغدا تاپقان ھالاللىرىڭ، سوققان ھارامىلىرىڭ، باققان باللىرىڭ،تىككەن كۆچەتلىرىڭ، سۆيگەن ئاياللىرىڭ، يىغقان دۇنيالىرىڭ ساڭا مەنپەئەت قىلارمۇ؟؟؟!!!

ياق، ياق، ياق!

الله ھەققى ساڭا مەنپەئەت قىلىدىغىنى پەقەت قىلغان ئېھسانىڭ، قېرىنداشلىق خەيرى خاھلىقىڭ، ياكى رازىلىق ئالغان دەۋاگىرىڭ، ياكى تۈن قاراڭغۇسىدا ئوقۇغان نامىزىڭ، ياكى اللەدىن قورقۇپ تۆككەن كۆز يېشىڭ، ياكى رەببىڭنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئايىمىغان سەدىقەڭدۇر!...

ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى:

1.خىلۋەتلەردە گۇناھ قىلىشتىن قاتتىق ساقلانغىن، چۈنكى بۇنداق گۇناھلار ئاشكارە قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى تامامەن يوق قىلىۋېتىدۇ!

2.خۇددى قەۋمىڭدىكى سالىھ كىشىلەردىن ھايا قىلغىنىڭدەك اللەدىن ھايا قىلغىن!

3.اللەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان يوشۇرۇن ئىبادەت پۇرستىنى قولدىن بەرمىگىن!

4.نەفلە نامازنى ئۆيدە ئوقۇغىن، ساۋابى تىخىمۇ كاتتا بولىدۇ.

5.يوشۇرۇن قىلىنغان سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ جىق، رەببىڭگە ئەڭ سۆيۈملۈك،ھەمدە بۇ قىيامەت كۈنى الله ئۆز سايىسىدا سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ

قاتارىدىن بولۇشىنى بىر خىل يولىدۇر.

6.خىلۋەتتە يىغلاش ئۇلۇغ ئىبادەت،شۇڭا بۇ خىل ئىبادەتكە ئىرىششكە ئۇرۇنغىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمىگىن!

7.سىنى تونۇيدىغانلار بولمىغان مەلۇم بىر مەسچىتتە ھەپتىلىك ئىتىكاپتا بولۇشقا تىرىشقىن (مەسىلەن شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىدا).

8.ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ كېچىسى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت كېچىلىك نەپلى ناماز ئوقۇغىن، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشسەن:

{(ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىنئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ)} سەجدە سۈرىسى، 17-ئايەت

ئاخىرقى دۇئايىمىز شۇكى، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

# روھ ۋە ماددا ھەققىدە

ئاپتورى: ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

بۇ كىتاپچىدا بايان قىلىنغىنى ئەقىل جۇغلانمىسى بولـۇش ئۈچـۈنلا يېزىلغـان پـارالى تېمىلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇ پىروفىسسور، ئىسلام ئوغلانى ئەمرۇ خالىد بىلەن بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا ئەركىن ئېلىپ بېرىلغـان جۇشـقۇن ھەم قىـزغىن سـۆھبەتتىن ئىبـارەت. بۇلارنى «قەلب سـادالىرى» دەپ ئاتـاش تېخىمـۇ مۇۋاپىـق، جۇشـقۇن ھەم قىزغىنلىقنـى ساقلىغان ھالدا سىزگە تەقدىم قىلىشنى مەقسەت قىلدۇق. شۇنداقلا ئاددى، چۈشىنىشلىك بولۇشىغا، ئۆز ئىگىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى بېرەپ- تۈزمەستىن ئەينـەن ئىپـادىلەپ بېرىشـكە كۆچىمىزنـىڭ يېتىشــچە تىرىشــتۇق. ئــاللاھ ئالدىــدا خەيرلىــك دۇئــالىرىڭلاردىن ئۈمىدۋارمىز.

<u>بۇكىتاپچە تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:</u>

1. ئاللاھ بىزنى قانداق قىلىپ، نېمىدىن ياراتقان؟
2. ياشلار ئاغزىدىن
3. ئىسلام دىنى ماددىغا قارشىمۇ؟
4. ماددا ھەممىنى باشقۇرامدۇ؟
5. ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى
6. روھ بىلەن ماددىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى قانداق ساقلىيالايمىز؟

تۇپراق يارالمىشى بېسـۋالغان، ئىلاھـي روھىيىتـى ئىسـكەنجىدە قالغـان، روھـي پەرۋازىغا ئىنتىزار بولسىمۇ، جىسمى زېمىنغا مەھكۇم بولغانلارغا بېغىشلايمەن.

كىشەنلىرىڭىزنى پاچاقلاپ، روھىيەت ئالىمىدە پەرۋاز قىلغايسىز!.

## روھ ۋە ماددا

بۇ تېمىدا پۈتۈن ئىنسانىيەت گىرىپتار بولغان بىـر قىيىنچىلىـق ھەققىـدە تـوختىلىمىز. ئىنسـانلار غـايەت زور ئـاپەتكە دۇچ كېلىــپ، ئــادەملەرنى مــاددا توپــانى غەرق قىلغانلىقتىن، روھ تامامەن ئۇنتۇلماقتا.

باشتىلا دەپ قويۇشۇم لازىمكى، بىز روھىمىز ئۈچۈنلا ياشاپ، جىسـمىمىزنى ئۇنتۇسـاق بولىدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ھەرگىز بۆلۈنۈپ قارالمايدۇ.

بۇ تېمىنى چۈشىنىش ئۈچۈن باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىشىمىز لازىم. باشلىنىش نۇقتىسى دېگىنىم ھەرگىزمۇ بۇ ئەسىرنىڭ ياكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بولماستىن، بەلكى يارالمىشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

## ئاللاھ بىزنى قانداق، نېمىدىن ياراتتى؟

ئاللاھ نۇرغۇن مەخلۇقاتلارنى بىر ماددىدىن ياراتقان. مەسىلەن، مالائىكىلەرنى نۇردىن، جىنلارنى ئوتتىن دېگەندەك. لېكىن ئىنسان بولسا ئىككى خىل ماددىدىن- جىسىم ۋە روھتىن يارىتىلغان بىردىن- بىر ئەقىل ئىگىسىدۇر.

جىسىم (بەدەن) بولسا كاۋاك سىرتقى گەۋدىدىن ئىبارەت، روھ مۇشۇ كاۋاكقا جايلاشقان. ھەر ئىككىسىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۆزلۈكى بار.

بەدەننىڭ مەنبەسى تۇپراق بولغاچقا، شۇ تۇپراققا مۇناسىپ ھالدا ئۆزلۈكلىنىدۇ. مەسىلەن: يېيىش، ئىچىش، كۆركەم كىيىنىش، ئەر- ئاياللىق مۇناسىۋەت قاتارلىقلاردەك.

روھنىڭ مەنبەسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سىڭدۈرۈلگەن ئىلاھى دەمدىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا دەيدۇكى:{ مەن ئۇنى تولۇق يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار!}، (ھىجر سۈرىسى، 29- ئايەت).

شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزلۈكى ئاللاھقا مۇناسىۋەتلىك جىمى ئىشلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: (قۇرئان ئوقۇش، ناماز، دۇئا- تىلاۋەت...)

دېمەك روھ ئاللاھنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتى بولغاچقا، ئىنتايىن سۈزۈك، ساپ، جۇلالىق ھەم نازۇك كىرىستالغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بىرلا مەسىلىسى- بەدەن قەپىزىگە سولانغانلىقتىن، بەدەن ئالاھىدە يېنىكلىتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھقا يول ئالالماسلىق.

شۇڭا بىزنىڭ ھەققىي قىيىنچىلىقىمىز، ئۆزىمىزنىڭ بىرلا ماددىدىن تەركىب تاپقانلىقىمىزنى داۋاملىق قىلغان يەردىن باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا روھنى ئۇنتۇپ تاشلاپ، بەدەننى ئۆزلۈكلاندۇرۇشقا تۇتۇش قىلىمىز. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى شۇكى، روھىمىزغا قارشى نەيزە توغرىلاپ ئۇنى جاراھەتلەندۈرۈپ، بۇزۇپ، ئۇنى ھالسىرىتىپ، قىرىتىپ ئاخىرى ۋەيران قىلىمىز...

مەسىلەن: بىر كىشى ھەپتە- ئون كۈن پەقەت تاماق يېمىسە قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ ئۈچ كۈنلا قەتئىي سۇيۇق نەرسە ئىچمىسە ئۇ قانداق ئەھۋالغا گىرىپتار بولىدۇ؟ تەبىئىيكى، ئۇ كىشى ئۆلىدۇ...

روھمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىر ئىنسان بىرەر يىلغىچە ئاللاھنى ئەسلىمىسە ئۇنىڭ روھى ئۆلىدۇ. لېكىن تېزلىكتە ئۆلۈپ كېتىدىغان بەدەننىڭ ئەكسىچە، روھ ئاستا- ئاستا ئۆلۈشكە باشلايدۇ.

بۇ سەۋەپلىك ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمىنىلا ئۆلىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزۈقلاندۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

غەربلىكلەرنىڭ راھەت- پاراغەتلىك تۇرمۇشتىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما دىيارىمىزدا بەزى كىشلەرنىڭ جاپا- مۇشەققەتلىك تۇرمۇشتىمۇ روھى كۆتىرەڭگۈ يۈرىدىغانلىقىنى يۇقۇرقىلاردىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

سۆزىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرىدىغان بىر مىسال: بەزىدە بىر ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، بىر سەپتە بىللە ناماز ئوقۇغان ئىككى كىشنى كۆرىمىزكى، ھەر ئىككىسى بىرلا خىل ئاۋازدا ئوقۇلغان ئوخشاش مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى تىڭشىغان بولسىمۇ، بىرسىنى يىغا تۇتسا، يەنە بىرسى ھېچ نەرسە ھېس قىلمايدۇ. دىمەك، بىرىنچىسى روھى جەھەتتىن ئاللاھقا يول ئالغان، ئىككىنچىسى بولسا، روھى ئاجىزلىشىپ ئۆلگەن. ئەگەر ئۇنىڭ روھىنىڭ ئاۋازى ئۆچمىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم ئۆز روھىنىڭ:« بۇ ئىشىڭ قاملاشمىدى بەدەنگە ئوخشاشلا مېنىمۇ ئوزۇقلۇق مەنبەيىمگە ئۇلاشتۇرغىن» دېگەن خىتابىنى ئاڭلىيالىغان بولاتتى.

قۇرئان كەرىم بىز دائىم ئوقۇساقمۇ، ئۇ ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ كەتمەيدىغان «تەكاسۇر» سۈرىسىدە يۇقۇرقى ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىلا ئاللاھ تائالا:{ كۆپلىگەن پەخىرلەنمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى} دەيدۇ. بۇ يەردىكى «كۆپ» ئۇرۇق- ئەۋلادنىڭ كۆپلۈكىنىلا كۆرسەتمەستىن، مال- مۈلۈك، ماشىنا، كىيىم- كېچەك ۋە بالا–چاقىلارنى بەكرەك كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردىكى چەكلەش خاھىشى كۆپەيتىشتىن چەكلەش ئەمەس. ئۇنداق بولۇپ قالسا ماددىنى رەت قىلغانلىق بولار ئىدى. لېكىن بۇ يەردە كۆپنىڭ غەپلەتتە قالدۇرىشى چەكلەنگەن. ئاللاھ تائالا: قاچانغىچە كۆپەيتىشكە ئالدىنىپ غەپلەتتە كېتىۋېرىسلەر؟ دەپ خىتاپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ كەينىدىنلا، بەدەننىڭ ئاخىرقى چېكىنى بىرىدۇ:{ ئاخىرى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلدىڭلار}. دىمەك، بەدەننىڭ ئاخىرقى چېكى قەبرىلەردۇر. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەر، پەقەت بەدەنلىرى ئۈچۈنلا ياشىغانلارنى بەش ئايەتتە بەش قېتىم تەنقىد قىلىدۇ:{ راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئەگەر سىلەر راستلا ھەقىقي بىلسەڭلار (غەپلەتتە قالماڭلار). سىلەر چوقۇم

جەھەننەمنى كۆرىسىلەر. ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزلۈگلار بىلەن كۆرىسىلەر. ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال- سوراق قىلىنىسىلەر}، (تەكاسۇر سۈرىسى).

بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ خىل تەكپۇكلۇق ئىشقا ئاشمىسا نېمىلەر يۈز بېرىدۇ؟

## ياشلار ئاغزىدىن

بىرىنچى قەدەمدە، روھنى ئۇنتۇپ، بەدىنى ئۇچۇنلا ياشىغان ئىنساننىڭ شەكلى قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى.

بۇنداق ئىنساندا بىر بولسا ھېچ قاچان تويۇنۇش (قېنىش) بولمايدۇ. قانچە تويغانسېرى تېخىمۇ چەكتىن چىقىدۇ. غەرب دۆلەتلىرىدە ئۇخشاش جىنسىلىقلار مۇھەببىتى، چۆشكۈنلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن كىلىپ چىققان ماددىي پاراغەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش دېگەندەك نورمالسىزلىقلارنى مۇشۇ قائىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ سوئالنى ئايرىم ياشلارغا قويساق، ھەر بىرىنىڭ ئۆز كۆز قارشى مۇنداق بولدى:

* يا ئىنسان ماددىدىن تامامەن ئۈمىد ئۈزىدۇ، نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنى ھىدايەت يولىغا باشلايدۇ؛ ياكى ھاۋايى-ھەۋەسكە تېخىمۇ بېرىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ.

* ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ياشاش نىشانى يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ ھەمدە شۇنداق ئادىشىپ كېتىۋېرىش ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

* بەزىدە ئۇنداق ئادەم روھى جەھەتتىن بەك چارچاش ھەم سىقىلىش ھىس قىلىدۇ. ئۇ ئاللاھ تەرەپكە قايتىشنى ئويلىسىمۇ رەزىل شەيتان دائىم ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئاللاھقا يېقىنلىشالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن پايدا چىقمايدىغانلىقىنى ۋەسۋەسە قىلىپ، ئۇنىڭغا:« سەن ھەر قېتىم گۇناھ- خاتالىقىڭنى تاشلىۋەتسەڭ، قايتىدىن ئۇنىڭغا يېنىپ كىلىسەن» دەپ تۇرىدۇ.

* روھ بىلەن ئىلىم- پەننى يۇغۇرۇۋەتسەك، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دۆلەتلەردىن بولۇپ قالاتتۇق.

* توغرا، بۇ قاراشقا ئىزاھات بېرىشنى خالايمەنكى، بىز غەربلىكلەردە مەۋجۇد بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگىمىز. چۈنكى بىزدە ھەق دىن ۋە ئىلىم بار. لېكىن

غەربلىكلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى. بىز ئېتىقادلىق خەلقمىز، قانچىلىك خاتالىقلارنى سادىر قىلغان تەقدىردىمۇ ئىچىمىزدە ساغلام تەبىئىي روھ بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسىر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىمنى دەيدۇ: «‹ئاللاھ سىلەرگە مىسىرنى فەتھى قىلىشنى مۇيەسسەر قىلسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇڭلار، بۇ ئەسكەرلەر يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسكەرلەردۇر›. ئەبۇبەكرى: بۇ نېمە ئۈچۈن، ئى رەسۇلۇللاھ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ ئۇلار بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە قىيامەت كۈنىگىچە ئاللاھ يولىدا چىڭ تۇرىدۇ›».

مېنىڭ خاس تەجرىبەمدىن ئالغىنىمدا، ئىنسان ماددىغا بېرىلىپ كەتمىسىمۇ، جەمىيەتتىكى ناچار كەيپىياتنىڭ بېسىمى ئاستىدا بەزىدە بولمىغۇر جايلاردا پائالىيەت قىلىپ تاشلايدۇ، ئاللاھ بىلەن قايتا مۇناسىۋەتنى توغرىلىۋالغاندا ئۆزىنى تۈزىتىۋالىدۇ، دەپ قارايمەن.

## ئىسلام دىنى ماددىغا قارشىمۇ؟

باشتا مەن بىر ئىبرەتلىك قىسسىنى سۆزلەپ بېرەي. ئەمرى ئىبنى ئاس مۇسۇلمان بولۇپ بەش ئايدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يولۇقۇپ مۇنداق دېدى:« ئەمرى، مەن سېنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلماقچىمەن، غەنىمەتكە ۋە ساۋاپقا ئېرىشىسەن». ئەمرى ئىبنى ئاس بۇنى چۈشىنىپ:« خۇدا ھەققى، مەن مال دۇنياغا قىزىققانلىقتىن مۇسۇلمان بولغىنىم يوق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ياخشى بەندە ئۈچۈن ياخشى مال- مۈلك ئوبدان نەرسە» دەپ جاۋاپ بەردى. (بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

مانا بۇ ئىسلام دىنىدىكى زاھىدلىقنىڭ مەزمۇنىدۇر. يەنى، مال- دۇنيا سېنىڭ قولۇڭدا بولۇشى، ھەرگىز يۈرىكىڭدە بولماسلىقى لازىم.

* ھەسەن بەسرى تۈرلۈك تاماقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ سېمىز ھەم كەڭ گەۋدىلىك ئالىم ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابىدلارنىڭ سەردارى ئىدى. ھەتتا بىر شائىر ئۇ زات توغرىسىدا مۇنداق مەزمۇندا شېئىر يازغان:

ئۇ بەردەم زاھىتتۇر رۇستەم مىسالى
زاھىد بولمىغاندا نە بولار ئەردى ھالى

* بىر كىشى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن سورىدى:« ئى ئىمام، يۈز مىڭ تىللاسى بار ئادەم زاھىد بولالامدۇ؟» ئىمام «ھەئە» بولالايدۇ دېدى.، «قانداقسىگە»؟، «پۇلى كۆپەيسە كۆرەڭلىمەس، ئازايسا قايغۇرماس».

* جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنى ئالايلى، ئۇلاردىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف قازا قىلغان چاغدا سەككىز مىليون تىللا قالدۇرغان ئىدى. ئۇ ساھابە ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:« بىر تال تاشنى يۆتكىسمۇ، تېگىدىن ئالتۇن تاپىدىغان كىشى» دېگەن.

ئوسمان ئىبنى ئەففان يەنە مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدىن بىر قوشۇننى تولۇق تەمىنلەپ ئاتلاندۇرغان پۇلدار ئادەم بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس. سەن بىرلار ۋاقتتا تۇرمۇشىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەم تەقۋادار ئىنسان بولالىشىڭ مۇمكىن. بىراق روھ بىلەن جىسمانىيەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

## ماددا ھەممىنى باشقۇرامدۇ؟

قىزىقارلىقى شۇكى، ئاللاھ تائالا بىزنى روھ تەرەپكە قايتۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، ماددا پۈتۈن ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى كونترول قىلىدۇ دېگەن ئىدىيىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭغا ئاللاقىدار مىساللار ئىنتايىن كۆپ:

پىچاقنىڭ ۋەزىپىسى كېسىش ۋە بوغۇزلاش، مانا بۇ ماددى تەرىپى. بىراق پىچاق ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بوينىغا تاقالغان چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يۇقۇرقى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىقىقا بۇيرۇدى.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتنى سۆرۈن ھەم زەرەرسىز قىلىپ قويدى. رەسۇلىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن:« ھاياتىڭدا باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ ياخشى كۈنلەر قايسى؟» دەپ سورىغان چاغدا، ئۇ «ئوت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بېلىققا:« يۇنۇسنى يۇتۇۋال» دەپ بۇيرۇق بەرگەنمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

سۇغىمۇ:« مۇسا ئۆتتۇۋالغۇچە تاغلاردەك دۆۋلىشىپ تۇر» دەپ بۇيرىغان ئاللاھ تائالادۇر.

## ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى

ئىسمىم ئولېگا مۇھەممەد، مىسىرلىق بىلەن توي قىلغان ياۋرۇپالىقمەن. ئاللاھ بىزگە لەيلا ۋە ئەھمەدنى ئاتا قىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ياۋرۇپالىق دەۋرداشلىرىمىز ئاتېيىست بولۇپ كېتىشتى. تۇرمۇشقا چىققان چېغىمدا، مېنىڭ ئېرىممۇ شۇنداقلاردىن دەپ ئويلايتتىم.

بىز مىسىردا تۇرمۇشىمىزنى باشلىدۇق. مەن ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن ھەيران بولاتتىم. ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ماڭا فاتىھە ۋە باشقا بەزى قىسقا سۈرىلەرنى ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلدىم. لېكىن تېخىچە نامازلارنىڭ رەكئەت سانلىرىنى بىلمەيتتىم.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيىمىزدە تەخمىنەن يەتتە ئايلىق بولغان قىز بوۋاق - دوستلىرىمنىڭ بىرىنىڭ قىزى- بار ئىدى، تۇيۇقسىز بوۋاقنىڭ قاتتىق چىقىراپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ پۈتى يالىڭاچ توك سىمىغا تېگىپ قالغانلىقىنى تىترەۋاتقان ھالەتتە كۆردۈم، 220 ۋولتلۇق توك سوققانلىقتىن ئاللىقاچان ئۆلدى دەپ ئويلىدىم. ئىلىم مۇشۇنداق كۆرسەتتى.

ئۇ بوۋاق ماڭا ئامانەت بولغاچقا، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلىدىم ھەمدە مەنمۇ بىللە ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم.

يېنىمدىكى ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنى كۆرۈپ، مەن ئۆلمەيتىمەن دېدىم. دەرھال، سۇبھانالللاھ (ئاللاھ پاكتۇر)، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، دەپ ھەمدۇ سانا ئېيتتىم.

بۇ مەن ناماز ئوقۇغان تۇنجى كۈن بولدى. كۆپ يىغلىدىم، ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ئېيتىپ، ئۆزەمنىڭ نۇرغۇن ۋاقىتتىن بېرى ئېزىپ يۈرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ بۇچاغدىكى ھېسسىياتىم خۇددى يوقلىپ كەتكەن بالىنىڭ ئانىسىنى تاپقاندىكى تۇيغۇسىغا ئوخشايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھىجاب سېلىپ يۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم. لېكىن ئائىلەمدىكىلەر ماڭا نېمە دەر دەپ ئويلاپ قالدىم. بىراق، مەن ئاللاھ ئۈچۈن قىلىۋاتىمەنغۇ، كىشىلەر بىلەن نېمە چاتىقىم، دېدىم. ھەقىقەتەن ھىجاب ئارتتىم. مەن ئىنتايىن بەختىيارلىق ھېس قىلدىم. بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدەك خىجىللىق، سىقىلىش، ئىسسىقلىق ياكى زېرىكىش ھېس قىلماستىن، ئەكسىچە ئىنتايىن خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم. بۇرۇندىن تارتىپلا ھىجابلىق بولسامچۇ دەپ قالدىم.

ئۆزەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى ۋە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ھاياتىمنى سېلىشتۇرغان چېغىمدا، مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل راھەتنى ھېس قىلدىم.

بۇرۇن ۋېنگىرىيەدىكى چېغىمدا ئۆزەم خالىغاننى قىلاتتىم. چۈنكى مەندىن ھېساپ ئالىدىغان تەڭرى ھەم قىيامەت كۈنى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇقمۇ، بىر خىل ئەركىنلىك كىشىلەرنى نېرۋا ۋە روھىي جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچراش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە دۇچار قىلاتتى. چۈنكى ئۇ يەردە كىشىلەر ئاللاھقا تايانماستىن، ھەممە نەرسىدە ئۆزىگە تايىناتتى.

* مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى قانداق ئەھۋالدا ئىدىڭىز؟ كېيىن قانداق بولدىڭىز؟ روھ ۋە جىسمانىيەت توغرىسىدا قارىشىڭىز قانداق؟ مۇشۇلارنى چۈشەندۇرۇپ بەرسىڭىز!.

ئولگا: ئەمەلىيەتتە، ۋېنگىرىيە بىر كوممۇنىستىك دۆلەت ئىدى، ئۇنىڭدا دىن، ھېساپ بېرىش، قىيامەت كۈنى ۋە روھ قاتارلىق مەزمۇنلار مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بىز كۆرمىگەن ھەم تۇتمىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

* ئاللاھ سىزگە ئىسلام دىنىنى ئىنئام قىلىشتىن بۇرۇن سىزدە مەلۇم نەرسىنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلامتىڭىز ياكى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەممىدىڭىز!؟

ئولېگا: قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلاردىن:{ رەببىڭلارغا ئىمان كەلتۈردىڭلارمۇ؟} دەپ سورىغاندا، ئۇلارنىڭ {ھەئە} دەپ ئېيتقانلىقىنى ئوقۇدۇم. شۇڭا، ھەر قانداق شەخس بولۇشتىن قەتئىنەزەر، ئىلاھ يوق دەپ قانداقمۇ ئېيتالىسۇن دېمەكچىمەن. مەسىلەن، جۇڭگودا، ئەگەر ئىلاھ بار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا سېغىنمايتتۇق دېيىشكەن.

* سىز ئاللاھ تائالانىڭ:{ ئۆزۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ:« مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار:« ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ:« بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى، ياكى «ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ

ئــۆزرىمىز بــار) گۇمراھلارنــىڭ قىلمىشــلىرى تۈپەيلىــدىن بىزنــى ھــالاك قىلامســەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر}، (سۈرە ئەئراف، 172- 173- ئـايەتلەر). دېـگەن سـۆزنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنىڭىز چۈشىنىشلىك. دېمەك، ئـاللاھ تائـالا ئـادەم ئەلەيھىسسـالامنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇشتىدىن قىيـامەتكىچە تۇغۇلـىدىغان نەسـلىنى چىقىرىـپ ئۇلارغا:« مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەندە، ئـۇلار:« شـۇنداق گـۇۋاھمىز» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ھەق. بەلكىم، بىز بـۇنى ئەسلىيەلمەيدىكەنمىزغۇ، دېيىشـىمىز مۇمكىن، بىراق بۇ تونۇش بىزنىڭ ئىچكى ئەقلىمىز ۋە ئىمكانىيىتىمىزدە مەۋجۇت.

يەنى بىزنىڭ روھىيىتىمىزدە ئاللاھ ياراتقان تەبىئىي تۇيغۇ بار، ئۇ بولسىمۇ بىزنـىڭ شـۇ ئاللاھغا مۇھتاجلىقىمىزدۇر. روھىمـىز ھەر دائىـم ئـاللاھنى ئىـزدەپ ئۇنىڭغـا تەلپۈنـۈپ تۇرىدۇ. بۇ 65 يىل ئاتېئىزىمنى ئۆگەتكەن سـوۋېت ئىتتىپـاقى پارچىلانغانـدىن كېـيىن مۇستەقىل بولغان سابىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ نېمىشقا ئىسـلام جۇمھـۇرىيەتلىرى قۇرۇشـنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

* مۇسۇلمان خانىم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن كۆنلىرىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزىسىز؟

ئولېگا: ئاللاھغا شۈكرى، كۈنلىرىمنى ناماز بىلەن باشلايمەن، قۇرئان ئوقۇيمەن.

* يەنى سىز ئادەتتە كۈنىگە بىر پارىدىن قۇرئان ئوقۇيدىكەنسىز. ئېچىنـارلىقى بىـر نەچچە بەتمۇ قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايـدىغان مىڭلىغـان مۇسـۇلمانلار بـارلىقىنى بىلسـىڭىز كېرەك.

ئولېگا: كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى ئاتا- ئانىسىدىن ئۆگەنگەن. مەسلەن بىزدە مەلۇم بىر تىلنى ئۆگەنگەن ئادەم چوقۇم قانداق ئوقۇشـنى بىلىشـى لازىـم. بىـراق مەن كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشنى ئۇقمايدىغانلىقىنى كۆردۈم.

* ئولېگا بىز بىلەن قۇرئان ئارىسىدا چوڭ بوشلۇق بارلىغىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ ئـۆزى ئەرەپچىدىن ئېنگىلىزچىگە ، ئاندىن ئىنگىلىزچىـدىن ۋېنگىـرچىگە تەرجىـمە قىلىنغـان قۇرئاننى ئوقۇيتتى. ھالبۇكى بىز ئەرەپلەرمىز، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايمىز، قۇرئاننى ئاچقان چېغىمىزدا قىينىلىمىز، قانداق ئوقۇشنى بىلمەيمىز.... تېخى رامىزاندىلا قۇرئاننى ئـاچىمىز، رامىزان ئېيى ئۆتسە، توپا بېسىپ ياتقان قۇرئانلار نالە قىلىدۇ....

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كېلىـپ:« قۇرئـاننى قانچىلىـك ۋاقىتتـا تامــاملاپ تۇرســام بولىــدۇ؟» دەپ ســورىغاندا، رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:« بىر ئايدا بىر تاماملىغىن» دېگەن. ئابدۇللاھ:« مەن بۇنىڭدىنمۇ كـۆپ ئوقۇپ تۇرالايمەن» دېگەن. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام:« ئۇنـداقتا يىگىـرمە كۈنـدە

تاماملىغىن» دېگەن. ئۇ يەنە:« بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇيالايمەن» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:« ئۇنداقتا 15 كۈندە بىر تاماملىغىن» دېگەن.

ئابدۇللاھ يەنە:« ئي، رەسۇلۇللاھ، ماڭا ياشلىقىمدىن پايدىلىنىپ قېلىشقا رۇخسەت قىلغىن!» دېگەن. يەنى قۇرئاننى تېخىمۇ جىق ئوقۇپ تۇرۇش پۇرسىتىنى بېرىڭ، دىمەكچى ئىدى.

قۇرئانلار ئۆيلىرىمىزدە زىنნەت-بېزەش ئۈچۈن ياكى يامانلىقتىن ساقلايدۇ دېگەن ئويدا ئېسىغلىق تۇرىدۇكى، ئۇنى ئوقۇغان ئادەم يوق، بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئىش!.

* ئېرىڭىز سىزنى ئىسلام دىنىغا قانداق ئېلىپ كىردى؟

ئولېگا: دىن زورلۇق كۈچ ياكى قوپاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق ھاسىل بولىدىكەن.

## روھ بىلەن ماددىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى قانداق ساقلىيالايمىز؟

سىزگە قولاي بىر ئۇسۇلنى دېسەم، ماددىي ئىشتىن بىرەرنى قىلىدىغان چېغىڭىزدا، روھىي ئىشتىن بىرنى قوشۇپ قىلىڭ. مەسىلەن: تېلفۇندا بىر نەچچە مىنۇت پاراڭلىشىپ ئولتۇردىڭىز دەيلى، كەينىدىنلا ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى- تەسبىھ ئېيتىڭ. يېرىم سائەت تېلېۋىزور كۆرسىڭىز، چوقۇم 15 مىنۇت قۇرئان سۈرىلىرىدىن ئوقۇڭ؛ يېڭى كىيىم سېتىۋالغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ باھاسىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىڭ.

كىمكى بۇ خىل تەڭپۇڭلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، چوقۇم ئەڭ گۈزەل ھەم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ.

پەيغەمبىرىمىز تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق بۇنداق تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنى ئۆگەتكەن:« ئۈستۈڭدە پەرۋەردىگارىڭنىڭمۇ ھەققى بار، ئۆزەڭنىڭمۇ ھەققى بار، بالا- چاقىلىرىڭنىڭ ھەققى بار، شۇڭا ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بەرگىن!» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئارىمىزدىن بىرى سەھەر سائەت ئۈچكىچە تېلېۋىزور كۆرىدۇ، بىراۋ ئۇنىڭغا، تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇۋال، دېگەندە، ئۇ: خىجالەتمەن، ئەتىگەن سائەت توققۇزدا بېجىرىدىغان ئىشىم بار. ئاللاھ بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغاننى يۈكلىمەيدۇ. دېگىنى قىزىق.

ئەگەر بىرسىگە، سەھەر سائەت بەشتە بىنانىڭ ئالدىدىن 500 دوللار تېپىۋالىسىز دېيىلسە نېمە قىلىپ كىتەر ئىدى؟! تەبىئىكى، ئۇ چوقۇم ئويغىنىپ بىنادىن چۈشەر ئىدى. ئويغانماي قالسا چوقۇم ئايالى ئويغىتار ئىدى...

بىراق... روھى جەھەتتە، ئاللاھنى رازى قىلىش جەھەتتە دەيدىغىنى:« بۇرادەر، ئاللاھ قەلبىمىزدە بار، كەچۈرۈلگۈ ئۇخلىمىسام بولمايدۇ...»

بەدىنىمىزنى غىزالاندۇرغاندەك، روھىمىزنىمۇ غىزالاندۇرۇڭ. ھەر- بىرىنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىڭ، پەرۋەردىگارىمىزغا بېرىلىپ ئىتائەت قىلىڭ، نامازلارنى ۋاقتى كىرىشى بىلەنلا مەسجىدلەردە ئادا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

ئاخىرىدا، روھنى ئوزۇقلاندۇرماقچى بولغان ھەر بىر ئادەمنى 10 مىنۇت بولسىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى- تەسبىھ ئېيتىشقا چاقىرىمەن.

بۇ ــ روھىي چۈشكۈنلۈك ھېس قىلىدىغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن، تەمتىرەپ قالغان ھەر بىر قىز- ئايال ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنىدىغان ياخشى رېتسىپ. ئاللاھ تائالا دەيدۇكى:{ بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ}. (رەئد سۈرىسى، 27- ئايەت).

ئاللاھ تائالادىن ئەمەلىمىزنى قوبۇل قىلىشنى، ئۆزىگە بويسۇنۇشقا ۋە يېقىنلىشىشقا بىزگە ياردەم بېرىشنى سورايمىز. مېنى ۋە سىزلەرنى ئاللاھ سالىھ بەندىلىرىدىن قىلغاي!.

## روھىيەت ئالىمى خەزىنىلىرىدىن

* جانسىز ماددىلارمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن خۇرسەن.

ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: بىر تاغ يەنە بىر تاغنى ئىسمى بىلەن چاقىرىپ، ھەي پالانى! ئاللاھنى زىكرى قىلغان بىرەر ئادەم سەندىن ئۆتتىمۇ؟ دەپ توۋلايدۇ. ئۇ، ھەئە، دەپ جاۋاپ بەرسە، خۇرسەنچىلىككە چۆمۈلىدۇ.

* روھىي ئوزۇق بەدەنگىمۇ لەززەت.

سەلەپى ئالىملىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: پادىشاھلارنىڭ باللىرى بىز كۆرۈۋاتقان لەززەتنى بىلسە ئىدى، ئۇنى تالىشىپ بىز بىلەن جەڭ قىلاتتى.

* زىكرى سۆيگۈسىدىن ماددىغا جان كىرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزى يۆلىنىپ سۆزلەيدىغان دەرەخ غولىدىن مۇنبەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن چاغدا، بۇ دەرەخ غولى خۇددى بوۋاقنىڭ يىغىسىدەك ئاۋازدا يىغلىغان ۋەقە مەشھۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەزلەپ ئاران توختاتقان ھەمدە:« بۇرۇنقى زىكرىلەرنىڭ ئۆز قېشىدا بولمىغانلىقىغا يىغلاۋاتىدۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت ئاللاھنى زىكرى قىلاتتى، زىكرىدىن تىلى توختاپ باققان ئەمەس.

ھەسەن بەسرى بۇ ھەدىسنى سۆزلىگەن چاغدا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: ھەي، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ياغاچمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تەلمۈرگەنغۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاشقا تېخىمۇ لايىقسىلەر!.

بۇرادەرلەر، كىشەنلىرىڭىزنى پاچاقلاپ، روھىيەت ئالىمىدە پەرۋاز قىلغايسىلەر!.

# اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش ئۇسۇللىرى

ئاپتورى :ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى : ھىلالى

## مۇقەددىمە

ھەمدۇ- سانالار اللەغا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن يارەم تەلەپ قىلىمىز، ئۇنىڭدىن مەخپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن اللەغا سېغىنىمىز. الله ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس !

كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، دۇئايى- سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۈزۈلمەستىن اللەنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە تاۋاباتىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن !

## دىنىمىزنى ھىمايە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش

ئىتائەت ئۆيگە كىرىش ۋە گۇناھ ئۆيىدىن چىقىش بەك ئوڭاي، ئەمما بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش تەس، بۇنىڭ ئۈچۈن پولاتتەك ئىرادە ۋە مۇستەھكەم ئىمان بولۇشى كېرەك. دېمەك، مەسىلىنىڭ ئاساسى – چىڭ تۇرۇشتا .

مەسىلەن قىلىپ، ئىراقتا ئۇرۇش بولۇپ، ئىراق ئارمىيىسى باسقۇنچى كۈچلەر ئالدىدا باش ئەگمەي قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان چاغدا، كىشىلەر بۈيۈك ئىمانىي جاسارەتنى ئىپادىلىدى؛ اللەغا ئىتائەت قىلىش تەرەپكە يۈزلىنىپ، گۇناھلار- يامان ئىشلاردىن ئايرىلدى، بىراق كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ باسقۇنچى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلىشىدا ئۈمىتسىزلەنگەنلىكتىن (گەرچە تامامەن ئۈمىد ئۈزۈلمىگەن بولسىمۇ) ئەھۋال ئۆزگەردى: بۇرۇنقى كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇشلار، قۇرئان تىلاۋەتلىرى، دۇئا- ئىبادەتتە اللەغا يالۋۇرۇشلار، ناشايان، ناخشا- مۇزىكا ۋە ئويۇن- تاماشالاردىن قول ئۈزۈشلەر قاتارلىق نۇرغۇن ئىجابىي يۈزلىنىشلەر ئەمدى يوقاپ، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇرۇنقى ئەھۋالغا قايتىپ كەتكەندى... مانا بۇ ئىرادىسىزلىك، مەيداندا چىڭ تۇرماسلىق، زېرىكىش ۋە ئۈمىدسىزلىك!

قېرىنداشلىرىم! بىز چوقۇم مەيدانىمىزدا چىڭ تۇرىشىمىز لازىم، بوشىشىپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ! بىز دائىم تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا ئېھتىياجلىقمىز، ئىتائەتتە

مۇستەھكەم، گۇناھقا قويماسلىقتا دادىل تۇرۇشىمىز كېرەك. پەلەستىن، ئىراق ۋە پۈتۈن ئۈممەتنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەقىقەت ـ ئادالەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. پىتنە- پاسات، ئازدۇرۇش، بۇرمىلاش ۋە نەپسى-شەھۋەت ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشىمىز كېرەك .

## ئىرادىسىزلىك، تۇراقسىزلىقتىن مىساللار

*ئۇلۇغ رامىزان ئېيى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز، لېكىن رامىزان ئېيى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز، ئاللاھ ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن !

*بەزى كىشىلەرنىڭ باشتا تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن ئىسلامغا بېرىلسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا تۆۋەنلىكىدەك ئەھۋاللارغا بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز :

*دىندار ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ناچار مۇئامىلىسىگە ئۇچراپلا، يامان ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، كۆرسەتكەن باھانە-سەۋەبىمۇ چاغلىق، يەنى ئۇ: مانا دىندارلارنىڭ قىلغىنى مۇشۇغۇ ! دېيىشىدۇ.

*بىرەر مەسچىتكە كىرگەندە قىممەت باھالىق ئېسىل كەشىنى بىر يېنىغا قويۇۋالغان بولىدۇ، ئاندىن ناماز ئوقۇپ بولۇپ قارىسا بۇ كەش ئوغۇرلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ : ئىككىنچى قېتىم مەسچىتكە دەسسەپ تاشلىمايمەن، دېگەن ھالدا (تەنقىدكە ) يېنىۋالىدۇ .

*تەقۋادار ئادەملەر بىلەن ئالاقە ۋە مۇئامىلە قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە ياقمىغان بىرەر ئىشقا ئۇچرايدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن: تەقۋادارلارنىمۇ كۆردۈم، بازاردا، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىز ئادەملەر ئىكەن، دېگەن ھالدا كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ ...

قېرىندىشىم! ئاللاھ يولىدا چىڭ تۇرۇپ، گۇناھلارغا يولماسلىقنى كىشىلەرنىڭ ساغلام بولغان مۇئامىلىسىگە باغلىۋالساڭ، بۇ بىر خىل مەيدانسىزلىق ۋە ھالاكەتنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:{ بەزىلەر ئاللاھقا شەك- شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ ئاللاھقا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ). ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر بەختسىزلىك يەتسە، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ دۇنيا ۋە

ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر. } ھەج سۈرىسى 11- ئايەت.

*بەزىلەرنى كۆرىمىزكى، خېلى مەزگىللەرگىچە ئىسلامدا چىڭ تۇرغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھدىن مەلۇم نەرسىنى، بەلگىلىك بىر مەقسەتنى كۆزلەيدۇ، مەسىلەن: ئىمتىھانلاردا ئۇتۇقتا ئېرىشىش، پاللانىخان بىلەن توي قىلىش ياكى ئاللاھدىن بايلىق كۈتۈش قاتارلىقلاردەك ...

قاچانكى ئاللاھ ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ كۆزلىگەن نىشانى ھاسىل بولسا، ئۇ قايتىدىن زالالەت يولىغا چۈشۈپ، بۇرۇنقى بۇزۇق ۋە شاللاق ھالىتىگە قايتىۋالىدۇ.

*بەزىلەرنىڭ، ئەگەر ئارزۇ- ئارمانلىرىغا يەتكۈزسە، تائەت-ئىبادەتكە ۋە تەقۋادارلىققا بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە- قەسەم قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئويلىغىنىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، ئۇ بۇرۇنقى ۋەدە-قەسەملەرنى چۆرۈۋېتىدۇ. مانا بۇلارمۇ مەيدانسىزلىق، تۇراقسىزلىقنىڭ شەكىللىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :{ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: "ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق" دەپ ئاللاغا ئەھدە قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (يەنى باي قىلغان) چاغدا بېخىللىق قىلىشتى (يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى) .ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاغا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى (ئىمانىنى ئېھسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاغا مۇلاقەت بولىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئىشنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى (ئۆز ئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيبلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟}، (تەۋبە سۈرىسى، 75~78ئايەتلەر)

قېرىندىشىم! مۇۋەپپىقيەتنى ۋە ئاللاھ يولىدا چىڭ تۇرۇشنى كۆزلىسەڭ، ھەرگىزمۇ ئاللاغا ۋەدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن خىلاپلىق قىلىپ تاشلىما، چۈنكى بۇ ھالەت مەيدانسىزلىق ۋە تۇراقسىزلىقنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى .

*بەزىلەرنى ئۇچرىتىمىز كى،ئاللاغا قاتتىق بېرىلىپ، باشقىلارغا دىن مەسىلىرىنى ئۆگىتىپ، كىشىلەرنى ئاللاھ يولىغا يېتەكلەپ، ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىپ ماڭىدۇ، ئەگەر ئۇ ئازار يەپ مەسخىرىگە ئۇچرىسىلا، بۇنىڭدىن قاتتىق سىقىلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ، ھەتتا قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلىرىنى تاشلاپ قويىدۇ .

مىسال ئۈچۈن، بىر ياش ئايال ئۆزىنىڭ ھىجابى تۈپەيلىدىن ئىش ئورنىدا ياكى ئېرى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ- دە، سەۋىرچانلىق كۆرسەتمەستىن گاڭگىراپ قالىدۇ، ھەتتا ھىجاب ۋە ھاياسىنى بىللىلا چۆرۈپ تاشلايدۇ... مانا بۇ، چۈشكۈنلۈك ۋە تۇراقسىزلىقنىڭ بىر خىل شەكلى .

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:{( بەزى كىشىلەر:" اللەغا ئىمان ئېيتتۇق" دەيدۇ، اللەنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى اللەنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ. )} (ئەنبۇكەت سۈرىسى 10-ئايەت)

قېرىندىشىم! ئەگەردە نىجاتلىق ۋە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىش، الله تائىتىدە چىڭ تۇرۇش خىيالىڭ بولسا، ھەرگىز باشقىلاردىن ئۇچرىغان ئازار- كۈلپەت ۋە مەسخىرىلەرنى تائەتنى تاشلاپ گۇناھلارغا پېتىشنىڭ سەۋەبى قىلىۋالمىغىن! چۈنكى بۇ بىر ھالاكەت ۋە مەيدانسىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر .

*بەزىلەر خېلى تەقۋادار بولسىمۇ، ئەمما ئىماننىڭ ھوزۇرىنى سېزەلمەس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مەسىلەن: نامازدا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، قۇرئان ئوقۇسا لەززەت ھېس قىلالمايدىغانلىقىنى، روزا ۋە سەدىقىلەردىن ئىمانىي مەنىلەرگە چۆمۈلەلمەيدىغانلىقىنى... ئېيتىشىدۇ. مانا بۇلارمۇ بىر خىل تۇراقسىزلىقتىن كېلىپ چىققان .

* بەزىلەرنىڭ بىر مەزگىل الله تەرەپكە قاتتىق يۈزلىنىپ تائەت- ئىبادەتلەرگە بېرىلىپ، گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ تەقۋادارلىق قىلغاندىن كېيىن بىردىنلا سوۋۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز، ئۇ بىر مەزگىل اللەغا بېرىلىپ ئىبادەت قىلىپ دىنىنى چىڭ تۇتقاندىن كېيىن زېرىكىشكە باشلىغان. پەلەستىن، ئىراق ۋە باشقا ئىسلام يۇرتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا، خەۋەرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىنمۇ زېرىككەن، سەۋىرچانلىق كۆرستەلمىگەن ۋە جاسارىتىنى يوقاتقان بولىدۇ، مانا بۇمۇ بىر خىل جاسارەتسىزلىك ۋە تۇراقسىزلىق .

قېرىندىشىم!

الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ:{( سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر:"اللەنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟" دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى اللەنىڭ ياردىمى

ھەقىقەتەن يېقىندۇر.)} (بەقەرە سۈرىسى، 214- ئايەت)

{ (ئى مۆئمىنلەر جامائەسى!) اللە سىلەردىن (ھەقىقى) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا- مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي) تۇرۇپ (پەقەت ئاغىزىڭلاردا ئىمان ئېيتتىڭلار) جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟} (ئال ئىمران سۈرىسى، 142- ئايەت ).

قېرىندىشىم! ئاداققىچە سەۋرى قىلغىن! ئۆلگىچە اللەنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشقا چىدامچانلىق كۆرسەتكىن !

*بەزى كىشىلەر ئەسلىدە اللە تەرەپكە يۈزلەنگەن پەرھىزكارلاردىن بولسىمۇ، ئەمما دۇنيالىق مەشغۇلىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆرالمايدىغان ۋە گۇناھلارغا غەم قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، غەپلەت ئىچىدە قېلىپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈلپەتلىرى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە- مىكىرلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خوتۇن باللىرى بار، پۇل- ماللىرى ۋە بالا- چاقىلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن... مانا بۇمۇ ھالاكەت ۋە تۇراقسىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر .

قېرىندىشىم! اللە تائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ:{( ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە اللە يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتنى ئاخىرەتنىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدىڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر.)} (تەۋبە سۈرىسى، 38-ئايەت).

قېرىندىشىم! بۇلارمۇ تۇراقسىزلىق ۋە جاسارەتسىزلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندىكى بىر ئايەتكە يىغىنچاقلانغان، بۇ ئايەتتە ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىدىن باش تارتقان، مەيداننى يوقاتقان ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمىغان ھەر قانداق كىشى ئاگاھلاندۇرۇلغان:{( سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپنى )ياكى پىششىق توقۇغان رەختنى (چۇۋۇپ پارچىلاپ تاشلىغان خوتۇندەك بولماڭلار.)}، )نەفل سۈرىسى، 92- ئايەت).

قېرىندىشىم! ئويلاپ باققىن! بىر پارچە رەخت توقۇپ پۈتكۈزەي دەپ قالغاندا، بىردىنلا توقۇغانىن رەختنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ پارچىلاپ تاشلىسا، رەخت توقۇمىغانغا باراۋەر- دە !

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ گۈزەل مىساللار بىزگە تۇراقسىزلىق ۋە جاسارەتسىزلىكنىڭ

مەنىسىنى ئىبرەتلىك يوسۇندا روشەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن .

## ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش ئۇسۇللىرى

كىتابلارنى ئاختۇرۇپ، پىششەدەم، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ پىكىر- قاراشلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇشنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن تائەت- ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشنى ۋە ئىسلام– مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداشنى، ناھەقچىلىقتىن قېچىپ، ئۇنى توقىتىشنى خالايدىغان ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن زور پايدىسى تېگىدىغان بىر توپ ئۇسۇل- ۋاستىلەرنى تېپىپ چىقتىم، بۇ ۋاستىلەر اللەنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇلارنى ئاڭلىق چۈشىنىپ ئورۇندىيالايدىغانلارنىڭ اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ پايدىلىق ئۇسۇل-ۋاستىلەر تۆۋەندىكىچە :

1.ئىسلام دىنىنى، قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش نۇقتىسىدىن، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەت- ھەدىسلىرى نۇقتىسىدىن توغرا رەۋىشتە چۈشىنىپ يېتىش.

2.اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ، قىلچە تەۋرەنمەي مۇستەھكەم ئەقىدە ئارقىلىق كۆرەش قىلغان ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى ۋە تەرجىمالىنى دائىم ئوقۇپ تۇرۇش .

مەسىلەن: پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنى، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمالىنى، ساھابىلەرنىڭ پائالىيەت- ئىش ئىزلىرىنى، تابىئىنلارنىڭ تەرجىمال- بايانلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇش، ئوقۇغاندىمۇ چوقۇم چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاش ئاساسىدا ئوقۇش، ھەرگىزمۇ باشقا ھېكايىلەردەك كۆڭۈل ئېچىش ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئوقۇماسلىق .

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ :{ كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش (ئىرادەڭنى مۇستەھكەملەش) ئۈچۈن ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت ئىبرەتلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان. } (ھۇد سۈرىسى 120- ئايەت).

3.اللەنى كۆپ زىكرى قىلىش، بولۇپمۇ "لا اله الالله" نى كۆپ دېيىش، قەلبىدىكى ئىمان يېڭىلىنىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىنى سەزمەس بولۇپ قالغانلارغا بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنى بايان

قىلىمىز :

ئەبۇ ھۇرەيىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى دەيدۇ:" رەببىڭلار ئېيتىدۇكى، ئەگەر بەندىلىرىم ماڭا ئىتائەت قىلىدىغان بولسا ئىدى، كېچىلىرى ئۇلارنى يامغۇر سۈيىدە سۇغۇرۇپ، كۈندۈزلىرى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلدۈرگەن بولاتتىم، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلاتمايتتىم."

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:" اللەغا نىسبەتەن ياخشى ئۈمىدتە بولۇش، اللەغا ئىبادەت قىلغانلىق جۈملىسىگە كىرىدۇ ".

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:" ئىمانىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇڭلار، باشقىلار (ئى رەسۇلۇللاھ! ئىمانىمىزنى قانداق يېڭىلايمىز ؟) دەپ سورىغاندا، ئۇ:" لا الە الاللەنى كۆپ دەڭلار!" دېگەن ئىدى. ئەھمەد رىۋايەت قىلغان .

4.جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى سەۋىرچانلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش. چۈنكى سەۋىرچانلىق ۋە ناماز بولمىغان ئەھۋالدا مۇستەھكەم ئىرادىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئى مۆئمىنلەر، سەۋرى ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.} (بەقەرە سۈرىسى 153-ئايەت).

5.تائەت- ئىبادەتلەرنى جىقراق قىلىش ۋە ناچار- ناشايان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش .

6.مەغرۇرلانماسلىق، يەنى ئۆزۈڭدىن ۋە ئىبادەتلىرىڭدىن مەغرۇرلانماسلىقىڭ زۆرۈر.

7.ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرۇش ۋە ئاخىرەت توغرىسىدا دائىم ئويلىنىپ تۇرۇش.

8.اللەدىن ياردەم تىلەش، دۇئا- ئىبادەتلەر ئارقىلىق اللەغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ :{ سېنى بىز (ھەقىقەتتە) مۇستەھكەم تۇرغۇزمىغان بولساق، ھەقىقەتەن ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالاتتىڭ.} (ئىسرا سۈرىسى 74-ئايەت ).

قېرىندىشىم ! ئاداققىچە اللەنىڭ يولىدا چىڭ تۇرۇشنى خالامسەن ؟

ئاداققىچە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىشنى ئويلامسەن ؟

ئاداققىچە ئىسلامنى سۆيۈپ ئۆتۈشنى ئويلامسەن ؟

ئاداققىچە "لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" پرىنسىپىدا تەۋرەنمەي ئۆتۈشنى خالامسەن ؟

ئاداققىچە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياشاشنى ئويلامسەن ؟

ئاخىرقى تىنىقلىرىڭغىچە ئۈزمەي ئاللاغا تەۋبە قىلىپ تۇرۇشنى ئويلامسەن ؟

ئۇنداقتا، سەن ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشتا ئاللاغا تايانغىن، چۈنكى مۇستەھكەملىك ئاللاھدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.} (سۈرە ئىبراھىم 27- ئايەت ).

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە:" مەن سىلەر بىلەن بىللە مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) سۇباتلىق قىلىڭلار، كافىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن" دەپ ۋەھى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كافىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار) ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار.} (ئەنفال سۈرىسى 12-ئايەت).

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:" رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتتى. مەن:' ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، يېشىم كىچىك، قازىلىق ئىشلىرىدىن خەۋىرىم يوق تۇرسىمۇ ئەۋەتەملا" دېدىم، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى:' ئاللاھ چوقۇم سېنىڭ قەلبىڭنى ھەق يولغا سالىدۇ، تىلىڭنى ھەقتە مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئەگەر ئالدىڭدا ئىككى دەۋالاشقۇچى ئادەم بولسا، بىرىنچىسىدىن ئاڭلىغاندەك ئىككىنچىسىدىنمۇ تەپسىلىي ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈم چىقارغىن. شۇنداق قىلغاندا سەن ئېنىق سوت ھۆكۈمى چىقىرالايسەن' دېدى. كېيىن ئۇزاققىچە قازى بولۇپ كەلدىم، ياكى شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق سوت ھۆكۈمدە تەشۋىشلەنمىدىم."

<u>قېرىندىشىم!</u> ئۆلۈم سەكراتىدا ئاللاھ ئارقىلىق ئىمانىڭدا چىڭ تۇرالايسەن .

*قەبرىدە ئاللاھ ئارقىلىق ھەق سۆزدە چىڭ تۇرالايسەن .

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:" رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، قەبرە بېشىدا تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:" بۇ قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھدىن مۇستەھكەملىك تىلەڭلار. چۈنكى ھازىر ئۇ سوراق قىلىنىۋاتىدۇ ".

ئەبۇ ئەلا ئىبنى شىخخىر يەنە ھەنزەلەلىكلەردىن بىرەيلەندىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:" بىر سەپەردە شەدداد ئىبنى ئەۋسكە ھەمراھ بولۇپ قالغان ئىدىم. ئۇ ماڭا:" ساڭا بىر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېيىشنى بىزگە ئۆگەتتى:" ئى ئاللاھ! ئىشلاردا مۇستەھكەم قىلىشىڭنى سورايمەن، ھەقىقي ئىرادىنى سورايمەن، نېئمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىشنى ۋە ئوبدان ئىبادەت قىلىشنى سورايمەن،

سەندىن راستچىل تىل ۋە ساغلام قەلب سورايمەن، سەن بىلىدىغان يامان نەرسىلەردىن پاناھ تىلەيمەن، سەن بىلىدىغان ياخشى نەرسىلەرنى سورايمەن، سەن بىلىدىغان گۇناھلاردىن مەغپىرەت تىلەيمەن، سەن ھەقىقەتەن غەيبلەرنى كەم- كۈتىسىز بىلگۈچىدۇرسەن." تىرمىزى رىۋايەت قىلغان .

شەھرى ئىبنى ھۇشەب رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:" مەن ئۇممۇ سەلىمەدىن:'ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆپ قىلىدىغان دۇئالاردىن نېمىلەرنى يادقا بىلىسەن؟' دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:' رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەڭ كۆپ قىلىدىغان دۇئا بۇ ئىدى "ئى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى اللە، قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن !" ئۇممۇ سەلىمە يەنە مۇنداق دېدى:" مەن ئېيتتىم :'ئى رەسۇلۇللاھ، دۇئانى بەك كۆپ قىلىدىكەنسەنغۇ؟' ئۇ مۇنداق دېدى:' ئۇممۇ سەلەمە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەلبى اللەنىڭ بارماقلىرىدىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، اللە خالىغان ئادەمنى رۇسلاپ، خالىغىنىنى بۇرايدۇ'، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:{ پەرۋەردىگارىمىز، بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن!...}، (ئال ئىمران سۈرىسى،8-ئايەت)

قېرىندىشىم! اللە بىلەن قەسەمكى، اللەغا تايانماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالانىڭ:{ بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمىز} دېگەن تەلىم سۆزى ئوقۇلمىسا سۈرە پاتىھە ئوقۇلغان بولمايدۇ.

مۇسۇلمان ياشلار!...يېڭىدىن ئىسلامغا يۈزلەنگەنلەر! پەلەستىن، ئىراق ۋە پۈتۈن ئۈممەتنىڭ غېمىدە قەلبى پۇچۇلىنىۋەتقانلار!...اللەدىن ئىسلامغا غەلبە قىلىشنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىشنى تىلەۋاتقانلار! سەجدىلىرىڭلاردا دۇئا قىلىپ:" ئى اللە، بىزنى مۇستەھكەم قىلغىن!" دەپ تۇرۇڭلار!

## اللەدىن ياردەم تىلىگىن

ھەج سەپىرىدە بولغىنىمدا، ئەرەپات تېغىغا چىققان ئىدۇق، بۇ چاغدا ھەج قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ مىليونغا يەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ قەلبنى ئەراپاتقا چىقىش ۋە اللەغا دۇئا- ئىلتىجا قىلىش تىلەك ھىسسىياتى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئىدى.

بىز ئەرەپات تېغىغا چىققان ۋاقتىمىزدا دۇئا قىلماقچى بولغان بولساقمۇ، قىلالماي‌ۋاتاتتۇق، چۈنكى بەزىلىرىمىزنىڭ ھورۇنلىقى تۇتقان، بەزىلىرىمىز مۈگدەپ،

بەزىلىرىمىزنىڭ دۇئا قىلىش تۇيغۇسى سۇسلاپ قالغان ئىدى... ھەتتا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ روھى چۈشۈپ، بەزىلىرى قۇرۇق پاراڭغا بېرىلگەن ئىدى.

بۇنىڭ ھەممىسى بىرلا سەۋەپتىن بولۇۋاتاتتى، يەنى ئۇلار ئۆزلىرى خالىغانچە دۇئا قىلالايمىز دەپ ئويلىغان.

بىراق ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالغاندا كىشىلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا دۇئا قىلىش تۇيغۇسىغا كېلىۋاتاتتى، بۇنىڭغا ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ تەسىرى يوق ئىدى...

باشتا كىشىلەر ئۆزلىرىگە تايانغاچقا مەغلۇب بولغان، ئاندىن كېيىن تەنھا ئاللاھغا تايانغاچقا مۇستەھكەم ئىرادىلىرىنى قايتا تىكلىگەن ئىدى. دېمەك، ئاللاھدىنلا ياردەم بولغان ئىدى، كىشىلەر بىردىنلا دۇئا- ئىلتىجا بىلەن ئاللاھغا يېلىنىشقا باشلىدى.

ئاللاھنىڭ ياردىمىنى تىلەش مەسلىسى ئالدى بىلەن قەلبىمىزدە تىكلىنىشى زۆرۈردۇر، ئاللاھغىلا تايىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش كېرەك، چۈنكى ئاللاھ ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر!

9. سالىھ، ياخشى كىشىلەرگە ئارىلىشىش

مۇستەھلىكنى خالىساڭ، دوست-بۇرادەرلىرىڭنىڭ كىملىكىنى ماڭا دەپ بەرسەڭلا، مەن سېنىڭ مۇستەھكەم بولالايدىغان- بولالمايدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن!

ئەگەر سەن ئاللاھدىن يىراق يۈرۈۋاتقان دوست- ئاغىنىلىرىڭ بىلەن تېخىچىلا ئارىلىشىپ كېلىۋاتقان بولساڭ، چوقۇم دۇم چۈشىسەن... سەن ئاتا- ئاناڭغا ئاچچىقلىنىسەن، چۈنكى ئۇلار دائىم سېنى "پالانى-پۇكۇنىلار بىلەن ئارىلاشما" دەپ جېكىلەپ كەلگەن- دە. تەنھا ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن پەقەت ناچار- بۇزۇق ئاغىنىلىرىڭدىن يىراقلاشقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قەدىمىڭنى رۇسلىيالايسەن ھەمدە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە چىڭ تۇرۇپ، گۇناھلارغا چۆكۈپ كېتىشتىن ساقلىنالايسەن.

سەن دوست- ئاغىنىلىرىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭلا، مەن ساڭا قانداق تەۋبە قىلالايدىغانلىقىڭنى دەپ بېرەلەيمەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم زىيان ئىچىدۇر} (ئەسىر سۈرىسى 1-3-ئايەت).

ئىمام شافىئى رەھمەتۇللاھ مۇنداق دېدى:" ئەگەر قۇرئان كەرىمدە سۈرە ئەسىرلا بار بولغان تەقدىردە ئىنسانلارغا بۇ سۈرە يېتىپ ئاشاتتى". چۈنكى بۇ سۈرىدە ھەقكە

تەۋسىيە قىلىش ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىش تەكىتلەنگەن، ھەققە ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن باشقا جىمى ئادەملەر زىيانغا پاتقاتلاردۇر. دېمەك، ياخشى ھەمرا مەسلىسى بەكمۇ مۇھىم. پەقەت ياخشى دوست-بۇرادەرلەرگە ئارىلىشىش ئارقىلىقلا مۇستەھكەملىكنى ساقلاش ئۈمىدى بولىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن- ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، قىلمىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزىگە) ئەگەشمىگىن} (كەھف سۈرىسى، 28- ئايەت).

قېرىندىشىم! ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا كېچە- كۈندۈز ئىتائەت قىلىدىغانلاردىن يىراقلىشىدىغان بولساڭ، پانى دۇنيانىڭ نەپسى- لەززەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىسەن.

قېرىندىشىم! اللەنىڭ ئۆزۈلمەس ئارغامچىسىنى چىڭ تۇتىدىغان ياخشى تۇتىدىغان ئادەملەرنى ئىزدىگىن؛ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس- سۈننەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇنى چىڭ تۇتىدىغانلارنى ئىزدىگىن؛ دىنلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، رەببىگە ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان ھەم گۇناھلاردىن قاچىدىغانلارنى ئىزدىگىن.

بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ اللەغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن، ھەققە ۋە سەۋرگە بىر-بىرىگە تەۋسىيە قىلىش ئۈچۈن دەل ئەنە شۇنداق ياخشى ئادەملەرنى ئىزدىگىن؛ ئۇلارنى مەسجىدلەردە ئۇچرىتىسەن، قۇرئان تەلىم-تەربىيىسى سورۇنلىرىدا تاپىسەن، ئىلىم-زىكرى سورۇنلىرىدا تاپىسەن.

ياخشىلارغا ئارىلىشىش مۇھەققەق اللەغا ئىتائەت قىلىش ۋە گۇناھلاردىن ئۆزۈلۈشكە ياردەم بېرىدۇ، ئەمما پاسىقلارغا ئارىلىشىش بولسا ئىنساننى زىيانكارلىق ۋە ھالاكەت يولىغا ئىتتىرىدۇ... پاكىتلار نۇرغۇن!

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت ئىسىملىك بىرەيلەن بولۇپ، ئۇ ئەشەددى كاپىر ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئازار بېرەتتى، ئۇ بەدرى ئۇرۇشى كۈنى كاپىر ھالەتتە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

بۇ كىشى ئەسلىدە مۇسۇلمان بولايلا دەپ قالغان ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئەبۇ جەھل دىن ئىبارەت يېقىن دوستى بار بولۇپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشتىن توسۇپ قويغاچقا كاپىر ھالەتت ئۆلۈپ كەتتى...

بىر كۈنى ئۇقبە ئەبۇ جەھىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تەسىرلىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەبۇ جەھىل دەرھال ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئۇنداق قىلسا ئارىلىرىدىكى دوستلۇق ئالاقىسىنىڭ بىراقلا ئۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقۇتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تۈكۈرۈشنى تەلەپ قىلدى!

ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى: يا ئەبۇ جەھىل بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ قېلىش، يا بولمىسا مۇسۇلمان بولۇش، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەھىلگە بولغان دوستلۇقى ئىسلام دىنىغا كىرىش ئۈستىدىن قالىب كەلدى- دە، ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغان قىلىقنى سادىر قىلدى. ئاندىن كاپىر ھالدا ئۆلدى.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ شۇ كۈنى زالىم (يەنى كافىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ:" ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك- شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى" دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ.} (فۇرقان سۈرىسى،27-29 ئايەت)

**10.ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىش:**

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئى مۆئمىنلەر! سىلەر اللەغا (يەنى اللەنىڭ دىنىغا ) ياردەم بەرسەڭلار، اللە سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ. قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ.} (سۈرە مۇھەممەد، 7- ئايەت)

ئەگەر سەن اللەنىڭ قەدەملىرىڭنى ئۇنىڭ ئىتائىتىدە ۋە گۇناھلاردىن ئۆزۈلۈشتە بەرقارار- مۇستەھكەم قىلىشنى خالىساڭ، اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلغىن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن، اللەنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغىن!

بۇلار تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئەمەلىي ئىشلاردۇر، بۈگۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىشقا ئاتلانغىن! ئىسلام ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈرسەڭ، ئىسلام ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسلە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىسەن.

پسىخولوگلارنىڭ دېيىشىچە ئەقىلدە ئىككى رايون مەۋجۇد، بىرى قىممەت ئۆلچىمى ياكى قايىللىق رايۇنى، بۇ سېنىڭ مەلۇم بىر نەرسىگە قايىل بولۇشۇڭنى كۆرسىتىدۇ، بىراق بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر رايون بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزلۈك ۋە تەۋەلىك رايۇندۇر.

مەسلەن، سەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ۋە پەلەستىن مەسلىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسلە ئىكەنلىكىگە تولۇق قايىل بولۇشۇڭ

مۇمكىن، ئەمما ئەپسۇسكى، ئۆزلۈك ۋە تەۋەلىك مەسىلىسى تېخى ۋۇجۇتقا كەلمىگەن.

ئۇنداقتا، قىممەت قارىشى ۋە قايىللىق مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ ئۆزلۈك، تەۋەلىك مەسىلىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ مۇنداق ئىلگىرلەشنى ئەنە شۇنداق قىممەت ئۆلچىمى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى) سىلەر ئىنسانلار مەنپەتى ئۈچۈن ئوتتۇرغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر}، (ئال ئىمران سۈرىسى، 110-ئايەت). دېمەك، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىش- اللە ئۈچۈن ۋە بىردىنبىر ئۇلۇغ دىن بولغان اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈرۈشتۇر.

قېرىندىشىم! اللەغا دەۋەت قىلغۇچىلاردىن بولغىن! مەسجىدلەردىكى قۇرئان- ئىلىم سورۇنلىرىغا قېتىلغىن، اللەغا دەۋەت قىلىش يۈزىسىدىن ئىسلامى كىتابلارنى ۋە لىنتىلارنى تارقاتقىن، قۇرئاننى تەجۋىدلىك ئوقۇشنى ئۆگەنگىن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكىن، ئىلىم ئۆگەنگىن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى باشقىلارغىمۇ ئۆگەتكىن. يېتىم- يېسىرلار ئۈچۈن فوند تەسىس قىلىشنى تەرغىپ قىلغىن، ئېنتېرنىتتا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تور بەتلەرنى ئاچقىن، خەيرى-ئېھسان بىرىكمىلىرىنى قۇرغىن، ئىسلامغا خىزمەت قىلىش يولىدا قولۇڭدىن كېلىدىغان بارلىق ئىقتىدار-ماھارىتىڭنى ۋە تەجرىبىلىرىڭنى ئىشقا سالغىن.

11-قۇرئان ئوقۇش، ئۇنى چۈشىنىش، مۇلاھىزە قىلىش ۋە شۇ بويىچە ئەمەل قىلىش: مۇستەھكەملىك ئۈچۈن ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇپ تۇرغىن، ھەر ئايدا بىر قېتىم قۇرئاننى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا تىرىشقىن. شۇنداقلا قەلبىڭ قۇرئان بىلەن بىللە ئويغاق تۇرىدۇ، قۇرئاندىن مەلۇم نەرسە يادلاشقا تىرىشقىن، شۇندىلا دىلىڭ روشەنلىشىپ، ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ:" قەلبىدە بىر ئاز قۇرئان بولمىغان ئادەم ۋەيرانە ئۆيگە ئوخشايدۇ". (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

قېرىندىشىم! تەجۋىد قائىدىلىرىنى ئۆگەنگىن، قۇرئاننى توغرا تەلەپپۇزدا ئوقۇغىن، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىپ تۇرۇپ قۇرئاننى ئوقۇيالماسلىقىڭ ئەقىلگە لايىق ئەمەس؟!

شۇنداقلا قۇرئان تەپسىرلىرىنىمۇ ئوقۇغىن، شۇنداقلا قۇرئان ھوزۇرىنى، ئىمان ھالاۋىتىنى سېزىسەن.

12.كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش:

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق سۆزىنى بايان قىلغان:" كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ سىلەردىن ئىلگىرىكى ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر، كېچىلىرى كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ھەقىقەتەن ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، گۇناھتىن توسۇپ، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، بەدەندىكى كېسەللىكلەرنى يوقىتىدۇ." (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:" كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ سىلەردىن ئىلگىرىكى ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر، بۇ ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، يامانلىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، گۇناھتىن توسىدۇ" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

## خاتىمە

بۇ ماقالىمىزنىڭ خاتىمىسىدە، ئاللادىن بىزنى ئوقۇغانلارغا مەنپەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنداقلا ئاللادىن بىزنى ھەممىمىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قاتارىدا قوبۇل قىلىشنى تىلەيمىز، ئاللا بۇ ئارقىلىق ياخشىلىق مىزانلىرىمىزنى ئېغىرلىتىپ، يامانلىق ۋە خاتالىقلىرىمىزنى ئۆچۈرگەي!

ئاللادىن بۇ ئەمگىكىمىزدە كەتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىكلىرىمىزنى ۋە خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈشنى تىلەيمىز. بۇنىڭدا توغرا قىلغانلىرىمىز ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەنلىرىدىندۇر، كەمچىلىك- خاتالىقلار بولسا مەندىن ۋە شەيتان تەرىپىدىن سادىر بولغاندۇر، ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنداق كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر، ئاللادىن مېنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنى مەغپىرەت قىلىشنى، كەمچىلىك- خاتالىقلىرىمىزنى يېپىشنى سورايمەن.

ئاخىرىدا، ئاللاغا تۆۋەندىكىدەك دۇئا قىلايلى، ئۇنى ئاللانىڭ ئىجابەت قىلىشنى، ھەقتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقكە ياردەم بېرىشكە ۋە ناھەقنى تاشلاپ ئۇنى يىراقلاشتۇرۇشقا، تائەت- ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ، گۇناھ- مەئسىيەتلەرنى تاشلاشقا، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى غەم- قايغۇلىرىدىن خالاس قىلىشقا سەۋەب بولۇشنى سورايمىز.

ئى ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان ئاللا! ئى مېھرىبان ۋە ياخشىلىق ئىگىسى، بىزگە ساڭا زىكرى ئېيتىشقا، شۈكرى قىلىشقا ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىشقا ياردەم قىلغىن!

سېنى رازى قىلىدىغان ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشقا، بىزنى چەكلەيدىغان ۋە سېنى رازى قىلمايدىغان ئىشلاردىن يىراقلىشىشىمىزغا ياردەم قىلغىن! ئى قەلبلەر ۋە كۆزلەرنى باشقۇرغۇچى!! قەلبىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇرىغىن! سەندىن ئىشلاردا مۇستەھكەم بەرقارارلىقنى ۋە ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى تىلەيمىز.

نېئمىتىڭگە شۈكرى قىلىشنى، ساڭا ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇنداشنى سورايمىز، سەندىن ساغلام دىلنى، راستچىل زىكرىڭگۈي ۋە شۈكرىڭگۈي دىلنى سورايمىز، سەندىن سەن بىلىدىغان ياخشى نەرسىلەرنى سورايمىز، سەن بىلىدىغان يامان نەرسىلەردىن پاناھ تىلەيمىز.

ئى اللە، بىزنى روشەن ھەقىقەت ئۈستىدە بىز ساڭا يولۇققىچە مۇستەھكەم قىلغىن !

ئى اللە، ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە بىزنى دىنىڭدا چىڭ تۇرغۇزغىن! بىزنى دۇنيادىن ياخشىلىق ئۈستىدە ئايرىغىن، دۇنيادىن بىزنى دۇنيا بۇلغىماستىن ئېلىپ كەتكىن! بىزنى مۇستەھكەم قىلغىن، بىزگە ياردەم بەرگىن، پەلەستىندىكى، ئىراقتىكى ۋە ھەر بىر ئىسلام يۇرتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم بەرگىن!

ئى اللە، دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن! ئامىن!

# ئاللاھنى تونۇدۇقمۇ؟

ئاپتورى: مۇھەممەد ھەسسان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان

**بۇ كىتابچىدا:**

**1.اللە توغرىسدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

**2.اللەنىڭ ئالامەتلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز.**

**3.ئۇلار ئۆز تىللىرى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.**

**4.ئۆزەڭلەرگە نەزەر سېلىڭلار، يەنە نۇرغۇن پاكىتلار بار.**

**5.مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن پىترەت (ھىدايەت يولى)**

## مۇقەددىمە

**ھەمدۇ- سانالار اللەغا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن اللەغا سېغىنىمىز، اللە ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس!**

**كېچە-كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، دۇئايى- سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۆزۈلمەستىن اللەنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەنىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن!**

**ھەر بىر ئادەم دۇنيادىن خوشلىشىپ قەبرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ ۋە تۆۋەندىكى سۇئاللارنى سورايدۇ:**

**رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نىمە؟ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسەن؟**

**مانا مۇشۇ ۋاقىتتا: تۆۋەندىكىدەك ھەقىقەت ئۆزىنى كۆرستىدۇ. {اللە مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ، اللە زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، اللە خالىغىنىنى قىلىدۇ} سۈرە ئىبراھىم.**

**بىز مۇشۇ سۇئالغا دۇچ كەلگەندە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟ كىلىڭلار ھەممىمىز ئۆز ئۆزىمىزدىن سوراپ كۆرەيلى:**

**سىز اللە توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

بۇ سۇئال بىرىنچىدىن ئۆتكۈر بىكىرگە مۇھتاج،بۇنىڭ جاۋابى ئاللەنىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمدىن ئۆزگە ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەن:{ ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋالىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىپتۇر، ھىكمەت ئىش بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر} (ئال ئىمران، 18-ئايەت.)

ئاندىن كېيىن مەزكۇر سۇئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللەنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئاللەنى ئەڭ روشەن تونۇيدىغانلار پەيغەمبەرلەردۇر. ئاندىن كېيىن مەزكۇر سوئالغا بىرىلىدىغان جاۋاپ، ئاسماندىن زېمىنغىچە، ئەرىشتىن- پەرشكىچە بولغان ئاللەنىڭ كائىنات كىتابىغا نەزەر سېلىشى بىلەن بولىدۇ.

دېمەك بىز ئاللەنى قۇرئان كەرىم،سۈننەت ۋە ئوچۇق كىتاب (كائىنات) ئارقىلىق تونۇيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر سۇئالنى قايتىدىن تەكرارلايمىز: سىز ئاللەنى قانداق تونۇيسىز؟

ئاللاھ دېگەن لەبزە بىر كەلىمە سۆز ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس زاتىغا قويۇلغان ئىسمى، مانا بۇ "ئاللاھ" دېگەن ئىسمگە ئاللەنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى نىسبەت بېرىلىدۇ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق تونۇشتۇرۇش بەرگەن:{ ئاللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر}. (ھەشرى سۈرىسى 22-ئايەت)

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلەپ "ئاللاھ" دېگەن ئىسمىنىڭ ئاستىغا: غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر دېگەن سۈپەتلەرنى نىسبەت بەردى.

يەنە ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى:{ ئاللەدىن باشقا بىر ئىلاھ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ مۇتلەق پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ مالىكىدۇر). پاكتۇر (يەنى ھەممە نوقساندىن پاكتۇر). مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر. ئازاپتىن ئەمىن قىلغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، قەھىر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر. (مۇشرىكلارنىڭ شىرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر). (ھەشر سۈرىسى، 23-ئايەت.)

دېمەك بۇ ئايەتتىمۇ مەزكۇر سۈپەتلەر ئاللاھ دېگەن زاتى مۇبارەكنىڭ ئىسمى ئاستىغا

جەم بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن راھمان- رەھىم اللەنىڭ سۈپەتلىرى دېيىلىدۇ، ئەكسىچە الله دېگەن سۈپەتنىڭ قاتارىدىن دېيىلمەيدۇ. مەسىلەن راھمان اللەنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى، قۇددۇس، سالام، غەپۇر، جەببار قاتارلىق ئىسىملارمۇ اللەنىڭ سۈپەتلىرى بولىدۇ، ئەمما ئەكسىچە دېيىلمەيدۇ.

## اللەنىڭ بۈيۈك ئىسمى

كۆپلىگەن ئۆلىمالار، الله، دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان، تەلەپ قىلسا ئاتا قىلىدىغان بىردىن -بىر زاتى مۇقەددەس بولغان بۈيۈك ياراتقۇچىنىڭ خاس ئىسمىدۇر. بۇ "الله" بۈيۈك ئىسىم ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلسىڭىز، قۇرئان كەرىمنىڭ باشتىن ئاخىرى ئىماندىن سۆز ئېچىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز، قۇرئان كەرىم الله ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ ياكى بۇيرىقى ۋە چەكلىمىسىدىن ئىبارەت، مانا بۇ ئىمانغا لازىمەتلىك بولغان سۆزلەردۇر.

قۇرئان ئىمان ھەققىدە ۋە ئۇلارغا دۇنيا -ئاخىرەتتە تەييارلانغان نېئمەت ھەققىدە سۆز قىلسا، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ اللەغا كاپىر بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان جازاسى ھەققىدىمۇ سۆز ئاچىدۇ، قۇرئان كەرىمدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان سۆزلەردۇر، چۈنكى الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشى، دوزاخ- جەننەتنى يارىتىشى دەل مۇشۇ ئىمان مەسىلىسى ئۈچۈندۇر.

## ھەممە قۇرئاننى ئاساس قىلىدۇ

الله ھەققىدە ۋە ئىمان ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئەڭ بۈيۈك كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر.چۈنكى قۇرئان كەرىم اللەنىڭ كالامى الله ئۇنىڭ بىلەن ئالىمغامۇ ۋە تۇرىككىمۇ خىتاب قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆسمۈرلەر، باللار، فىزىكا ۋە خېمىيە ئالىملىرى ۋە ئالەم ئۈچقۇچىلىرىغىمۇ خىتاپ قىلىدۇ. بۇ خىتابتىن ئىكىنزارلىق ۋە سەھرادا ياشىغۇچىلارمۇ ئايرىلىپ قالمايدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئىنسان ئۆز چۈشەنچىسى ۋە تونۇپ يەتكەن مىقداردا قۇرئان كەرىمدىن يول ئالىدۇ، پەقەت دىلى قارداپ كەتكەنلەر اللەغا بولغان ئىمانى ئۈچۈپ قالغان كىشىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

اللەنى ئاڭ ساغلام تەبىئەتكە (يارىتىلما پاك تەبىئەت) كە ۋە ۋىجدانىغا سىگنال

قىلدىغان، بىر مەررە (قېتىم)، خەۋەر تويغۇلىرىنى قوزغىسا، يەنە بىر مەررە قىسلارنى بايان قىلدىغان، تەرغىپ بىلەن سۆز ئاچقاندا ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئايىغلاشتۇرىدىغان اللەنىڭ كالامى ئارقىلىق تونىغاندىمۇ كاتتا بولامدۇ؟!

قۇرئان كەرىم بىزنى بىر قىتىم كۆك ئاسمانغا (ئاتموسفىرا) غا ئېلىپ چىقسا يەنە بىر قېتىم زېمىن ئۈستىگە ئېلىپ چۈشىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ، ئۆزىمىزنى ئۆز ئىچكى دۇنيايىمىزغا كىرىپ چىقىشقا ھەيدەپ بارىدۇ. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟؟

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ بىر اللەدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللەنىڭ (مۈلكى) دۇر؛ اللەنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللەنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ اللە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)؛ كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللەنىڭ مەلۇماتىدىن (اللە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللەنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان -زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.} (بەقەرە سۈرىسى، 255-ئايەت)

بۇ مەزكۇر ئايتۇلكۇرسى، بىزنىڭ قايتا -قايتا توختۇلۇپ ئويلۇنۇپ بېقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەسلى بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسە تۆۋەندىكى اللە ئۆز- ئۆزىدىن خەۋەر بەرگەن نەرسىدۇر.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق)يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىپتۇر ،قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اللە (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل)بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە

زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر} . (ھەشرى سۈرىسى 22-24 ئايەت)

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ (ئى مۇھەممەد)! ئېيتقىنكى، ئۇ الله بىردۇر. ھەممە اللەغا مۇھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.} (ئىخلاس سۈرىسى)

دېمەك الله تائالا ئۆز- زاتى سۈپەتلىرى ۋە قىلمىشلىرىدا يەقەتلا بىردۇر. ھۆرمەتلىك كىتاپخانلىرىمىزنى مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسىنى قايتا- قايتا مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## پاك سۈننەت

بىز يوقۇرىدا مەزكۇر ئايەتلىرنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشۈنۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنى تونۇشتا بەندە ئېچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل شەخس، ھەزرىتى ئەبى مۇسا ئەشئەرى مۇنداق دېگەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇپ تۆت نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1.الله تائالا ئۇخلىمايدۇ،ئۇيقۇ الله ئۈچۈن لايىق ئەمەس.

2.الله تائالا نامە-ئەمەل تارازىسىنى ئېغىر قىلىدۇ ۋە يېنىكلەشتۈرىدۇ.

3.الله تائالاغا كۈندۈزى قىلغان ئىبادەت كېچىسى كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ.

4.كېچىسى قىلغان ئىبادەت كۈندۈزى كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ. (مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇنىڭ سىرتىدا تازا ۋايىغا يېتىپ پىشىپ ئالىم بولغان يەھۇدى ئالىملىرىدىن بىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ قىيامەت ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ،ئۇ دەيدۇكى:ئى مۇھەممەد!الله تائالا قىيامەت كۈنى بىر بارمىقىغا يەتتە ئاسماننى،بىر بارمىقىغا يەتتە قات زىمىننى،بىر بارمىقىغا دەل-دەرەخلەرنى،بىر بارمىقىغا سۇ ۋە نەملىكنى ۋە يەنە بىر بارمىقىغا بارلىق خالايىقلارنى يىغىپ تۇرۇپ،مانا مەن خۇدا پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى دەيدۇ.بىزدە مۇشۇنداق ئەسەر بار.سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسالام ئۇ يەھۇدى ئالىمنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ كۈلۈمسىرەپ كەتتى،ھەتتا چىشلىرى پارقىراپ چىقىپ قالدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى: { ئۇلار اللەنى ھەقىقي رەۋىشتە تونۇمىدى.قىيامەت

كۆنى زېمىن پۈتۈنلەي اللەنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ.ئاسمانلار اللەنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ،اللە ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر}. (زۇمەر سۈرىسى67-ئايەت.)

بىز بۇ خەۋەرنى ئەس- ھۇشى دۇنياغا باغلىنىپ قېلىۋاتقان، دۇنيانىڭ ئاجايىپلىرىغا ياراتقان ئىگىسى اللەغا بولغان ئىشەنچىسىدىن بەكرەك بولغان ئىشەنچە قىلىۋاتقانلارغا ئەسكەرتىپ قويىمىز.

دېمەك.ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى اللە تائالانىڭ بىر بارمىقىغا يېغىلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.بىز بۇ قەدەر قۇدرەتنىڭ ئەھمىيتى بىلىش ۋە روشەنلەشتۈرۈۋېلىشىمىز ھەققىدە قايتىدىن مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

## اللەنىڭ بەلگىلىرى (ئالامەتلىرى، ئىزنالىرى)

بىز يۇقۇرىدا كۆرستىلگىنىدەك اللەنى قانداق تونۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋالدۇق، ئەمدى كۆز ئالدىمىزدا اللەنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆك ئاسمان بىلەن قاپلانغان كائىنات تۇرۇپتۇ. بىز ئەمدى بۇ كائىنات ئارقىلىق اللەنى قانداق تونۇپ يېتەلەيمىز دېگەن مەسىلە قالدى.

كائىنات بولسا دىققەت ئېتىبارىمىز بىلەن نەزەر سالىدىغان، مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇيدىغان ئوچۇق كىتاب. اللە ئۆز قۇدرەت- كامالى بىلەن ياراتقان بارلىق شەيئىلەرنى مەزكۇر كىتابقا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆز ئالدىمىزدا ئېچىپ قويدى. لېكىن مىڭ ئەپسۇسكى، مەزكۇر كىتاپتىكى نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنى (مۆجىزىلىك يارالمىشلارنى) كۆرىۋاتىمىز، ئەمما مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇر قىلىشنى بىلمەيۋاتىمىز، كىتاپتىكى بارلىق شەيئىلەر ياراتقۇچىسى اللەنىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، پەقەت ھەقىقىي مۆمىنلەر، كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، بۇنىڭغا كارىمىز بولماي كېلىۋاتىدۇ، ئەقىل تەپەككۇرنى ئىشقا سالغان راستچىل مۇسۇلمانلار بۇ ئىلاھى قۇدرەتتىن ئىبرەت ئېلىۋاتىدۇ.اللەغا بولغان ئىخلاس، ئىمانى كۈندىن- كۈنگە زىيادىلىشىۋاتىدۇ. اللەنى ھەقىقىي ئىلمى تەپەككۇر بىلەن تونۇغانلار بىلەن تەقلىدى- باشقىلارنى بوراپ تونۇغانلار ئوتتۇرىسىدا زور پەرىق بولىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ:{ اللەنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللەدىن پەقەت

ئالىملارلا قورقىدۇ، اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.} (فاتىر سۈرىسى28- ئايەت.)

## ئاسمان

ئاسمانغا قاراڭ، ئۇ تولىمۇ كىلىشكەن كۆك گۈمبەزلىك ساراي: سىز ئۇنىڭغا نەزەر سېلىڭ، تەپەككۇر قىلىڭ، مۇلاھىزە قىلىڭ، ساپ خىيالىڭىز بىلەن ئويلاپ كۆرۈڭ، چوڭقۇمكى سىز ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ سىرلارغا يېتەلەيسىز، ئۇنىڭدىكى رەڭگا- رەڭ كۆرۈنۈشلەر، زامان ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋاقىت سائەتلەر نىمە دېگەن نىزامىلىق! نىمە دېگەن پۇختا رەتلەنگەن ھە!
مەزكۇر كۆك گۈمبەز ئاجايىپ ھەقىقەتلەر بىر- بىرسى بىلەن ئۇچراشقان، كۆك ئاسمان، ئاتمۇسفىرا قاتلىمى، نەملەشكەن بۇلۇتلار،قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى، ئاددىسى پاشا چىۋىنگىچىلىك تامامى نەرسىلەر ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرەت كامالىغا ۋەكىللىك قىلىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ.

## ئاسماندىكى ئاجايىباتلار

سىز سېخىلىقنى قىلچە يۇشۇرماي يۈزلىرىدىن دەۋرانە- دەۋرانە نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇرغان تولۇن ئايغا قاراڭ، تاڭدىكى سۈبھىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئىقبالىغا نەزەر سېلىڭ، كۈلۈمسىرەپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراڭ، تاڭ ئالدىدىكى چولپان يۇلتۇزغا قاراڭ، ئۇ خۇددى قارىسىڭىز قارىغۇڭىز كېلىدىغان يۈزلىرى توغاچلانغان بوۋاققا ئوخشايدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىپ تېخىمۇ يىراقلارغا نەزەر سېلىڭ. ئاسماندىكى ئاچا- سىڭىل يۇلتۇزلار تور شەكلىدە ئورۇن ئالغان رەتمۇ- رەت يۇلتۇزلار سىزگە ئاجايىپ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇكى، قانچىمىڭلىغان يىراقلاردىن نۇر تاشلاپ تۇرغان مۆجىزىلىك يۇلتۇزلار ئىمانىڭىز ۋە روھى دۇنيايىڭىزنى يۇرتىدىغان نۇرلاردۇر.
سىز چوقۇم اللەنىڭ قۇدرىتىگە ئۆز ئىرادىڭىز بىلەن ئىشىنىدىغانلاردىن بولۇپ قالىسىز، تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە سىزنى ھەقىقى ئىمانغا باشلايدۇ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كۆرسەتكەن:

{ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ (تەۋھىد پارىسىدا) قەتئى ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق}، (ئەنئام سۈرىسى 75- ئايەت).

دېمەك شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشتى.

{ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن) بۇ مىنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، "مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى" يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى ياقتۇرمايمەن دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ، (يۇقۇرىقى ئۇسۇل بويىچە) "بۇ مىنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر" دىدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، "ئەگەر پەرۋەردىگارىم منى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن" دېدى.ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى (يۇقۇرىقى ئۇسۇل بويىچە) "بۇ مىنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر. بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن چوڭدۇر) دىدى." قۇياش پېتىپ كېتىۋېدى، ئۇ ئېيتتىكى "ئى قەۋمىم: مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا جۇدامەن."} (ئەنئام سۈرىسى 76-77-78- ئايەتلەر).

ئەنە شۇنداق ئىلاھى سىرلار ھەر بىر يارىتىلمىشلاردا بولغىنى ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق بۈيۈك قەسەم قىلغان:{ يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن، شۈبھىسىزكى ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار اللەنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر.} (ۋاقىئە سۈرىسى، 75-76-ئايەتلەر)

اللە ياراتقان بۇ نەرسىلەر شۇ قەدەر بۈيۈك بولغىنى ئۈچۈن اللە مۇنداق دەيدۇ:{ سىلەرنى يارىتىش مۈشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۈشكۈلمۇ؟ اللە ئاسماننى ياراتتى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم كۈتىسىز قىلدى، ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى.} (نازىئات سۈرىسى 27-28-29-30- ئايەتلەر).

سىز اللەنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى ھەققىدە يەنىمۇ ئويلۇنۇپ كۆرۈڭ:{ ئۇلارغا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز-دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز-دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ، كۈن بەلەيلەنگەن قايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غايىپ،

ھەممنى بىلگۈچى اللەنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر، ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ،كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى) كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ.} (ياسىن سۈرىسى 37-40- ئايەتلەر).

## ئۆز تىلى بىلەن ئىقرار قىلغان گۇۋاھلىق

نىيۇروك پەنلەر ئاكامدىيىسىنىڭ سابىق رەئىسى مۇنداق دېگەن:" ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۇ قەدەر تەرتىپلىك ۋە نىزاملىق ئورۇن ئېلىشلىرى ھەگىزمۇ تاسادىپى ئەمەس. ئاي ئۆز ئايلىنىش ئوربىتىدىن زىمىن تەرىپىگە بىر ئاز يېقىن لىنىيە تۇتۇپ ھەرىكەت قىلغان بولسا، دېڭىز، ئوكيان- ئارال قىرغاقلار ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان توقۇنۇشلار پەيدا بولغان بولاتتى. زىمىن ئەلۋەتتە ھالاكەت گىرداۋىغا دۇچ كېلەتتى."

قۇياش ئۆز ئوربىتىدىن چەتلەپ زېمىن تەرىپىگە بىر ئاز يېقىن يۆتكۈلۈپ ھەرىكەت قىلغان بولسا، زېمىن ئوربىتىدىكى بارلىق نەرسىلەر زېمىن بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتكەن بولار ئىدى.قۇياش ئۆز ئورنىدىن زېمىن يۈزىدىن بىر ئاز يىراقلاپ كەتكەن بولسا زېمىن ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر مۇزغا ئايلىنىپ قالار ئىدى.

شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز لىنىيىسىدە سەيرە قىلىدۇ. مانا بۇ ئىشنى ئالدىنئالا بىلگۈچى ھەممىدىن غالىپ اللانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. اللە ئاسماننى تۈۋرۈكسىز توختاتتى، سىز تۈۋرۈكسىز كۆتۈرۈلىپ تۇرىدىغان ئۆگزىنى كۆردۈڭىزمۇ؟؟؟

ئەنە شۇنداق ئىلاھى ھېكمەت ۋە قۇدرەت مانا مەن دەپلا چىقىپلا تۇرغان يارتىلمىلارداغا نەزەر سېلىش مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەپپەككۇر ئەيلەش ئىماننى يۇرۇتۇپ بېرىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دېگەن:{ شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زىمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىشىدا، ئەقىل ئىگىللىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار.} (ئال ئىمران سۈرىسى 190- ئايەت)

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ ھەققەتەن بىز قۇرئاننى چۈشۈنۈشكە (ھېپزى قىلىشقا ۋە مۇلاھىزە قىلىشقا) ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ.} (قەمەر سۈرىسى

17-ئايەت)

ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللەنىڭ كارامەتلىرى، كۆك گۈمبەزلىك ئاسماننىڭ ئاستىدىكى تامامى نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى ئاللەنىڭ كارامەتلىرىدىن بىر تامچە ھىسابلىنىدۇ. بىز ئاسماندىكى نەزەرىمىزنى يىغىپ زېمىنغا نەزەر تاشلىساق ئاللەنىڭ بۈيۈك قۇدرەت- كامالىنى كۆرسۈتۈپ تۇرىدىغان يەنە نۇرغۇن كارامەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

## قوشماق ئاچا سىڭىللار

سىز ئېچىلغان غۇنچىنىڭ چېچەك ۋە بىر- بىرىگە تۇتاش ئىنتايىن چىرايلىق دۈگىلەشكەن يۇپۇرماقلىرىغا قاراڭ، مەزكۇر غۇنچىنى ئۈندۈرگەن تۇپراق ھاۋا ۋە سۇغۇرۇلغان سۇ ئوخشاش بىر چىنلىقتا ئىگە، ئەمما گۈلنىڭ ھەر بىر پۇرەكلىرى ئاجايىپ يارىشىملىق رەڭ ئالغان ۋە بىر- بىرىگە ماسلاشقان، ئۇنىڭدىن سىرت ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان پۇراقلار ئادەمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ. سىز بىرەر قېتىم ئۆز- ئۆزىڭىزدىن سوراپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇ قەدەر يېقىملىق مايسېنى كىم ئۈندۈرگەن؟ كىم ئۇنىڭغا شۇ قەدەر گۈزەل سۈپەتلىك رەڭلەنگەن، ئۆزلىكىدىن بولۇپ قالىدىغان نەرسىغۇ يوق، ئەگەر بولۇپ قالىدىغان بولسىمۇ بۇ قەدەر يېقىملىق، رەتلىك، پۇراقلىق، رەڭگارەڭ سۈپەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ قالامدۇ؟؟

بىز بۇ سۇئالنىمۇ ئىلگىرى ئىقرار سۇئالى تەرىقىسدە پەرۋەردىگارىمىزدىن سوراپ بولغان.

{ئاسمان ۋە زىمىنلارنى ياراتقان،سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، ئاللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر، زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان،ئۇ نىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى كىم قىلغان؟ ئاللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ

دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنە ۋەز -نەسىھەت ئالىسىلەر، قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بىشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) اللە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئىنساننى دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ اللاھدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)، ئېيتقىنكى، "(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىللىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار.} (نەمله سۈرىسى 60-64- ئايەت).

## ئېشەكچىلەر ئۈچۈن زېمىندا ئاجايىپ ئالامەتلەر بار

سىز ئۈستىدە ياشاۋاتقان زېمىن تەۋرەنمەي مۇستەھكەم يۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ خىل ھەرىكەت بىلەن دەۋر قىلىدۇ. يېڭى ئىلىم پەننىڭ ئىسپاتلاپ چىقىشىچە:زېمىن ئۆز لىنىيىسىدە سائەتتە 1000مىل سۈئەت بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. زېمىن قۇياش ئەتراپىدا سائەتتە 65000 مىل سۈرئەت بىلەن ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇياش سېستىمىسىدىكى يۇلتۇزلار ئەتراپىدا ھەر 200.000.000 يىلدا بىر قېتىم كامىل ئايلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە زېمىن ئۇ قەدەر بۈيۈك سۈرئەت بىلەن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ اللە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

اللە تائالا مۇنداق دېگەن:{ اللە سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار.اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.} (مۇلك سۈرىسى 15- ئايەت)

زېمىن بىر تەرەپتىن بىز ئۈستىگە مىنىپ سەپەر قىلىدىغان تۆگىگە ئوخشسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىيرغا ۋە ساغلىققا ئوخشايدۇ، ئۇ بىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز نېئمەت ئاتا قىلىدۇ. سىز زېمىن تەييارلاپ بېرىۋاتقان زىرائەت مايسىلار، گۈل- گىياھلار، مېۋە-چېۋىلەر، يەر ئاستى ۋە ئۈستى قات بايلىقلىرى ۋە دەريا ئۆستەڭلىرىگە نەزەر سېلىڭ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن:{ سىلەر اللەنىڭ نېئمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كافىر ئادەم، شەك- شۈبھىسىزكى، زولۇم قىلغۇچىدۇر (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرلىق قىلغۇچىدۇر.}

(ئىبراھىم سۈرىسى 34- ئايەت).

كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كائىنات كىچىككىنە زەررىدىن باشلاپ ئەڭ چوڭ پلانىتلارغىچە ياراتقۇچىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

## ئۈرۈقنىڭ مېۋىسى

سىز بىر دانە ئۈرۈقنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، ئىنسانلار ئۇنى ئىستىمال قىلىش بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. بىر تال ئۈرۈق يەرگە كۆمۈلگەندە ئۇنىڭدىن ئۆسكەن مايسا بىر باشاقنى مېۋىلەپ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، بىر باشاقتىن 50 تىن 100 گىچە دانىنى ئارتۇق ئالغىلى بولىدۇ، بۇ مەسىلە ھەممە ئادەمگە مەلۇم.

سىز بىر باشاقنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئۇۋۇلىسىڭىز بىر مۇنچە دانلار ئايرىلىپ چىقىدۇ، ھەر بىر دانغا نەزەر سالسىڭىز ئۇنىڭ ئۈرىقى، نۇرانە شەكلى خۇددى مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن سېرىق ھەر بىر دان ئۆز تەركىۋى يەنە نەسلى قالدۇرۇش خۇسۇسىيتىنى ساقلاپ قالغان، بىر تال دانىنى تېرىسىڭىز 100 دانە دانىنى بېرىدۇ. 100 دانىنى تېرىسىڭىز 10000 دانە دان بولىدۇ. ئۆزىڭىزدىن سوراپ كۆرۈڭ: بۇ ئۆزۈقلۇق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، نۇرانە تۈرقى، دۇردانە- دۇردانە دانلارنىڭ بىرىكمىسى بولغان بىر باشاق دانلىرىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شۇ قەدەر پۇختا يېپىنچىسى بىلەن يېپىۋالغان ياپىللىرى، ئۇچار قۇشلارنىڭ يەۋالماسلىقى ئۈچۈن مىخ بولۇپ قادىلىپ تۇغان قىلتىرىقلىرى نېمە دېگەن يۇقىرى تېخنىكىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان! بۇنداق پۇختا ماھارەتلىك كەشپىياتنى كىم ئىجات قىلغان؟؟؟!

بىز مېۋىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئورۇقچىسىنى (ئۇشكىسىنى) تاشلىۋېتىمىز، ئۇ بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ئەھمىيەتسىز بىر نەرسە ھىساپلىنىدۇ. لېكىن ئەشۇ ئۇچكە بولمىغان بولسا مېۋىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئورۇق ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىدە، بىر- بىرى بىلەن چاڭلىششىدا بىرگە بىر نەچچە يۈزنى ئىشلەپ چىقىرىپ بىرىشتە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدۇ؟ بىز بۇلارنى بىرەر قېتىم مۇلاھىزە قىلىپ كۆردۇقمۇ؟؟؟

## ئۇژمە يوپۇرمىقى

ئۇژمىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى ھەممىگە مەلۇم. ئۇژمىنىڭ يوپۇرمىقىمۇ

ئۇنىڭ مۇۋسى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەنپەئەت ئاتا قىلىدۇ.

يۇقىرى ۋە تاتلىق بولىدۇ. ئۇنى پىلە قۇرتىغا بەرسەك بىزگە يىپەك ئىشلەپ بېرىدۇ. ئۇنى بۇغا يېسە ئىنتايىن گۈزەل ئىپار ئاتا قىلىدۇ. ھەسەل ھەرىسى يېسە ھەسەل ئىشلەپ بېرىدۇ. ھەزىم قىلىنىش تەركىۋى بىر خىل بولغان مەزكۇر يۇپيۇرماق خىلمۇ- خىل مەھسۇلاتنىڭ ماددىسى بولالايدۇ. لېكىن بۇنىڭغا نەزەر سالىدىغان ۋە تەپەككۇر قىلىدىغانلار نەدە؟؟؟

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقى كورلۇق كۆزنىڭ كورلىقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلىقىدۇر)، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ.} (ھەج سۈرىسى 46- ئايەت).

## تۇخۇم

بىز كۈندە دېگۈدەك تۇخۇم ئىستىمال قىلىمىز. كىم تۇخۇم ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ كۆردى؟ ئۇنىڭدا خۇددى ھەزرىتى ئىمام ئەھمەد مۇلاھىزە قىلغاندەك ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر بار.

ھەزرىتى ئىمام ئەھمەتتىن بەزى دىلى قاراداپ كەتكەن دىنسىزلار اللەنىڭ ۋۇجۇدى ھەققىدە سۇئال سورىغاندا، ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:" بۇ يەردە تۇخۇمدىن ئىبارەت تۆكسىز ئاپئاق پۇختا بىر قورغان بار. ئۇنىڭ ئىشكىمۇ ۋە دەرىزىسىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئىچى سۇيۇقلۇق كۈمۈش ۋە سېرىق ئالتۇن، ئۇ شۇنداق يۇرۇپ ئاستا- ئاستا يېرىلسا ئۇنىڭ ئىچىدىن يېقىملىق ئاۋازى بار ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ۋە ئاڭلايدىغان بىر ھايۋان چىقىدۇ. ئۇنى بىز چۈجە دەپ ئاتايمىز. ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ، چۈجە تۇخۇمدىن چىقىپلا يەرنى چوقۇلاشقا باشلايدۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ياكى باشقا توخۇنىڭ يەر چوقۇغۇننى كۆرگەن ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ چۈجىگە يەر چوقۇلاشنى كىم ئۆگەتتى؟ بىز بۇ يەردە بىر ئاز بولسىمۇ ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك، مۇلاھىزە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ پەقەت اللەنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەقسەت بىز چوقۇم اللەنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشىمىز

ۋە ئۇ زاتتىن قورقىشىمىز كېرەك. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:{ اللەنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللەدىن بەك قورقىدىغانلار ئالىملاردۇر.} (پاتىر سۈرىسى 28-ئايەت).

## تەبئى ئەقىل

### (ساغلام تەبئەت، يارتىلما ھىدايەت)

ھاياتىدا بىرەر كۈنمۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ساغلام تۇيغۇسى بىلەن اللەنىڭ ۋۇجۇدى ھەققىدە مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: تېزەك (ماياق) تۆگىنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىز ماڭغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولغىنىكەن بۇ ھەيۋەتلىك ئاسمان، ئارال تۈپپۈلۈك- تاغ ۋە تۈزلەڭ قاتارلىق بىپايان زېمىن ۋە دولقۇنسىمان دېڭىز ئەلۋەتتە ياراتقۇچىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا دەلىل بولمامدۇ؟؟ مەزكۇر ئادەم ئۆز تەبئى تۇغۇلما خاراكتېرىدىكى ھىدايەت سىزىمى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان دەلىللىرى ئوقۇغۇچىلارنى اللەنىڭ ۋۇجۇدى ھەققىدە شەكتە قالدۇرۇشقا ئورۇنۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان دىنسىز ئۇستازنىڭ ئالدىدىكى گەپنى تىڭشاپ تۇرۇپ رەددىيە قايتۇرىۋاتقان مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەزكۇر دىنسىز ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دېگەن:" ئوقۇغۇچىلار! سىلەر مېنى كۆردۈڭلارمۇ؟" ئوقۇغۇچىلار: ھە كۆردۇق.

ئەپەندى: ئۇنداقتا مېنىڭ ۋۇجۇدۇم بارمۇ؟

ئوقۇغۇچىلار: بار كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

ئەپەندى: ئۇنداقتا سىلەر اللەنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى گەپ باشلاپ مۇنداق دېدى:ساۋاقداشلار! ئۇستازنىڭ ئەقلىنى كۆردۈڭلارمۇ؟؟ ساۋاقداشلار:ياق كۆرمىدۇق، ئۇنداق بولسا ئۇستازنىڭ ئەقلىمۇ يوق بولدىغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن دىنسىز ئەپەندىنىڭ بىردىنلا تىلى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.اللە ھەق گەپ بىلەن دىنسىز ئەپەندىنى يەرگە ئۇردى. سىز يورىۋاتقان چىراقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نۇرىنى ئىنكار قىلالمايسىز، ئۇ چىراقنىڭ توك سىمى ئارقىلىق ئۆتۈشۈپ كېلىۋاتقان توك دولقىنى بولمىسا چىراقنىڭ يانمايدىغانلىقى ئېنىق، چىراقنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرۇپ توك دولقىنىنى كۆرمىگىنى ئۈچۈن توكنى يوق دەپ ئېيتىشقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ، ئەگەر ئەكسىچە چىراق يانغان بىلەن توكنى كۆزۈم كۆرمىگىچە ئىشەنمەيمەن دېسە، باشقىلار بۇ ئادەمنى ئەقلىدىن ئاداشقان دەپ ئاتايدۇ

## ئۆز نەپسىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار

اللەنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە چىنپۈتمەيدىغان (ئىشەنمەيدىغان) ئىنسان ئەسلىدە ئۆزىمۇ اللەنىڭ ۋۇجۇدىغا دەلىل بولىدىغان اللەنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىدى. جۈملىدىن ئىنسانلاردىمۇ اللەنىڭ قۇدرەت كامالىنى مانا مەن دەپلا كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ساناقسىز ئالامەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دېگەن:{ ئۆزەڭلاردا اللەغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟}

سىز كۆز، بۇرۇن، ئېغىز ۋە قۇلاق قاتارلىق ئەزالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىرايلىق يۈزگە قاراڭ!

بۇ قەدەر چىرايلىق يۈز 4 خىل سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرىسىز. مەسىلەن: كۆزدىن چىققان سۇ تۇزلۇق بولىدۇ. بۇرۇندىن چىققان سۇ ئاچچىق- چۈچۈك بولىدۇ. ئېغىزدىن چىققان سۇ تاتلىق بولىدۇ. قۇلاقتىن چىققان سۇ خالىس ئاچچىق بولىدۇ. ئەمما بۇ سۇ قاچىلانغان ئورۇن بىر، ئۇ بولسىمۇ باش ئىدى. سىز بۇنى ئويلۇنۇپ كۆرگەنسىز!

كۆزنىڭ سۈيى ئاچچىق-چۈچۈك بولۇشى بۇرۇنغا كىرىپ كېلىدىغان هاۋانى ساپلاش ئۈچۈن، ئېغىزنىڭ سۈيىنىڭ تاتلىق بولۇشى تائامنىڭ لەززىتىنى تېتىش ئۈچۈن، قۇلاقنىڭ سۈيىنىڭ ئاچچىق بولۇشى هاشارەت ۋە ئۆمۈلۈگۈچى جاندارلارنىڭ ئىنسان بىخەستە ۋاقتىدا قۇلاق ئىچىگە كىرۋالماسلىقى ئۈچۈن قويۇلغان توسمىدۇر.

## خۇلاسە

اللەقا بولغان ئىشەنچىسى كامىل بولمىغىچە اللەنى توندى دېگىلى بولمايدۇ. اللەنى كامىل تونۇمىغىچە اللەدىن هەقىقى قورقۇش ئەمەللەشمەيدۇ. بىز ئەنە شۇنداق يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان، قۇلاقنى جاراڭلىتىدىغان سان- ساناقسىز ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ اللەنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار قىلمامدۇق؟ هەتتا بىزدىن بىرەر ئادەم سوراشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئاددى "اللەنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى هەققى نېمە؟" دېگەنچىلىك بىر سوئالنى سوراپ باقمايدۇ......

# دىققەت!

# الله سىزگە خىتاب قىلىۋاتىدۇ!

ئاپتورى: مۇھەممەد ھەسسان

تەرجىمە قىلغۇچى: ت.شەھىدى

بۇ رىسالىدا:

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كاتتا مۆجىزىلىرى...**
**مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى ...**
**خۇش بىشارەت ئال، چوقۇم نۇرغۇنى سەن بىلەن بىرگە!!**
**سەن ئەڭ ياخشىسى...**
**ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قېلىشتىن دىققەت قىل!!!**

بۇ رىسالە:

**قۇرئان بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغانلارغا...**
**قۇرئاننىڭ ھىدايىتى بىلەن ھەيرەتتىن قۇتۇلۇپ توغرا يول تاپقانلارغا...**
**ۋەھيىگە ئاشىق مۇھەببەت پىدائىيلىرىغا...**
**مانا بۇ قۇرئاننىڭ ھەققى...**

## مۇقەددىمە

**پۈتۈن ھەمدۇ- سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر، اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە،اللەنىڭ شېرىكى يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن.اللە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇ زاتقا، ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرىغا، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلەرگە، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە ۋە ئۇنىڭ توغرا يول كۆرسىتىشى بىلەن ھىدايەت تاپقان، ئۇنىڭ مۇبارەك سۈننىتىنى يول تۇتۇپ ئۇنىڭ ئىزىغا ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت قىلسۇن.**

**بۇ بىر ئۇلۇغ تېما بولۇپ قۇرئان كەرىم توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلدۇ. قۇرئان كەرىم بولسا جانابى اللەنىڭ سۆزىدۇر، قۇرئان كەرىم بولسا ئۇ يېتەرلىك پاكىت، كۈچلۈك دەلىل؛تولۇق كاپالەتكە ئىگە تۈگىمەس نېمەت، قەلب دورىسى؛ ئىشلار قالايمىقانلاشقاندا ئادىل ھۆكۈمدۇر.**

**ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان كەرىم اللەنىڭ مۆجىزىلىك كالامى، قۇرئاننىڭ كېلىش مەنبەسى ئۇنىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ ئىسپاتى، يەنى سېنىڭ پەقەتلا قۇرئان كەرىمنىڭ كېلىش مەنبەسى اللە تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭنىڭ ئۆزىلا قۇرئان كەرىمنىڭ شەكسىز مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭنى لازىم تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇ اللەنىڭ كالامىدۇر.**

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كاتتا مۆجىزىلىرى

جانابى اللە ئۆز پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ لېكىن بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتىسى ۋە دائىمى مۆجىزە خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلگىنى قۇرئان كەرىم مۆجىزىسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق بولۇشتا جانابى اللە ئۆز پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەدەبىيات ۋە ئىستىلىستىكىلىق سۆز سەنئىتىدە ۋايىغا يەتكەن مۇھىت كىشىلىرى ئىچىدە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇ سەۋەپلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دەۋەت ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجە بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئالاھىدە ئۈستۈن ۋە ئوخشىشى يوق، ھېچكىم تەڭ كىلەلمەيدىغان سۆز بىلەن دەۋەت ئېلىپ بېرىشىغا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى اللە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى مۇسابىقىگە چاقىرىپ (يەنى مۇنازىرە ئېلان قىلىپ)، بۇ مۆجىزىلىك كىتاب-قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان. بۇ مۇسابىقە پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىگىلا خاس مۇسابىقە بولماستىن،بەلكى ھەر دەۋر ئىنسانلىرىغا قاتنىشىش پۇرستى كەڭ ئاممىباب مۇسابىقە. بۇمۇسابىقىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر ھەتتا قىيەمەتكىچە داۋاملىق كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىش كەتمەيدۇ.

1.قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە مەيدان تەلەپ كىلىش

جانابى اللە بۇ قۇرئان كەرىمنى ئەدەبىيات ۋە پاساھەت غايەت قەت كۆتەرگەن مۇھىتتا پەيغەمبەر ئەلەيسسالامغا نازىل قىلغاندا كاپىرلار، قۇرئان ئادەتتىكى سۆز، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەدەبىي ۋە پاساھەت ئۈستۈنلىكى يوق چۈنكى ئۇنى مۇھەممەد ئۆزى تۈزۈپ چىققان ئەسەر دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەتتە بولغان. شۇنىڭ بىلەن جانابى اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:{ ئېيتقىنكى،"ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر- بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ"}. يەنى ئىنسانلار ئەمەس جىن تائىپىسى بىلەن كۈچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى ئەسلا كەلتۈرەلمەيدۇ. (سۈرە ئىسرا 88-ئايەت)، دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ پۈتۈن ئىنسان ۋە جىن تائىپىسىگە بالاغەت ۋە پاساھەت جېڭى ئېلان

**قىلىشنى بۇيرىغان.**

2.ئون سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە مەيدان تەلەپ قىلىش

**ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىزلىق قىلغان قىلغان چاغدا جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، ئۇنداق بولسا قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئون سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىرىپ مۇنۇ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:{ ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى،" (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشلەرنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار" (ھۇد سۈرىسى 13- ئايەت). مانا بۇ مۇنازىرىچىلەر ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئىسپاتلاشتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇسلۇب بولۇپ، يەنى سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ بۇ (يەنى قۇرئان كەرىم) توقۇلما دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ توقۇلمىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ باقمامسىلەر قېنى؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ئاجىزلىق قىلىسىلەر.**

3.ئاخىرىدا بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە مەيدان تەلەپ قىلىش:

**ئۇلار ئون سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىزلىق قىلغاندا جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە يەڭگىللىتىپ، ئۇنداق بولسا بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار ئەمىسە دېگەن ئاساستا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:{ بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار. (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار- ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر، كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار}، (سۈرە بەقەرە 23- 24 -ئايەت). مەزكۇر ئايەتتە كەلتۈرۈلگەن "لىن (يەنى لەن)" ئىبارىسى قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىدىن بىرەر سۈرىنى ھازىرمۇ كەلتۈرەلمەيسىلەر، كېلەچەكتىمۇ قەتئى كەلتۈرەلمەيسىلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.**

**شۇ جەھەتتىن كۆپ سانلىق تەپسىرشۇناس ئالىملار، {الم}، {حم}، {كهيعص} قا ئوخشاش قۇرئان كەرىمدىكى بىر قىسىم سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار،**

مەككىلىك ئەرەبلەر ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى سۆزلىشىدىغان ئەرەب ئىلپىيە ھەرپلىرىدىن ئىبارەت، ئۇنداق بولغان ئىكەن قېنى بۇھەرپلەر بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ؟ دېگەن مەزمۇندا تەپسىر قىلىنغان.

بۇ مەيدان (يەنى مۇنازىرە مەيدانى) ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە.

## ئۇلار قۇرئان كەرىمدىن قورقىدۇ؟؟!!

قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشتىن قورقىدىغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە؟؟ چۈنكى ئۇلار قەلبىدىكى كۈپرىدىن ئىبارەت تەرسالىقنى قۇرئان كەرىمنىڭ يەرگە ئۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە قارىتا ئەقلى ۋە ئىدىيىسى ساغلام بولغانلىرىنى قۇرئان كەرىم ھەر تەرەپتىن ئۆزگەرتىدۇ.

شۇجەھەتتىن جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە تەۋسىيە ۋە ۋەسىيەتلىرىنى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلمىساقمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ سۈرە فۇسسىلەت 26- ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{ كاپىرلار:" بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئىلىشتۈرۈۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن" دەيدۇ} يەنى قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، كۆڭۈل بۆلمەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار مۇھەممەد ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەگەر ئۇلار قۇرئان كەرىمگە ھەقىقى رەۋىشتە قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان بولسا، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىپ، توغرا يولغا قايتۇرىشى شەكسىز بىلىشىدۇ. قانداقمۇ ئۇنداق بولمىسۇنكى، جانابى ئاللاھ ئەگەر بۇ قۇرئان كەرىمنى تاغقا نازىل قىلغان بولسا، تاغ ئاللاھتىن قورقۇپ باش ئېگىپ، يېرىلىپ كېتىدىغانلىقى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىندۇ:{ ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز.} (سۈرە ھەشر 21- ئايەت)

## بەلكى ئۇلار قۇرئان كەرىمگە قۇلاق سالغاندا ئۆزلىرىنى ئۇنتىغان ئىدى!

ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاپ،قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان هالدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئارقىسىدا دەرھال سەجدىگە كەتكەنلىكىدىن تەئەججۈپلىنىش كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ :"پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۈرە نەجمنى ئوقۇپ سەجدە قىلغاندا، ئۇ زات بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار ھەتتا جىنلارمۇ سەجدە قىلغان" (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

كۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ھەرەمگە بارىدۇ، ھەرەمدە قۇرەيش (كاتتىلىرى) ئۆز- ئارا سۆھبەتتە ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نامازدا سۈرە نەجمنى باشلاپ،{ قىيامەت يېقىنلاشتى.ئۇنىڭ ئاللاھتىن باشقا كەشپ قىلغۇچى (يەنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلگۈچى ياكى ئۇنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلغۇچى) يوقتۇر. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) مەسخىرە قىلىپ بۇ قۇرئاندىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟ (ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا) كۇلەمسىلەر؟ يىغلىمامسىلەر؟ سىلەر غاپىلدۇرسىلەر. ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار.} (سۈرە نەجم 57-62- ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر ئاخىرلاشقاندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام پەرۋەردىگارىغا سەجدىگە باش قويىدۇ، ئۇلار سەجدىدىن باش كۆتەرگەندە بۇ ئىشنى تەكەببۇرلۇقى ۋە تەرسالىقىدىن ئىنكار قىلىشىدۇ، لىكىن ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ شانلىق ھەيۋىتى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان هالدا سەجدە قىلىپ تاشلىغان.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ھەققى

قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتى باشقا ھەر قانداق سۆزگە نىسبەتەن، جانابى ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىغا بولغان پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى جانابى ئاللاھ بالاغەت، پاساھەت ۋە بايان قاتارلىق سۆز سەنئىتى ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا، بۈيۈك ئەدىپ ۋە ئالىملار ھەممىسى بىر ئارىغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ پەزلىتىنى بايان قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. لېكىن بىز قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتىنى تونۇپ، قەدرىنى بىلىش مەجبۇرىيىتىمىزنى تۇرغۇزىۋىلىشىمىز ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلەتلىرىگە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ سۆزى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرى ئارقىلىق يېقىنلىششقا تىرىشىمىز.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قەلبىگە نازىل بولۇشتا سەرلەۋھەلىك قىلىپ تاملارنى تام ۋە ئۆيلەرنى زىننەتلەشكە، ياكى شەخسى ماشىنلارنىڭ ئارقىسىدا

قويۇپ قويۇشقا ياكى كۆز مونچاق قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشقا، ياكى رامىزاندا بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم خەتىم قىلىپ،رامىزاندىن كېيىن تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ توپا ئاستىدا پەرۋاردىگارىغا شىكايەت قىلىشقا نازىل قىلىنمىغان. قۇرئان كەرىمگە ئەقىل كۆزىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ كالامى بويىچە نەزەر قىلىدىغان بولساق ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ساناپ بولغىلى بولمايدىغان ھەققى بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. قۇرئان كەرىم شۇنداق بىر ھىدايەت نۇرىكى، بىزنى توغرا يولغا باشلاپ، قاراڭغۇ زۇلمەتتىن نۇرغا چىقاردى.شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**1.قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش:**

جانابى ئاللاھ بىزنى قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىشنى ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:{( ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋاردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز- نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر} (سۈرە ئەراپ 3-ئايەت)

يەنە جانابى ئاللاھ سۈرە زۇمەر 55-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{ سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار}. شۇنىڭدەك جانابى ئاللاھنىڭ:{ بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىملەركى كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر} (سۈرە بەقەر 21-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:" يەنى ئۇ قۇرئان كەرىمگە تېگىشلىك رەۋىشتە ئەگىشىدۇ".

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدىن يۈز ئۆرۈشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:{ (ئى مۇھەممەد !) ساڭا ئۆز تەرىپىمىزدىن قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق. كىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى (چوڭ گۇناھتىن)ئېغىر يۈك يۈكلىنىدۇ. (ئۇ گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن ئازابنى مەڭگۈ تارتىدۇ) قىيامەت كۈنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ يۈك نېمىدىگەن يامان!} (سۈرە تاھا 99-101- ئايەتلەر). يەنە بىر ئايەتتە قۇرئان كەرىمدىن يۈز ئۆرۈش ئەڭ قاتتىق زۇلۇم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:{ پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن، پەند- نەسىھەت قىلىنغان،ئۇ ئايەتلەردىن يۈز

ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ). } (سۈرە كەھف 57-ئايەت)

**2.مەنە ۋە مەزمۇننى مۇلاھىزە قىلىپ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن قائىدىلىك ئوقۇش:**

جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان كەرىمنى قائىدىلىك، تەرتىپلىك ئوقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:" قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە- دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن" (سۈرە مۇزەممىل 4-ئايەت)، شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئەبى ئۇمامەتىل باھىلى مۇنداق دەيدۇ:" مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ" قۇرئاننى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىسىگەشاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)، ھەزرىتى ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:" قورسىقىدا قۇرئان كەرىمدىن ھېچ بىر نەرسە يوق ئادەم خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ" دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى). جانابى ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ (بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز- نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر.} (سۈرە ساد 29-ئايەت).

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشتىن يۈزئۆرۈگەنلەرنى سۆكۈپ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)}. (سۈرە مۇھەممەد 24-ئايەت).

**3.قۇرئاننى (ئوقۇپ تۈرۈش بىلەن ئۇنىڭغا ) ۋاپا قىلىش (تاشلاپ قويۇپ) جاپا قىلماسلىق:**

ھەزرىتى ئەبى مۇسا ئەشئەرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:"قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇش، ھورۇنلۇقتىن تاشلاپ قويماسلىقتىن ئىبارەت ئەھدىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇڭلار! مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇرئاننىڭ (ئادەمنىڭ زېھنىدىن) قېچىشى باغلاقلىق تۆگىنىڭ قېچىشىدىنمۇ

ئېشىپ چۈشىدۇ (يەنى قۇرئاننى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇڭلار، ھورۇنلۇقتىن تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر ئوقۇماي تاشلاپ قويساڭلار تېزلا ئۇنتۇپ كېتىسلەر)" (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" چوقۇمكى، قۇرئان ئىگىسىنىڭ مىسالى باغلاقلىق تۆگىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، (ئۇنى ئوقۇپ تۇرۇش بىلەن) كۆڭۈل بۆلسە تۇتۇپ قالالايدۇ، (بىغەرەزلىك قىلىپ ئوقۇماي) قويىۋەتسە كېتىپ قالىدۇ. ( ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

يەنە ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" ئۈممىتىمنىڭ (قىلغان ياخشى ئىش- ئەمەلى) ھەتتاكى بىر ئادەمنىڭ مەسجىددىن چىقىرىۋاتقان چاڭ- توزانغا چاغلىق (ياخشى ئىشلىرىنىڭ) مۇكاپاتى ماڭا توغرا قىلىندى (يەنى كۆرسىتىلدى)، شۇنىڭدەك ئۈممىتىمنىڭ (قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ) گۇناھمۇ توغرا قىلىندى، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئىچىدە) قۇرئاننىڭ بىرەر سۈرىسى ياكى بىرەر ئايىتى بېرىلىپ (يەنى ياد ئېلىپ) ئاندىن ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنىڭ گۇناھىدىن چوڭ گۇناھ كۆرمىدىم" (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى).

**4.قۇرئاننى ھۆرمەتلەپ ئۇلۇغلاش:**

قۇرئاننى ھۆرمەتلەش ھەققىدە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن:{ ئىش مانا مۇشۇنداق، كىمكى دىنى ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر}. (سۈرە ھەج 32-ئايەت) شۇنىڭدەك جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىم ئوقۇلغاندا ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ شۈك تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:{اللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)}. (سۈرە ئەئراف 204- ئايەت).

شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمنى يادلىغان كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمگە بولغان ئېھتىرامىنى ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق بايان قىلغان:" قۇرئاننى كۆتەرگۈچى (يەنى يادلىغۇچى) باشقىلار ئۇخلاۋاتقان كېچىدە (قۇرئان ئوقۇش بىلەن)، باشقىلار روزا تۇتمايدىغان كۈندۈزدە (روزا تۇتۇش بىلەن)، باشقىلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغلاردا ئۆز قايغۇسى بىلەن، باشقىلار كۈلۈۋاتقان چاغدا ئۆز يىغىسى بىلەن، باشقىلار (ئەھمىيەتسىز قۇرۇق پاراڭغا) چۈمۈپ كەتكەندە شۈك تۇرۇش بىلەن، باشقىلار چوڭچىلىق قىلىپ ھاكاۋۇرلۇقتىن كۆرەڭلەپ كەتكەندە بېشىنى ئېگىپ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەتتە

بولۇش بىلەن تونۇلىشى لازىم".

پۈزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ:" قۇرئاننى كۆتەرگۈچىلەر (يەنى ياد ئالغۇچىلار) ئىسلام بايرىقىنى كۆتەرگۈچىلەردۇر".

شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمنى ياد ئالغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" ئاللاھ تائالا، ئىسلام ئۈستىدە ياشتىپ، قۇرئانغا-چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ۋە بىخەستەلىك قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئۆز ھەققىنى بەرگەن كىشىگە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ". (بۇخارى رىۋايىتى).

بۇنىڭ ھەممىسىدىن شۇنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئاللاھنىڭ كىتابىغا كۆزلىرىمىز بىلەن قاراپ خۇشاللىنىش، قەلبىمىز بىلەن چۈشىنىپ پايدىلىنىپ مەنپەئەتلىنىشىمىز ئۈچۈن ھەر بىرىمىز كۈندىلىك ئوقۇپ تۇرىدىغان نېسىۋىمىز بولىشى لازىم.

## بىشارەت ئال!چۈنكى سەن بىلەن نۇرغۇن (ياخشىلىق) بار

بەزى كىشىلەر قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئوقۇشنى قەتئىي بىلمەيدۇ، "ھاياتىم بويى قۇرئان ئوقۇپ باقمىدىم،قانداق قىلسام بولا؟" دەپ ھەسرەتتىن ئەلەم چېكىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئوقۇغان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزى بىلەن بىشارەت بېرىمىز. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم بۇ سۈرىنى ئاسانلا ياد ئالالايدۇ. سىز بۇ سۈرىنى قايتا- قايتا ئوقۇسىڭىز نۇرغۇن ئەجىرگە ئېرىشەلەيسىز. قايسى ۋاقىت ۋە قايسى ئورۇن بولۇشتىن قەتئىنەزەر سىز بۇ سۈرىنى ئوقۇشقا سەل قارىماڭ، شۇنداق قىلسىڭىز سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان سۆزلەر بىلەن تىلىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرگەن بولىسىز، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ بەدەنلىرىڭىز تىترەيدۇ، رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ دىللىرىڭىز يۇمشاپ ئارام تاپىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن:{ اللە سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز-نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن اللەنىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى اللەنىڭ رەھمىتى،

مەغفىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) اللەنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (اللە) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، اللە ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.} (سۈرە زۇمەر 23-ئايەت).

يەنە جانابى ئاللاھ:{ بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ.} (سۈرە بەنى ئىسرائىل 9-ئايەت).

سەن بۇ كىتابنى ئاشۇ بۈيۈك ئەجىر ۋە مۇكاپاتلارغا تەلپۈنگەن، شاپائىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئوقۇغىن. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" روزا بىلەن قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىسىگە شاپائەتچى بولىدۇ. روزا:" ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئۇنى كۈندۈزى يېمەك- ئىچمەكتىن توستۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن دەيدۇ، قۇرئان: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنى كېچىسى ئۇيقۇدىن قويدۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن دەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى شاپائەت قىلىدۇ دېگەن" (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە دائىم قۇرئاننىڭ شاپائىتىنى تىلەپ تۇرۇشىمىزغا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:" قۇرئاننى (دائىم) ئوقۇپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆز ئىگىسىگە قىيامەت كۈنى شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ" (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە ئۆز ئۈممەتلىرىنى باشقىلارغا ھەسەت قىلىشتىن توسقان،پەقەت ئىككى نەرسىدە ھەسەت قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن، "بىرى جانابى ئاللاھ قۇرئاننى بېرىپ، كېچە- كۈندۈز قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن بولغان كىشى؛ يەنە بىرى، جانابى ئاللاھ مال ئاتا قىلىپ،كېچە- كۈندۈز (ئاللاھ يولىدا) خەجلىگەن كىشى. مانا بۇ ئىككى كىشىگە ھەسەت قىلسا بولىدۇ". بۇ يەردىكى ھەسەتتىن مەقسەت، ئۇ كىشىنىڭ مېلىغا ھەسەت قىلىپ زايا بولۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ماڭىمۇ جانابى ئاللاھ مال- دۇنيا بەرسىكەن، ئاللاھ يولىدا ئاشۇ ئادەمدەك خەجلىسەمكەن دەپ ئۈمىدتە بولۇشتىن ئىبارەت. ئەمما شەرىئەتتە چەكلەنگەن ھەسەت قېرىندىشىڭنىڭ مال- دۇنياسى تۈگىشەپ ئۇنىڭ ئورنىغا سېنىڭ مېلىڭنىڭ كۆپىيىشىنى تەلەپ قىلىش.

## قۇرئان ئوقۇغۇچىلار ياخشىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى

بۇ ئۈممەت ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى؛ شۇنداقلا ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى. بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن يەنە ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەۋزىلى قۇرئان ئوقۇغۇچىلاردۇر. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئوسماندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" سىلەرنىڭ ياخشىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكۈچىلەردۇر" (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى). شۇنىڭدەك يەنە بىر ھەدىستە دائىم قۇرئان ئوقۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" قىيامەت كۈنى، (دۇنيادا) قۇرئان ئوقۇغۇچىلارغا، ئوقۇغىن ۋە (جەننەتنىڭ دەرىجىسىدە) ئۆرلىگىن، دۇنيادا (قۇرئاننى) قائىدىسى بويىچە تىلاۋەت قىلغاندەك تىلاۋەت قىلغىن، چۈنكى سېنىڭ (جەننەتتىكى) ئورنۇڭ سەن ئوقۇغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە توختايدۇ؛ (يەنى قانچىلىك كۆپ ئوقىساڭ جەننەتتىكى دەرىجەڭ شۇنچىلىك ئۈستۈن بولىدۇ). (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

## دۇدۇقلايدۇ ئىككى ئەجر ئالىدۇ

بەزىلەر بۇ بىشارەتتىن خوشاللانسىمۇ يەنە قەلبىنىڭ بىر يېرىدە قانداق قىلسام بولار؟ بىرەر ئايەتنىمۇ تۈزۈكرەك توغرا ئوقىيالمىسام، ئوقىغاندىمۇ ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن تەس ئوقۇيمەن دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. بىز بۇلارغا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسى بىلەن بىشارەت بېرىمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيالايدىغانلار ياخشى مۆكەررەم ئەلچىلەر (يەنى مۆكەررەم پەرىشتىلەر) بىلەن بىرگە بولىدۇ، كېكەچلەپ تەس ئوقۇيدىغانلار ئىككى ئەجرى ئالىدۇ" (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى) شەكسىزكى پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدىغانلارنىڭ ئورنى ئۈستۈن بولىدۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى تەس ئوقۇيدىغانلارغا ئوقۇغانلىق ئەجرى ۋە قىينالغانلىق ئەجرى بېرىلىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بەرمەكتە.

ئۇنداق بولغان ئىكەن بىز بۇ كىتاب يەنى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا سەل قاراپ ئۇنىڭ بۈيۈك ئەجرىدىن مەھرۇم قالماسلىقىمىز لازىم، مەيلى بىز بۇ مۆكەررەم پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولايلى ياكى ئىككى ئەجرى ئالىدىغانلاردىن بولايلى ھەرزامان قۇرئان

تىلاۋىتى بىلەن بولۇشقا تىرىششىمىز لازىم.

## قۇرئاننى تاشلاپ ئوقۇيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلغىن

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:{ پەيغەمبەر ئېيتتى:" ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى"} (سۈرە فۇرقان 30-ئايەت).

بۇ ئايەتتە جانابى ئاللاھ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى تاشلاپ قويغۇچىلار ئۈستىدىن پەرۋەردىگارىغا شىكايەتتە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

1.قۇرئاننى تاشلاپ قويۇش بىر قانچە خىل بولىدۇ: قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇشنى تاشلاپ قويۇش. قۇرئان تىلاۋىتىگە ئالاقىدار سۆزىمىز باشتا ئۆتتى.

2.ئاڭلاشنى تاشلاش،قۇرئان ئوقۇلغاندا دىققەت قىلماسلىق، شۈك تۇرۇپ ئاڭلىماسلىق. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:{ اللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)}. (سۈرە ئەئراف 204-ئايەت). بۇ ئايەتتىكى "رەھمەت" سۆزى قۇرئاننى پەقەت ئاڭلاپ قويۇشقا ئالاقىدار بولماستىن، بەلكى ئاڭلاش بىلەن بىرگە شۈك تۇرۇشقا ئەمرى قىلىنماقتا. بۇ، قۇرئان ئوقۇلغاندا ھەر قانداق ئىش-ھەرىكەتنى توختىتىپ قۇرئانغا قۇلاق سېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

3.قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنى تاشلاش:

مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك ئامىل. چۈنكى ئۆتكەنكى بۇ ئۈممەت جانابى ئاللاھنىڭ:{ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر- ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا،ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.} (سۈرە ئەھزاب 36-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ تەقەززاسىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ،{ ئۇلار:" بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق،پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر" دەيدۇ}، (سۈرە بەقەرە 285- ئايەت) دېيىش بىلەن، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى بىجانىدىل ئادا قىلىش، توسقانلىرىدىن قەتئى يېنىش بىلەن قۇرئان

كەرىمگە تولۇق ئەمەل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆگە، قوي باقىدىغان پادىچى ئەۋلادلىرىنى پۈتۈن ئۈممەتكە يېتەكچى ۋە رەھبەر قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان بۇ ئۈممەتنىڭ ھەدايەت تېپىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى، قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەقلىنى يورۇتۇپ ئەڭ توغرا يولنى تېپىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن:{ بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خوشخەۋەر بېرىدۇ. (يەنە مۇئمىنلەرگە خۇشخەۋەر بېرىدۇكى) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.} (سۈرە بەنى ئىسرائىل 9،10- ئايەت). شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنى قەتئى بىلىشىمىز لازىمكى،بۇ ئۈممەتنىڭ سائادىتى ۋە كارامىتى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمگە ئايەتمۇ ئايەت ئېسىلىپ، ھۆكۈم ۋە ئەمر- پەرمانلىرىغا مۇتلەق بويسۇنۇپ، ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشىلارنىڭ:{ (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق،} (سۈرە بەقەرە 285-ئايەت) دېگەن سۆزلىرىگە بىجانىدىل ئېسىلغان ھالدا پەرۋەردىگارىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىپادىلەپ، پەرۋەردىگارىدىن رازى بولغان ھالدا قۇرئانغا ھەقىقى شەكىلدە قايتىش بىلەن بولىدۇ.

## گەپ-سۆز، ئىش ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ

نەۋۋاس ئىبنى سەمئاندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە قۇرئانغا دۇنيادا ئەمەل قىلغانلار بىرگە كەلتۈرۈلىدۇ، سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمران خۇددى بۇلۇتتەك ئۆز ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ داۋالىشىدۇ (يەنى ۋۆز ئىگىسىگە پەرۋەردىگارىدىن شاپائەت تەلەپ قىلىدۇ)" ( ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىستىكى "دۇنيادا قۇرئانغا ئەمەل قىلغانلار" دېگەن سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئۈچۈن قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارى ئالدىدا شاپائەتچى بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

## ئاخىرىدا ئۆلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ھەيلەڭ

بەلكى بۇنىڭدىن قاتتىقراق بىر شەكىلدە ەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، قۇرئاننىڭ ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان، ياكى ئەمەل قىلغاندىمۇ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولمىغان كىشىنىڭ ئىلمى قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:" قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى شېھىد قىلىنغان بىر ئادەم بولۇپ، (ئۇ سوت مەيدانىغا) كەلتۈرىلىدۇ، ئاندىن (پەرۋەردىگارى) ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ (پەرۋەردىگارىنىڭ) نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭدىن ئۇ نېمەتلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سورايدۇ، ئۇ سېنىڭ يولىڭدا شېھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇشتۇم دەيدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن (دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) باتۇر- جەسۇركەن دېيىلسۇن دەپ ئۇرۇشتۇڭ، ھەقىقەتەن (دۇنيادا) شۇنداق دېيىلىپ بولدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. (دۇنيادا) ئىلىم ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان بىر ئادەم بولۇپ، (ئۇ سوت مەيدانىغا) كەلتۈرىلىدۇ، ئاندىن (پەرۋەردىگارى) ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەرنى تونۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ (پەرۋەردىگارىنىڭ) نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاندىن (پەرۋەردىگارى) ئۇ نېمەتلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سۈرۈشتە قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىپ ئۆگەتكەنلىكى ۋە پەرۋەردىگارى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن (دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ئالىمكەن دېيىلسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ، ھەقىقەتەن (دۇنيادا) شۇنداق دېيىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ، يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. (دۇنيادا) جانابى ئاللاھ كەڭرىچىلىك بېرىپ ھەر خىل مال ئاتا قىلغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ قىيامەت كۈنى (سوت مەيدانىغا) كەلتۈرىلىدۇ، ئاندىن (پەرۋەردىگارى) ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەرنى تونۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ (پەرۋەردىگارىنىڭ) نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئارقىدىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭدىن ئۇ نېمەتلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سورايدۇ، ئۇ ئىنپاق قىلىشنى ياخشى كۆرگەن بىر يولنىمۇ تاشلاپ قويماي ھەممىسىگە سەن ئۈچۈن ئىنپاق قىلدىم دەيدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن (دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ئىنتايىن سېخى كىشىكەن دېيىلسۇن دەپ قىلدىڭ، ھەقىقەتەن (دۇنيادا) شۇنداق

دىيىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ، يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. ( ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

مەزكۇر كىشىلەرنىڭ جىھادى، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ئىلمى ۋە قىلغان سەدىقىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولمىغان، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئابرويغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولغان. شۇ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى جەننەتكە ئەمەس، ئەكسىچە يۈزىچە دوزاخقا تاشلىنىشقا سەۋەپ بولغان .

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك، ھەم شۇنى قەتئىي بىلىشىمىز كېرەككى، ھەقىقەتەن بۇ قۇئان كەرىم قەبرىستانلىقتا ئوقۇلۇشقا چۈشۈرۈلمىگەندەك، سەرلەۋھەلىك قىلىپ تاملارنى ۋە ئۆيلەرنى زىننەتلەشكە، ياكى شەخسى ماشىنلارنىڭ ئارقىسىدا قويۇپ قويۇشقا ياكى كۆز مۇنچاق قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشقا چۈشۈرۈلمىگەن، شۇنىڭدەك ئۇنى تاشلاپ قويۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىغا شىكايەتتە بولۇشى ئۈچۈنمۇ چۈشۈرۈلمىگەن، بەلكى ئەمەلى ھاياتىمىزغا تەتبىقلىشىمىز ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت- سائادىتىمىز پەقەت ئىلاھى دەستۇرىمىزغا تەكرار قايتىشىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ شۇنداق بىر مەڭگۈلۈك بىر ئىلاھى دەستۇركى، خارلىقتىن ئېزىزلىققا، تەقلىدچىلىكتىن كەشپىياتچە بولۇپ يېتىشكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئاۋانگارت ئەۋلادلىرى بولىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بەخشەندە قىلىنغان مۇبارەك دەستۇرىمىزدۇر.

ئاخىرقى سۆزنى جانانى ئاللاھنىڭ:{ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى:" جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھغا خاستۇر" دېيىشتىن ئىبارەت} (سۈرە يۇنۇس 10-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن مۇبارەك سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

# ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش

ئاپتورى: ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

## مۇقەددىمە

ھەمدۇ- سانالار اللەغا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن اللەغا سېغىنىمىز، الله ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس!

كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، دۇئايى- سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۆزۈلمەستىن اللەنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە- تاۋاباتلىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، ئۈممەتنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى ۋە شان-شەرىپىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلىشى ۋە دۇنيانى بەخت- سائادەت يولغا يېتەكلىشى ئۈچۈن بۇ ئۈممەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بىر نەچچە نۆۋەتتىدا چىك تۇرۇش مەسلىسى ئىنتايىن مۇھىم.

ئەپسۇسكى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ مەسلىنى، بۇنداق سۈپەتنى يېتىتۈرۈپ قويغان، بەزىلەرنى كۆرىمىزكى، بىر مەزگىل تائەت-ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىپ، گۇناھ ۋە يامان ئىشلارغا يولىماسلىق سۈپىتى بىلەن ئۆز دىنىنى چىك تۇتىدۇ، كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىپ الله تائالانىڭ يولىدىن چەتنەۋاتقانلىقىنى بايقايسىز، ئەسلىدە ئۇنداق كىشلەردىن تەۋرەنمەي چىك تۇرۇش ۋە سەۋرچانلىق سۈپىتىدىن ئايرىلغان ئىدى.

نۇرغۇن كىشلەر نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىپ كېلىۋېتىپ، كېيىن تاشلىۋېتىدۇ. نۇرغۇن ياش قىزلار رامىزاندا ھىجاپ (رومال) سېلىپ، رامىزان ئۆتكەندىن كېيىن چۆرىۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلار باشتا دىنىغا زور قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىدۇ، بارا- بارا سۇسلۇق، ھورۇنلۇق ۋە ئېرىنچەكلىككە پېتىپ قالىدۇ!...

ئىسلام دۈشمەنلىرى بىزنىڭ بۇ مىجەزىمىزنى بىلىۋېلىشقان، بىزنىڭ باشتا قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ، بارا- بارا ئاجىزلىشىپ ئىرادىمىز بوششىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان، شۇڭا ئۇلار بىز بىلەن مۇشۇ ئاساستا مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ دەسلەپتە قىزغىنلىق پەيتىمىزدە خالىغىنىمىزنى قىلساقمۇ كارى بولمايدۇ، ئاندىن بىزنىڭ

قىزغىنلىقىمىز ئاجىزلاشقاندىن كېيىن بىز بىلەن ئۆزلىرىگە ياققان رەۋىشتە ئىش ئېلىپ بارىدۇ!

زادى نېمە ئۈچۈن مۇنداق بوشىشىمىز؟ كىشىلەرنى بالا- چاقىلىرى مەشغۇل قىلىۋاتامدۇ؟ مال- دۇنيا مەشغۇل قىلىۋاتامدۇ؟ قورساق بېقىش مەسىلىسى مۇشۇنداق هالغا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتامدۇ؟ بوشاشماستىن قىزغىنلىقىمىزنى ئىزچىل هالدا داۋاملاشتۇرىشىمىز مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

قەلبىمىزدىكى بوشاڭلىق ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇرۇپ پەس قىزغىنلىق يىلتىز تارتىپ كەتكەندە، مانا بۇنىڭ ئۆزى چىڭ تۇرۇش هېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇستەهكەم ئىرادە هەققىدە توختالغىنىمىزدا، بىز ساهابىلەر، تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۆلارنى ئۆلگە تۇتۇپ ئىزلىرىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلاردىن ئىبارەت يارامىلىق، ئىلغان كىشىلەرنى بىرىنچى قىلىپ كۆزدە تۇتىمىز.

ساهابىلەر بولسا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ساناقلىقلا كىشىلەر ئىدى، بىراق ئۇلار ئاداققىچە چىڭ تۇرۇشنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەچكە، هەقىقەتكە ئېرىشىپ، هەقىقەتنى ئورنىتىپ ۋە دۇنياغا تارقىتىپ كېتىشتى.

بىز اللەدىن ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىپ، يامان ئىشلارغا يولىماسلىقتا اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇشقا نېسىپ قىلىشنى تىلەيمىز، ئىسلامغا هەمدەم بولۇپ، ئۇنى دۇنياغا تارقىتىشتا چىڭ تۇرۇشنى، هەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداشنى، ناهەقچىلىكنى تۈگىتىپ ئۇنى يوقىتىشتا چىڭ تۇرۇشنى نېسىپ قىلىشنى ئۇلۇغ اللەدىن تىلەيمىز، چۈنكى، بىز ئاجىزمىز، الله ئۆزى تەۋرەنمەس ۋە قۇدرەتلىك زاتتۇر، الله بىزگە كۇپايە، ئۇ ئەڭ ياخشى ئىگىدۇر!

## چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاساسى

تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئۈچ ئاساسى مەسىلە بار، بۇلارنىڭ هەربىرىنى كەڭ شەرهلەپ، توختىلىپ ئۆتىمىز، بۇ ئۈچ ئاساسلىق مەسىلە:

بىرىنچى: ئومۇمي جەهەتتىن هەقتە چىڭ تۇرۇش.

ئىككىنچى: اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش.

ئۈچىنچى: دىنىمىزنى هىمايە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش

### بىرىنچى: هەقتە چىڭ تۇرۇش

بۇ يەردە دىمەكچى بولغان ھەقىقەت تالاش- تارتىش ۋە بۇرمىلاش ياكى تۆھمەتلەر ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان، تۇرلۇك قانۇنلار، ھەرخىل خەلقلەر ۋە دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدىكى ئىجتىمائى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت مىزانلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئامما تەرەپتىن ھەقىقەتلىكى بىردەك ئېتراپ قىلىنغان ئېنىق ۋە روشەن مەسلىنى كۆرستىدۇ. بۇنداق مەسلىلەر ھەر قانداق بۇرمىلاش ۋە يەككۆشلەشلەرنى قۇبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ھەممگە ئايان نەرسە بولغاچقا، پەقەت ئىجتىمائى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت پىرىنسىپلىرىغىلا بويسۇنىدۇ، بۇنداق مەسلىلەر جەمئىيەت تەرىپىدىن بىردەك ھەقىقەت دەپ ئېتراپ قىلىنغان بولىسمۇ، مەلۇم بىر قانۇن ياكى ئايرىم بىر رايونلارغىلا خاس بولمايدۇ ياكى خەلقكىلا تەۋە بولمايدۇ.

پەلەستىنگە كەلگەن ئامرىكىلىق بىر ئايالنىڭ ھەرىكىتى مېنى چوڭقۇر تەسرلەندۈرگەن ئىدى، ئۇ پەلەستىنلىك بىرەيلەننىڭ ئۆيىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن كەلگەن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي تۇرغان، ئۇ مۇسۇلمان بولمىسىمۇ مۇشۇنداق قىلغان، چۈنكى ئۇ بۇنى قوغداشقا تېگىشلىك ئىجتىمائى ھەقىقەت دەپ قارايتتى،، ئېنىقكى، ئۆز زېمىنلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقوقى ئەگەر ھەققانىيەت، باراۋەرلىك تېخى بار قارالغان تەقدىردە، ئىجتىمائى ئومۇمى ھەققانىيەت ۋە ئادالەت مىزانلىرىغا ياتىدىغان مەسلە ئىدى، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايال توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرالغان.

بۇ ئايال ماشىنا تاپانلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى. بىراق ئۇ ھەقىقەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشتا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ پولاتتەك پاكىتىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ يەردە مەن بىرىنچى قېتىملىق ئىراق ئۇرۇشىغا 10 يىل بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئاممىدىن پىكىر ئېلىش تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن، بۇ تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى سۇئالغا جاۋاپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان:" ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن ئۈزمەي دۇئا قىلىپ تۇرامسىز؟ ياكى ئاندا- ساندا دۇئا قىلىپ تۇرۇۋاتامسىز؟ ياكى دۇئا قىلىشنى توختاتتىڭىزمۇ؟"

بۇ تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ پىكىرىنى بەرگۈچىلەرنىڭ ئومۇمى سانى 1508 نەپەر بولۇپ، نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بولغان: ئۈزمەي دۇئا قىلىپ تۇرغانلار %66، ئارىلاپ دۇئا قىلىپ تۇرغانلار %30، دۇئا قىلىشنى توختاتقانلار %4

بىرىنچىدىن: دۇئا قىلىشنى تاشلىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچىنچى جاۋاپنى تاللىغانلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، چۈنكى ئۇلار راستىنى ئېيتقان، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ بىر نەرسنى

سېلىپ مۇنداق سوراپ باقاي: ئەگەردە سىلەرنىڭ بالاڭلار دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا دۇئا قىلىشنى توختىتىپ قويارمىدىڭلار؟!

ئىككىنچىدىن: ئارىلاپ دۇئا قىلىپ تۇرغان، %30 نى تەشكىل قىلغان ئىككىنچى تۈردىكىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. سۈرىيىلىك بىر يىگىتنىڭ مۇنداق ئەھۋالىنى ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ دادىسى يۈرەك كىلاپانى ياكى يۈرەك ئارتىرىيىسىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىش ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان چاغدا، بۇ يىگىت اللهدىن دادىسىغا شىپالىق بېرىشنى تىلەپ قاتتىق يىغلىغان ئىدى، ئاندىن كېيىن ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىلىپ يىغلىغان بولسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلمىغان ئىدى. ھالبۇكى الله تائالا قۇرئان كەرىمدە:{ ھەقىقەتەن بارلىق مۆئمىنلەر قېرىنداشتۇر} (ھۇجرات سۈرىسى، 10-ئايەت) دەيدۇ، بىز مەيلى خالايلى ياكى خالىمايلى، ھەممىمىز قېرىنداشلاردۇرمىز.

ئۈچىنچىدىن: ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىغا ئۆزمەي دۇئا قىلىپ كېلىۋاتقان، %66 نى ئىگىلىگەن بىرىنچى خىل جاۋابنى تاللىغانلارغا دەيمەنكى: الله سىلەرنى قۇتلۇق قىلسۇن! مۆئمىن دېگەن مۇشۇلاردەك بولىدۇ، تەۋرەنمەس ئىرادە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۈمىدسىزلىك ۋە بوشاڭلىق دارىمايدۇ.

## ئەمدى ھەقىقەتتە چىكى تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ مىسالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى:

بىرىنچى مىسال: ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ "قۇرئان مەخلۇق" پىتنىسىدىن كېلىپ چىققان كۆپپەتلىرى ئالدىدىكى مەيدانى.

"قۇرئان مەخلۇق" پىتنىسى ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ساختا پەلسەپىچىلىك خاھىشىغا چۆكۈپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بەزىلەر بۇ خاھىش ئارقىلىق دىن مەسىلىلىرىنى ئەقىل ۋە پەلسەپىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر ئەھلى سۈننە ۋە ئومۇم مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ مەخلۇق ئەمەسلىكىگە بولغان قارىشىغا زىت ھالدا "قۇرئان مەخلۇق" سەپسەتىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان.

بۇ مەسىلىنىڭ سەۋەبىدىن ئەھلى سۈننىلەر بىلەن ئۇلارغا قارشىلاشقۇچىلارنىڭ

ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىق ۋە توقۇنۇش كۆچىيىپ كەتكەن. ئەينى دەۋىردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەھلى سۈننىلەرگە قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ سەپسەتىسىنى قوللاپ چىقىشى بۇندان كېلىشمەسلىك ۋە توقۇنۇشلارنى تېخىمۇ كۆچەيتىپ، ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچىلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالغان.

مەزكۇر ئىش توغرىسىدا مۇسۇلمانلار زور پارچىلىنىش ۋە تەپرىقىگە يۈز تۇتقان، بۇ ئېغىر پىتنە يۈز بېرىۋاتقان پەيتتە ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ئىمامى ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھ ھايات بولۇپ، كېلىشمەسلىك دولقۇنىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ قارىشى ۋە مەيدانىنىڭ قانداقلىقىنى كۈتۈپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمام ئەھمەد ئىلىم پېشۋاسى ۋە كۆپچىلىك ئۆلگە تۇتىدىغان ئىشەنچىلىك پىكىر ساھىبى ئىدى. ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھ قۇرئان مەخلۇق ئەمەس دېگەن پىكىردە تاغدەك قوزغالماي چىڭ تۇردى، چۈنكى بۇ ھەقتە ئىسلام ئەقىدىسى ناھايىتى روشەن بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپ سۆز ھەرىكەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ سەۋەبلىك ئىمام ئەھمەد زىندانغا تاشلاندى ۋە قاتتىق قىيناش ۋە ئازاب ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىدى. ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھ دەررە توقماقتىن قىلچە قورقمىغان ئىدى، ئەمما ئۇ دەررە ئۇرۇلسا چىڭ تۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

قىيناش ۋە دەررە ئۇرۇشقا ئېلىپ مېڭىلغان چاغدا ئۇنىڭ چېھرىدە دىلغۇللۇق ئەنسىرەش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، زىنداندىكىلەرنىڭ بىرى بولغان ئەبۇ ھەيسەم تەييار، ئىمام ئەھمەدنىڭ يۈزىدىكى ئەنسىرەش ئالامەتلىرىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى:" ئىمام، مەن ناھەق ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرۈمدە 18 مىڭ دەررە يېدىم، سەن ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرغىن."

ئاندىن ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئىمام ئەھمەدكە قاراپ مۇنداق دېدى:" ئىمام ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغىن! ھايات قالساڭ شەرەپلىك بىلەن ياشايسەن، ئۆلۈپ كەتسەڭ شېھىت بولىسەن شۇ!"

كېيىنكى چاغلاردا ئىمام ئەھمەد:" ئۇ مېنى چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى" دەپ ئەسلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ:" ئى الله، ئەبۇ ھەيسەم تەييارنى مەغپىرەت قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلغان.

ئاندىن ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھ قىيناش ۋە دەررە ئۇرۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرغان ئادەم مۇنداق دېگەن:" ئىمام ئەھمەدنى شۇنداق قاتتىق ئۇرغان ئىدىمكى، ئەگەر پىلنى مۇشۇنداق ئۇرغاندا ئاللىقاچان ئۆلگەن

بولاتتى..."

مۇشۇنداق ئۇرۇپ قىيناشلاردىن كېيىن، خەلىپە مۇئتەسىم ئىچى ئاغرىغان ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:" بىچارا ئەھمەد، قارا سېنى! مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلساڭلا پۇتۇنلەي قوتۇلسەنغۇ، مەنمۇ ساڭا قول سېلىپ يۈرمەيتتىم" دەيدۇ.

خەلىپە مۇئتەم ئىمام ئەھمەدنى قىيىن- قىستاق ۋە ئۇرۇشتىن بوشىتىپ، قويۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز سۆزنىلا تەلەپ قىلاتتى، بىراق بۇ ھەقتە چىڭ تۇرۇش مەسلىسى ئىدى! ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھ جاللاتلارغا قاراپ "قېنى كېلىڭلار" دەيتتى...

جاللاتلار كېلىپ ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇراتتى، ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن زەنجىر- ئىشكاللارنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرەتتى، ئالدىدىكىلەر ئۇنىڭغا:" سېنى دۈم ياتقۇزۇپمۇ، ئوڭدا ياتقۇزۇپمۇ راسا دەسسەپ-چەيلىدۇق" دېيىشەتتى.

شۇنداقلا ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سۇ ئەكىلىپ بېرىشەتتى، لېكىن ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھ:" روزىدارمەن، ئاغزىمنى ئاچمايمەن" دەيتتى...

ئۇ ھەقىقەت ئۈستىدە قانداق چىڭ تۇرغان ھە!؟ ئىمام ئەھمەد ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىمنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىلدى، شۇ چاغدا پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇ نامازغا ئىمام بولۇپ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن باشقىلار ئۇنىڭغا:" ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىڭدا كىيمىڭدىن قان ئېقىپ تۇردى" دېيىشتى، ئۇ جاۋابەن:" خەلىپە ئۆمەر جاراھەتىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە ناماز ئوقۇغان" دېدى...

الله ئەھلى سۈننەلەرنىڭ ئىمامى بولغان ئىمام ئەھمەدكە رەھمەت قىلغاي! ئۇ ئارقىلىق بۇ ئېغىر زۇلمەتلىك پىتنىدە ئۆز دىنىنى قوغدىغان ئىدى.

زۇلۇم قىلىپ قامچىلاپ ئۇرۇشسىمۇ ئىبنى ھەنبەلنى،

تاغ كەبى تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى ئۇ ھەقىقەتتە.

قېرىندىشىم! ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇستەھكەم مەيدانىغا قاراڭ! سەن ئۇنى ئۆزەڭگە ئۈلگە تۇتالامسەن؟!

قاتتىق قىيىن- قىستاقلار ئاستىدا ئىمام ئەھمەد رەھمتۇللاھنىڭ قانداق چىڭ تۇرغانلىقىغا قاراڭ!

بىز ئۇنداق قىيناشلارغا دۇچار بولمىساقمۇ، مۇستەھكەم مەيدانىمىز نەگە كەتكەن!؟

بۇلارنى نىمە ئۈچۈن ساڭا دەۋاتىمەن؟!

پەلەستىن مەسلىسى قەلبىڭدە ئۆلمىسۇن، ياشىسۇن دەپ؛ ئىراق مەسلىسى قەلبىڭدە ئۆلمىسۇن، ياشىسۇن دەپ؛ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرلۈك مۇھىم مەسلىرى

قەلبىڭدە ھەر ۋاقىت ئۆلمەي تىرىك ياشىسۇن دەپ ساڭا خىتاپ قىلىۋاتىمەن! چۈنكى بۇ مەسىلىلەر قەلبىڭدە ئۆلگەندە قەلبىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلگەن بولىدۇ!

ئىككىنچى مىسال:

ئۆمەر ئەلمۇختار رەھىمە ھۇللاھنىڭ ئىتالىيە باسقۇنچىلىرىغا تۇتقان مەيدانى، ھەممىمىزنى ئۆمەر ئەلمۇختاردىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۇجاھىد باتۇر ۋە قەھرىمان پىدائىنى تونۇيمىز، ھەممىمىز ئۇنى سۆيىمىز.

بۇ زات 73 يېشىدا جىھادقا ئاتلانغان، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ جىھادلىرى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىتالىيە ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئالدىدا سوتلانغانلىقى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

ئۇلار سوراققا تارتىش ۋە سوتلاش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ چىققان چاغدا ئۇنىڭغا مۇنداق يېيىشتى:

-سەن ئىتلىيە دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلدىڭمۇ؟

ئۇ :" شۇنداق" دەپ جاۋاب بەردى.

-سەن كىشىلەرنى ئىتالىيە دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتۇڭمۇ؟

-شۇنداق.

-سەن بۇنىڭغا قارىتا جازالىنىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

-بىلىمەن.

-دېگەنلىرىڭگە تولۇق ئىقرارمۇسەن؟

-ئىقرارمەن.

-ئىتالىيە قوشۇنلىرى بىلەن نەچچە يىل ئۇرۇش قىلدىڭ؟

-يىگىرمە يىل.

-قىلغانلىرىڭغا پۇشايمان قىلامسەن؟

-ياق.

-ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

-بىلىمەن.

-سوتچى ئۇنىڭغا: سېنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغىنىڭغا ئېچىنىۋاتىمەن،دېدى.

ئۆمەر ئەلمۇختار ئۇنىڭغا قاراپ: ئەكسىچە بۇ ھاياتىمنى ئەڭ شەرەپلىك ئاخىرلاشتۇرغىنىم بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، دېدى

سوتچى ئۇنىڭغا :بىز ئاخىرقى رەۋىشتە سەن توغرىلىق ئومومى كەچۈرۈم ئېلان قىلىش

قارارىغا كەلدۇق، بىراق بىر شەرت،سەن لىۋىيەدىكى مۇجاھىدلارنى بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى توختىتىشقا ئۇندەپ ئۇلارغا خەت يېزىشىڭ كېرەك، دېدى. ئۆمەر ئەلمۇختار سوتچىغا قاراپ كۈچلۈك ئۇرغۇدا مۇنداق دېدى :"بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسالام اللەنىڭ ئەلچىسىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ ئىشارەت قىلىدىغان كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ ھەقىقەتكە خىلاپ بىر دانە سۆزنىمۇ يېزىشى مۇمكىن ئەمەس!"

ئاندىن ئۇ زات دۇنيادىن كەتتى، شەرەپلىك ياشاپ، شېھىت بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

قېرىنداشلىرىم! بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ جىددى مەسىللىرىگە خۇددى ئۆمەر ئەلمۇختار رەھىمەھۇللاھ دەك تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلالماسمىزمۇ؟!

ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا، بىگىلمەس- سۇنماس ئىرادىسىگە قاراڭلار!

بىز بۇ زاتنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە تۇتايلى، شۆرىتىگە، كاتتا مەنسەپلىرى ۋە پۇل -ماللىرىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ ھەر قانداق ئەرزىمەس، چۈپرەندە ئادەم ۋە نەرسىلەرگە ئالدانمايلى، چۈنكى ئەرزىمەس، پەس دۇنياۋى مەقسەتلەر ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قىممەتسىز ھالدا يوق بولىدۇ، تۈگەيدۇ، لېكىن ھەققانىيەتتىن تەۋرەنمەي ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدىغان يۈكسەك غايە ئىگىلىرى مەڭگۈ كىشىلەر قەلبىدە ھۆرمەتلىنىدۇ، اللەنىڭ رەھمىتىگە چۆمۈلىدۇ.

بىز مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلايلى، زالالەت تەرغىباتچىلىرىغا ئالدانمايلى! ئالىيجاناب زاتلارنى ئۈلگە تۇتۇش نىجاتلىققا يول ئاچىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىلىم ۋە ئەخلاقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋېرىدۇ، نۇرغۇنلىغان ھايات كىشىلەر نادانلىق ۋە بۇزۇقچىلىق تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان ئۆلگەن بولىدۇ.

قېرىنداشلىرىم!

ئىچىمىزدىكى ھەر- بىرەيلەننىڭ ئۇنداق ئۇلۇغ سىناقلارغا دۇچ كېلىشى ناتايىن، بىراق بىز بۇ خىل سىناقلار ۋە بۇنداق سىناقلارغا ئۇچرىغانلارنى ئەسلەپ، ئۇلاردىن ئىبرەت ئىلىش ئارقىلىق ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش پرىنسىپىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم، شۇنداقلا ھاياتىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدىغان چوڭ-كىچىك ھەر قانداق سىناقلاردا ئۇنى دەرھال تەتبىقلىيالايدىغان بولىشىمىز كېرەك؛ بۇ خىل سىناقلار ۋە ئادەملەرنى ئەسلەش ئارقىلىق ئىسلامىيەت دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى قەلبىمىزدە تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش

چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرىشىمىز لازىم.

قېرىنداشلىرىم!

ئىسلام مەسىلىلىرىمىز قانداق قىلىپ قەلبىمىزدە ھەر ۋاقىت يالقۇنلاپ تۇرالايدۇ؟!

ئەقسا مەسجىدىنى ئازاتلىققا چىقىرىشقا بولغان تەلپۈنۈش ھېسلىرىمىزدا قانداق قىلىپ چىك تۇتالايمىز؟!

ئاياللىرىمىزنىڭ سالاھىددىندەك باتۇرنى تۇغۇش ئارزۇسى قانداق قىلغاندا داۋاملىق رىئاللىققا ئايلىنالايدۇ؟!

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئېزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئىلتىجا ۋە ئىشەنچ بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى قانداق قىلىپ ئۈزمەي داۋاملاشتۇرالايدۇ؟!

ھەقىقەت ئۈستىدە ھەر ۋاقىت قانداق قىلىپ چىك تۇرالايمىز؟!

ياشلىرىمىز قانداق قىلغاندا دىندا چىك تۇرۇپ زالالەت ۋە ئاسىيلىققا قارشى تۇرالايدۇ؟!

بۇ مەسىلە ئاللاھقا تايىنىشا، ئۇنىڭدىن ھىدايەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادە قىلەپ يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشىمىزغا باغلىق.

ئۈچىنچى مىسال:

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەھمەھۇللاھنىڭ ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ سەقەفىينىڭ ئالدىدىكى مەيدانى، بارلىقىمىز ھەججاجنى تونۇيمىز، ئۇ بىر قانخور ھۆكۈمران بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن، نۇرغۇنلىرىنى قىين- قىستاققا ئۇچراتقان ئىدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەھمەھۇللاھ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاغدا ھەججاج ئۇنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ:" ئىسمىڭ نېمە؟" دېگەندە، ئۇ:" سەئىد ئىبنى جۇبەير" [ سەئىد - بەختلىك مەنىسىدە، جۇبەير-پۈتۈن مەنىسىدە] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ھەججاج ئۇنىڭغا: "ياق، سەن پۈجۈقنىڭ ئوغلى بەدبەخت سەن" دېدى.

سەئىد جاۋابەن:

-ئاپام ماڭا ئىسىم قويغان كۈنى قانداق ئىسىم قويۇشنى ئوبدان بىلگەن، دېدى.

ھەججاج:" سەنمۇ بەدبەخت، ئاناڭمۇ بەدبەخت بولۇپ كېتەرسىلەر"، دېگەندە، سەئىد:" دوزاخقا چۈشىدىغانلار بەدبەخت بولۇپ كېتىدۇ، ياكى سەن غەيبدىن خەۋەردار بولدۇڭمۇ؟!" دېدى.

ھەججاج ئۇنىڭغا:" ھاياتىڭنى يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتقا ئايلاندۇرىۋەتىمەن" دېدى.

سەئىد:" اللە بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بۇنداق قىلىش سىنىڭ قولۇڭدىن كەلگىندە، اللەنى قويۇپ سىنى خۇدا قىلىۋالاتتىم!" دېدى.

ھەججاج ئۇنىڭدىن:

-مەندىن نىمىشقا قاچتىڭ؟ دەپ سورىدى، ئۇ:

-سەندىن خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋندىن قاچقاندەك قېچىشقا توغرا كەلدى، دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:{ سىلەردىن قورقۇپ سىلەردىن قاچتىم...} شۇرا سۈرىسى، 21-ئايەت)

ھەججاج ئۇنىڭغا:

-ھەي سەئىد، قانداق ئۆلۈش ئۇسۇلنى ئۆزۈڭ تاللا !دېدى.

سەئىد جاۋابەن:

-ھەي ھەججاج !قانداق ئۆلۈشنى سەن ئۆزۈڭ تاللا، سەن مىنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرسەڭ، اللە سىنى چوقۇم شۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرىدۇ، دېدى.ھەججاج غەزەپلىنىپ:

-سىنى سەندىن بۇرۇنقىلارنىمۇ، كېيىنكىلەرنىمۇ ئۆلتۈرمىگەن شۇنداق بىر ۋەھشى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرگۈم بار، دېدى.

سەئىد:

-ئۇنداقتا سەن مېنىڭ دۇنيالىقمنى بۇزىسەن، مەن سىنىڭ ئاخىرەتلىكىڭنى بۇزىمەن، دېدى.

ھەججاج غەزەپتىن بوغۇلغان ھالدا:" ئېلىپ چىقىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار!" دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سەئىد رەھىمەھۇللاھنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ كۈلۈۋەتتى. ھەججاج ئۇنىڭدىن:" نىمىشقا كۈلىسەن؟" دەپ سورىدى.

-سىنىڭ اللەغا قارشى جۈرئىتىڭگە، اللەنىڭ ساڭا بولغان مۇلايىملىقىغا كۈلۈۋاتىمەن، دىدى ئۇ.

ھەججاج بۇيرۇق قىلىپ:" ئۆلتۈرۈڭلار ئۇنى، بوغۇزلىۋېتىڭلار"! دېدى.

سەئىد رەھىمەھۇللاھۇ:" مىنى قىبلە تەرەپكە يۈزلەندۈرۈڭلار" دېدى.

ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچ ئۇنىڭ بوينىغا تاقالغان چاغدا، ئۇ قىبلە تەرەبكە قاراپ تۇرۇپ:{ مەن ھەقكە بۇرۇلۇپ ئاسمانلارنى،زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن} (ئەنئام سۈرىسى، 79- ئايەت) دېدى.

ھەججاج:" ئۇنىڭ يۈزىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇراڭلار!" دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ

يۈزنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇراشتى، سەئىد رەھمەھۇللاھ:{ مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ اللەنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ اللەنىڭ تەرىپىدۇر} (بەقەرە سۈرىسى، 115- ئايەت) دېدى.

ھەججاج:" ئۇنى دۈم ياتقۇزۇڭلار!" دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سەئىد رەھمەھۇللاھ:{ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز} (تاھا سۈرىسى 55-ئايەت).

ھەججاج بوغۇلۇپ:" ئۇنى بوغۇزلاڭلار، بوغۇزلىۋېتىڭلار! بۇنىڭ تىلىدىن قۇرئان تۆكۈلۈپلا تۇرغىنىنى قارىمامدىغان!" دەۋەتتى.

سەئىد رەھمەھۇللاھ شۇئان:

بىلىڭلاركى، مەن اللەدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېدى- دە، ئاندىن:" ھەي ھەججاج! قىيامەتتە كۆرۈشكىچە ساڭا بۇنى بېرەي ئال! ئى اللە، مەندىن كېيىن ھېچ كىمنى ئۇنىڭ قولىغا قويمىغىن!" دېدى...

سەئىد ئىبنى جۇبەير شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاجايىپ ئىش يۈز بەردى؛ ھەججاج ئەقلىدىن ئادىشىپ ساراڭ بولۇپ قالدى، ئۇ كېچىلەر بويى:" سەئىد بىلەن نېمە چاتىقىم، سەئىد بىلەن نېمە چاتىقىم!" دەپ توۋلاپ چىقاتتى.

اللە ھەقىقەتەن سەئىدتىن كېيىن ھېچ كىمنى ھەججاجنىڭ قولىغا قالدۇرمىدى، سەئىد ئۆلتۈرۈلۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ساراڭ بولۇپ ئۆلۈپ قالدى.

اللەنىڭ بەندىلىرى!!

بەزى چاغدا بىر ئادەمنىڭ ھەقتە چىڭ تۇرۇشى، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قېيىن- قىستاققا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ تەۋرەنمەسلىكى تولۇق بىر خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا، كۆزىنى ئېچىشىغا ۋە ھاياتىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

سۆيۈملۈك پەلەستىن زېمىنىنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشى باشقا ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ اللە يولىدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسىتىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسىرى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىمان قىزغىنلىقى يالقۇنجاپ، گۇناھ ۋە ناچار ئىشلارنى تاشلاپ ئىسلامىيەت تەلىماتلىرى ۋە ئىبادەتلىرىگە بېرىلىپ كىرىشىۋاتقانلىقى پاكىت.

ئىراق كۆلپىتى سەۋەبىدىن، كۆپ يىللاردىن بېرى بوشىشىپ قالغان ئىسلام دەۋەتچىلىرى ۋە تەرغىباتچىلىرىنىڭ قايتا جانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

قېرىندىشىم!

باشقىلار دۇئا قىلغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۈزمەي دۇئا قىلغىن! باشقىلار دىنغا سەل قاراپ، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، سەن ھەرگىز دۇنياغا بېرىلمىگىن.

باشقىلار اللهنىڭ تائەت ئىبادىتىگە سەل قارىغان تەقدىردىمۇ سەن ھەرگىز سەل قارىمىغىن.

باشقىلار رەببىگە ئاسىيلىق قىلغان ئەھۋالدىمۇ، سەن ھەرگىز ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمىغىن.

باشقىلار پۈتۈنلەي مەسجىدۈل ئەقسانى ئۇنتۇپ قالسىمۇ، سەن ئۇنتۇپ قالمىغىن.

باشقىلار ھەممىسى ئىراقنى ئۇنتۇپ يادىدىن چىقارغان تەقدىردىمۇ، سەن يادىڭدا چىڭ تۇتقىن.

ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭمۇ، سەن چىڭ تۇرغىن.

قېرىندىشىم!

اللهغا تائەت -ئىبادەت قىلىشتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارنى قىلماسلىقتا چىڭ تۇرغىن، اللهنىڭ داغدام يولىدا چىڭ تۇرغىن، ئېنىق ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرغىن، ساڭا قارشىلار قانچە كۆپ بولسىمۇ پەرۋا قىلمىغىن.

بۇزۇق- ناچار ئادەملەرنىڭ تولىلىقىنى دەپلا گۇناھكارلىق، ناھەقچىلىق ۋە زالالەت تەرەپكە ئېغىپ كەتمىگىن.

ساغلام ئەقىدىلىك تەقۋادارلانىڭ ئازلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا گۇناھلارغا بېرىلىپ، ھەقىقەتنىڭ نۇرلۇق يولىدىن چەتنەپ كەتمىگىن.

سەن ھەقىقەت ۋە ئىسلام نۇرىغا ئىگە بولغان ئىكەنسەن، گۇناھكار بۇزۇق ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن قورقۇپ كەتمىگىن.

سەن اللهنىڭ داغدام يولىدىن يىراقلاپ كەتكەن بولساڭ الله يولىدىكى تەقۋادارلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇرمىغىن.

## ئىككىنجى: اللهنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش

نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: روھىيەتنى ۋە دىللارنى ئۆزگەرتىش مەسلىسى ئىنتايىن قىيىن مەسىلە، ھەتتا بەزىلەر بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىشىدۇ

بىراق مەن دەيمەن: تېخمۇ ئەۋزەللىككە قاراپ ئۆزگىرىش ياساش مۇمكىن مەسلە، روھنى پاكلاش ۋە تازىلاشقا تىرىشىش ئارقىلىق روھىيەت ۋە دىللار تېخمۇ ئەۋزەللىككە قاراپ ئۆزگىرىش ياسايدۇ، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ روھنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ؛ نەپسنى كەمستكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ}. (شەمس سۈرىسى، 9-10- ئايەتلەر)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆپ چاغلاردا:" ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى اللە، قەلبىمنى دىنىڭغا مۇستەھكەم قىلغىن" دەپ دۇئا قىلاتتى، مەن ئۇنىڭدىن:" ئى رەسۇلۇللاھ، ساڭا ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئىشەندۇق، بىزدىنمۇ ئەنسىرەمسەن؟" دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ:" شۇنداق، دىللار اللەنىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماقنىڭ ئالىقىدا، ئۇ ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئىلىم-ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، مۇلايىملىق مىرى- مۇھاببەت ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ، كىمكى ياخشىلىقنىلا كۆزلەيدىكەن ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ، كىمكى يامانلىقتىن ئېھتىيات قىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ".

دىمەك، ئەخلاق يېتىلدۈرۈشتىن قولغا كېلىدۇ، شۇنىڭدەكلا دىللارنىڭ كېسەللىكى خۇددى بەدەن كېسەللىكلىرىگە ئوخشايدۇ؛ بەدەندە كېسەللىك پەيدا بولغاندەك، دىللاردىمۇ كېسەللىك بارلىققا كېلىدۇ. اللە ھەر قانداق كېسەللىك بىلەن ئۇنىڭ دەۋاسىنىمۇ ياراتقان.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:" اللە ھەر قانداق كېسەللىك ئۈچۈن ئۇنىڭ دەۋاسىنى ياراتقاندۇر" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئۇسامە ئىبنى شەرىك مۇنداق دەيدۇ: ئەرابىلار:" ئى رەسۇلۇللاھ، داۋالانساق بولامدۇ؟" دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:" شۇنداق، اللەنىڭ بەندىلىرى داۋالىنىڭلار، چۈنكى اللە ھەر قانداق بىر كېسەلنى پەيدا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ ياراتقان، پەقەت بىرلا كېسەلگە داۋا يوق" دېدى. ئۇلار:" ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ قايسى كېسەل؟" دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:" قېرىلىق" دەپ جاۋاب بەردى. (تىرمىزى رىۋايىتى)

دېمەك ھەرقانداق كېسەللىكنىڭ شىپاسى بار، مەزكۇر ھەدىستىكى "كېسەللىك"

دېگەن سۆز بەدەن ۋە دىل كېسەللىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بارلىق ئاغرىق ۋە كېسەللىك داۋاسى ۋە ئىلاجى بار، بىراق كېسەللىكنىڭ ساقىيىشى ئۇچۇن ۋاقىت ۋە سەۋر كېرەك، بەزىدە كېسەلنى ساقايتىش باشتا قىيىن بولسىمۇ، بەرى بىر ساقايتىش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى كىشىلەر روھى ۋە مەنىۋى كېسەللىكلەرگە دۇچار بولغانلىقى ئېنىق، بۇ كېسەللىكلەرنى ساقايتىش بەلكىم خېلى تەس ھەمدە ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بەرى بىرساقايتىش ئۈمىدى بار، بەلكى بۇ كېسەللىكلەرئىزچىل ھالدا چىك تۇرۇپ ئىسلاھ قىلالايدىغان ئادەملەرگە مۇھتاج.

سۆزىمىزنىڭ بېشىدا بىز مۇسۇلمانلار بەك قىزغىن بولۇپ كەتسەكمۇ، بۇ قىزغىنلىقىمىز بارا-بارا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا نەتىجىسىز يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، تېز ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ۋە دۈشمەنلىرىمىزمۇ بىزنىڭ بۇ خۇيىمىزنى ئۇقۇۋالغانلىقىدىن بىز بىلەن شۇنىڭغا يارىشا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ھازىرغىچە دۈشمەنلىرىمىز ئوتتۇرىغا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

اللە ئۆزى ساقلىغاي!

قېنى پەلەستىن مەسىلىسى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقالىدۇقمۇ؟!

ياق، بىز ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتۇق! نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مەيدانىمىزدا مۇستەھكەم تۇرۇش مىجەزىمىزنى دىللىرىمىزغا ئورنىتىشىپ كەتمىگەن، قىزغىنلىقىمىز پەقەت ۋاقىتلىق، ئىرادىمىز چىك ئەمەس!

ئەگەر ئىزچىل تەۋەننەي چىك تۇرۇش مىجەزى روھىمىزدا يىلتىز تارتقان بولسا ئىدى، ئىش تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى، بىزنىڭ قىزغىنلىقىمىز بەك يوقۇرى، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئىرادە، چىك تۇرۇش بىرلىشىپ قالسا، ھېچكىم بەۋا كېلەلمەيدىغان زور كۈچكە ئايلانغان بولاتتى. چۈنكى مۇستەھكەم ئىرادە اللە ئىسلام ئۈممىتىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كۈچلۈك نەرسىدۇر، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان،" ئى اللە! مەن سەندىن ئىشلاردا تەۋرەنمەي چىك تۇرۇشنى ۋە ھەق يولدا مۇستەھكەملىكنى سورايمەن، سەندىن نىمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىشتىن ۋە ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشنى سورايمەن، سەندىن ساغلام قەلىب ۋە راستچىل تىل سورايمەن،سەندىن سەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن، سەندىن سەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن بىلىدىغان نەرسىدىن مەغپىرەت

تىلەيمەن" (نەسەئى رىۋايىتى)

قېرىندىشىم!

سىنىڭ دىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك، ئۇنى چىڭ ساقلىشىڭ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشۇڭ كېرەك؛ئەگەردە ئەتراپىڭدا پۈتۈن دۇنيا گۇناھ-زۇلۇملاردىن زىل-زىلىگە كەلگەن تەقدىردىمۇ، سەن تائەت-ئىبادەتنى ئۈزمەي، گۇناھ-يامانلىقلاردىن يىراق بولغان ھالدا دىنىڭدا مۇستەھكەم چىڭ تۇرغىن، ئەگەرمۇشۇنداق بولالىساڭ، بوران-چاپقۇنلار ۋە زىلزىلىلەر قىمىرلاپمۇ قويمايدىغان زەبەردەست تاغقا ئايلانغان بولىسەن.

قېرىندىشىم!

مېنىڭ دىللارغا ئورنىتىۋەتمەكچى بولىۋاتقىنىم شۇ مەنادۇركى، ئىسلام ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسە، ئاداقىچە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆمۈر بويى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەسخىرە قىلىدىغانلارغا پەرۋامۇ قىلماستىن باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشتا ئۆز- ئارا ھەمكارلىشىش كېرەك. بۇنىڭدا ئەڭ ياخشى ۋە ساغلام ئۇسۇل، الله تائالانىڭ سۆزىگە ئەگىشىشدۇر؛ {پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسۇلىۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن!} (نەھل سۈرىسى، 125-ئايەت)

دېمەك، دىندا چىڭ تۇرۇش ھەرگىزمۇ قارشى پىكىردىكىلەر بىلەن ۋە باشقا ئېقىمدىكىلەر بىلەن ماجىرا تۇغدۇرۇشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ بىر بۈيۈك ئىلاھى دەۋەت پىروگىرامىسىدۇر. شۇڭا، اللەنىڭ ھاققانى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرگە غايەت رەھىمدىللىك ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئىسلامنىڭ ئاشۇ بۈيۈك پىروگىرامىسىنى ئۆگىتىش ۋە ئىسلامغا شۇ بويىچە دەۋەت قىلىش لازىم.

سەن ھېچ قاچان دەۋەت قىلىشتىن توختاپ قالماستىن، چوڭقۇر تەپەككۇردىن توختاپ قالماستىن دىنىڭدا چىڭ تۇرغىن.

پەلەستىن، ئىراق ۋە باشقا ئىسلام دىيارلىرى مەسلىسىدىمۇ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت- ئابرويى ۋە غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزچىل تەپەككۇر ھالدا مەيدانىڭدا چىڭ تۇرغىن .

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەر- بىر جەڭ ۋە غازاتلار ئۈچۈن مەخسۇس پاروللارنى قوللانغان ئىدى، بۇ پاروللار مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا ئورناپ، ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇراتتى.

بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە

ئېيتقان ئىدى:" سىلەر ئەتە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىسىلەر، سىلەرنىڭ پارۇلۇڭلار:" ھا مىم، ئۇلار غەلىبە قازانماس! بولسۇن".
سەلەمە ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئەكۋە مۇنداق دەيدۇ:" رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئەبۇبەكرى بىلەن بىللە غازاتقا چىقتۇق، بىزنىڭ پارۇلىمىز:" جايلا، جايلا" ئىدى.

## قۇرئان كەرىم ۋە اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش

اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ ئۇنى ھىمايە قىلىش ھەر- بىر مۇسۇلماننىڭ تۇپ مەجبۇرىيتىدۇر، قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا تەرغىپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار.
الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا:" پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىدام بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن" دېدى. مۆئمىنلەر اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇب قىلدى، داۋۇت جالۇتنى ئۆلتۈردى، الله داۋۇتقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى ئاتا قىلدى، ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلەرنى بىلدۈردى، الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسىلا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا، ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خاراپلىشاتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر}. (بەقەر سۈرىسى، 149-150 -ئايەتلەر )
الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۈي ئالىملار بىرلىكتە جەڭ قىلدى، ئۇلار الله يولىدا يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆز يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت:" پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چېكىدىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانلىرىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن" دېگەندىن باشقا بولمىدى، الله ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ}. (ئال

ئىمران سۈرىسى، 146-148 -ئايەتلەر)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:{( مۇشرىكلار تەرەپتىن بولغان ) ئادەملەر ئۇلارغا:" ئىنىقكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى،ئۇلاردىن قورقۇڭلار" دېسە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار :"بىزگە الله كۇپايە، الله نىمە دېگەن ياخشى ھامىي"دېدى} (ئال ئىمران سۈرىسى،173-ئايەت).

الله مۇنداق دەيدۇ:{ ئى مۆئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەتكە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن اللەنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، (پۈتۈن سۆز ھەركىتىڭلاردا) اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن ) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ– قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە}. (ئەنفال سۈرىسى، 45-46- ئايەتلەر)

الله مۇنداق دەيدۇ:{ مۆئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا "بۇ (يەنى قىين ئەھۋالدا قالغان چاغدا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلىش) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى" دېيىشتى، (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (اللەغا بولغان) ئىمانىنى ۋە (اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن غازاتقا چىققاندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرىلىق) اللەقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى؛ بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق} (ئەھزاب سۈرىسى، 22-23- ئايەتلەر )

قېرىندىشىم!

مەسىلە پەقەت پەلەستىن ياكى ئىراق مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ ئۇ بويىچە ئەمەل قىلىشنى ۋە ئاداقىچە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشنى ئويلايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىدۇر.

اللەنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە شۇ دىن ئۈچۈن ياشاشتىن ھەرگىز سۇسلىشىپ چېكىنمىگىن .

پۈتۈن قەلبىڭنى ئاداقىچە ئىسلامغا بېغىشلىغىن، ئىسلام ھاياتىڭدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولسۇن .

قورساق بېقىش ئۈچۈنلا ياشىغان ئادەم نېمە دېگەن بىچارە- ھە؟! ئۇ ئەرزىمەس ھاياتنى ئەرزىمەس ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئەمما ئىسلام ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىش مەسلىسىنى، بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ھالدا ياشايدىغان ئادەم شەرەپلىك ياشاپ شەرەپلىك ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئۇلۇغ مەزمۇنغا تولغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللە تائالانىڭ دىنىغا نۇسرەت بېرىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرىدۇ

ئاخىرقى دۇئايىمىز شۇكى :

ئى پەرۋەردىگارىمىز! زاتىنىڭ ئۇلۇغلىقى، پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق، ھالدا بارلىق ھەمدۇ- سانالار ساڭا بولسۇن! جىمى ھەمدۇ- سانا اللەغا خاس! ئاسمان زېمىننى ياراتقان اللەغا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن! بىزنى بۇ ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان اللەغا ماختاشلار خاستۇر، اللە بىزنى ھىدايەتكە باشلىمىغان بولسا بىز ھىدايەت تاپالماس ئىدۇق... ئىسلام، ئىمان ۋە قۇرئان ئاتا قىلغان اللەغا گۈزەل مەدھىيلەر بولسۇن! ئى اللە! خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقىلار ئىچىدە رەھمەت- بەرىكەت ياغدۇرغىن! ئۇنىڭغا كېيىنكىلەر ئىچىدىمۇ رەھمەت- بەرىكەت ياغدۇرغىن! قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر ئارىسىدا رەھمەت- بەرىكەتنى ياغدۇرغىن! ئى پەرۋەردىگار! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! بىزنى مەغفىرەت قىلغىن! ئەيىپلىرىمىزنى ياپقىن! ئاجىزلىقىمىزغا رەھمى قىلغىن! كەمچىللىكلىرىمىزنى تولۇقلىغىن! نامە- ئەمەللىرىمىزنى ئوڭدىن بەرگىن! ھېسابىمىزنى ئاسان قىلغىن! ئىشلىرىمىزغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن! بىزنى دوزاختىن ئازات قىلغىن! بىزدىن رازى بولغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، بىز جەننەتنى سورايمىز، دوزاختىن قۇتقۇزۇشىڭنى تىلەيمىز!

ئى اللە! بىزنى ئەھلى جەننەت قاتارىغا پۈتكىن! ئى پەرۋەردىگار! بىزگە رەھىم قىلغىن، چۈنكى سەن بىزگە رەھىمدىلسەن. ئى، ماڭا دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن دېگۈچى زات! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! ئى سۆيۈملۈك اللە، ئى رەھىم شەپقەتلىك اللە، ئى بىزگە يېقىن اللە، ئى دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى اللە! ئى ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك ئىگىسى! ئى اللە بارلىقىمىزنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمىز، ئى بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى! مۇسۇلمان ياشلىرنى ھىدايەتكە باشلىغىن، مۇسۇلمان قىز- ئاياللىرنى ھىدايەتكە باشلىغىن! ھەممىمىزدىن رازى بولغىن!

# ئىززەت

ئاپتورى: ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

## مۇقەددىمە

ھەمدۇ- سانالار اللەغا غاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن اللەغا سېغىنىمىز . الله ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس!

كۆندۈز ئالمشپلا تۇرىدىكەن دۇئايى- سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۆزۈلمەستىن اللەنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە- تاۋاباتلىرغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلەرگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن!

## ئىززەتنىڭ مەنىسى

بۇ يەردىكى ئىززەتتىن مەقسەت، ئۇممەت ئىچىدىكى ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزلۈك ئىززەت تۇيغۇسىدۇر. بىراق بۇ ھەرگىز ياسالما ئىززەت بولماسلىقى، بايلىق، ئابروي -مەنسەپ ۋە ئەجدادلاردىن پەخىرلىنىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىززەت بولماسلىقى كېرەك. بۇ خىل ئىززەت چۇقۇم الله تىن، اللەغا بويسۇنۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئىززەتتۇر. شۇڭا سەلەفى ئالىملار:" ئى الله! ساڭا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق مېنى ئىززەتلىك قىلغىن، گۇناھكارلىق تۈپەيلى مېنى خار قىلمىغىن!" دەپ دۇئا قىلغان.

شۇنداق، بارلىق ئىززەت اللەغا بويسۇنۇشتا، بارلىق خار- زارلىق اللەغا ئاسىيلىق قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. كىمكى ئىززەتلىنىشنى خالىسا، اللەغا ئىتائەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشنى تاشلىسۇن ۋە بۇنىڭدا تەۋرەنمىسۇن! بىر پەيلاسوپ شائىر ئېيتقان:

"ئەزىز " سۈپەتلىك زات ھىمايىسىدە ئىززەت بار،

تېۋىنسا قۇللارغا كىم، قىلار الله ئۇنى خار.

لېكىن ئىززەت پەقەت الله ئۈچۈن بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ نەپسى ھاۋايى ھەۋەسلىرى ئۈچۈن ۋە نەپسىنىڭ ئەرزىمەس تەلەپلىرى ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك.

قېرىنداشىم!

ئىززەت ئۇلۇغ قىممەتكە ئىگە نەرسە ؛ بىر كىمنى ئىززەت سۆزى بىلەن سۈپەتلىسەڭ، بۇ ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە ماختىغانلىق بولىدۇ.

مۆمىن اللە بىلەن ئەزىز، دىنى بىلەن ئەزىز، رەببىگە بويسۇنۇش بىلەن ئەزىز، رەببىگە ئاسىي بولماسلىقى بىلەن ئەزىز، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ يولىغا چاقىرىش بىلەن ئەزىز، ئۇممىتىنىڭ ئىززىتى ئارقىلىق ئەزىز، دىنىنى قوغداش بىلەن ئەزىز، اللە يولىدا شېھىتلىككە ئېرىشىش بىلەن ئەزىز.

قېرىنداشىم!

ئۇممەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى اللەغا تولۇق بويسۇنۇپ ۋە اللەغا ئاسىي بولۇشتىن قول ئۈزۈپ ئىززەت تاپقان چاغدا، ئۇممەت ئىززەت تاپىدۇ، ئەقسا مەسجىدى ئىززەت تاپىدۇ، ۋەتەنلىرىمىز ئىززەت تېپىپ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بېشىدا بايراقلىرىمىز جەۋلان قىلىدۇ.

ئىسلام ئۇممىتى ئىززەت تاپقان چاغدا دۈشمەنلىرىمىز باش ئېگىپ خارلىققا پاتىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ سۇسلىقىمىز ۋە ئاجىزلىق كۆرسىتىشىمىز ئارقىلىقلا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بايراقلىرى بېشىمىزغا قادالغان. ئەگەر بىز اللە تەرەپكە، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇپ ئاسىيلىق قىلماسلىققا قايتىدىغان بولساقلا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كۈچلىرى ھېچنىمىگە ئەرزىمەي قالىدۇ، بىزگە قىلچە تەسىر قىلالمايدۇ.

قېرىنداشىم!

ئىنسان قاچان خارلىققا پاتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟

ئىنسان اللەغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان ئەخلاقسىزلىق ۋە پەرۋاسىزلىق بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان جۇشقۇنلىقىنى يوقىتىپ، پاسسىپلاشقاندا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلماي، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا زىيانكەشلىك قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ قالغان چاغدا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان قورساق تويغۇزۇشنى بۇ ھاياتتىكى ئاساسلىق نىشانى قىلغاندا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان قورساق بېقىشنى ئۆزىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىدىن يۇقىرى قويغان چاغدا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان اللە بۇيرىغان پەرز-مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمىغان چاغدا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان نامازنى تاشلاش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان زاكاتنى ئادا قىلماي، اللەنىڭ بەندىلىرىگە بېخىللىق قىلىش ئارقىلىق خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان اللەدىن باشقىلاردىن ئىززەت كۈتۈش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان اللەدىن باشقىسىغا ئېگىلىش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان اللەدىن باشقىسىدىن سوراش بىلەن، اللەدىن باشقىسىدىن ياردەم تىلەش بىلەن، اللەدىن باشقىسىغا تايىنىش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

قېرىندىشلىرىم!!

ئۇلۇغ رەببىمىز اللە بۇ ئۈممەتكە ئىززەت ۋە يۈكسەكلىك خالاۋاتسا، ئاندىن بۇ ئۈممەتنىڭ خارۇ- زارلىق، بىچارىلىك خالاۋاتقىنى نىمىسى؟

شۇنداق. . . . . . .

اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئېزىز ئۈممەت بولۇشىنى ئىرادە قىلغان، چۈنكى اللە تائالا بۇ ئۈممەتنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرىشىنى ۋە ياخشىلىق بىلەن تولدۇرىشىنى ئىرادە قىلغان.

مەلۇمكى، يەر يۈزىنى بىچارىلەر گۈللەندۈرەلمەيدۇ، بەلكى كىم كۈچلۈك ئەزىز بولسا، شۇ گۈللەندۈرىدۇ.

## ئۆزلۈك ئىززەت تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرۈش ھالەتلىرى

ئىنسان ئۆزلۈك ئىززەت تۇيغۇسىنى قانداق يوقىتىدۇ؟ قانداق قىلىپ بىچارىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟

مەن دەيمەنكى، مىڭ ئەپسۇس! بىز كۆپ ھاللاردا ئۆزلۈك ئىززەت ئېڭىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خارلىق، ئۆزىنى پەس كۆرۈش ئۇرۇغىنى تېرىيدىغانلادىنمىز!

بۇنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قولىنى ئېگىز كۆتەرگۈزۈپ تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قۇيۇش ئارقىلىق جازالايدۇ، ئاندىن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىشقا باشلايدۇ. . . ياكى ئۇدۇللا تەستەك بىلەن يۈزىگە سالىدۇ!. . .

بۇ ئوقۇتقۇچىغا دەيمەن :يامان ئىش قىلغان، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش ھەققىڭ بار، مۇكاپات- جازا مەسلىسى تەربىيەدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېنىق مەسلە، بىراق مۇكاپات –جازا ئەسلىدە قانداق بولۇش كېرەكلىكىنى ئوقمامسەن؟!

بۇ ئوقۇتقۇچىغا دەيمەنكى، تەربىيلەنمەستىن ئىززەت ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغان بۇ ئوقۇغۇچى قانداق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ؟ جازالاش دېگەنلىك خارلاش، غورۇرىنى ئۆلتۈرۈشمۇ؟

بۇنداق جازالانغان ئوقۇغۇچى غورۇرلۇق ئۆسەمدۇ ياكى پەسمۇ؟

## ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ تەربىيچىلىرى دىققەت قىلىڭلار!

ئەگەر سەن ئۇنى خارلىساڭ، ئۇ بۇ ئاھانەتنى ھەرگىز يادىدىن چىقارمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزلۈك خارەكتىرىغا تەسىر كۆرستىدىغان روھى توسالغۇغا گىرىپتار بۇلۇشى مۇمكىن.

ئۇ چېگىش مىجەزلىك، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئۈمىدسىزلىك، مەغلۇبىيەت، چۈشكۈنلۈك، بىچارىلىك تۇيغۇسىغا پاتقان، ئۆز پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان، دەپسەندە قىلىنغان پىرىنسىپ ۋە ھەقىقەتنى جان تىكىپ قوغداشقا پېتىنالمايدىغان روھى ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، بەلكىم ئۇ ئۆز قىممىتىنىڭ، مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتىنىڭ يوقلىغىنى ھېس قىلغان ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. . . .

شۇنداقلا سىزنىڭ يادىڭىزغا سالايكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام يۈزىگە ئۇرۇشتىن ۋە يۈزىنى سەتلەشتىن توسقان ئىدى.

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە مۇئاۋىيە ئىبنى قۇشەير مۇنداق دەيدۇ:" مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالامغا:" 'ئى رەسۇلۇللاھ، بىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ئايالنىڭ ھەققى نىمە؟ دېسەم، ئۇ:" تاماق يېسەڭ ئۇنىڭغىمۇ يېگۈزۈش، كىيىم كەيسەڭ ئۇنىڭغىمۇ كەيگۈزۈش، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرما ھەم سەتلىمە، ئۇنى پەقەت ئۆيدىلا قويۇپ سىرتتا بولغىن" دېدى. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

مەن يەنە تەكرارلاپ ئېيتايكى، مىنىڭ سۆزۈمدىن خاتالىق ئۆتكەزگۈچىنى جازالىماسلىق كېرەك دېگەن مەنا چىقمايدۇ.

ئەمما بۇنىڭدا خاتالىقنى تۈزىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىززەت- غۇرۇرنى دەپسەندە قىلمايدىغان ئەڭ ياخشى تەربىيە ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك دېمەكچىمەن .

بىر ئەر ئائىلىسىدە باللىرىنىڭ ئايالنى خارلاپ، ئۇنى ئۇرۇپ- تىللايدۇ، سەتلەيدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھېچنىمىگە ئەرزىمەس خىزمەتكارى قاتارىدا كۆرىدۇ . . .

مەن بۇ ئەرگە ئېيتىپ قويايي :

بۇ قىلغىنىڭ ھەرگىز توغرا ئەمەس، ئەكسىچە ئىسلام قانۇنىغىمۇ خىلاپ!

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام بۇنىڭدىن چەكلىگەن :

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە مۇنداق دەيدۇ:"مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا

كېلىپ ئۇنىڭدىن:' ئايالىرىمىز توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟' دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:' يېگىنىڭلاردىن ئۇلارغىمۇ يېگۈزۈڭلار، كەيگىنىڭلاردىن ئۇلارغىمۇ كەيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى ئۇرماڭلار ۋە سەتلىمەڭلار' دەپ جاۋاپ بەردى." (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

**قېرىندىشلىرىم!**

ئالىملار مۇنداق دېگەن: ئايال ئېرىگە بويسۇنۇشتىن تامامەن باش تارتمىغان ئەھۋالدا ئايالنى ئۇرۇش هارامدۇر، ئايال بويسۇنۇشتىن تامامەن باش تارتقان ئەھۋالدا ئېرىنىڭ ئايالنى جاراهەتلەندۈرمىگەن ئاساستا بوشراق ئۇرۇش هوقۇقى بار، ئايالى بۇنىڭدىنمۇ تۈزەلمىسە يەنە ئۇرۇشقا بولمايدۇ، پەقەتلا ئۇرماسلىق ئەۋزەل هېساپلىنىدۇ.

بىر خوجايىن ئۆز خىزمەتكارىنى ياكى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىنى تىللاپ غورۇرىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

ئۇنىڭغا دەيمەنكى، بۇ قىلغىنىڭ توغرا ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ بۇيرۇقىغا زىت؛ سەن باي بولساڭمۇ، قول ئاستىڭدا ئىشلەيدىغانلارنى خارلاپ، ئۇلارنى قۇل قاتارىدا كۆرۈشكە هەققىڭ يوق، الله مېھرىباندۇر، ئۇ ئۆز بەندىلىرىنىڭ رەهمدىللىكىنى، كۆيۈمچان بولۇشنى، كەڭ قورساق ۋە كەچۈرۈمچان بولىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، بولۇپمۇ مەدىكار ۋە خىزمەتكارلارغا ئوبدان قاراشقا تەرغىب قىلغان.

ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ:" بىر قېتىم ئۆزەمنىڭ ئوغۇل خىزمەتكارىمنى ئۇرۇۋاتقانىدىم، تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن:' ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قويغىنكى سېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغىنىڭغا قارىغاندا الله ساڭا تېخىمۇ قادىردۇر!'دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم- دە، بۇرۇلۇپ قارىسام رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۇرۇپتۇ. مەن:" ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئازات!' دېدىم، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:' بىلگىنكى، ئەگەر مۇنداق قىلمىغان بولساڭ دوزاخنىڭ ئوتىغا گىرىپتار بولاتتىڭ' دېدى." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يەنە شۇ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى:" بىر قۇلۇمنى ئۇرۇۋاتاتتىم، ئارقا تەرەپتىن بىرسىنىڭ:' ئەبۇ مەسئۇد دىققەت قىل! ئەبۇ مەسئۇد دىققەت قىل!' دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، قېشىمدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۇرۇپتۇ، ئۇ ماڭا:' سېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلەڭگە قارىغاندا الله ساڭا تېخىمۇ قادىردۇر!" دېدى. ئەبۇ مەسئۇد ئېيتىدۇ:" شۇنىڭدىن تارتىپ هەرگىز

قۇلۇمنى ئۇرۇپ باقمىدىم." (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزنى خىزمەتكارلارنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلارغا يېگىنىمىزدىن يېگۈزۈپ، كەيگىنىمىزدىن كەيگۈزۈشكە ۋە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سالماسلىققا تەرغىپ قىلغان ئىدى.

مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد مۇنداق دىگەن:" رەبزە دېگەن شەھەردە ئەبۇزەرگە ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ئۆزى ۋە خىزمەتكارى ئوخشاش تون كىيىۋالغان ئىدى، بۇ نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:' مەن بىر كىشى بىلەن تىللىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئەيىپلەپ سالغانىدىم، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ماڭا كايىپ:" ھەي ئەبۇزەر! ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئەيىپلەۋاتامسەن؟ سەن جاھىلىيەت قالدۇقى بار ئادەم ئىكەنسەن! قېرىنداشلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئامىتىڭلار (خىزمەتچىڭلار)، اللە ئۇلارنى قول ئالدىڭلاردا قىلىپ قويغان، كىمنىڭ قېرىندىشى قول ئالدىدا بولسا، يېگىنىدىن ئۇنىڭغا يېگۈزسۇن، كەيگىنىدىن ئۇنىڭغا كەيگۈزسۇن، ئۇلارنى ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارغا سالماڭلار، ئەگەر مۇنداق ئىشقا بۇيرۇلساڭلار ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار!"دېدى. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## بىر ئىنساننىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغداش ئىززەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

قاتناش ساقچىلىرى كۈن بويى يولدا ھېرىپ- چارچاپ ماشىنىلارنى ۋە ئۆتكۈنچىلەرنى رەتلەپ يۇرۇشتۇرىۋاتسا، بەزى ياشلار كېلىپ يول بەلگىلىرىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن خىلاپلىق قىلىپ ۋە ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىپ قاتناش ساقچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى مەنسىتمىگەندەك خۇي كۆرسىتىدۇ.

ئۇلارغا دەيمەنكى، بۇ قىلىۋاتقىنىڭلار ئېغىر خاتالىق، چېكىدىن ئېشىش! ساقچىلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ۋە ھۆرمىتىنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى، تىرىشچانلىقلىرىنى ھۆرمەت قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ماشىنىلارنى، ئۆتكۈنچىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ كۈن بويى تىك تۇرغانلىقىنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىك!

بىز قاتناش ساقچىسىنى قىلىۋاتقان ئىشىغا نىسبەتەن غورۇر ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. يەنە ئۇنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قاتناش قائىدە- نىزاملىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئۇلارغا ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك.

بىر ئاتا بالىسى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالىدىغان بولسا، دوست- تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدىلا كېلىپ ئۇرۇپ كېتىدۇ، ياكى ئۇلار بار جايدا قوپاللىق بىلەن تەنبىھ بېرىپ، ئۇنىڭغا كايىپ، سەتلەپ تىللاپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭغا دەيمەن! بالىسغا نەسىھەت قىلىش، تەربىيە بېرىش ۋە كايىش دادىنىڭ ھەققى. لېكىن بۇ قوپال، سەت سۆزلەر بىلەن بولماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا ئەدەپلەش ۋە تەربىيەلەش مەقسىتىدە بالىسنى ئۇرۇش دادىسىنىڭ ھوقۇقى، چۈنكى بەزى چاغلاردا ئۇرۇش پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. كۆپچىلىكىمىز كىچىك چاغلىرىمىزدا تاياق يېگەنغۇ؟ بىراق بالىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشقا، بولۇپمۇ تەڭتۇشلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۇرۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى كۆپچىلىك ئالدىدىكى نەسىھەت — ئەرزىيەت.

ئەمرى ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى:" بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشتا ناماز ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلارۋە ئۇلارنى ئايرىم ياتقۇزۇڭلار." (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ماڭا ئون بەش سۆزنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، ئۇ مۇنداق دېگەن:" ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، كۆيدۈرۈلسەڭمۇ اللەغا شېرىك كەلتۈرمە؛ بالا- چاقاڭ ۋە مال- مۈلكۈڭدىن ئايرىلىشقا بۇيرۇغان تەقدىردىمۇ ئاتا- ئاناڭنى قاقشاتما؛ ھېچقاچان بىر ۋاخ پەرىز نامازنى قەستەن تەرك قىلما؛ چۈنكى قەستەن بىر پەرىز نامازنى تاشلىغان ئادەمدىن اللەنىڭ زىممىسى ئۈزۈلىدۇ. ھەرگىز ھاراق ئىچمە چۈنكى ئۇ بارلىق رەزىللىكنىڭ باشلامچىسى. گۇناھلاردىن ساقلان، چۈنكى گۇناھلار تۈپەيلى اللەنىڭ غەزىپى چۈشىدۇ. بارلىق كىشلەر ھالاك بولغان ئەھۋالدىمۇ جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ تاشلىما، سەن ئارىسىدا بار كىشلەرگە ئۆلۈم يەتسە جايىڭدا چىڭ تۇر. خوتۇن- بالىلىرىڭغا قولۇڭدا بارنى سەرىپ قىل، ئۇلاردىن ئەدەپ ھاسسىنى كۆتەرمە، ئۇلارنى اللە ھەققىدە ئاگاھلاندۇر." (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، 21060- ھەدىس).

ياشتا چوڭ ئاقساقال ئادەملەر باركى، بىرەر ياش بالا ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۆز قىستۇرۇپ قالسىلا ئۇنىڭغا:" چوڭلار بار جايدا ئاتكاچىلىق قىلماڭلار!" دەپ جېكىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا ئۆز كۆز قارىشىنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان، ھەققەتتىنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ۋە اللەغا دەۋەت قىلىشتا ئاجىزلىق قىلىدىغان ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ، پاسسىپ، ئىچ مىجەزلىك، ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان ۋە كوللىكتىپقا

ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشالمايدىغان ئادەم بولۇپ ياشايدۇ.

ئۇلارغا ئېيتىمەنكى، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراپ، ئۇنى ئۈلگە قىلىڭلار! سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:"رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچا ئىچىملىك كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىچتى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ياشتا ئەڭ كىچىكى بولغان بىر بالا بار ئىدى، سول تەرىپىدە ئاقساقاللار ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھېلىقى بالىغا قاراپ:" ھەي بالا، قاچىنى چوڭلارغا بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟" دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ بالا:"ئى رەسۇلۇللاھ! سىزدىن ئاشقان نەرسىنى ھېچ كىمگە بېرىشنى خالىمايمەن" دەپ جاۋاب بەردى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قاچىنى ئۇ بالىغا بەردى" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

<u>قېرىنداشلىرىم!</u>

رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە قاراڭلار: ھەتتا بىر توپ ئاقساقاللار ئارىسىدىكى كىچىك بىر بالا بولغان ئەھۋالدىمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نوپۇزغىلا ئېتىبار بەرمىگەن... بىز نېمە ئۈچۈن بەزىدە بالىلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىزنىڭ ئىززەت- غورۇرىنى ئۆلتۈرىمىز؟؟!

* ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ھاجىتى چۈشۈپ كەلگەنلەرنى كۆزەگە ئىلمايدۇ، ھاجەتمەن كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن غەم- قايغۇغا پاتقان ھالدا، ھەسرەت- ئېچىنىش ئىچىدە قايتىپ چىقىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپلا يىغلاپ تاشلايدۇ. چۈنكى بۇ خىزمەتچى ۋە ئۇنىڭ سىياقىدىكى ئادەملەر ھاجەتمەنگە ئورۇنسىز قوپاللىق قىلىپ قاتتىق ھاقارەتلىگەن، ئۇنداقلار باشقىلارغا قىلغان ھاقارەتلىك مۇئامىلىسىگە قارىتاللەنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان، شۇڭا ھاجەتمەنلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن، چوڭچىلىق بىلەن گەدىيىپ، ھومىيىپ تۇرۇپ ئۇلارنى خار كۆرگەن، بۇ كاساپەت ئۇنتۇپ قالغانكى، اللەنىڭ بەندىلىرىنى خار كۆرگەنلەرنى الله قاتتىق خار قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن.

ئۇنداقلارغا ئېيتىمەن:

دىن دىگەن ياخشى مۇئامىلە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

بەندىلەرنى خار كۆرگەنلەرنىاللەنىڭ خار قىلىدىغانلىقىنى يادىڭدىن چىقىرىپ تاشلىدىڭمۇ؟

الله سېنىڭ ئۇششاق- چوڭ ھەممە نەرسەڭدىن ھېساپ ئالىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن

باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى ئۆزىنىڭ ئورۇنداش بەدىلىگە سەن دۆلەتتىن ئالىدىغان مائاشىڭدىنمۇ ھېساپ بېرىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇ ھەقتە اللهدىن قورقمامسەن؟!

الله تائالا كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىدىغانلارغا زور ئەجىر ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:" كىشىلەرگە ئەڭ مەنپەئەتلىك ئادەم اللهغا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىش بىر مۇسۇلماننى خوشال قىلىشتۇر، ياكى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتۇر، ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشتۇر، ياكى ئۇنىڭ ئاچلىقىنى تۈگىتىشتۇر، بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن مېڭىش مەن ئۈچۈن مەسجىدتە بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن سۆيۈملۈكتۇر، كىمكى غەزىپىنى بېسىۋالسا، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، كىمكى ئۆزى بىر ئىش قىلالايدىغان ھالەتتە ئاچچىقىنى يۇتسا، قىيامەت كۈنى اللهئۇنىڭ قەلبىنى رازىلىققا تولدۇرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن مېڭىپ ئۇنى راۋا قىلسا، الله تائالا قەدەملەر تېيىلىپ تۇختىمايدىغان كۈندە ئۇنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. يامان ئەخلاق خۇددى سىركە ھەسەلنى بۇزغاندەك ئەمەلنى بۇزىۋېتىدۇ" (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى، ئالبانى، 176- ھەدىس).

*بىر خىزمەتچىنى باشلىقى ھاقارەتلەپ، تىللاپ ئۇنىڭغا ناھەقچىلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىزمەتچى پۈتۈنلەي بىچارىلىك ۋە يۈرەكسىزلىك بىلەن:" ئۇنىڭغا گەپ قايتۇرۇپ بىرەر ئېغىز سۆز قىلالمايمەن، بولمىسا قورسىقىمنى باقالماي قالىمەن" دەيدۇ.

ئۇنىڭغا دەيمەنكى، سېنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىڭ قورساق بېقىشتىن مۇھىم! ئىززەت- ھۆرمىتىمىز جان بېقىشنىڭ كاپالىتى بولۇشى كېرەك، ھەرگىز ئەكسىچە ئەمەس، ھۆرمەت- غورورىنى يوقىتىش پاك- شەرەپلىك ۋە بەختلىك ھاياتنى يوقاتقانلىقتۇر! ھاقارەتلىك ھايات ئاچ قورساق ياشاشتىنمۇ يامان.

مۇقەددەس- ئۇلۇغ نەرسىلىرى ۋە يەر- زېمىنلىرى تارتىۋېلىنسىمۇ بۇنىڭغا رازى بولۇپ قاراپ تۇرىدىغان، ئىگەللىۋېلىنغان زېمىنلىرىغا ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئوغلانلىرىغا باش قاتۇرۇپ كەتمەيدىغان بىر ئۈممەت (خەلق) چوقۇم دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئىززەت- ھۆرمىتىنى، قىممىتىنى يوقاتقان ھەيۋىسىز خار- زار ۋە بىچارە ئۈممەت ھېساپلىنىدۇ.

مۇقەددەس نەرسىلىرىنى، يەر- زېمىن ۋە ئوغلانلىرىنىڭ قېنىنى بىكارغا بەرگەن ئۈممەتنىڭ نەدىمۇ ھۆرمىتى بولسۇن؟!

چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلسىمۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئوخشاش سەۋىيەدىكى مۇتەخەسسىسلىرىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان شىركەتلەر بار.

بىر قېتىم ھاۋا ئارقىلىق سەپەرگە چىققىنىمدا ئايروپىلان كېچىكىپ قالغىنى يادىمدا، شۇ چاغدا ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى كېلىپ چەت ئەللىك يولۇچىلارغا پايپېتەك بولۇپ ئۆزرە ئېيتسىمۇ، مۇسۇلمان يولۇچىلىرىغا پەرۋاسىز قىلىپ قويمىغان ئىدى، ۋەتەنداشلىرىغا قىلچە ئەھمىيەتسىز قاراپ، ئۇلارغا بىرەر ئېغىز ئۆزرە ياكى كەچۈرۈم سۆزى قىلىشمىغان ئىدى، شۇ پەيتتە، ئۆز زېمىنىمىزدىمۇ قىلچە قەدىر- قىممىتىمىزنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. . .

بىز بىر- بىرىمىزنى خار كۆرىۋاتقان يەردە، باشقىلاردىن قانداقمۇ ئىززەت- ھۆرمەت كۈتەلەيمىز؟!

ھەقىقەتەنمۇ "ئۆزىگە بۆرە، دۈشمەنگە مۈشۈك" دېگەن مۇشۇ- دە!. . .

قېرىنداشلىرىم! ئەۋلادلىرىمىز، بالىلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئىززەت- غورۇر ئۇرۇقىنى تىكەيلى!

ئىسلام دىنىمىز خارلىنىشقا، ھاقارەتلىنىشكە، بىچارىلىققا قارشى تۇرسىمۇ، مۆئمىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىززەت بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئادەمنى غەم- قايغۇغا، ئەلەمگە، خورلۇققا سالىدىغان مەسىلىلەر چىقى؟!

قېرىنداشلىرىم! باش ئېگىش، بويسۇنۇش يەرشارىنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر، ئۇلارنى الله بەندىلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، باش ئەگدۈرۈپ بەرگەن، اللەتائالا دەيدۇكى:{ ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى قۇدرەت قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر، ھايۋانلارنى ئۇلارغا بوي سۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ.} (ياسىن سۈرىسى، 71- 72- ئايەتلەر).

باش ئېگىش، بويسۇنۇش پەقەت مۆئمىنلەر ئۆزئارا مۇئامىلە قىلغان بىر ھالەتتە مۆئمىنىنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا بولالايدۇ، چۈنكى مۆئمىن ئۆز قېرىندىشى ئالدىدا كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى لازىم.

الله تائالا دەيدۇكى:{ ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى سۆيىدىغان، ئۇلارمۇ اللەنى سۆيىدىغان، مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر ئۈممەت كەلتۈرىدۇ. (بۇ سۈپەتلەر بىلەن

سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ (پەزلى) كەڭرىدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.} (مائىدە سۈرىسى، 54-ئايەت).

ئىبنى مەسئۇد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:" ھەر بىر كەمتەر، مۇلايىم، چىقىشقاق ۋە كىشىلەرگە يېقىن ئادەمنىڭ دوزاخقا كىرىشى ھارام قىلىنغان." (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، 3742- ھەدىس).

قېرىنداشلىرىم!

بۇرۇنقى ئەرەبلەرمۇ ئىززەت- غورۇرلۇق ئىدى، خارلىق، ھاقارەت ۋە ئار نۇمۇسنى قوبۇل قىلمايتتى. ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:" قەۋمىڭ نېمشقا كەئبىنىڭ ئىشىكىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئورناتقانلىقىنى بىلەمسەن؟" دېگەن، ئائىشە دەيدۇكى، مەن:" ياق" دەپ جاۋاپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:" ئۇلار خالىغان كىشىلەرلا كىرەلىسۇن دەپ شۇنداق قىلغان. بىرەرسى كىرمەكچى بولۇپ قالسا، يۇقۇرى چىقىشقا يول قويىسمۇ، كىرەي دەپ قالغان چاغدا ئىتتىرىۋېتەتتى- دە، ئۇ چۈشۈپ كېتەتتى." (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قېرىنداشلىرىم!

ئۇلار ئىززەت- غورۇرنى دەپ پەقەت خالىغان ئادەملەرنىلا بۇ بەيتۇللاھقا كىرگۈزەتتى.

ئاللاھدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت- غورۇرنى قايتا تىكلەپ بېرىشىنى تىلەيلى!

بىز ئاللاھدىن تىلەيمىزكى، قۇددۇس ئىشىكىدىن مۇسۇلماندىن باشقىسى كىرمىسە ئىكەن، ھەر قانداق ئىسلام يۇرتىغا كىرىدىغانلار پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇلىشى ۋە رۇخستى بىلەن كىرسىكەن!

ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، تائەت ئىززىتىنى، كىتاب- سۈننەتكە لايىق ھالدا ئاللاھنىڭ دىنىنى چىڭ تۇتۇش ئىززىتىنى، ئاللاغا ھەقىقى ئىشىنىش ۋە مۇستەھكەم تەۋرەنمەس ئىشەنچ ئىززەتنى؛ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھېيىقتۇرىدىغان، خار قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى، كۆرەڭلىكلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان ھەقىقى ئىززەتنى قايتا قولىمىزغا بېرىشىنى ئاللاھدىن تىلەيمىز.

ئىززەت- ھۆرمىتىمىز شەخس ۋە ئۈممەت مىقياسىدا چوقۇم قايتا تىكلىنىشى كېرەك، ئۈممەت ئىززەت ئىچىدە بەرپا بولۇشى، شەخسمۇ ئىززىتىنى قايتىدىن قولغا ئېلىشى

لازىم.

## ئىززەت مەنبەسى

ئىززەتنىڭ پەقەتلا بىر مەنبەسى بار:كىمكى ھەقىقى ئىززەتنى خالىسا، ئۇ چوقۇم مۇشۇ مەنبەگە قايتىشى كېرەك، دەل مۇشۇ بىردىنبىر ئۇلۇغ مەنبەگە ئىلتىجا قىلماي ئامال يوق!

ھەقىقەتەنمۇ ئۇ بىردىنبىر مەنبەدۇر، مەڭگۈ خورىماس، تۈگىمەس- پۈتمەس مەنبەدۇر؛ ھېچكىم زىيان سالالمايدىغان، ھېچكىم ئاجىزلىتالمايدىغان، باشقا ھېچكىمدىن كۈچ تولۇقلاشقا ھاجىتى چۈشمەيدىغان مەنبەدۇر! ئۇ بولسىمۇ ئەزىز ھەم ئىززەت ئاتا قىلغۇچى، بارلىق ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ مەنبەسى يالغۇز اللەدۇر!

الله تائالا دەيدۇكى:{ كىمكى ئىززەت- شەرەپ ئىزدەيدىكەن، بارلىق ئىززەت اللەغا مەنسۇپتۇر!} (فاتىر سۈرىسى 10- ئايەت)

يەنە اللەتائالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئېيتقىنكى، "پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى الله!خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىقنىڭ (خەزىنىسى) سېنىڭ قولۇڭدا، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن!"} (ئال ئىمران سۈرىسى، 26- ئايەت).

بۇ يەر يۈزىدە ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان يالغۇز بىرلا الله ئىززەتنىڭ ئىگىسىدۇر.

الله تائالا دەيدۇكى:{ ئىززەت اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار بىلمەيدۇ} (مۇنافىقۇن سۈرىسى، 3- ئايەت).

قېرىنداشىم!

دوستىڭىزغا دۇئا قىلماقچى بولغىنىڭىزدا:" اللەسىزنى ئەزىز قىلسۇن!" دەيسىز، دېمەك ئىززەت اللەدىن كېلىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەر ئۆز ئىززەتلىرىگە ئىگە ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ھەممىسى اللەنىڭ ئىلكىدىكىلەردۇر.

اللەنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى قاتارىدا:" ئەزىز، ئىززەت ئاتا قىلغۇچى، بارلىق مۈلۈكنىڭ ئىگىسى" بار.

شۇڭا الله تائالا ئىززەتنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، اللەنى قويۇپ ئۆزىنى بەندىلەرگە خار قىلىپ بەرگەنلەردىن ئىززەت- شەرەپنى ئېلىۋېتىدۇ. چۈنكى الله تائالا ئاسمانلار ۋە زېمىنلارنىڭ ئىگىسىدۇر.

قېرىندىشىم!

ئەگەر سەن مەلۇم بىر ئىنسانغا ئىلتىجا قىلساڭ، ئۇ بۇگۈن ئەزىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئەتە خار بولۇپ، بۇگۈن باي بولغان تەقدىردىمۇ، ئەتە يوقسۇل بولۇپ قالىدۇ؛ بۇگۈن تىرىك بولسىمۇ، ئەتە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بىچارە بىچارىگە ئىلتىجا قىلامدۇ؟ يوقسۇل يوقسۇلغا ئىلتىجا قىلامدۇ؟ ئاجىز ئاجىزغا ئىلتىجا قىلامدۇ؟

سۇغا غەرق بولغان ئادەم يەنە بىر غەرق بولغان ئادەمگە ئېسىلامدۇ ياكى ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرالايدىغان بىرسىگە ئېسىلامدۇ؟!

يوقىلىۋاتقان كىشى يوقىلىۋاتقان كىشىگە ئېسىلامدۇ ياكى مەڭگۈلۈك تىرىك زاتقا ئېسىلامدۇ؟!

قېرىندىشىم!

ئەگەر سەن ئىززەتنى خالايدىغان بولساڭ، ئۇنداقتا اللهغا يۈزلەنگىن، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغىن، ئۇنىڭغا تايانغىن! ئۇنىڭغا ئىشەنگىن!

اللهتائالا مۇنداق دەيدۇ:{ كىمكى ئىززەت- شەرەپ ئىزدەيدىكەن، بارلىق ئىززەت اللهغا مەنسۇپتۇر!} (فاتىر سۈرىسى، 10- ئايەت)

يەنە الله:{ ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ بارلىق ئىززەت ۋە قۇدرەت اللهغا مەنسۇپ!} (نىسا سۈرىسى، 139- ئايەت) دەيدۇ.

بىر نەسىھەتچى، پەيلاسوپ شائىر ئېيتقان:

"ئەزىز" سۈپەتلىك زاتنىڭ ھىمايىسىدە ئىززەت بار،

تېۋىنسا قۇللارغا كىم، قىلار الله ئۇنى خار!

كىمكى بىرەر خىزمەتكە ياكى ئۇنىڭ خوجايىنىغا قارىتا پايدا- مەنپەئەت كۆزلەپ، قورساق بېقىش ئۈچۈن تېۋىنىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇق- چەكلىمىلىرىنى اللهنىڭ بۇيرۇق- چەكلىمىلىرىنىڭ ئالدىغا قويسا، ئۇ چوقۇم نادان، گۇناھكار ۋە پەس ئادەمدۇر. چۈنكى خىزمەت ئۈچۈن بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ:" مەن خىزمەتنىڭ قۇلىمەن" دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىسەن.

مەن ئۇنىڭغا دەيمەن:

ئۇلۇغ اللهئارقىلىق ئىززەت- غورۇرىڭنى تىلە! شۇنىڭدا مەڭگۈ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالمايسەن؛ سەن ھەرگىزمۇ خىزمەتنىڭ قۇلى ئەمەسسەن، بەلكى سەن ئۇلۇغ اللهنىڭ قۇلىسەن!.

# مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق

## مۇقەددىمە

ھەمدۇ- سانالار اللەغا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن اللەغا سېغىنىمىز. الله ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس!

كېچە- كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، دۇئايى- سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۈزۈلمەستىن اللەنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن!

<u>مەقسەتكە كەلسەك:</u>

مۇشۇ كۈنلەردە مۇسۇلمانلار ئارا يۈز بېرىۋاتقان ئۆچ- ئاداۋەت، سوكۇش- مالامەت، تەپرىقە بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش- يۈز ئۆرۈش، تالاش- تارتىش، پېتىشماسلىق...

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇنداق بىرلىشەلمەسلىك- كېلىشەلمەسلىكنى تاشلاپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىمىز زۆرۈرلىكىنى كۆتىۋاتماقتا؛ پۇرسەت قولدىن كېتىپ ۋاقىت ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دىللىرىمىزغا ساغلام ئەقىل ۋە قېرىنداشلىق كۆچەتلىرىنى قايتىدىن يىلتىز تارتقۇزىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا؛ ئۇلۇغ كەچۈرۈمچان اللە تەرەپكە قايتىشنى تېزلىتىپ، ئۆچمەنلىك- ئاداۋەت، ياتلىشىش- كېلىشەلمەسلىكنى چۆرۈپ تاشلىشىمىزنى تەقەززا قىلماقتا؛ اللەغا تەزەررۇ قىلىپ يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىپ، دۇنيا- ئاخىرەتتە، مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىشنى، مۇسۇلمانلارنى خارلىق، ھاقارەت، بۆلۈنۈش، گورۇھۋازلىق ۋە چۇشكۈنلۈكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى، مۇسۇلمانلارنى دۇنيادا ئىززەت- يۈكسەكلىك، كۈچ- قۇۋۋەتكە تولدۇرۇپ، ئاخىرەتتە بۈيۈك جەننەتلەردە تۇرۇشقا ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇشقا مۇشەررەپ قىلىشنى اللەدىن تىلىشىمىزنى دەۋر ھەم تەقەززا قىلماقتا! ...

بۇنداق تەقەززا ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئۇلۇغ ئىلاھى ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش نىزامى بولغان {بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، اللە ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ} (رەئد سۈرىسى 11- ئايەت) ئايىتىگە كۆرە بارلىققا كەلمەكتە. بىز بۇ ئۇلۇغ دەستۇر نوقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، اللە ئۆزى ساقلاپ قالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ روھى دۇنياسىدا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان خەتەرلىك بىر مەسىلىنى بايقايمىز، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ روھى دۇنياسى بۇزۇلۇپ، ئۆز- ئارا تەپرىقە، بۆلۈنۈش ۋە گورۇھۋازلىق چۈشكۈنلىشىشنىڭ بارغانسىرى كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇڭا باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۇنيا- ئاخىرەتتە بەختلىك، قەدىر- قىممەتكە تولغان ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن يۇقۇرقىلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيمىز، بۇنداق ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى جىددى ھالدا ئىسلاھ قىلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، ئىززەت، قەددىنى كۆتۈرۈش، غەلبە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئورنىغا چىقىش ئاساسىغا قۇرۇلغان پارلاق ۋە ئۇلۇغ يېڭى رېئاللىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشماقتىمىز.

{بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، اللە ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ} (رەئد سۈرىسى 11- ئايەت)

قېرىندىشىم! پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىگە قارىتا قەلبىڭدىكى ئۆچمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلىغىن!

مەن بۇ سۆزلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر ئائىلىدە، بىر ئىمارەتتە، بىر يېزىدا، بىر مەملىكەتتە، بىر رايوندا، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى مىقياسىدا، ياخشىلىق، سۆيگۈ، اللە

يولىدىكى قېرىنداشلىق ۋە ساغلام ئېتىقاد ئۇرۇقىنى تېرىشنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن، الله دەيدۇكى:{ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆز- ئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر- بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.} (ھىجىر سۈرىسى 47- ئايەت).

رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە بىر- بىرىنى سۆيۈشنى، الله يولىدا ئۆز ئارا قېرىنداشلىق ۋە ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشنى، قەلبلىرىنى ساپ ۋە پاكىز تۇتۇشنى قايتا- قايتا تاپىلىغان ئىدى.

ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانى مۇنداق دەيدۇ:" شامدىكى دەمەشق مەسجىدىگە كىرگەنىدىم، قارىسام چىشلىرى سەدەپتەك ئاپئاق بىر يىگىت بار ئىكەن، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىرەر مەسىلىدە تالاش- تارتىش قىلىپ قالسىلا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپ، ئۇنىڭ پىكرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشىپ قايتىشىدىكەن. ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغان ئىدىم، بۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئەتىسى بولغاندا چاشكا ۋاقتىدا مەسجىتكە كەلسەم، ئۇ يىگىت مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولغانىكەن، ئۇنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆردۈم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولغىچە كۈتۈپ تۇردۇم ۋە ئۇدۇل ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، مەن ئۇنىڭغا:' الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن' دېدىم. ئۇ:' الله ئۈچۈنمۇ؟' دەپ سورىدى، مەن:' الله ئۈچۈن' دېدىم. ئۇ يەنە قايتىلاپ:' الله ئۈچۈنمۇ؟' دېدى، مەنمۇ جاۋابەن:' الله ئۈچۈن!' دېدىم. ئۇ مېنىڭ چاپىنىمنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى ۋە مۇنداق دېدى:' سىزگە خۇشخەۋەر بولسۇن! مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن:' الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:" مېنى دەپ ياخشى كۆرۈشكەنلەر، مېنى دەپ بىر سورۇندا بولغانلار، مېنى دەپ بىر- بىرىنى يوقلاپ تۇرىدىغانلار، مېنى دەپ بىر- بىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغانلار چوقۇم مېنىڭ مۇھەببىتىمگە نائىل بولىدۇ".

بۇ ھەدىستە بىر ئاز توختىلايلى:

الله تائالانىڭ:" مېنى دەپ ياخشى كۆرۈشكەنلەر، مېنى دەپ بىر سورۇندا بولغانلار چوقۇم مېنىڭ مۇھەببىتىمگە نائىل بولىدۇ" دېگەن سۆزىدە، اللەنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن بىر سورۇندا توپلىشىپ اللەغا زىكرى- سانا ئېيتىدىغانلار كۆزدە تۇتۇلغان. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر زاھىد جۇنەيد (اللەئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھەر دائىم خىلۋەتخانىسىدا مەشغۇل ئىدى، قاچانكى دوستلىرى ئۆيىگە كەلسە، ئۇلارنىڭ قېشىغا

چىقىپ بىللە ئولتۇراتتى ۋە ئۇلارغا:" سىلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇشتىنمۇ ساۋاپلىق ئىشنى بىلگەن بولسام ھەرگىز قېشىڭلارغا چىقماس ئىدىم" دەيتتى. چۈنكى بۇنداق تەقۋادار دوستلار ئولتۇرۇشى قەلبنى سۈزۈلدۈرۈشكە ۋە ئالاھىدە ئىلىم- ھىكمەت ھاسىل قىلىشقا پۇرسەت يارىتىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئاللاھتائالانىڭ:" مېنى دەپ ھېچ نەرسىلىرىنى ئايىمايدىغانلار" دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇنداق كىشىلەر خۇددى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپلا جېنى ۋە مال- مۈلكىنى ئاتاپ ھىجرەتكە ئاتلانغانلىقىدەك، بىر- بىرىنىڭ ھەرقانداق مۇھىم ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشىغا جېنىنى ۋە ئىقتىسادىنى ئايىمايدىغانلاردۇر.

ئاللاھتائالانىڭ:" مېنى دەپ بىر- بىرىنى يوقلاپ تۇرىدىغانلار" دېگەن سۆزى ئالاھىدە يېقىن دوستلۇق- قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئاللاھ يولىدا ئورناپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ئۇلۇغ بىر روھقا ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ سۆيگۈسى تۈپەيلىدىن دوستلارنىڭ قەلبى بىر- بىرىگە تەلپۈنىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن بولغان بۇ خىل بۆيۈك روھنىڭ تۈرتكىسىدە بىر- بىرىنى يوقلىشىپ، ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىلاھى ۋە ئىنسانى سۆيگۈنىڭ كامالىتىنى نامايەن قىلىپ ئاللاھنىڭ سۆيگۈ- مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش ئۇلۇغ نېئمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدۇ.

قېرىندىشىم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىسىز!

توغرا ئەقىدىلىك دوست- يارەنلىرىڭىز بىلەن بىر سورۇندا بىللە ئولتۇرۇپ، پاك قەلب، گۈزەل ئەخلاقىڭىزنى نامايەن قىلغان ھالدا تائەت- ئىبادەت، زىكرى- سانا بىلەن مەشغۇل بولسىڭىز، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننەت- ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىپ مۇتالىئە قىلسىڭىز، بۇلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ سۆيگۈ- مۇھەببىتىگە نائىل بولىسىز! مۆئمىن قېرىنداش- بۇرادەرلىرىڭىزنى ئاللاھ ئۈچۈن زىيارەت قىلىپ يوقلاپ تۇرسىڭىز ئاللاھنىڭ سۆيگۈ- مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز!

رەسۇلىمىز ھەر دائىم پاك قەلب ۋە گۈزەل خۇلق بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ ئۆز- ئارا قېرىنداشلىق ئورنىتىش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشۈشكە تەرغىب قىلىپ، ئۇندەپ تۇراتتى.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ:" بىر ئادەم باشقا بىر يۇرتتىكى قېرىندىشىنى يوقلاپ بېرىپتۇ، ئاللاھ بۇ ئادەمنىڭ شۇ يۇرتقا كىرىدىغان يولىغا بىر پەرىشتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئۇ

ئادەم كەلگەن چاغدا پەرىشتە ئۇنىڭدىن:" نەگە بارماقچىسىز؟" دەپ سوراپتۇ، ئۇ كىشى جاۋابەن:" بۇ يۇرتتىكى بىر قېرىندىشىمنى يوقلىغىلى كەلدىم" دەپتۇ. پەرىشتە:" ئۇنىڭدا سەن كۆزلەيدىغان بىرەر ئېلىشىڭ بارمۇ؟" دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ كىشى:" ياق، مەن پەقەت ئۇنى الله ھەققىدىلا ياخشى كۆرىمەن" دەپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا:" مەن خۇددى سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى الله يولىدا ياخشى كۆرگىنىڭدەك الله مۇ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن الله ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىمەن" دەپتۇ. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:" ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى- الله يولىدا دوستلىشىش، الله يولىدا دۈشمەنلىشىش، الله يولىدا ياخشى كۆرۈش ۋە الله يولىدا نەپرەتلىنىشتۇر". (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى، ئالبانى: 2539- ھەدىس)

<u>بۇ ھەدىسكە ئىزاھات:</u>

"الله يولىدا دوستلىشىش" اللەرازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا ئۆز- ئارا يېقىن ھەمكارلىق ئورنىتىشتۇر.

"الله يولىدا دۈشمەنلىشىش" بولسا الله يامان كۆرىدىغان ۋە چەكلەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقتا ھەمكارلىشىش، بىر- بىرىگە ناشايان ئىشلارنى يامان كۆرسىتىش ۋە اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن كۆرۈش قاتارلىقلاردۇر.

"الله يولىدا سۆيۈش، الله يولىدا نەپرەتلىنىش" ھەققىدە مۇجاھىد ئىبنى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىنى نەقىل قىلغان:" سەن بۇ ئارقىلىق اللەنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلەيسەن ۋە يۇقۇرقى سۈپەتنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالايسەن".

دەۋرىمىزدە الله يولىدا چىڭ تۇرغانلارنى ئۆچ كۆرىدىغان ۋە مۇناپىقلىق ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزىنى موللا- ئالىم دەپ قارايدىغان كۆپلىگەن "زاتلار" دىن نەپرەتلىنىشمۇ الله يولىدا نەپرەتلىنىش قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن:" ئېسىل ئادەملەر بىلەن ئارىلاشقىن، ئېسىل ئادەمدەك ياشايسەن، پەسكەشلەرگە ئارىلاشمىغىن، پەسكەش ھېسابلىنىپ قالىسەن".

شۆھلاشقا قەدىمقىلاردىن سۆز قالغان:" يامان ناچار ئادەملەرگە ئارلىشىش خەتەرلىكتۇر ۋە ئىنتايىن زەرەرلىكتۇر، بۇ خۇددى دېڭىز سەپىرىگە چىققانغا ئوخشايدۇ، گەرچە يولۇچى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى دەككە-

دۇككىدە ئۆتىدۇ".

قېرىندىشىم!

ئىمانىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى اللە ئۈچۈن مۆمىنلەرنى ياخشى كۆرۈشتۇر ۋە اللە ئۈچۈن مۇناپىقلار- كاپىرلاردىن نەپرەتلىنىشتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:" ئۈچ خىل خىسلەت ئۆزىدە تېپىلغان ئادەم ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ: اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭغا باشقىلاردىن ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇش، بىرسىنى ياخشى كۆرسە پەقەت اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش، كۇفرىگە قايتىشنى خۇددى دوزاخقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش. "

## اللە يولىدا سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىقتىن مىساللار

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالامنىڭ اللە يولىدا قېرىنداشلىق ۋە سۆيگۈ توغرىسىدىكى سۆزلىرى ساھابىلەرگە زور تەسىر قىلغان ئىدى . ئۇلار بۇ ساھەدە نادىر ئۈلگىلەردۇر.

سەئىد ئىبنى رەبىئ بىلەن ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف اللە يولىدا دوستلاشقان ئىدى. ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلاردىن ئىدى. سەئىد ئىبنى رەبىئ بولسا مەدىنىلىك ئەنسارىلاردىن ئىدى. بۇلار باشقا- باشقا ئىككى شەھەردە بولۇپ، بۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەسەپ ئالاقىسى، نە ئىلىم- بىرىم ياكى تىجارەت سودا ئالاقىسى بولمىغان ئىدى.

بىراق ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى بۇ بۈيۈك ئىسلام دىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز- ئارا قېرىنداش قىلىپ قويغان، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى اللە يولىدىكى دوستلۇق ئىدى.

سەئىد ئىبنى رەبىئ ئۆز ئۆيىنىڭ بىر قىسمىنى ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋفكە قولايلىق تۇرالغۇ قىلىپ بەرگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بارلىق مال- مۈلكىنى ئىككەيلەن تەڭ نىسبەتتە بۆلۈشۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى...

ئۈممەتنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇنداق بىر- بىرىنى يۆلەش، قېرىنداشلىق ۋە سۆيگۈگە قاراڭ! ... بىز بىلەن شۇ ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟

پەرق شۇكى، ساھابىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىجرا قىلىش، تەتبىقلاش ئۈچۈن ئاڭلايتتى. بىز بولساق ئۇلارنى بىپەرۋا، غاپىل ۋە چۈشەنمەستىن ئاڭلايمىز!

پەرۋەردىگارىم ئۆزەڭ ساقلىغايسەن!

## مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ۋە الله يولىدىكى سۆيگۈ- نەپرەت

بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن كۇففار قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ بىر تۇققىنى ئەبۇ ئەزىز ئىبنى ئۇمەيرمۇ بار ئىدى، ئۇنى ئەنسارلاردىن بىرى ئەسىرگە ئالغان ئىدى، ئىبنى ئۇمەير بۇ تۇققىنىنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ تېخى اللهغا بويسۇنمىغان كاپىر بولغانلىقى سەۋەپىدىن ئوتتۇرىلىرىدىكى نەسەپ قېرىنداشلىقىنىمۇ ئېسىگە كەلتۈرمىدى، پەقەت الله يولىدىكى دىنى قېرىنداشلىقنى كۆزدە تۇتتى، شۇڭا ئۇ بىرتۇققىنىنى ئەسىرە ئالغان ئەنسارى قېرىندىشىغا:" ئۇنى چىڭ باغلاپ قوي، ئانىسىنىڭ قول ئىلكىدە بار، بەلكىم ئانىسى ئۇنىڭغا تۆلەم بېرىپ ئۇنى سەندىن ئېلىپ كېتەر" دېدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير اللهيولىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىنىڭ نەسەپ ۋە قانداشلىق رىشتىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئارىمىزدا مۇشۇنداق رىشتىنى ھېس قىلغانلار بارمدۇ؟

ئارىمىزدا پەلەستىنلىكلەر، ئىراقلىقلار، چېچەنلىكلەر ۋە باشقانۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرىدىن قىينىلىپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلار بارمدۇ؟! ! ...

ئۇلۇغ ساھابە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيردەك بولىشمىزنى ئۇلۇغ اللهدىن تىلەيمەن.

## ساغلام قەلبكە ئىگە بىر ئەنسارى ساھابە ھەققىدە

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ، ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى:" رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئىدۇق، ئۇ:' ھازىر ئالدىڭلارغا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى چىقىپ كېلىدۇ' دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر كىشى چىقىپ كەلدى، تاھارەت ئالغانلىقتىن ئۇنىڭ ساقاللىرىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى ۋە ئىككى كەشىنى كۆتىرىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتىسى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە ھېلىقىدەك دېدى ۋە ھېلىقى ئادەم يەنە بىرىنچى ھالىتىدىكىدەك چىقىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە بۇرۇنقىدەك سۆز قىلغان ئىدى؛ يەنە شۇ ئادەم بىرىنچى قېتىمدىكى ھالىتىدە ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرغان چاغدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس ئۇ كىشىگە ئەگىشىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا:' مەن دادام بىلەن تەگىشىپ قالدىم، شۇڭا ئۈچ

كۆنگىچە دادامنىڭ قېشىغا كىرمەسلىككە قەسەم قىلدىم، ئەگەردە ئۈچ كۈن ئۆتكىچە مېنى ئۆيۈڭدە قوندۇراي دېسەڭ شۇنداق قىل' دېدى، ئۇ ماقۇل بولدى."

ئەنەس ئېيتىدۇكى، ئابدۇللاھنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھېلىقى كىشى بىلەن ئۈچ كېچە بىللە بولغان بولسىمۇ، كېچىدە بىرەر قېتىم تۇرۇپ ئىبادەت قىلغىنىنى كۆرمەپتۇ، لېكىن ئۇ كىشى كېچىسى ئويغىنىپ كېتىپ ئۇياقتىن- بۇياققا ئۆرۈلسە، اللەقا زىكرى- تەسبىھ ئېيتىپ قويىدىكەن ۋە بامدات نامىزى ئۈچۈنلا ئورنىدىن تۇرىدىكەن.

ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:" پەقەت مەن بۇ كىشىنىڭ ياخشى سۆزلەرنىلا ئاغزىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى بايقىدىم، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئەمەل- ئىبادەتلىرىنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:" ئى اللەنىڭ بەندىسى، ئەسلىدە مەن بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تەگىشىش- يۈز ئۆرۈش بولغان ئەمەس، بىراق مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سىز توغرىسىدا ئۈچ قېتىم:" ھازىر قېشىڭلارغا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى چىقىپ كېلىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ھەر ئۈچ قېتىمدا سىز چىقىپ كەلدىڭىز، شۇڭا قېشىڭىزدا قونۇپ باقاي دېگەن نىيەتكە كەلدىم، مەقسىدىم، سىزنىڭ قانداق ئەمەل- ئىبادەتلىرىڭىز بارلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ سىزنى دوراي دېگەنىدىم، لېكىن سىزنىڭ كۆپ ئىبادەت- ئەمەل قىلغانلىقىڭىزنى كۆرمىدىم، ئۇنداقتا سىز نېمە ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقان دەرىجىگە يەتتىڭىز؟" ئۇ كىشى:" سىز كۆرگەندىن باشقا ھېچنەرسە يوق" دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇللاھ ئېيتىدۇ، مەن قايتىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇ كىشى مېنى چاقىردى ۋە:" سىز كۆرگەندىن باشقا ھېچ ئىش يوق، پەقەتلا مەن مۇسۇلمانلاردىن ھېچ بىرىگە كۆڭلۈمدە غۇم ساقلىمايمەن، الله بەرگەن ياخشىلىققا قارىتا ھېچ كىمگە ھەسەت قىلمايمەن" دېدى.

ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:" مانا دەل مۇشۇ خىسلەت سىزنى جەننەتكە لايىق قىلغان، بىز قىلالماي بولالمايۋاتقانلارمۇ دەل مۇشۇلار".

## رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ بىر- بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق، مېھرى- مۇھەببەت تۇيغۇسىنى قەدىرلىگەن

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنداق مېھرى- مۇھەببەتنى، بۇنداق قېرىنداشلىقنى بەكمۇ

قەدىرلەيتتى، ئوھۇد غازىتىدا ساھابىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپمۇ بار ئىدى، ئۇ شەھىد قىلىنىپلا قالماستىن، مۇشرىكلار ئۇنىڭ مۇبارەك جەسىدىنىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ پارچىلاپ تاشلىغان ئىدى... شۇنداقلا رەسۇلۇللاھمۇ بۇ غازاتتا زەربىگە ئۇچراپ جاراھەتلەنگەن ۋە ئوتتۇر چىشى سۇندۇرۇلغان ئىدى.

مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق كەيپىياتتا تۇرۇپمۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق- ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

ساھابىلەر ھەر قايسىسى ئۆز ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتىنى مەدىنىگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شەھىد بولۇپ يىقىلغان جايلىرىغا دەپنە قىلىشنى بۇيرىدى ۋە بىر قەبرىگە ئىككىدىن، ئۈچتىن قىلىپ دەپنە قىلىشنى، قايسىسى قۇرئاندىن جىقراق بىلىدىغان بولسا شۇنى ئالدى بىلەن قىبلە تەرەپكە قويۇشنى بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىرمۇ- بىر ناماز ئوقۇدى، ھەربىر شەھىد ئېلىپ كېلىنگەن چاغدا ھەمزىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قويۇپ نامىزىنى چۈشۈرەتتى، ھەمزىنىڭ قەبرىسىگە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە زۇبەير چۈشتى...

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قەبرىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەمرى ئىبنى جەمۇھ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام ھايات ۋاقتىدا يېقىن دوست قېرىنداش بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىشنى بۇيرۇدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزى بارلىق ساھابىلىرىدىن رازى بولغان ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان ئىدى.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئاللە يولىدىكى قېرىنداشلىق سىنىقى

بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى جەتتاب خىزمەتكارىغا مىڭ دەرھەم پۇلنى بېرىپ، ئۇنى ئەبۇ ئۇبەيدا جەرراھقا ئاپىرىپ بېرىشنى ۋە بۇ پۇللارنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدىگە تەئەللۇق بولغانلىقىنى، خالىغىنىچە سەرپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى بۇيرىدى. شۇنداقلا خىزمەتكارىغا ئۇنىڭ بۇ پۇللارنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ بېقىشنى تاپشۇردى. خىزمەتكار ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دېگىنى بويىچە پۇلنى ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئاپىرىپ بېرىپ كۆزىتىپ باقتى. ئەبۇ ئۇبەيدە دەرھال بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى قويماي يوقسۇل، مىسكىنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. خىزمەتكار ئۆمەر ئىبنى

خەتتابقا قايتىپ كېلىپ، ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ ھېلىقى پۇللارنى تامامەن الله يولىدا سەرپ قىلىۋەتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر بۇ خىزمەتكارغا يەنە مىڭ دەرھەم پۇلنى تۇتقۇزۇپ، بۇلارنى مۇئاز ئىبنى جەبەلگە ئاپىرىپ ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتىپ ۋە قاراپ بېقىشنى تاپشۇردى. خىزمەتكار قايتىپ كېلىپ، مۇئازمۇ خۇددى ئەبۇ ئۇبەيدەگە ئوخشاش قىلغىنىنى يەتكۈزدى. ئۆمەر خىزمەتكارىغا يەنە مىڭ دەرھەم پۇلنى بېرىپ سەئد ئىبنى ۋەققاسقا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن قاراپ بېقىشنى ئېيتتى. خىزمەتكار قايتىپ كېلىپ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خۇددى ئەبۇ ئۇبەيدە بىلەن مۇئازغا ئوخشاش پۇللارنى قويماي ئۈلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا:" ئەلھەمدۇلىللاھ، ئۇلار بىر- بىرىگە ئوخشاش قېرىنداشلاردۇر!" دېدى.

## مەشھۇر ئىگىلىرى پەيتىنىڭ ئۆمەتىنىڭ الله يولىدىكى ئۆز ئارا قېرىنداشلىق- سۆيگۈ مەسىلىسىگە قالدۇرغان ساۋىقى

ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار بىر- بىرىگە قارشى ئىككى ئارمىيىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى، بىر قوشۇننىڭ بېشىدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، يەنە بىرسىنىڭ بېشىدا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بار ئىدى.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەلى ۋە زۇبەير ئىككىسى الله يولىدا ياخشى كۆرۈشكەن ئىككى قېرىنداش سۈپىتىدە بىر- بىرىگە تەتبىھ بېرىش مۇئامىلىسىدە بولغان.

بەيھەقى ھەرب ئىبنى ئەسۋەد دۇئەلىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى تەلھە ۋە زۇبەيرلەر بار يەرگە يېقىنلاشقان ۋە ئەسكەر سەپلىرىمۇ بىر- بىرىگە يېقىن كەلگەن چاغدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇرۇن مىنگەن خېچىرغا مىنىپ ئالدىغا چىقىپ ۋە "ماڭا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنى چاقىرىپ بېرىڭلار" دەپ توۋلىدى. زۇبەير ئۇنىڭغا چاقىرىپ كېلىندى، ئۇلار بىر- بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ تۇراتتى، ئۆز ئارا يېقىنلىقىدىن ھەتتا مىنگەن ئۇلاغلىرىنىڭ بويۇنلىرى بىر -بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى، ئەلى مۇنداق دېدى:

"ھەي زۇنەير"، اللهنىڭ نامى بىلەن ساڭا ئېيتىمەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىز مۇنداق بىر جايدا تۇرغان چاغدا قېشىمىزدىن ئۆتكىنى يادىڭدا بارمۇ؟ رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالام ساڭا:" زۇبەير! ئەلىنى ياخشى كۆرەمسەن؟" دېگەندە، سەن ئەلى مەن بىلەن بىر دىندىكى ئانا ۋە دادا تەرەپ تاغىلىرىمنىڭ ئوغلى تۇرسا قانداقمۇ ياخشى كۆرمەي!؟ دېگەن ئىدىڭ، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:" ھەي زۇبەير الله بىلەن قەسەمكى، سەن ناھەق ھالدا بۇ ئەلى بىلەن ئۇرۇشىسەن" دىگەن ئىدىغۇ؟ دېدى، زۇبەير ئەلىگە قاراپ:" شۇنداق، الله بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزلەرنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان چاغدىن تارتىپ يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، مانا ھازىر ئەسلەۋاتىمەن، الله بىلەن قەسەمكى، سەن بىلەن ھەرگىز ئۇرۇشمايمەن" دېدى دە زۇبەي ئۆلگى بىلەن سەپلەرنى يارغان ھالدا كەينىگە قايتتى.

زۇبەير ئەلى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇرۇشماستىن قايتقان ئىدى، ئەمما پىتنىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇرۇش ئوتىنى قايتا تۇتاشتۇرۇش مەقسىدىنى كۆزلىگەن ئىسلام تونىغا يۆگىنىۋالغان يەھۇدى سۇيىقەستچىلىرى زۇبەيرنى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان پىتنىدە تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنىپ يىغلاپ، يىغا- زارە ئىچىدە ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ:"بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! ئى ئەبۇ مۇھەممەد! سېنى مۇنداق قان ئىچىدە كۆرۈش ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى! مەن، سەن ۋە زۇبەير ئۈچىمىز اللەنىڭ كالامىدىكى:{ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆز ئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر- بىرگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ} (ھىجىر سۈرىسى 47- ئايەت) دېيىلگەن ئادەملىرىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز" دەيتتى.

قېرىنداشلىرىم! بۇ ئىشقا ئىبرەت- ساۋاق ئېلىش يۈزىسىدىن قاراپ، ئوبدان ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟

مەن بۈگۈنكى پىتنىلەردىن ئەنسىرەيمەن، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈپ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن قورقىمەن.

بىز بىر سەپتىكى مەقسەتداش قېرىنداشلاردىن بولايلى! بىز الله يولىدىك سۆيگۈ ئۈستىدە بىرلىككە كېلەيلى! بىز غۇبارسىز، پاك، ساپ- سۈزۈك، ساغلام قەلب ئىگىلىرىدى بولايلى!

## رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە الله يولىدىكى سۆيگۈ- قېرىنداشلىقنى ئۆگىتىشى

ئىبنى شىھاب سالىمدىن ئۇققان، سالىم ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:" مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە تاشلىۋەتمەيدۇ؛ كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، اللە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، اللە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرسە، اللە تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرنى ئۇنىڭدىن كۆتىرىۋېتىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، اللە قىيامەي كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ" (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:" كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرنى تۈگەتسە، اللە تائالا ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ كىمكى يوقسۇلغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بەرسە، اللە تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، اللە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، بەندە ئۆز قېرىندىشىغا ياردەمدە بولۇپ تۇرىدىغانلا بولسا، اللە ئۇ بەندىدىن ياردىمىنى ئۈزمەيدۇ، كىمكى ئىلىم ئىزدەپ يول ماڭسا اللە تائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ بىر توپ ئادەم اللەنىڭ ئۆيلىرىدە بىرىدە ئۆزئارا مۇزاكىرە- ئۆگىنىش ئۈچۈن يىغىلىدىغانلا بولسا، ئۇلارغا اللانىڭ غەمخورلۇقى ياغىدۇ، رەھمىتى قاپلايدۇ، مالائىكىلەر ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ ۋە اللەنىڭ ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئارىسىدا تىلغا ئالىدۇ؛ ئىش- ئەمەلى ناچار بولغان ئادەمگە ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ پايدىسى تەگمەيدۇ" (مۇسلىم رىۋايىتى).

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى:" بىر- بىرىڭلارغا ئۆچمەنلىك قىلماڭلار، بىر_بىرىڭلارغا ھەسەت قىلماڭلار، بىر- بىرىڭلارغا كەينىڭلارنى قىلىشماڭلار، اللەنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار، مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال ئەمەس." (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:" بىر ئادەمنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇن تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ، ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالغاندا بۇمۇ يۈز ئۆرۈپ ئۇمۇ يۈز ئۆرۈپ كەتمەسلىكى

كېرەك، ئىككىسىنىڭ ياخشىسى سالامنى دەسلەپتە باشلىغىنىدۇر." (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام مۇنداق دىگەن ئىدى دەيدۇ:" دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ- دە، اللەغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ھەر قانداق بەندە مەغفىرەت قىلىنىدۇ. پەقەت ئۆزى بىلەن قېرىندىشى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم قالىدۇ، الله تەرەپتىن بۇ ئىككىسى ياراشقىچە كۈتۈڭلار، بۇ ئىككىسى ياراشقىچە كۈتۈڭلار، بۇ ئىككىسى يارىشىۋالغىچە كۈتۈڭلار، دېيىلىدۇ" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام بىر كۈنى قەدىر كېچىسىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ساھابىلەرگە دەپ بېرىش ئۈچۈن چىقىدۇ ۋە ساھابىلەردىن ئىككى كىشىنىڭ جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن سادىر بولغان ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەدىر كېچىسى ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ ۋە كۆتىرىلىپ كېتىدۇ، سەۋەبى دەل شۇ قېتىملىق جېدەل –ماجىرا ئىدى، شۇڭا مۇسۇلمانلار قەدىر كېچىسىگە ئۇچراش ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:" ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ماڭا دېيىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام قەدىر كېچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىكەن، مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى تەگىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى:"مەن سىلەرگە قەدىر كېچىسىنى دەپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم، پالانى- پالانى ئىككىسى تەگىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قەدىر كېچىسى كۆتىرىلىپ كەتتى، بەلكىم بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى بولۇشى مۇمكىن، قەدىر كېچىسىنى يەتتە، توققۇز ۋۇ بەشلەردە ئىزدەڭلار" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

قەدىر كېچىسى كېلىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن كۆتىرىلىپ كەتتى. كېلىشەلمەسلىك يوقالسۇن، ئۆچ- ئاداۋەت يوقالسۇن، نەپرەت يوقالسۇن، شۇنىڭدا الله بىزدىن رازى بولغۇسى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام ساھابىلەرگە، پۈتۈن ئۈممەتلەرگە الله يولىدا ياخشى كۆرۈشۈشنى ئۆگىتىپ ۋە تەلىم بېرىپ، ئۈممىتى ئىچىدە ھەر مۇسۇلمان الله يولىدا بىر قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى تاپىلىغان، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئارا مېھرى- مۇھەببەت، قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇقنىڭ تارقىلىشى كۆزلىنىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:" رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئىدىم، بىر ئادەم ئۆتۈپ قالدى، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن:" يا رەسۇلۇللاھ، مەن بۇ كىشىنى ياخشى كۆرىمەن" دېدى، رەسۇلۇللاھ:" ئۇنىڭغا ئۇنى بىلدۈرۈپ قويدۇڭمۇ؟" دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:" ياق" دىدى، رەسۇلۇللاھ:" تۇر، بېرىپ ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قوي!" دېدى، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بېرىپ:"ھەي پالانى، مەن سېنى الله يولىدا ياخشى كۆرىمەن" دېگەن ئىدى، الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسەڭ الله سېنى ياخشى كۆرسۇن" دىدى. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

بىر ئادەم ئىبنى سەمماكقا:" بۇ يەرگە ئەتە كەلسەڭ، ئۆز- ئارا بىر- بىرىمىزدە ئېلىشمىز بولسا ئېلىششۋالايلى، قىيامەتتە پايدىسى بولىدۇ!" دېگەندە، ئىبنى سەمماك ئۇنىڭغا:" ياق، بەلكى ئەتە كەلسەڭ ئۆز- ئارا كەچۈرۈشۈۋالايلى! دېگىن" دېگەن ئىدى.

ساھابىلەرنىڭ بىرى مۇنداق دىگەن: قېرىندىشىمنىڭ يەتمىش ئۆزرىسى باردۇر دەپ قارا، ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر ئۆزرىسىنى تاپالمىساڭ، مەن خاتالاشقان بولۇشۇم مۇمكىن، بەلكىم ئۇنىڭ باشقا ئۆزرىسى باردۇر دېگىن.

بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ:

قىيامەت كۈنى ئىككى بەندە اللەنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ئىككىسىنىڭ بىرى:" ئى رەببىم، قېرىندىشىمدىن ھەققىمنى ئېلىپ بەرگىن!" دەيدۇ.

الله تائالا يەنە بىرىگە:" قېرىندىشىڭغا ھەققىنى بەرگىن" دەيدۇ.

ئۇ:" ئى رەببىم، ياخشىلىقلىرىم تۈگىدى" دەيدۇ.

الله تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا:" قېرىندىشىڭنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىدى" دەيدۇ.

ئۇ بەندە:" ئى رەببىم، مېنىڭ گۇناھلىرىمدىن ئېلىنىپ ئۇنىڭغا ئارتىلسۇن" دەيدۇ.

الله تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا:" بۇنىڭدىنمۇ ياخشى رىغبىتىڭ بارمۇ؟" دەيدۇ.

ئۇ:" ئى رەببىم ئۇ نىمە؟" دەپ سورايدۇ.

الله ئۇنىڭغا:" بېشىڭنى كۆتەرگىن!" دەپ بۇيرۇيدۇ.

بۇ بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا، ئاجايىپ گۈزەل بىر سارايدا تۇرغان!

بەندە سورايدۇ:" ئى رەببىم بۇ ساراي كىمنىڭ؟ بىر پەيغەمبەرنىڭمۇ؟ ياكى بىر شېھىتنىڭمۇ؟"

الله تائالا :" بۇ ساراي پۇلغا چىقىش قىلالايدىغان كىشىنىڭ" دەيدۇ.

بەندە:" ئى رەببىم پۇلغا كىم چىقىش قىلالايدۇ؟" دەپ سورايدۇ.

الله:" سەن چىقىش قىلالايسەن" دەيدۇ.

ئۇ بەندە:" ئى رەببىم قانداقسىگە مەن چىقىش قىلالايمەن؟" دەيدۇ.

الله تائالا:" قېرىندىشىڭنى كەچۈرۈش ئارقىلىق" دەيدۇ.

بەندە دەرھال:" كەچۈردۇم رەببىم، كەچۈردۇم" دەيدۇ.

الله تائالا:"قېرىندىشىڭنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ھەر ئىككىڭلار جەننەتكە كىرىڭلار" دەپ بۇيرۇيدۇ...

اللەنىڭ رەھمىتى مانا شۇنداق كەڭ.

قېرىنداشلىرىم! بىز ھازىردىن باشلاپ دىللىرىمىزدىن ئۆچ- ئاداۋەتنى سۇغۇرۇپ تاشلايلى! كىمنىڭ قەلبىدە بىرەرسىگە ئۆچمەنلىك ياكى ئاداۋەت بار بولسا سۇغۇرۇپ تاشلايلى! كىمنىڭ قەلبىدە بىرەرسىگە ئۆچمەنلىك ياكى ئاداۋەت بار بولسا ھازىردىن تارتىپ دەرھال قەلبىتىن چىقىرىپ تاشلايلىشى زۆرۈر! شۇ چاغدىلا الله ساپ ۋە پاك قەلبلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ، اللەنىڭ ياردىمى نازىل بولىدۇ، ئۈممەت خارلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ ئىززەت يولىغا قاراپ ئات سالىدۇ.

{ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ- قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ.} (ئەنفال سۈرىسى 46- ئايەت)

ئاخىرىدا، مېھرىبان ۋە سېخى اللەدىن ئۈممەتكە بىرلىك- ئىتتىپاقلىق، پىداكارلىق- كۆيۈمچانلىق، قېرىنداشلىق- دوستلۇق، ساغلام قەلب ۋە گۈزەل خۇلق، ئىززەت كۈچ- قۇۋۋەت، شۇنداقلا دۈشمەن ئىگەللىۋالغان قىممەتلىك زېمىنلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشنى نېسىپ قىلىشنى تىلەيمەن، ئامىن!

# دوستلۇق توغرىسىدا

ئاسماندىكى چولپانلارغا ئايلىنىش "پىلانى" بولغىنىغا قارىماي، دوستلاشقان دوستلىرىنى ھاڭغا ئىتتىرىپ، پاتقاقتا تىقىدىغان تائىپىگە، شۇنداقلا كۆپ قېتىم تاشقا ئۇسۇپ، بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن ئەمانى دوستلۇق ئارقىلىق يۇقۇرى يۈكسەكلەرگە پەرۋا قىلغان گۇرۇھقا بېغىشلاندى.

دوستۇڭ ماڭار يولۇڭدۇر، ئۇنى ياخشى تاللىغىن...

<u>كىتاپچە مەزمۇنى:</u>

*ھەمراھلىرىڭغا قانداق قارايسەن، ئۇلار ياخشى كىشىلەرمۇ ياكى ناچار كىشىلەرمۇ؟

*كەچۈرمىشلىرىم
*دوستلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ
*دوستۇم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان كىشى بولغىنىدا قانداق قىلىمەن؟
*ياشلار بىلەن سۆھبەت
*ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى!
*ئاجايىپ كەچۈرمىش
*سەلمان فارىسى ۋە ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھەلنىڭ سۆيگۈسى

بىز توختىلىپ ئۆتىدىغان تېما ئاتا- ئانىلار ئارىلىق بەرمەيۋاتقان بىر مەسىلە ھەققىدە ياكى باشقىلار يولدىن چىقىشى ۋە توغرا يولدا مېڭىشى ھەققىدە بولماقچى، ئۇنداقتا سىزنىڭ ھەمراھلىرىڭىز ياخشى كىشىلەرمۇ ياكى ناچاركىشىلەرمۇ؟ ئاللاھقا ئىتائەتتە ياردەم قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ياكى ئاللاھدىن يىراقلاشتۇرىدىغان كىشىلەرمۇ؟ ئائىلىۋى تەربىيە ئەخلاقىنى ساقلايدىغان كىشىلەرمۇ، ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇنلىغان بالىلار ھەققەتەنمۇ ئالاھىدە ياخشى ئائىلىۋى تەربىيە كۆرگەن، ئائىلىدىكىلىرى پەزىلەتلىك ياخشى ئادەملەر بولىسمۇ، ئەمما مۇشۇنداق پاك ئائىلىلەردىن يېتىشىپ چىققان ياشلار قانداق قىلىپ بۇزۇقچىلىق يولىغا مېڭىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالىسەن، ھەتتا شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۆزىمۇ بالىسىنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى بايقىغاندا ياكى ئۇنى تۇيۇقسىز ساقچى ئىدارىسىدىن تاپشۇرۇۋېلىشلىرىدىن كېرەكلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا ھەيران قىلىشىپ چۈچۈپ كېتىدۇ... بىراق ئەسلىدە ئۇلار بالىسىنىڭ دوستلىرىغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەن بولىدۇ، ئىنسانى يولدىن چىقىرىدىغان نەرسىنىڭ كۆپىنچە ئۇنىڭ دوستلىرى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇنۇقتىغا دىققەت قىلىشمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز بىزنىڭ سۆزىمىز ياكى يېڭىدىن چىققان سۆز بولماستىن، بەلكى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قۇرئان- ھەدىستە بايان قىلىنىپ كەلگەن سۆز، ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن سۆزدۇر، بۇ ئايەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ:

مۇسا ئېيتتى:{ پەرۋەردىگارىم مېنىڭ قەلبىمنى ئېچىۋەتكىن (يەنى ئىمان بىلەن، پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتىرىۋەتكىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزىمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىمدىن ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن! ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ

كۆچەيتكىن، مىنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن، بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز، ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز، سەن ھەققەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن.} (تاھار سۈرىسى، 35- 25- ئايەتلەر)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى پەيغەمبەر، پەيغەمبەر بولغاندىمۇ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى، لېكىن ئۇ ئۆزى يالغۇز ھالاتتە ئاجىزلىق قىلدىغانلىقىنى، ئۆزى ئۇچۇن زىكرى- ئىبادەتكە ياردەم قىلدىغان بىرسى لازىمىقىنى سەزگەن، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلايھىسسالامغىمۇ الله مۇنداق خىتاب قىلغان ئىدى:{ سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن- ئاخشامدا ئۇلارغا ئىبادەت قىلدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋىرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ- زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى )دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى- خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزىگە) ئەگەشمىگىن.} (كەھف سۈرىسى، 28- ئايەت)

بۇ سۆزلەر اللهنىڭ رەسۇللىغا دىيلىۋاتقانلىقىدا دىققەت قىلىڭلار... قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنى ھەسرەتتىن قولىنى چىشلەيدىغان ئادەمنى ئۆلگىلىك مىسال كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ قاتتىق ھەسرەتلىنىدىغانلىقىنى بۇ مەزمۇندا تەسۋىرلىگەن:{ شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر )ئىككى قولىنى چىشلەپ" ئىست! پەيغەمبەر بىلەن( نىجاتلىق) يولىنى ئۇتسامچۇ! قۇرئان ماڭا يەتكەدىن كېيىن ئۇ (پالنى) مېنى قۇرئاندىن ئېنىق ئېنىق ئازدۇرغان ئىكەن" دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ.} (فۇرقان سۈرىسى، 29-27- ئايەتلەر)

دېمەك- بىر قولىنىلا ئەمەس ئىككى قولىنى چىشلەۋاتىدۇ! بۇ نىمە دېگەن ئېغىر ھەسرەت- پۇشايمان ھە!؟ قىستۇرۇپ ئۆتەشكە تېگىشلىكى، كۆپ ياشلار ئەسلىدە الله يولىغا قەدەم تاشلىغاندىن كېيىن، بىرەر دوستى كېلىپ توغرا ھايات يوللىرىدىن بۇراپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي كەينىگە چېكىندۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇڭا رەسۇلىمىز" كىشى ئۆز دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، بىرىڭلار ئارلىشىدىغان ئادەمگە ئوبدان دىققەت قىلسۇن "دېگەن ئىدى. (تىرمىزى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇدلار ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان)

مەسلىنىڭ يىلتىزى يىگىت- قىزلىرىمىز ھايات يولىدا ئۇچىراتقانلارنى دوست تۇتىۋەرگەنلىكىدە، پالانى بىرى مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى، ئارلىشىپ قالدىم، بۇ كۈنى بىر ئۇنىۋېرسىتتا بىللە ئوقۇغان ئىدى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن دوستۇم بولسا

نىمە بوپتۇ؟ دېگەندەك يەڭگىل خىياللەر... مانا بۇ، دوست تاللەشتىكى ناتوغرا ئۇسۇل، مۇھىت- شارائىت يوللىغۇلارنى بىر قىلىپ قويىغان كىشى ھەققى دوستۇلۇك ئەمەس، بەلكى سەن ئۆزۈڭ تاللەپ، ئۆز تەربىيە ئەخلاقىڭغا مۇھتىڭغا، دىنىڭ ۋە مجەزىڭگە ماس كېلىدۇ دەپ ئىشىنەلەيدىغان ئادەم ھەققىي دوستۇلۇك بولىدۇ.

بۇ بىر زور خاتالىق، كۆپىلگەن ئادەملەر ئوتتۇرا مەكتەپتىن، ئۆسمۈرلىك ۋاقتتىن تارتىپلا سىرتلاردا بىللە بولىدىغان، بىللە ئوينايدىغان ئالىكىملەر بىلەن دوستلىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بولسا پالنى بىرلىرى بىلەن دوست بولۇپ قالغانلىقىغا ئۆمۈر بويى ئۆكنىدۇ... ئۇنىڭغا: قاچاندىن باشلاپ خاتا يولغا دەسسەپ قالغان ئىدىڭ! دېيىلسە، ئوتتۇرا مەكتەپتە پالانى بىلەن تونۇشقان كۈندىن تارتىپ، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام " ئىنسان ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ" دېگەن. (بۇخارى ۋە مسلىم رىۋايەت قىلغان) يەنى سەن قىيامەت كۈنى ياخشى كۆرگەن كىشلىرىڭ بىلەن بىللە قوپىسەن! شۇڭا قىيامەتتە بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادىمىڭنى ياخشى تاللىشىڭ كېرەك.

سەن ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى، پاك ئەدەپ-ئەخلاقلىق ۋە تەقۋادار ئادەملەرنى دوست تۇتقان بولساڭ، خۇدا خالىسا قىيامەتتە ئۇلار بىلەن بىللە بولىسەن، چۈنكى ئىنسان سۆيگەن ئادەملىرى بىلەن بىللە تىرىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:" ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھ ئىپار ساتقۇچى بىلەن كۆۋرۈك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ" (بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان).

ئارلىقتىكى زور پەرقنى ئويلاپ كۆرۈڭ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە بۇنداق زور پەرىقنىڭ دوست بىلەن ئوتتۇرىسدا بولىدىغانلىقنى ئۇقتۇرغان!

*تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، ئىسلام تارىخىدا باشقىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغانلىقى تۈپەيلىدىنلا ھالاكەتكە يۈزلەنگەن كىشلەرنىڭ مىساللىرى بار، تېممىزغا مۇناساۋەتلىك بىر ۋاقەنى ئەبۇ جەھىل توغرىسىدىكى ۋەقەنى ئالساق، ئەبۇ جەھىل كۇپپرنىڭ باشچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈمىد قالمىغان دەرىجىدە قارا كاپىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىد ئىسىملىك بىر دوستى بولغان، ئۇنىڭ ئەبۇ جەھىل بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن يېقىن ئىدى، ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان جان دوستى ئىدى، لىكىن ئۇ ئۇقبە خۇلۇق مجەزى ئەبۇ جەھىلگە قارىغاندا خېلى ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈمىد بار ئىدى ۋە مۇسۇلمان

بولۇشقا باشلىغان ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دائىم كېلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا تەسىرلىنىپ ئېرىشكە باشلىغان ئىدى.

ئەبۇ جەھىل بىر مەزگىل سىرتلاردا سەپەردە بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇقبەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشنى چەكلەپ تۇرغان تەسىر تۈگىدى دە! ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا قۇشۇلدىغانلىقى بىلىندى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىدى، ئۇ قوشۇلۇپ:" بولىدۇ، ئەمما ماڭا تاڭ ئاتقۇچە پۇرسەت بەرگىن"، دېدى. ئەپسۇسكى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئەبۇ جەھىل سەپەردىنى كېلىپ قالدى، ئۇقبە ئۇنىڭغا " ئەتە مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولماقچىمەن دېدى، ئەبۇ جەھل ئۇنىڭغا قاراپ:" ئۇتتۇرىمىزدىكى يېقىن دوستلۇق ھەققى بىلەن ساڭا قەسەم قىلىپ ئېيتايكى، ھازىرلا مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈزىگە تۈكۈرۈشۈڭ كېرەك"، دېدى... دېمەك، ئۇقبەنىڭ بىر ئاللەنى تونۇپ، ئىمان ئېيتىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا سۆيۈشنىڭ ئورنىغا، دوستى ئۇنى ئەكسىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ كۆپ كىشىلەرگە ئوخشاش دۇنيانى تاللىۋالدى ۋە تامامەن تۈگەشتى، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىد ئەبۇ جەھىلنى تاللىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغادوستىنى تاللىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى بىراقلا تاشلاپ ئەبۇ جەھىل تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ ئازار بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى... ئۇقبە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا باشقا ھېچ كىشى كۆرسەتمىگەن كۆلپەتلەرنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى، ئەسلىدە قەلبى ئىسلامغا مايىل بولۇشقا باشلىغان، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئاز قالغان بۇ ئادەم، ئەمدى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئۇقۇۋاتقانلىرىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تونى- كېيىمنى سېرىپ سالدۇرۇپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بوينىغا ئوراپ قاتتىق بوغاتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھوشنى يوقىتىپ يىقىلاتتى... بىر قېتىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ يېنىدا سەجدىدە تۇرغىنىدا، ئۇ ئۆلۈك تۆگىنىڭ ئۈچەي- قارنىنى ئېلىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپپ قويغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرالمىغاچقا، ئاخىرى قىزى زەينەپ كېلىپ بۇ مەينەت نەرسىلەرنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. مانا بۇ ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىد بولۇپ بەردى غازىتىدا كاپىر ھالەتتە ئۆلتۈرلۈش ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بولغان ئىدى! ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن دەرھال

كۆپۈپ يوغىناپ كەتكەچكە، ساھابىلار ئۇنى ئورەككە ئاپىرىپ تاشلىيالماي، ئۆلگەن ئورنىغا قالدۇرۇپ ئۈستىگە قۇم- تاش دۆۋىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ شۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ تۈگەشكەن!

## ئۇنداقتا يۇقۇرىقىنىڭ ئەكسىچە بولغان بىر مىسالنى كۆرەيلى:

ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رەبىئە ئىسلامنى بىرەيلەن ئۆتكەن، ئەيياش مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئېخچە ئىمانى ئاجىز ئىدى. ھىجرەت قىلىش ۋاقتى كەلدى، ئۇ كىمنىڭ بىلەن دوستى ئىدى دەمسىز؟ ئۇ ئۆمەر ئىبنىڭ خەتتابىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمەر بىلەن بىللە ھىجرەتكە ئاتلاندى، ئۇلار يولدا كېتىۋاتقىنىدا، ئەيياشنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەيياش كەينىگە قايتىپ كەلمىگىچە سايە ۋە سۇغا يولىماي قۇياش تەپتىدە تۇرىۋېرىشكە قەسەم قىلغانلىقىنى خەۋەر بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەيياش ئىككىلىنىشكە باشلىدى، ئانامنى دەپ قايتىپ كېتەي دەيتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىشقا باشلىدى (ئىرادەڭگە ئىلھام بېرىدىغان دوست قانداق بولىشى كېرەك؟) ئۆمەر ئىبى خەتتاب ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:" ئەيياش! ئاناڭ بۈگۈن ئاپتاپ تەپتىدە تۇرۇۋالغان بوسا، ئەتە سايىدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ بۈگۈن سۇغا يولىمىسا، پىت باسقاندا يۇيۇنۇشقا يۈگرەيدۇ (يەنى، سەن نېمشقا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيسەن، ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئۇ پاسكىنچىلىقتىن ئامال قىلالماي بەدىنىنى يۇيۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، قۇياش تەپتىگە بىر ئاز چىدىسىمۇ، ئەتىلا ئامالسىزلىقتىن سايىگە يۈگرەيدۇ، دېمەكچى ئىدى). ئۆمەر ئۇنىڭغا يولدا چىڭ تۇرۇشقا ئىلھام بېرەتتى، ئەيياش قايتمىسام بولمايدۇ دېيىشكە باشلىغاندا، ئۆمەر ئۇنىڭغا:" ئەيياش، ئەگەر قايتىپ كېتىدىغان بولساڭ ئەڭ يامان ئەھۋالغا دۇچار بولىسەن"، دېدى.

مۇنداق ئىشلارنى قىلمىغىن، بۇرادىرىم بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك، مۇنداق قىلساڭ خاتالىق ئۆتكۈزىسەن، دىيەلەيدىغان دوستۇڭنىڭ بولۇشى سەن ئۈچۈن قانداق مۇھىملىقىنى ئويلاپ كۆرگىن بۇنداق دوستنى ھەرىيەردىن ئىزدىگىن، بۇنىڭدەك دوستلار بۈگۈنكى كۈندە بەك كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى.....

ئەيياش يەنىلا قايتىپ كېتىشىم كېرەك دەپ تۇرىۋالدى، ئۆمەر ئەيياشنىڭ قايتىپ

كېتىشكە چىك تۇرىۋالغانلىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئامال قالمىغانلىقنى بىلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ بىر ئىش قىلدى:" ئۇ تۆگىسىدىن چۈشتى (ئەيياشنىڭ تۆگىسى يوق ئىدى) ۋە ئەيياشقا مۇنداق دېدى:" ئەيياش ئەگەر قايتىپ كېتىمەن دەپلا چىڭ تۇرۇۋالساڭ، مېنىڭ تۆگەمنى مىنىپ قايتقىن، بەلكىم بۇ تۆگە ساڭا مېنى ئەسلىتىپ تۇرسا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە قايتىپ كېلەرسەن!" ئۇ چاغلاردا تۆگە ماشىنىنىڭ ئورنىدا ئىدى، يەنى باھاسمۇ، قىممىتىمۇ دەل بۈگۈنكى ماشىنىغا تەڭ تۇراتتى، ئەيياش تۆگىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى، تۇرغان كۆلپەتلەرنى كۆردى، تاياق يېدى، دىنىدىن يېنىپ كېتىشكە تاس قالدى... ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆگىسى ئۇنۇتقىغا يادنام بولۇپ قالدى، ئۇ تۆگىنى ھەر- بىر كۆرگىنىدە ئىمان ۋە دىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى... شۇنداق قىلىپ ئاخىرى كۆيۈمچان دوستىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىسلام قورغىنىغا قايتىپ كەلدى...

سوئال سۈكى، بىزدە ھازىر نەدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بار؟ دوستلىرىمىز قايسى تۈردىكى ئادەملەر؟ قانداق ئادەمنى تاللەيمىز؟ مانا بۇ مەن سىلەردىن ئۇقۇپ باقماقچى بولغانلىرىم.

## ياشلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

*بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر شەخسى تەجرىبەم بار، مېنىڭ تامامەن باشقىچە بىر دوستۇم بولغان، يېڭىدىن دىنىمنى چىڭ تۇتۇشقا باشلىغان چاغلىرىمدا ئۇ دوستۇم ماڭا ئەڭ يېقىن ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىسلامىيەتنى چىڭ تۇتۇشۇمغا ھەقىقەتەن ياخشى ياردەملەرنى بەرگەنىكەن، مەسىلەن ئۇچۇرشىدىغان ۋاقتىلىرىمىزدا ئۇ ماڭا:" ئەسىر نامىزدىن كېيىن ئۇچۇرشايلى، ياكى پالانى مەسچىدتە نامازنى بىللە ئوقۇيلى" دەيتتى. دېمەك، الله تائالانىڭ تائىتىگە ياردەمدە بولىدىغان دوست تېپىش بىر ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەن.....

بىرىنچى بولۇپ دېمەكچى بولغىنىم، مەسىلە ئىسلام ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىشتىن باشلىنىدۇ، بىر ئادەم قانداق ناچار ئىشلارغا دۇچار بولسۇن ياكى قىيىنچىلىقلارغا قىلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزسۇن، ئۇ چوقۇم قايتىدىن دۇرۇس يولغا قايتىپ كىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولغان- دە... مەن ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئىسلامى مەكتەپ ئىدى، سۇبھانالله ناماز ۋاقتى بولغاندا بورىلارنى يىيىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيتتۇق، مەن ئىسلام ۋە ئەقىدىنىڭ مەنىسىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇراتتىم، بىراق، ئەپسۇسكى ئۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم شارائىت تۈپەيلى دادامنىڭ ئۆيى بويىچە

بۇ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كەتتىم. سۇبھانالله! ئىككىنچى مەكتەپتە بارغىنىمدا ئۇ يەردە ھەمراللىرىمدىن ئىبارەت قېيىن مەسلىگە يولۇقتۇم، ئىنتايىن بىزار بولۇۋۇپ يۈردۇم، ھەر ۋاقىت ئاپامنىڭ قېشىغا كەلسەم يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:" دىن، ئەخلاق دېگەنلەر نەگە كەتتى؟ مەن قورقۇپ، تۆگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن ئاپا" دەيتتىم... بۇ چاغدا تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتىم ۋە ھىجابلىق بولۇش نىيىتىگە كەلگەنىدىم، باللارنىڭ ھەممىسى مېنى دوستى يوق دەپ زاڭلىق قىلاتتى، دوستۇڭ نەدە؟ يارايسەن، كېلە، قىزىقچىلىق قىلايلى! دېيىشەتتى، ئەپسۇسكى ئۇلار دەۋەتقان قىزىقچىلىق كۆلۈشمەكنىلا كۆرسەتمەيتتى، سۇبھانالله! مەن سەۋرى قىلدىم، پەرۋەردىگارىمىزغا دۇئا قىلىپ:" ئى رەببىم! ماڭا تائىتىڭگە ياردەم قىلغىن" دەيتتىم... سۇبھانالله! ، دۇئا ۋە سەۋىر ئارقىلىق، يەنى اللەنىڭ پەزلى ۋە اللەغا تەۋەككۈل قىلىش ئارقىلىق پەقەت بىرلا قىز بىلەن دوستلىشالىدىم، پەرۋەردىگارىمىز ئۇنى مېنىڭ ئىماندا چىڭ تۇرۇشۇمغا سەۋەبكار بولسۇن دېگەندەك ئىدى، بىر- بىرىمىزگە ھەمكارلىشاتتۇق، اللەغا شۈكرى، مەن ھىجابلىق بولدۇم، ئۇمۇ ھىجاب سالاتتى. ئۇنىۋېرسىتېتقا چىققىنىمىزدا ئۇ ماڭا تېخىمۇ ئوبدان ياردەمچى بولدى، لېكسىيەلەرنىڭ ئارلىقىدا ئۇ ماڭا:" كەلگىن، اللەغا تەسبىھ ئېيتىۋالايلى، كەل، اللەدىن مەغپىرەت تىلەيلى" دەپ تۇراتتى... ...

*ھەرقانداق بىرەيلەننى قانداقتۇر ئىدىيەلەرگە سۆرەپ كېتىدىغان ناچار دوستلۇق بىلەن ھەققى ياخشى دوستلۇق مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۆزەمنىڭ ئىنتايىن سەممىي بىر دوستۇمنى ئەسلەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان سۆزلىرى يادىمغا كەلتۈرۈشنى اللەدىن تىلەيمەن. ئۇ دوستۇم ھەقىقەتەن بەك تەقۋادار ئىدى. ئۆزىدەك بىر توپ سالىھ ياخشى دوستلىرى بىلەن ئارلىشىپ ئۆتەتتى. ئۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسنى مەسجىدتە ئۆتەيتى، دۇئا- تەسبىھ ئېيتىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ئادەتلىنىپ كەتكەن كۆندىلىك ئىبادەت ۋە تىلاۋەتلىرى بار ئىدى... براق بۇ كىشى مەلۇم شارائىت ئاستىدا باشقا بىر تۈركۈم ياشلارغا قىزىقىپ قاپتۇ، ئۇلار بىلەن ئارلاشسا كۆزىنى چاقنىتىدىغان كېچىلىك ئولتۇرۇشلار، قەھۋە خانىلاردا كۆڭۈل، ئېچىشلار ئۆزۈلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ قالسا كېرەك، بۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى ياشلار ئەسلىدىمۇ يامان ئىش دەپ قارىمايۋاتىدىغۇ!؟ ئەپسۇسكى، دەل بۇنداق ئىشلار تۈپەيلى ھېلىقى دوستۇم ئائەت- ئىبادەتلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەنىلىك تۇرمۇشنى "زاھدلىق" بولمىغنى بىلەن دىن بىلەن دۇنيانى ماسلاشتۇرۇپ ماڭالايدىغان نورمال تەبئى ھايات ئىدى.

قىسقىسى ئۇنىڭ يېشىدىن تونۇشقان دوستلىرى ئۇنى تامامەن باشقا بىر ھايات ئىچىگە سۆرەپ كەتتى، ھەتتا ئۇ كىچىلىك ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇۋالدى، ئۇ ئۆزىنى بەزلەپ "ئولتۇرۇش بولسا نېمە بوپتۇ؟ پەقەت ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان ئىشقۇ!" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر پەيشەنبە كەچتە تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇشقا قاتنىشىپ، ھەتتا بامدات نامىزىنى ئوقۇيالماي قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇنى بوپتۇ دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ بارلىق كىچىلىرى بارا- بارا ئۇيقۇسىز ئۆتىدىغان بولدى ۋە نامازلىرى، ئەڭ ئالدى بىلەن زىكرى- تەسبىھلىرىنى تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ ھاياتى تامامەن ئۆزگىرىشكە باشلىدى... بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ قىزلار بىلەن كۆرۈشمەسلىكىمىز كېرەك دەپ تەكىتلەپ تۇراتتى، ئەمدى بولسا بىراقلا ئۇ قاتتىقا سەكرەپ ئۆتۈپ، يېڭى دوستلىرىنىڭ قىلىقلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، قىزلار بىلەن كۆرىشىدىغان ۋە ئارىلىشىپ يۈرىيدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتىكى، ھەتتا ئۇ رەببىمىزدىن يىراقلاشقان ھالغا يېتىپ، باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى... اللەدىن ئۇنى قايتىدىن ھەق يولغا قايتۇرۇپ كېلىشنى، نۇرغۇن دوستلىرىنى ياخشى يولغا باشلىغان نەسىھەت سۆزلىرىنى ئۆزىگە ئەسلىتىشنى تىلەيمەن...!

*ھەقىقەتەن مەن مۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي: ئەگەر دوستۇم ئاسىيلىق يولىغا ماڭسا، ئۇنى تاشلىۋەتسەم ھەمدە ئۆزەمنى ئۇنىڭدىن تارتسام توغرا بولامدۇ ياكى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن ئۆزەمنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئارىلىشىپ يۈرگىنىم تۈزۈكمۇ؟

—ئىنسان ئىجتىمائى مەخلۇق بولغاچقا، ئەگەردە ئۈمىد قالمىغاندا ئۇنداق دوستىڭنى تاشلىۋەتسەڭ، اللە تائالاغا: ئى رەببىم! تېخىمۇ ياخشى دوستلارنى يولۇقتۇرغىن، ساڭا يېقىنلىششقا ۋە ئاسىيلىقتىن (گۇناھتىن) يىراق بولۇشقا ياردىمى تېگىدىغان تەقۋادار، پاك دىل دوستلار بىلەن ئۇچراشتۇرغىن!" دەپ دۇئا قىلىشىڭ لازىم.

ئەمەلىيەتتە دوست ئۈچ خىل بولىدۇ. "ئىبادەتكار دوست، غەپلەتكار دوست، دىن ۋە ئەخلاقتىن يىراق خىيانەتكار دوست" خىيانەتكار دوستتىن چوقۇم قول ئۈزۈشىڭ لازىم، شۇنداقتىمۇ سەن ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر خىل رىشتىنى ساقلاپ قالساڭمۇ بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق كۆڭلەرنىڭ بىردە ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ھەق يولغا قايتۇرۇپ كېلىشىڭ مۇمكىن، مەسىلەن ئۇنىڭ بىلەن ھېيت- بايرام ۋە چوڭ ئىشلاردا مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرغىن.

غەپلەتكار دوسقا كەلسەك، بۇنداقلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولسمۇ، بىراق يا خىيانەتكار يولدا ئەمەس، يا ئىبادەتكارلىق يولدا ئەمەس، ئارلىقتا قالغاندۇر. مانا بولارنى جىددي هالدا قولدىن بېرىلىشلىك، كەينىدىن قالماي نەسىهەت قىلىشلىك ۋە بارلىق ئۇسۇللار بىلەن الله يولىغا تارتىشلىك زۆرۈر.

ئىبادەتكار دوستلارغا كەلسەك، هېچقاچان ئۇلاردىن ئايرىلماي قولنى- قولغا تۇتۇشۇپ ئارلىشىپ ئۆتكىن، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ خىسلەتلىرىنى ئۆلگە تۇتقىن، ئۇلار سېنىڭ ھەقىقى دوستلىرىڭ، مۇناسىۋەت دائىرەڭ ۋە سېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭ بولۇپ قالسۇن.

## ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلايلى

مېنىڭ ئىسمىم ئەھمەد ئەرىيتنى، 71- يىل 25- نويابىردا تۇغۇلغانلاردىن ئىكەنمەن. هازىر 6- ئۆكتەبىر سانائەت شەھەرچىسىدىكى ماشىنسازلىق شىركەتلىرىنىڭ بىرىدە ئىشلەيمەن.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان چاغلاردىن باشلاپ ئاخىرقى رەۋىشتە ئۆز تۇرمۇشۇمنى چېنىشقا ئۆتتۇم ۋە هاياتىم باشقىچە تۈس ئېلىشقا باشلىدى، تاماكا چېكىشنى ئۆگەندىم، ئاتا- ئانامنىڭ مېنى تاماكىدىن قول ئۈزدۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بولدى، ئۇنۇم بەرمىدى، دەرستىكى ئۆگىنىش نەتىجەم تۆۋەنلەشكە باشلىدى، هاياتىمغا يېڭى پائالىيەتلەر بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى، ئۆيدىن كۆپ هاللەردا چىقىپ كېتىش، كېچىلىك ئولتۇرۇش، دوستلىرىم بىلەن سىرتلارغا سەپەر قىلىش دېگەندەك... دىسكوخانىلارغا، مېهمانخانىلارغا دوستلار بىلەن باراتتۇق، بۇلارنىڭ تەسىرىدە ئىمتاهاندىكى نەتىجىلىرىم بەك تۆۋەن ئىدى. ئاخىرى هەربى ئىنىستىتۇتقا كىردىم، ئۇ يەردە باشلىقلىرىم ۋە يۇقىرى يىللىقتىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن دائىم چاتاق تېرىپ تۇراتتىم... ئاخىردا، ئىنىستىتۇتتا ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئېنىق قارار چىقىرىشىمغا توغرا كەلدى، يەنى ئەمدى ئىنىستىتۇتتا داۋاملىق ئوقۇيالىشىم مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى. شۇڭا ئىنىستىتۇتتىن ئۆزلۈكۈمدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم... ئاتا- ئانام بولسا، مېنىڭ ئوقۇشۇمنى تولۇق پۈتتۈرۈشۈم ئۈچۈن قىلمىغان ئامالىرى قالمايتتى، ئۇلار مېنىڭ ئىنىستىتۇتتىن ئايرىلىشقا قارار چىقارماسلىقىم ۋە ئالدىراقسانىلىق قىلماسلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭ هەر قانداق تەلەپلىرىمنى ئورۇندايتتى، نەتىجىدە بۇ مېنىڭ تېخىمۇ يولدىن چىقىشىمغا سەۋەب بولغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيتتى... شۇنىڭ هاياتىم تامامەن

باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇشقا باشلىدى، يەنى، ئىقتىسادى شارائىتىم تولۇق، مەن قىلمىغان ھېچ نەرسە قالمىدى... ھەتتا مېنىڭ قالايمىقان ئىشلارنى قىلىش يوللىرىنى بەك كۆپ ئويلاپ تاپالايدىغانلىقىمدىن، دوستلىرىم مېنى "شەيتان" دەپ ئاتىۋالغان ئىدى. يەنى بىز ھەممە ئىشلارنى قىلاتتۇق، ھاراق ئىچىش، قالايمىقان يەرلەرگە بېرىش، قىزلار... ھەممىسى بولۇپ تۇراتتى. ئىشلار شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى بىز ئۆزىمىزدىن يەنە "بىز قىلمىغان قانداق ھارام ئىشلار بار" دەپ سورايدىغان بولدۇق... ھارام ئىشلاردىن نېمىنى قىلمىغاندۇق؟ شۇرۇشتۇرۇپ كۆرسەك تېخى ئۆسۈم (جازانە) بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆسۈم بىلەن ئەمەلىي شۇغۇللىنىپ كۆرۈش قارارىغا كەلدۇق، ئارىمىزدا پۇلغا ئېھتىياجى بارلار يوق تۇرسىمۇ، بىر قىسىم پۇللارنى قەرز ئۆتنە بېرىشتۇق، ئەتىسلا قەرز پۇلنى ئارتۇق ئۆسۈمى بىلەن ئېلىش ئارقىلىق، ئۆسۈم بىلەن شۇغۇللانغان بولدۇق، بۇنىڭ بىلەن بارلىق ھارام ئىشلارنى قىلىپ باققان بىر دەيتتۇق... يەنى بىز ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئويلايدىغىنىمىز، پەرۋا قىلماستىن ھارام ئىشلارنى قىلىۋېرىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەلۋەتتە، ھەر قانداق ئىشنى قىلىش ئويىمىز بولغاچقا، بىز پەرۋا قىلغاندىمۇ ھېچ نەرسە يوق ئىدى... سودا- سانائەت ئىنستىتۇتىغا كىردىم ۋە ئوقۇشقا پەرۋا قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم، 10 يىلدىن كېيىن دىپلوم ئالساممۇ مەيلى دەيتتىم... چارەكلىك ئىنتاھاندىن ئۆتكەن بولساممۇ مەۋسۇملۇق ئىنتاھاندا سىنىپ كۆچەلمىدىم.

ھەق گەپنى قىلسام، بۇ خىل ھاياتتىن ئىچىم سىقىلىپ، زېرىكىشكە باشلىدىم. ماڭا بەخت تۇيغۇسى بېرىدىغان ياكى كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە قالمىغانلىقىنى بىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى يىللىقتا ئوقۇشقا بىر ئاز كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدىم ۋە ئانچە مۇنچە تېنچلىنىپ ئويلىنىشقا باشلىدىم، دوستلىرىمدىن يىراقلىششقا باشلىدىم، بارا- بارا دوستلىرىم بىلەن ئۇچرىششنى ياقتۇرمايدىغان بولدۇم. شۇ چاغلاردا، مەن ياقتۇرىدىغان ۋە ئارىدىكى ئالاقىمىزگە ھېچقانداق تەسىر يەتمىگەن بىردىنبىر دوستۇم، مەن بىلەن خوشنا ياتاقتا تۇرىدىغان ئىنستىتۇتتىكى ئىيھاب ئىدى...

ئۇنىڭ دادىسى مەلۇم ئەرەب دۆلىتىدە ئىشلەيتتى، ئىيھاب رامزان ئېيى يېرىملاشقان چاغدا دادىسىنىڭ يېنىغا كەتتى ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ كەپتۇ... مەسچىتتە ناماز ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۈم، سۆزلىرى باشقىچە، ئۇ ماڭىمۇ باشقا يوسۇندا گەپ قىلىشقا باشلىدى، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ياكى ھاياتىدا ئۆزگىرىش بولۇشى لازىملىقىنى ماڭا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى... ئەمما ماڭا نىسبەتەن بۇ تامامەن تۇراقسىزلىق مەسلىسى ئىدى، "بۇ

ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداقلا تەسىر قىلغان بىر ئىشتە! كاللىمىزغا بەزىدە تەسىر قىلىپ قالىدىغان ئەرزىمەس ئىشلاردەك بۇمۇ يوقىلىدۇ" دېدىم. مۇھىمى ئارىمىزدىكى ئالاقە مەلۇم دەرىجىدە جىددىيلەشتى -دە، ئاساسەن ئالاقىمىزنى ئۈزدۇق... ماڭا نىسبەتەن دەرس مۇزاكىرە قىلغان چاغلىرىمدا ھەردائىم يېنىمدا ئۆنئالغۇ ياكى رادىئو بولۇپ ئادەتلىنىپ قالغانىدىم، ھېچ بولمىغاندا تېلېۋىزورنى ئېچىپ قوياتتىم، ئەمما ئۇنىڭغا زېھنىمنى قاراتمايتتىم. تۇيۇقسىز مەندە بار ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بىزار بولغان ئىدىم، ئۆزۈم كۆرمىگەن بىر دانە لېنتىنى ئۆچۈرتىپ، ئۇنى ئۈنئالغۇغا سېلىپ باقتىم، قۇرئان ئوقۇغاندەكلا بىر نەرسە بار لېنتا ئىكەن، كېيىن بىلسەم ئۇنىڭغا دۇئا سۆزلىرى ئېلىنغان ئىكەن، بۇ لېنتا بەك ياخشى ئىدى. بۇنداق سۆزلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتىم، يەنى ناھايىتى مۇڭلۇق دۇئا- تىلاۋەت، يىغا- زارە ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ كۆردۈم ياكى بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىرىنچى قېتىم بىلدىم...

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە چۈشتۈم، ئەلۋەتتە، مەسجىدكە كىرىشىم بىلەنلا كۆپچىلىك ھەممىسى مەندىن ھەيران قېلىشۋاتاتتى، بۇ ئىنسان قانداق بولۇپ مەسجىدكە قەدەم تاشلاپ قالغاندۇ؟ دېگەندەك... يەنى مەن ھەتتا جۈمە نامىزىنىمۇ ئوقۇمايدىغان، مەسجىدكە ئەسىر نامىزىغا كىرەرمۇ؟؟ كىرىپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇم، نامازنى تۈگەتكىنىمدىن كېيىن قارىسام، بەزىلەر ھۆرمەتلەپ بېشىمنى سىلاپ، ئېڭىشىپ بېشىمنى سۆيۈۋاتاتتى، ئەلۋەتتە ھەيران بولدۇم، تۇيۇقسىز مەن تونۇيدىغان بىرسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىزنىڭ كوچا قوشنىمىز ۋە دادامنىڭ دوستى ئىدى. بىراق مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەسلىكىمگە قارىماستىن، كۆڭلۈم باشقىچە بىر خىل خوشاللىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈۋاتاتتى، بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ، كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم... ئىلگىرى ھېچقاچان سېزىپ باقمىغان تۇيغۇلار ئىدى... اللەغا شۈكرى، شۇ كۈنى شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى مەجىدكە چۈشۈپ ئوقۇدۇم. ئىمام نامازدا سۈرە زۇمەردىكى ئايەتلەردىن ئوقۇپ، بۇ ئايەتلەر بىلەن باشلىدى:{ ئى مۇھەممەد، مېنىڭ تىلىمدىن" ئېيتقىنكى (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار! الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر}، (زۇمەر سۈرىسى، 53- ئايەت) مەن ئايەتنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندىم ۋە ئايەت مەزمۇنىنىڭ ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى

سەزدىم... مەن مەسجىدتىن چىقىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئىيھابنىڭ مەسجىد دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، مەن چىقىشىم بىلەنلا ئۇ ماڭا قاراپ خۇددى يۈگۈرگەندەك يېتىپ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى، بۇ دەقىقىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن... ئۇ مىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:" سەن ئىشەنگىن! نەگە كېتىشىڭدىن قەتئىينەزەر، بۇ جايغا قايتىپ كېلىشىڭگە ئىشەنگىن!" دەيتتى... مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۆزەمنىڭ چوڭقۇر يۈرەك قاتلىرىمدىن ھەق يولغا قايتىپ كەلگەنلىكىمگە ئىشەندىم. ماڭا ئىيھابتەك دوستنى بەرگەن اللەنىڭ پەزلىنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن، ئۇ مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلغان ئەھۋالدىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ماڭا نەسھەت قىلاتتى، ھەتتا ئۇ ئۆزى تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇشنى ياقتۇرىدىغان مەسجىدنى تاشلاپ ماڭا ئەگىشەتتى، چۈنكى مەن نامازنى تېزراق ئوقۇپ تۈگىتىدىغان باشقا بىر مەسجىدتە تاراۋىھ ئوقۇشنى ياقتۇراتتىم، كېيىن بىلدىمكى، ئۇ ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۆزى ناماز ئوقۇپ كەلگەن مەسجىددىكى ئىمامىم ھەر كۈنى قايسى پارىنى تاماملىسا، شۇ پارە قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۆيدە تاراۋىھ نامىزىنى قايتا ئوقۇيدىكەن...

مانا بۇ ئەھمەدنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئەمەلىيەتتە ئەھمەد ئۆزىنىڭ ناچار دوستلاردىن ئايرىلىپ، ياخشى دوستقا ئەگىشىش جەريانىنى ناھايىتى يۈكسەك مەزمۇندا، يەنى اللە يولىدىكى قېرىنداشلىق مەزمۇندا بايان قىلىپ ئۆتتى. ئەھمەد "شۇ قۇچاغلىشىش دەقىقىسىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن" دەپ ئۆتتى، خۇددى بۇ مۇستەھكەم ئىرادە بېغىشلاش، خۇددى بۇ بىر- بىرىنى اللە يولىدا چىڭ تۇرۇشقا تەۋرەنمەس ئىرادىگە كەلتۈرۈش ئىدى... ئۇ ئۆلگىچە بۇ قۇچاغلىشىشنى ئەستە تۇتىدىغىنى ئېنىق، مانا بۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئاز ئۇچرايدىغان يېڭىلىق. ھازىرغىچە قىز- يىگىتلىرىمىز "اللە يولىدىكى سۆيگۈ"، "اللە يولىدىكى قېرىنداشلىق" نامىلىق نەرسە بارلىقىنى ئېنىق بىلمەيۋاتىدۇ... يەنى سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادىمىڭنىڭ بولۇشى، سەن ئۇنى اللە يولىدا ياخشى كۆرۈشتىن باشقا دۇنيالىق پايدا- مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىكىڭ ۋە قولنى- قولغا تۇتۇشۇپ بىر خىل غايىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىش ھەر ئىككىڭلارنى جەننەتكە كىرىشكە ئېلىپ باراتتى... ھەقىقەتەن، ئەھمەد، ئىيھاب توغرىسىدا سۆزلىگەن چاغدا مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىكى اللە قىيامەت كۈندە، ئۆزىنىڭ سايىسىدىن بۆلەك سايە يوق كۈندە سايىگە ئېرىشتۈرىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرى قاتارىدا اللە يولىدا سۆيۈشكەن ئىككى كىشىنى ئەسلىدىم... ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بۇ ھەدىس دەررۇلا يادىمغا كەچتى... قىيامات كۈنى بارلىق ئىنسانلار تىك تۇرغان، قۇياش

قاتتىق قىزىتىپ باش ئۈستىگە يېقىن كەلگەن، ئۈزۈلدىن- ئۈزۈن، يىللار بويى تەرگە چۆمۈلۈپ، ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ ئېغىر مۇشەققەتلەر ئاستىدا كۆتۈش، يەنە... لېكىن ئۇ يەردە يەتە تۈرلۈك كىشلەرلا سايىگە ئىگە بولغان، بولغاندىمۇ دەرەخ سايىسى ئەمەس بەلكى رەببىمىزنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدە راھەتلىنىپ ياتىدۇ... دەل ئاشۇ يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىر تۈردىكىسى الله يولىدا سۆيۈشكەن ئىككى دوست... قېنى ئەمىسە، نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار مەھرۇم بولغان بۇ راھەتنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلاپ باقايلى:" الله يولىدا سۆيۈشكەن ئىككى ئادەم، بىرلەشسە بۇ يولدا بىرلىشىپ، ئايرىلسا بۇ يولدا ئايرىلغان بولىدۇ." يەنى اللەغا ئىتائەت قىلىش مەقسىدىدە بىرلىككە كېلىپ، ئايرىلىپ كېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا بىر- بىرىگە اللەغا ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقان ھالدا ئايرىلىدىغانلار... بامدات نامىزىغا قانداق ئويغىنىش، كىم يەنە بىرەيلەننى خەۋەر قىلىش... بىرى يەنە بىرىگە:" بۈگۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ قويۇشنى يادىڭدىن چىقارما، ياكى مۇنداق گۇناھتىن دىققەت قىلىپ يۈر"، دەيدىغانلار... مانا بۇ الله يۈلىدىكى قېرىنداشلىق، مانا بۇ الله يولىدا سۆيۈشۈش!

ئارىمىزدىن الله بىرەيلەننى ھىدايەت قىلغان كۈندىن تارتىپ چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك بىر پىرىنسىپ- ھەر ۋاقىت يۈزۈڭدىن تەبەسسۇم كەتمەسلىكى، ئەسلىدىمۇ ئوچۇق چىراي بولۇشۇڭ كېرەك، كىشلەر بىلەن دائىم سىلىق مۇئامىلە قىلىشىڭ لازىم، بىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، بىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇشۇڭ كېرەك.

سىلەر ئەھمەدنىڭ:" بىرلىرى بېشىمنى سىلاپ ئۇنىڭغا سۆيدى"، "پالانى قۇچاقلىدى" دېگەن سۆزلىرىگە دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ ئىنسان قەلبى مۇشۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرىدۇ. ھازىرقى چاغلاردا كۆپ كىشلەر بۇنداق ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەس بولۇپ كەتتى، ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بۇلار ئاساسلىق ئىشلار ئىدى... بۇنداق كۆيۈنۈشلەر قەلبنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ، مانا بۇ ئىسلامى قېرىنداشلىق، ئىسلام ھەرگىزمۇ قوپاللىق ئەمەس، تەرەببازلىق ئەمەس؛ زوراۋانلىق ئەمەس... بەلكى ئۇ مېھرىبانلىق، مانا بۇ ئىيھاب بىلەن ئەھمەدنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىسىدە ئۆز ئەسلىنى تاپقان ئىسلام روھى!

## ياشلار سۆز ئالدى

*شۇ چاغدا قانداق تۈرتكە سەۋەبىدىن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇغان ئىدىڭىز؟

-الله بىلەن قەسەمكى، ئېنىق سەۋەب ئېسىمدە يوق، بۇنىڭدا ئېنىق بىر سەۋەبنىڭ

بارلىقىنىمۇ ھېس قىلمىدىم. توغرا، مەن ھاياتىمدىكى زور بىر بوشلۇقنى ھېس قىلاتتىم، ھاياتىمدا بەختىنىڭ ھېچقاچان مەنبەسى قالمىغاندەك ئىدى... شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇچراتقان ئۇنىئالغۇ لېنتىسى، ئۇنىڭدىكى ماڭا بەك ياققان دۇئا بەلكىم ماڭا تەسىر قىلغاندۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا مەن تاھارەت ئالدىممۇ يوقمۇ ئەسلا ئۇقمايمەن، كوچىدا ئىدىم، ئەزاننى ئاڭلاپلا مەسجىدكە كىرىشىمگە زادى نېمىنىڭ تۈرتكە بولغانلىقىنى ھازىرغىچە ئېنىق ئۇقمايدىغانلىقىمغا قەسەم بىرەلەيمەن.

*سىز تەقۋادارلىققا ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى ئاغىنىلىرىڭىزگە قانداق مۇئامىلە قىلدىڭىز؟ ئۇلار نەگە كەتتى؟ الله تائالا ئۇلارغا نېمە ئىشلارنى كۆرسەتتى؟

الله رازى بولسۇنكى، ئىيھاب مەن ئۇچۇن يېڭى مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە ھەقىقەتەن تىرىشتى. يەنى ئۇ ماڭا نىسبەتەن ناتونۇش ھېسابلىنىدىغان، ئىنستوتتىكى ياشلاردىن يېڭى دوستلارنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، مەن ئەسلىدە تەقۋادار ئادەمنى چوقۇم ساقاللىق، سۇرلۇك، ئۇزۇن چاپان كىيىدىغان قېرى ئادەم شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بىراق مەن بۇ ياشلارنىڭ ئىنتايىن ئىسسىق، تەقۋادار، جۇشقۇن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. اللەغا كۆپ شۈكرى! ئۇلارمۇ سىرىتلارغا چىقاتتى، ئوينايتتى، تۈرلۈك ھايات پائالىيەتلىرىدىن خۇرسەنلىك تاپاتتى، لېكىن چوقۇم الله تائالانىڭ ئىتائىتى دائىرىسىدىن چىقمايتتى ۋە الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى... مەن ئاخىرقى رەۋىشتە ئۆزەمنىڭ يېڭى مۇھىتىمنى تېپىۋالدىم، شۇ بۇرۇنقى مۇھىتىمغا ھاجىتىم قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يېڭى مۇھىتىمدا بەك خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم. مەسىلەن ئېيتقاندا، بۇرۇنقى ئاغىنىلىرىم بىلەن بىرگە بولغان چاغدا خۇشال بولاتتۇق، پاراڭلىشاتتۇق، ئەمما مەن ئۇلارغا سەللا دۇمبەمنى قىلسام ماڭا تالاي سېسىق گەپلەر تەييار ئىدى... ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا بارلىق ئىش-ھەركەتلىرىمنى ئۆلچەيدىغان باشقىچە تارازام بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ- الله يولىدا قېرىنداشلىق، الله يولىدا سۆيگۈ ئىدى...

**اللەنى دەپلا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىنسان بىلەن دوست بولۇش نېمە دېگەن زور بەخت! نېمە دېگەن خۇشاللىق! خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ مەزمۇندا مۇنداق دېگەن:" ئەگەر بىرىڭلار ئۆز قېرىندىشىنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولسا، ئۇ قېرىندىشىغا چىڭ ئېسىلسۇن، چۈنكى بۇنداق پۇرسەت ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ." ئەسەردە (ھەدىستە) مۇنداق كەلگەن:" مۇسۇلمان بولۇشتىن كېيىنلا ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى نەرسە- ئۇنتۇسا ئەسلەيدىغان، ئەسلىسە يار- يۆلەك بولىدىغان سالىھ

قىرىنداشلىقتۇر". مۇئاز ئىبنى جەبەل رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىس قۇددىسىيدىكى اللەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسىڭىز، قېرىنداشلىقنىڭ ھوزۇرىنى سېزەلەيسىز:" مېنىڭ ھەققىمدە ياخشى كۆرۈشكەنلەر مېنىڭ سۆيگۈمگە ئېرىشىدۇ". (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار رىۋايەت قىلغان) يەنى، ئەگەردە ئىككى شەخس بىر- بىرىدىن دۇنيالىق مەنپەئەت ياكى ئىقتىسادىي پايدا كۆزلىمەستىن رەببىمىز ئۈچۈنلا بىر- بىرىنى ياخشى كۆرسە اللەنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. بىر- بىرى بىلەن اللەغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىنلا تونۇشۇش- ھەر ئىككىسىنى اللەنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشتۈرىدۇ...

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ئارقىلىق اللە يولىدا ياخشى كۆرۈشۈشنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلەلەيسەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:" اللەنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىتمۇ ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى اللەنىڭ ئالدىدا تۇتقان ئورنىغا پەيغەمبەر ۋە شېھىتلەر ئېرىشكۈسى كېلىدۇ"، ساھابىلەر:" يا رەسۇلۇللاھ، ئۇلار كىم ئىكەنلىكىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ؟!" دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:" ئۇلار ئۆز- ئارا تۇغقاندارچىلىقى ياكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى يوق بولسىمۇ اللەنىڭ دىنى بىلەن دوست بولۇشقان كىشىلەردۇر، اللە بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇر، ئۇلارمۇ نۇر ئۈستىگە نۇر؛ كىشىلەر قورققان چاغدا ئۇلارغا قورقۇنچ يوق، كىشىلەر غەمگە پاتقاندا ئۇلارغا غەم- قايغۇ يوق... رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى، {( بىلىڭلاركى، اللەنىڭ يېقىنلىرى ئۈچۈن قورقۇنچمۇ يوق ۋە ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ.} (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ھۇزەيفە يەمانى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:" مۆمىن مۆمىنگە ئۇچرىشىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھ- خاتالىقلىرى خۇددى دەرەخ تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ" (تەبەرانى رىۋايىتى)

بىز اللەنىڭ نېمە ئۈچۈن روسۇلۇللاھقا:{ سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئەتىگەن- ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن}. (كەھف سۈرىسى، 27- ئايەت) دېگەنلىكىنى بىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئالاقىنى- اللە يولىدا ياخشى كۆرۈشۈش ئالاقىسىنى ئىنتايىن

قەدىرلەيتتى، ئىنتايىن پەرۋىش قىلاتتى، ھەتتا ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن يەتمىشچە كىشى شېھىت بولغان ۋە ئىنتايىن كۆپ ئادەم يارىلانغان، ھەر بىر ئۆيدىن بىرە يلەن شېھىت بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ:" ھەر ئىككى شېھىتنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىڭلار" دېگەن ئىدى، ساباھىلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈشكە باشلىدى، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساباھىلىرىنى دەپنە قىلىش، يىغا- زارە ۋە قايغۇ- ھەسرەت ئىچىدە، تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈمىگە كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرغان ھالەتتە:" توختاڭلار، ئابدۇللا ئىبنى ھەيران بىلەن ئەمرى ئىبنى جەمۇھنىڭ جەستىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇ ئىككىسىنى بىرلىكتە دەپنە قىلىڭلار! چۈنكى ئۇ ئىككىسى دۇنيادىمۇ ياخشى كۆرۈشكەن دوستلاردىن ئىدى..." دەپ خىتاب قىلدى... رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پۈتۈنلەي مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا تۇرۇپمۇ، ئۆيدىن چىقىپ ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنى تېپىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بارلىق ساھابىلارنىڭ ئالدىدا، رەۋزىدە ئۇ ئىككەيلەننىڭ قولنى تۇتۇپ تۇرۇپ:" بىزقىيامەت كۈنى مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىمىز "دېگەن ئىدى... (تىرمىزى، ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان)

ھەقىقەتەن، كىشىلەر ئاللاھ يولىغا يېتەكلەيدىغان ئادەمنى تاپالمايۋاتقان بۇنداق زامان شارائىتىدا ئاللاھ يولىدىكى سۆيگۈ ئالاقىسى ئىنتايىن گۈزەل ۋە قىممەتلىك. ئاللاھ يولىغا قولىڭدىن يېتەكلەيدىغان ئادەم بولسا، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساڭلار ئاللاھ سىلەردىن رازى بولغان ھالدا سىلەرگە نۇرغۇن ساۋابلارنى پۈتسە، بۇ ئولتۇرۇش سەۋەبى بىلەن ئاللاھ ئىككىڭلارغا مۇھەببىتى بېغىشلىسا... ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك- دە!

ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا نۇرغۇن دوست- ئاغىنىلەرنىڭ بىر- بىرىگە خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىنى، بىر- بىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بىر- بىرىگە ئازار- كۈلپەت يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بىراق بىر ئىنساننى ئاللاھ يولىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى تۈپەيلىدىن ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس!

## بۇ ئاجايىپ كەچۈرمىشكە قاراپ باقىن

سەلمان فارىسى ئەبۇ دەردا بىلەن دوستلاشقان ئىدى. ئەبۇ دەردا بالدۇر ئۆيلەنگەن، سەلمان بولسا كېچىكىپ ئۆيلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ بەك كېچىكىپ توي قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ يەر يۈزىدىن ئىيمان ئىزدەپ تۇختىماي يۇرتلارنى كەزگەن بولۇپ

ئىزدىگۈچى بولۇپ، بۇ جەريانىدا يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى.

ئەبۇ دەردا بۇرۇنلا تۇرمۇش قۇرغان، ئەمما سەلمان بولسا، قەبىلىلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە ياقىدىغان بىرەر قىزنى تاللىمىغان ئىدى، چۈنكى ئۇ يېشىنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر يەرگە بېرىپ سۆزلىشىشتىن قىسىسلاتتى، بۇنداق ئىشلارغا يېشى چوڭلۇق قىلىدىغانلىقىنى سېزەتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ ئاخىرى ئەبۇ دەردانى بىر قىزنىڭ ئاتىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئەبۇ دەردا بارسا، قىزنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئىنتايىن غەلىتە گەپ قىلىپ:" سەلمانغا قىزىمنى بىرەلمەيمەن، ئۇ ماڭا ياقمايدۇ، قىزىمنى ساڭا بېرەي!" دېدى... ئويلاپ كۆر! ئەبۇ دەردا دەرھال رەت قىلىپ:" مەن ئۆز قېرىندىشىم سۆزلەشمەكچى بولغان قىزنى ئالمايمەن" دېدى، قىزنىڭ دادىسى بولسا:" ھەتتا ماڭا ئۆمەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، قىزىمنى ھەرگىز سەلمانغا بەرگۈم يوق، بىراق مېنىڭ ساڭىلا بەرگۈم بار، بېرىپ سەلمانغا ئېيتقىن" دېدى. ئەبۇ دەردا ئۇنىمىدى، بۇ ئادەم يەنە:" ساڭا قەسەم قىلىپ ئېيتىمەن، بېرىپ سەلمانغا ئوچۇقنى ئېيتقىن، مەن قىزىمنى ساڭا بەرمەكچىمەن" دەپ تۇرۇۋالدى... ئەبۇ دەردا قېرىندىشى قىشىغا بارغاندا ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالغان ئىدى، سەلمان ئۇنى كۆرۈپ:" ئەبۇ دەردا نېمە بولدۇڭ؟ قانداق قىلدىڭ؟" دەپ سورىدى، ئەبۇ دەردا ئۈندىمەيتتى. سەلمان سوراۋەرگەندىن كېيىن ئەبۇ دەردا ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى تولۇق ئېيتىپ بەردى، سەلمان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:" ئەبۇ دەردا، سەن بىلىسەن، مەن ۋە سەن ئىككىمىز خۇددى اللەنىڭ {ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلىدۇق، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر- بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ} (ھىجرى سۈرىسى، 47- ئايەت) دېگەن سۆزىگە باب كېلىمىز، جەننەتتە ئىككىمىز دەل مۇشۇنداق بولساق دەپ ئارزۇ قىلىمەن، ئەبۇ دەردا، سەن ئۇ قىزغا سۆز سېلىۋەرگىن، سەن ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ بىر قىسمىمسەن!"

سۇبھانالله، ياخشى كۆرۈشكەن ئىككەيلەننىڭ بۇ دەرىجىدە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ كىمكى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، بۇنىڭدىنمۇ جىق ئىشلارنى قىلالايدۇ- دە!

ئىسلام تارىخىدىن بىزگە يەنە مۇنداق نەمۇنە ئۇچرايدۇ: ئەبۇ جەھلىنىڭ ئوغلى ئىكرەمە يەرمۇك جېڭى بولغان كۈندە ئېغىر جاراھەتلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى قېشىدا جان ئۈزەي دەپ قالغانىدى، شۇنداقلا ئىكرەمەمۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى، بىرەيلەن ئىكرەمەگە سۇ ئەكىلىپ بەردى، ئىكرەمە بولسا

**ھېلقى قېرىندىشىغا قاراپ:" ئاۋۇ قېرىندىشىم ئىچمىگۈچە مەن ھەرگىز ئىچمەيمەن" دېدى، سۇ ئەكەلگەن ئادەم بۇ ياققا كەلگەندە بۇمۇ:"ئىكرەمە ئىچمىگۈچە مەنمۇ ھەرگىز ئىچمەيمەن" دېدى.**

**سۇغارغۇچى ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدا توختىماي يۈگرەيتى... ئۇ ھەتتا 10 يارىدارنىڭ قىشىغا سۇئاپاردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يۇتۇم سۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . لىكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى:" قېرىندىشىم ئىچمىگۈچە مەن ئىچمەيمەن" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇغارغۇچى 10 يارىدارنى ئايلىنىپ بولۇپ ئىكرەمەنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ اللە يولىدا جان ئۈزگەن.**

**بۇنداق ئۈلگىلەرنىڭ بولىشىغا ئىشىنىڭلار، چۈنكى اللە يولىدىكى سۆيگۈ بۇنىڭدىنمۇ زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقاچىقىرالايدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئىككىدىن- ئىككىدىن قېرىنداش قىلىپ قويغاندىن كيىن، بىر ساھابەئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئىشكىنى چېكىپ ئۇنىڭغا:" بىرئاز بىللە ئولتۇرۇپ ئىمانىمىزنى كۈچەتۋالايلى!" دەيتى... ھازىرقى چاغلاردا ئۇنداق ئىشنى نەدىنمۇ تاپتۇق؟ بىز بۇنداق مۇناسىۋەتكە بەكمۇ ئېھتىياجلىق. چۈنكى ئىنسان قەلبى قايناۋاتقان قازاندىنمۇ بەك ئاستىن- ئۈستىن بولۇپ تۇرىدۇ...**

**مەن بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، ھەر كۈنى مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن:" ئى اللە! ماڭا سېنىڭ تائىتىڭگە ياردەمدە بولىدىغان سالىھ ياخشى دوسلارنى بېغىشلىغىن!"**

**مەن تولۇق ئىشىنىمەنكى، ئىنشااللە سېنىڭ بۇ تىلىكىڭ ئەمەلگەئاشىدۇ، سەن قولنى- قولغا تۇتۇپ جەننەتكە كىرگىچە اللە يولىدا ھەمكارلىشىدىغان ھەمراغا يولۇقىسەن...**

**ئاخىردا سىلەر ياشلاردىن، يىگىت ۋە قىزلاردىن كۈتىدىغىنىم: دوست- ئاغىنىلىرىڭلارنى ياخشى تاللاڭلار! ئۆمۈر بويى نادامەتتە قالماسلىق ئۈچۈن چوقۇم ئىنتايىن ياخشى دوستلارنى تاللىۋېلىشىڭلارلازىم.**

# مۇھەببەت توغرىسىدا

ئاپتورى: ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: دەرۋىش

مۇھەببەت ئەمەستۇر سىنىڭ ئۆلپىتىڭ ،
سەن دېگەن مۇھەببەت ئەمەس بىر پۈتۈن.
مۇھەببەتنىڭ ماھىيتنى بىلگەن بولساڭ ساپ ،
سۆيەتتىڭ ئاللاھنى چىن دىلىڭدىن پاك.

## كىرىش سۆز

بۇ بىر تۇتاش رىسالە كاللىغا كەلگەن گەپلەرنى يېزىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى بۇ ئىسلام تەشۋىقاتچىسى ئۇستاز ئەمرۇ خالىد بىلەن بىر تۈركۈم ياشلار ئوتتۇرسىدىكى «چىن يۈرەكتىكى سادا» سەرلەۋھەلىك ئوچۇق سۆھبەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت يۈرەكنى تىترەتكۈچى جانلىق دىئالوگنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىز جانلىق سوقۇۋاتقان شۇ يۈرەكنىڭ سادالىرىنى سىلەرگە سونۇشنى ئىرادە قىلدۇق، شۇنىڭدەك ئاممىباب چۈشۈنۈشلۈك بولىشىغا كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇندۇق. ياخشى دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماي ياد ئېتىپ تۇراسىلەر!

<u>بۇ رىسالە تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:</u>

1 ـ ئىنسان مۇھەببەتسىز ياشاشقا قادىر بولالامدۇ؟

2 ـ ئىنساندىن قايسى مۇھەببەت تەلەپ قىلىنغان؟

3ـ ئاددى سۆزلەرنىڭ قىزلارغا كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىرى.

4 ـ قىزلارنىڭ ئەخلاقىنى قانداق بىلەلەيسىز؟

5 ـ بىز توي قىلغانغا قەدەر ئاللاھنى چىن قەلبىمىز بىلەن ياخشى كۆرۈپ ياشاپ باقساق سىلەرچە قانداق؟

6ـ ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرى.

7 ـ تارىختىكى ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت قىسسىسى .

8 ـ مۇھەببەتنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولامدۇ؟

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

مەن بۇ رىسالىنى (مۇھەببەت) دېگەن مۇقەددەس كەلىمىنى چۈشەنمەي دەپسەندە قىلغانلارغا...، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە ساپلىقىدىن مەھرۇم قالغانلارغا...، مۇھەببەتنى يۈزەكىلا «شەخسىي رىغبەت» مەنىسىدە چۈشۈنۈپ قالغانلارغا...، مۇھەببەتنى ئەبەدىي تېپىيالماي مۇھەببەت دەۋاسى قىلىۋاتقان «مۇھەببەت» مەستانىلىرىغا...، شۇنىڭدەك ھەقىقىي ساپ مۇھەببەت ئىزدەپ يۈرگەن ساداقەتمەن دوستلارغا ھەدىيە قىلىمەن.

بىز بۇ يەردە قىز- ئوغۇللار ناھايىتى يۈكسەك بىلىپ كەلگەن مۇھەببەتتىن ئىبارەت مۇھىم بىر تېما ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز..

شۇنىڭدەك قىز- ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئېنىق ئايرىش بىلەن بىرگە، قەلبىمىزنى ھەقىقىي ئېچىپ ساپ «مۇھەببەت»نىڭ نېمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

مەن بۇ يەردە بۇ ماۋزۇغا بىۋاستە كىرىپ كەتىشنى خالىمايمەن، چۈنكى بەزى قىز- ئوغۇللار گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا، «بىز نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىمىز» دەپ بۇ كىتاپچىنى ئوقۇمايلا تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن گەپنىڭ بېشىدىلا تۆۋەندىكى مۇھىم بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق كۆرىمەن:

«مۇھەببەت» اللە ئىنسانغا پۈتتۈۋەتكەن تۇغما خاراكتېرمۇ؟ ئىنسان مۇھەببەتسىز ياشاشقا قادىر بولالامدۇ؟

سىلەر بىزنىڭ دىنى ساھەسىدە تۇرۇپ سۆزلەۋاتقانلىقىمىزغا قاراپ ئاتا- ئانىنى ۋە باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاش «مۇھەببەت» دەۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ قىلىشىڭلار مۇمكىن.. بۇ ئەلۋەتتە خاتا گۇمان ئەمەس، لېكىن سىلەر ئويلىغان بۇ «مۇھەببەت» مۇھەببەتنىڭ بىر تۈرىدۇر.

- ئەلۋەتتە اللەنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت ھەقىقى ساپ «مۇھەببەت» بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بىراق بىز بۇ يەردە ئەر- ئايالنىڭ بىر- بىرىگە بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاش ئومۇمي ئابستېراكت ئۇقۇم بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرمەكچىمىز:

ئىنسان مۇھەببەتسىز ياشاشقا قادىر بولالامدۇ؟ ياخشى كۆرمەستىن ۋە ياخشى كۆرۈلمەستىن ياشاشقا قادىر بولالامدۇ؟

ئەلۋەتتە قادىر بولالمايدۇ. دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشىغان ئادەم تېپىلمايدۇ. مانا بۇ تۇغما تەبئىي خۇسۇسىيەت. ئەگەر الله ئۇنى بىزگە ياراتمىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىنسان ئۇچۇن نەسىل قالدۇرۇپ ئەۋلادىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارزۇسى بولمىغان بولاتتى. مانا بۇ تەبئىي خاراكتېر ئالەمنىڭ داۋاملىشىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئۇنداقتا تۇغما خۇسۇسىيەتنى تاشلاپ يىكىر قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ۋە ئۇنى ھاياتىمىزدىن بىكار قىلىۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا جاھىللىق قىلىشىمىزمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس.

بەزىلەر دىندا «مۇھەببەت» دەيدىغان بىرنەرسە تېپىلمايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، بۇ ئەلۋەتتە خاتا كۆز قاراش ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ باشلىنىشى...

بۇ تۇغما خاراكتېر ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن تارتىپ ھايات بويى باشلىنىپ كەلگەن. ھەدىس شەرىپتە شۇنداق زىكىر قىلىندۇكى: ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىرگەن چاغدا ئۆزىچە بىرنەرسىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى... يەنى ھەۋۋاغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. مانا بۇ خىيالى دەپ قويغان گەپ ئەمەس، بەلكى بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇخلاۋاتاتتى. الله ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋانى ياراتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئويغۇنۇپ يېنىدا ھەۋۋانى كۆرگەندىن كېيىن سوراشقا باشلىدى:

ـ سىز كىم؟

ـ ئايال

ـ ئىسمىڭىز نېمە ؟

ـ ھەۋۋا

ـ نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىڭىز؟

ـ مەن بىلەن خاتىرجەم بولىشىڭىز ئۈچۈن.

بۇ يەردە ھەۋۋانىڭ سۆزى ئۇنىڭ دىدىكى ياكى مۇلكى يۈزىسىدىن ئەمەس، قىيامەت كۈنىگىچە زېمىندىكى بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان، يەنى سەن ئۈچۈن ھەۋۋانىڭ يېنىدىن باشقا خاتىرجەملىك يوق دېمەكچى. مانا بۇ بىزنىڭ دىنىمىز، ئىسلامىمىز ۋە چۈشەنچىمىزدۇر.

ئاجايىپ ئىش، ئەگەر سىز باشقا دىنلاردىكى ساماۋى ۋە يەزەكى كىتاپلارنى ئوقۇپ باقسىڭىز ئۇلاردا ھەۋۋاغا بولغان خاتا كۆز- قاراشلارنى تاپىسىز، بەلكى ئۇلار ئايالنى ئەرلەردىن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ ئىنسانلىق جىنسىدىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر ئۇنى (ھەۋۋانى) ئادەمنىڭ ئاسىي بولىشىغا ۋە ئۇنىڭ چەكلەنگەن دەرەخ مېۋىسىنى يەپ زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولغان دەپ قارايدۇ. لېكىن قۇرئان بۇنداق گەپنى قەتئىي دەپ باقمىدى، بەلكى ئۇ ئىككىسىنى مەسئۇلىيەتتە بىللە بىر دەرىجىدە ئورتاق قويدى.

بۇ توغرىدا الله مۇنداق دەيدۇ:{ لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى}.

يۇقىرقى ئايەتلەر ئىبلىسنىڭ پەقەتلا ھەۋۋانى ئالدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىمىدى، لېكىن ئۇ ھەۋۋا بىلەن ئادەمگە بىللە ۋەسۋەسە قىلىپ ئازدۇردى، بۇ مەسئۇلىيەت ئورتاق. ھەر ئىككىلىسى دەرەخ مېۋىسىدىن يەپ زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن...

بۇ يەردە بىرمۇنچە ئۇششاق- چۈششەك قىسسىلەر ھېكايە قىلىنىدۇ: بەزىلەر ئادەم ھىندىستانغا، ھەۋۋا جىددە شەھرىگە چۈشۈپتىكەن، شۇ سەۋەپتىن «جىددە» ئىسمى كېلىپ چىققانىكەن دېيىشىدۇ. شۇنىڭدەك ئادەم ھەۋۋانى ئىزدەپ ئېزىپ قېلىپ ئاخىرى ئەرەپات تېغىنىڭ يېنىدا ئۇچۇرۇشۇپتىكەن، ئەگەر دىققەت قىلساڭلار ئەرەپات تېغىنىڭ جىددىگە يېقىن ھىندىستاندىن ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى تاپالايسىلەر دېيىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە سىز ئۇنىڭ ئەكسىچە تەپسىرشۇناسلارنىڭ كىتاپلىرىدا ناھايىتىمۇ گۈزەل ئابزاسلارنى تاپالايسىز، ئۇنىڭدا بەزىلەر دېگەندەك كالتا- سوكال گەپلەرنى ئەمەس، مۇستەھكەم ماۋزۇلارنى ئۇچرىتالايسىز.

«قۇرتۇبى» مۇنداق بايان قىلىدۇ: مالائىكىلەر ئادەمدىن «ھەۋۋانى ياخشى كۆرەمسەن؟» دەپ سورىدى. ئادەم «ھەئە» دەپ جاۋاپ بەردى. مالائىكىلەر ھەۋۋاغا «ئادەمنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دەپ سورىدى. ھەۋۋا «ياق» دەپ قويدى. ئەمەلىيەتتە ھەۋۋانىڭ قەلبىدە ئادەمنىڭ قەلبىدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپلۈك مۇھەببەت بار ئىدى.

بىز شۇنداق دەيمىزكى «مۇھەببەت»تىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي خۇسۇسىيەت ئادەم بىلەن ھەۋۋا يارىتىلغاندىن تارتىپ باشلانغان...

ھەۋۋا ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇ توغرىدا ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: نېمە ئۈچۈن ھەۋۋانى ئادەم ئويغاق ھالەتتە ئەمەس ئۇيقۇدىكى ھالەتتە يارىتىدۇ؟ بۇنداق بولۇشى ئەلۋەتتە ئاغرىق ئەلەم ھېس قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن بولغان، بۇ خۇددى ئايالنى تۇغۇش ئوپېراتسىيەسىدە مەس قىلغۇچ دورا بىلەن مەس قىلىپ قويسا، ھېچنېمىنى تۇيمىغاندەكلا بىر ئىشقا ئوخشۇتۇشقا بولىدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى ھەۋۋانىڭ ھېس تۇيغۇسى ئادەمنىڭ ھېس تۇيغۇسىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى. ھەۋۋا كۆتۈرگەن ئەلەمنى ئادەم كۆتۈرەلمەيتتى.

مەن بىر قانچە پىكىرلەرنى ئوتتورىغا قويۇش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئاياللارغا بولغان قارىشىنى شەرھلەپ ئۆتىمەن.

مانا بۇ پىكىرلەرنىڭ قاتارىدىن ئادەمنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى، ھەۋۋانىڭ جانلىق شەيئى بولغان قوۋۇرغىدىن يارىتىلغانلىقىدۇر ... شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئادەمنىڭ دۇنيادا مەيلى تىجارەتچى بولسۇن، مەيلى ھۈنەرۋەن بولسۇن، مەيلى ئەسكەر بولسۇن، مەيلى دېھقان بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى يارىتىلغان ماددا بىلەن ۋە زېمىن بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى تاپىمىز. ئەمما ھەۋۋاغا كەلسەك ئۇ، روھ ۋە ئىنسان بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ تەربىيىلىگۈچى بولسۇن، يا ھەمشىرە بولسۇن، يا ئايالى بولسۇن، يا قىزى بولسۇن ئۇ جانلىق شەيئى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھەۋۋا» دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ ھاياتلىقتىن يارىتىلدى. مانابۇ ئەر- ئايالنىڭ رولى.

ئەمدى بىز ناھايىتى قەدىردان بىر جۈپ ئەر- ئايال «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى سارە»نىڭ مۇھەببەت رىشتىسىگە نەزەر تاشلاپ باقايلى!

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارەنى قاتتىق ياخشى كۆرەتتى ئۇنىڭ بىلەن سەكسەن يىل بىللە ياشىغان بولسىمۇ سارەدىن بالا يۈزى كۆرمىدى. لېكىن ئۇ سارەنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكتىن باشقا ئايال بىلەن قەتئىي توي قىلمىدى. بىراق كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايالى سارە ئۇنىڭ بالا يۈزى كۆرۈشى ئۈچۈن يەنە بىر خوتۇن ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى ئايالى ھاجەر خېنىم بىلەن توي قىلدى. مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن مۇھەببەتنى سىلەر كۆرگەنمۇ؟ سەكسەن يىل ئۆيي تۇتقان بولسىمۇ ئايالىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن تويي قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايالىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھاجەر خېنىم بىلەن توي قىلىپ ئوغلى «ئىسمائىل»غا دادا

بولدى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەدىناس ئايالى سارەنىڭ كۆندەشلىكى تۇتۇشقا باشلىدى - بۇ ئەلۋەتتە ئاياللارنىڭ تەبىئىتى- دە. سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئەمدى ھاجەر خېنىم بىلەن بىر ئورۇندا ياشىماسلىقنى ئۆتۈندى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنىلا سارەنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەسلىك ئۈچۈن سارەنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كىلىپ ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى يىراق بىر ئورۇنغا ئاپىرىۋېتىشكە ماقۇل كەلدى.

مانا بۇ يۈكسەك مۇھەببەت ئالاقىسىگە سىلەر قانداق قارايسىلەر!؟

مۇھەببەت ناھايىتىمۇ گۈزەل بولۇپ ئۇ ئىنساندا بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن مۇھەببەت قانداق بولىشى كېرەك؟ مانا بۇ بىز دېمەكچى بولغان ئاساسى تېما...

بۇ يەردە يېتەكچىمىز ئەمرۇ ئىبنى ئاسنىڭ بىر قىسسىسىگە دىققەت قىلىپ بېقىڭلار! ئەينى ۋاقىتتا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قوشۇن ئىچىدە كەلگەن چاغدا، ئەمرۇ ئىبنى ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە ئۆزى ئۈچۈن بىر نىسبىنىڭ (يۇقىرى ئورۇننىڭ) بولىشىنى ئىرادە قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سىلىگە «ئەڭ مۇھەببەتلىكرەك كىشى كىم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى «ئائىشە» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى «تىرمىزى»دا بايان قىلىنغان.

سىز ئەڭ مۇھەببەتلىك ئادەم كىم؟ دەپ سورىسا «ئايالىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن بىرەر ئادەمنى ئۇچراتتىڭىزمۇ؟ سىز گېزىت ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا داھىيلارنىڭ بىرەرسىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟ لېكىن پەيغەمبىرىمىز ئاددىيلا ئىسمىنى ئاتاپ «ئائىشە» دەۋەردى...

بىز يەنە شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئايالىغا بولغان مۇھەببىتىگە دىققەت قىلىپ باقايلى!

بىر كۈنى ساھابىلەرنىڭ بىرى ئايالىنىڭ داۋاملىق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىشىدىن ئىچى سىقىلىپ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلغىلى باردى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى قاقاي دەپ تۇرىشىغا، ئۇشتۇمتۇت ئۆمەرنىڭ ئايالىنىڭ ئاۋازىنىڭمۇ ئۆمەرنىڭكىدىن يۇقىرى چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ (ساھابىنىڭ) ئۈمىدى ئۈزۈلدى- دە، قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ كوچىغا مېڭىشىغا، ئۆمەر ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ قالدى ۋە مېنى ئىزدەپ كەلگەن

ئوخشىمامسەن؟ دېدى. ھېلىقى ساھابە «ھەئە» مەن ساڭا ئايالىمنىڭ يۇقىرى ئاۋازىنى شىكايەت قىلغىلى كىلىۋىدىم بىراق بۇ ئىشىنىڭ سېنىڭ يېنىڭدىمۇ بارلىغىنى ئاڭلاپ قايتىپ كىتەي دەپ تۇراتتىم.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: «ماڭا قارا قېرىندىشىم! ئۇ ئايال قوساق كۆتۈرىدۇ، كىيىم- كېچەكلەرنى يۇيىدۇ، يوتقان- كۆرپە سالىدۇ، بالىلارنى تەربىيلەيدۇ ۋە ئۆي تازىلايدۇ... الله ئۇنى ئاشۇ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىمىسىمۇ ئۇ ئۆزلىكىدىن بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈپ ئىشىنى تېپىپ قىلىۋىرىدۇ. ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئاۋازى كىچىككىنە كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، بىز بۇنى كۆتەرمىسەك قانداق بولىدۇ؟

قاراڭلار! ساپ مۇھەببەت ۋە كۆڭۈل بۆلۈش دېگەن ماناشۇ...

ئەمدى بىز ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى ئۈلگىلەرگە قاراپ باقايلى!

قىز- ئوغۇللار ئاتىۋالغان دوستلۇق ئالاقىسىنىڭ شەكلى زادى نېمە، ئۇنىڭدىن قانداق مۈشكۈللەر( قىيىنچىلىق) كىلىپ چىقىدۇ؟ بىز بۇنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن بىزنىڭ دىنىمىزدا ناھايىتىمۇ ھۆرمەتكە ئىگە - ھېچقانداق مۈشكىلىسى يوق- ئاساسىي مۇھەببەتكە قاراپ باقايلى.

## ياشلار ئۆز- ئارا سۆزلىشىۋاتىدۇ

مەلۇم ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا ئۆز- ئارا بىر- بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ بەزى ھېس- تۇيغۇلارغا چوڭقۇر چۆمۈشىمۇ مۇمكىن، ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ خاتالىقنى يەنە بىر خاتا يول بىلەن ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرىنىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆرپى توي (مەخپىي نىكاھ) ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقنى يەنە بىر خاتالىق بىلەن يۇيماقچى بولىشىدۇ...

بۇلارنىڭ خاتانى خاتا يول بىلەن ئىسلاھ قىلىشى نېمە دېگەن قىزىقارلىق ئۇسلۇب ـ ھە!

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ توي قىلىشقا تىگىشلىك شارائىتىمۇ تولۇق ئەمەس، شۇنداقلا جەمئىيەت مۇھىتىمۇ ئۇلارنىڭ ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپ ئۆزلىرىچىلا ئۆرپى توي

قىلغۇچىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئەمدى بۇ ئۆرپى تويىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىسى قانداق بولىدۇ قاراپ باقايلى!

توي قىلىپ ئىككى ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىر قىيىنچىلىقلار كىلىپ چىقىدۇ. يىگىت بولسا ئاستا- ئاستا قىزدىن يىراقلىشىشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۇ قىزنى پەس كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى ئۇ بۇ ئىشنىڭ تەبىئىي يول بىلەن بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. قىلغان ئىشى بىلەن ئائىلىسىگە يۈز كىلەلمەيدىغانلىقىنى جەمئىيەت ئەخلاقىسىز دەپ كەمسىتىدىغان بۇنداق تۆۋەن ئورۇندىكى بىر قىزنى ئائىلىسىگە ئاپىرىشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ... ئاخىرقى نەتىجىدە ئۇ قىزنىڭ ئايالى بولۇشقا كۆزى يەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئۇ قىزدىن قېچىشقا باشلايدۇ... مانا بۇ تاسادىپى ھادىسە ئەمەس بەلكى بۇنداق ئىشلار كۆندە دىگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ.

قىزچاقىقا كەلسەك ئۇمۇ ئائىلىسىگە قانداق يۈز كىلىشنى ئويلاپ كۆڭلىدە بىر خىل بىئاراملىقنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىدۇ؟ قانداق ياشايدۇ؟ بۇ مۇسبەتنى ئائىلىسىگە قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇ ئىككى ئۈچ ھەپتە خۇشال بولۇشنىڭ بەدىلىگە كىلەچىكىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋىتىدۇ. ھەتتا يامان نىيەت بىلەن مۇھەببەت كەلىمىسىنى خاتا ئىشلىتىپ تەبىئىي توي قىلىۋالغان بولسىمۇ ئاخىردا كۆپلىگەن كىرزىسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ھازىر نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، بەزى كىشلەر ئۇلارنىڭ ساختا مۇھەببىتىنى چۈشەنمەي ئۇلار بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىلا تېپىشىپ قالغان ئىكەن، بۇلار ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆزدەك ماسلىشىپتۇ دېيىشىدۇ... لېكىن تويىدىن كېيىن ھەممە ئىشنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ بىر ئېغىز كەلىمە «تالاق» بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئانچە- مۇنچە يۈز بېرىدىغان ئىش ئەمەس بەلكى ناھايىتى كۆپ يۈز بېرىۋاتىدۇ. مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي توي قىلغانلارنىڭ تۇرمۇشى ئاخىرقى ھېساپتا تامامەن ئۆزگىرىپ ئۆيدە جېدەل- ماجرا قورۇمايدىغان ھالەتتە ئاخىرلىشىدۇ ...

ـ تۈنجى تونۇشقاندا يىگىت قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىز يىگىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، شىرىن ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ھەر ئىككىيلەننىڭ ئاۋازىنى جامائەتلەر ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپمۇ ئاڭلاۋېرىدۇ.

## ياشلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

مۇشۇ ئالاقىنىڭ ئەيىبلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىنسان بەزىدە توي قىلىشتىن ئىلگىرى كۆپلىگەن قىزلارغا دوست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن يىگىت كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ئايالىغا رازى بولماسلىقى مۇمكىن. تۇنجى قېتىم ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تالاش- تارتىش يۈز بېرىپ قالسا، يىگىت «مېنىڭ ئايالىم بەك ياخشى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ، ماڭا كۆيىنىدۇ» دەيدۇ. قىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆلھى- سالا گەپلەرنى قىلىپ بىر- بىرىنى ئالدىشىپ يۈرىيدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلار ناھايىتى كۆپ يۈز بېرىدۇ. يىگىت بەش ئالتە قىزنىڭ ھەمراھى بولۇپ ئۇلارنى سېلىشتۇرغان چاغدا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئايالىم ئالاھىدە ياخشى». لېكىن ئايالى ئۇيقۇدىن ئويغانغان چاغدا ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ چۇۋالچاق قالايمىقانلىقىنى كۆرۈپ مەيۈسلىنىپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ باشقىلارنى تولۇق ياسىنىۋالغان پەرداز ھالىتىدە بىر ئىككى سائەت كۆرىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ ئايالىنىچۇ؟ ئۇنى يىگىرمە تۆت سائەت ئۆيدە كۆرىدۇ- دە. شۇنىڭ بىلەن ئايالىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ ھاياتىنى چارچىتىشقا باشلايدۇ. قىزمۇ شۇنىڭدەك باشتا مېنىڭ يولدىشىم بەك ياخشى بەك سېخى دەيدۇ. لېكىن بىرقانچە بالىنىڭ ئانىسى بولغان چاغدا يولدىشىنىڭ بالىلارنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلايمەن دەپ جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتماي «ئۇ ئىلگىرى مۇنداق قەددى- قامەتلىك، مۇنداق سېخى ئىدى» ئەمدى ماڭا يېڭى كىيىم- كېچەكلەرنى ئېلىپ بەرمەيدىغان يارىماس بولۇپ قالدى دەپ شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ.

* ئۇلارنىڭ ئىشىغا شەيتان ئارلاشتى. يەنى توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھارام ئالاقىنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى - ئەلۋەتتە بۇ توي ھالال يول بىلەن بولغان بولسا، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى دوسلۇق ۋە مۇھەببەتنى ھېس قىلغان بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن شەيتان دەرھال ھەركەتكە كىلىپ ئىشنى بۇزۇشقا باشلايدۇ، چۈنكى ئۇ، بىرەر ياخشى ئائىلىنى كۆرسە ئۇنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىلىپ باقمىغان ۋەسۋەسىلەرنى سېلىشقا باشلايدۇ.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بەندىلىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا مۇھەببەتنى ياراتقان. لېكىن مۇھەببەت خاتا يول بىلەن ئىستىمال قىلىنسا بۇنىڭدىن ناھايىتى چوڭ ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ ئالاقىدە قىزنىڭ تارتقان زىيانلىرى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. قىز خورلۇق ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئائىلىسىنىڭ يۈز ئابرويىنى تۆككەنلىكتىن تەدرىجى ئائىلىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ دادىسىغا يۈز كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستا- ئاستا يالغان سۆزلەپ ئائىلىسىنى ئالداپ كۆپلىگەن مۇشكىلىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ .

* مەن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىم اللەقا دۇئا قىلغان ۋاقتىمدا ئۆزەمنى اللەقا يېقىن ھېس قىلاتتىم، كېيىن مۇشۇنداق ئالاقىلەردىن بىرقانچىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۆزەمنىڭ پەرۋەردىگارىمدىن ئىنتايىن يىراقلاپ كەتكەنلىكمنى ھېس قىلدىم، بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن بىر شەخسىي تەجرىبە. مېنىڭچە مۇشۇ تۈردىكى مۇھەببەت ئادەمنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئىچى سىقىلىش ۋە بىئاراملىقنى پەيدا قىلىدىكەن. مەسىلەن مەن بەزى ۋاقىتتا تاڭ ئاتقۇچە تېلفۇندا سۆزلىشىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇمايتتىم... شۇنىڭ بىلەن قەلبىم بىر خىل ئەلەمنى ھېس قىلاتتى.

* مەن ئەمدى قىزنىڭ مۇشۇ غەيرى رەسمىي ئالاقىدىن تارتقان زىيانلىرىنى بىرقانچە كەلىمگە يىغىنچاقلايمەن.

ئىسلام مۇشۇنداق غەيرى رەسمىي ئالاقىلارنى كىشىلەرنىڭ ئىچىنى سىقىپ چەكلەمدۇ ياكى جەمىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ چەكلەمدۇ؟

جاۋاپ: بۇنىڭدا شەخس ۋە جەمىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ...

بىرىنچىدىن: سىلەر دېگەن مۇشۇ ئالاقىلەرنىڭ 95% تى توي قىلىش بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇنداقتا قىزنىڭ كۆڭلى چۇشكۈنلۈككە ئۇچراپ قاتتىق ئازاپ چېكىدۇ. ئەگەر قورساقتا بالا بولۇپ قالسا يىگىت قىزدىن ئالاقىنى ئۈزگەن ۋاقىتتا قىز قانداق ئازاپ مۇسىبەتلەرگە دۇچار بولىدۇ؟...

ئىسلام مانا مۇشۇنداق ئالاقىلارنى ھارام دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ دەلىلسىز ئەمەس، مەسىلەن: الله قۇرئان كەرىمدە ئاياللار توغۇرلۇق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە (ئىپپەتلىك) بولۇشلىرى كېرەك}. (نىسا سۇرىسى، 25 ـ ئايەت).

يەنى ئاياللار ئەر دوست تۇتۇشقا بولمايدۇ دېمەكچى.

چۈنكى بۇ چەكلەش قىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئەگەر ئۇ يىگىتلەرنى دوست تۇتۇپ كېيىن مەغلۇپ بولسا ئۆزىگە كىلىدىغان نومۇس ئاھانەتلەر ۋە ئائىلىسىگە كىلىدىغان نومۇس ئاھانەتلەرنى پۇشايمان قىلىش بىلەن تۈگىتەلمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن: توي قىلغان تەقدىردىمۇ بىز ئىلگىرى دېگەندەك 90% ئۈيىنىڭ بۇزۇلۇش ئېھتىماللىقى بار.

مېنىڭ قىزلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرىيدىغان بىر يېقىن تۇققىنىم بار ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلىسىگە يالغان سۆزلەيدىكەن، ئۇ ھازىرغىچە بىرەر قىزغا ئىشەنچىلىك ۋەدە بەرمەي يېشى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ توي قىلماغلىق.

ئەلۋەتتە ئىككى ئۈچ يىل خۇشال بولغان تەقدىردىمۇ قالغان كېيىنكى ئۆمرىدە چوقۇم قايغۇرىدۇ. بۇ توغرىدا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلاردەك ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېلىپ) كىرىش ياخشىلىققا ياتمايدۇ. (اللەنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن) قورققان ئادەم ياخشى ئەمەل ئىگىسىدۇر. (ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا) ئادەتتىكىدەك ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، بەختىكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن اللەقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار}. (بەقەرە سۈرىسى، 189ـ ئايەت).

ئۇنداقتا ئائىلىسىگە يالغان سۆزلىگەن قىز ئاتا- ئانىسىغا خائىن ھېساپلىنىدۇ. جاپا چېكىپ بېقىپ چوڭ قىلغان دادىسىنىڭ ئەجرىنى مۇشۇنداق يول بىلەن ۋەيران قىلسا بولامدۇ؟ سىزنىڭ ئاتا- ئانىڭىزدىن يوشۇرۇپ تېلىفۇندا يات بىر يىگىت بىلەن ئىشقى مۇھەببەت توغۇرلۇق سۆزلەشكەنلىكىڭىز ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن يات بىر ئادەمنى باشلاپ كىرگەنلىك ھېساپلانماسمۇ؟ ئەگەر سىز كېچە سائەت ئۈچلەردە يات بىر يىگىت بىلەن مەخپى سۆزلىشىۋاتقىنىڭىزدا دادىڭىز يەنە بىر تېلىفۇن كونۇپكىسى ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئىشقى مۇھەببەت توغۇرلۇق ھارام گېپىڭلارنى ئاڭلاپ قالسا نېمە ئىش يۈز بېرەر؟!

چوقۇمكى قولىڭىزدىكى تېلېفۇن كونۇپكىسى ئۆزلىكىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ... شۇنىڭ بىلەن سىز مەڭگۈ دادىڭىزنىڭ كۆزىگە قارىيالمايسىز... ئۇنىڭدىن سىرت سىزنى ياراتقان بۈيۈك اللە ئۈستىڭىزدە سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭغا نېمە دەرسىز؟ اللەتىنمۇ ھايا

قىلمامسىز؟ سىزنىڭ گەپ سۆزلىرىڭىزنى ئاللەنىڭ ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى سىز بىلىدىغان بولسىڭىز بۇنى نېمە دەپ چۈشەندۈرەسىز؟

ئەمەلىيەتتە ھايالىق قىزلارمۇ مۇشۇنداق بولمىغۇر ئالاقىلەرگە ئارلاشسا ئۆزىنىڭ ئىپپەت ھاياسىنى يوقۇتۇپ تۆيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ.

ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق ئالاقە پايدىسىزمۇ؟ ئۇلار بىلەن سۆزلىششكە قەتئى بولمامدۇ؟ ئەرلەرگە بىرەر ئايال زاتى ئۇچراپ قالسا ئاللەتىن پاناھ تىلەپ ئاستا قاچامدۇ؟ ئاياللارغا بىرەر ئەر ئۇچراپ قالسا دەرھال باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كىتىش كېرەكمۇ؟ مۇشۇنداق ئالاقىلەرنىڭ چەك چىگرىسى زادى نېمە؟؟؟

## ياشلارنىڭ قارىشى

بۇ مەسىلە كۆپىنچە ساپ نىيەتكە بېرىپ تاقىشىدۇ. مېنىڭچە توغرا بولغان قېرىنداشلىق مۇئامىلىسىدە ئالاقە قىلسا بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. لېكىن ئەخلاقنى بۇزغۇچى ناشايان ئىشلارغا ئېلىپ بارمايدىغان، پەرۋەردىگارىمىز ئاللەنى غەزەپلەندۈرمەيدىغان، ئاددى دائىرىدە بولسا بۇنىڭدا مۇشكۈلە يوق. مەسىلەن ئونىۋېرسىتېتنىكى ساۋاقداشلىق ياكى كەسىپتىكى خىزمەتداشلىق ئالاقىسى، بۇ ئالاقە پىتنە- پاساتقا ئېلىپ بارىدىغان، جەمىيەتنى چىرىكلەشتۈرىدىغان، ئاستا- ئاستا مۇھەببەت تورىنى شەكىللەندۈرىدىغان ناشايان مەقسەتلەردىن خالى بولسا بولىدۇ.

زاۋۇت، فافرىكا، كارخانىلاردا تەبىئىي ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئىشلار بار دېيىشمىز مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋاللاردا چوقۇم خىزمەت چەك چىگرىسى مۇئەييەن بولىشى لازىم . بىر يەردە يېقىن ئولتۇرىدىغان ياكى كۆز قىسىدىغان ياكى ناشايان چاخچاقلىشىدىغان ئىشلار بولماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇنداق يەرلەردە كۆپىنچە توي قىلغان ئەر- ئاياللار بولىشى مۇمكىن، ئادەتتىكى گەپلەر تەدرىجى تەرەققى قىلىپ بىرئوبدان ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەپ بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.

بىز بىرلىكتە ئاللەنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللەنىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالانىڭ قىزلىرىدىن ئىبارەت بىر ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر قىسسىسىگە نەزەر تاشلاپ باقايلى!

ئۇلارنىڭ قىسسىسى قۇرئان كەرىمدە ئالاھىدە بايان قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىن چىقىپ مەديەنىگە قاراپ ماڭغان ئىدى. ئۇ كىتنۇۋېتىپ ناھايىتى چارچاپ كەتكەنلىكتىن (سۇ ئىچىش ئۈچۈن) بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. قۇدۇق يېنىدا كىشىلەر ئۇلاغلىرىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى، ئىككى قىز بىر چەتتە ئۇلاغلىرىنى سۇغۇرماي قاراپ تۇراتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ «ئىككىڭلار بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار ئاددىيغىنە جاۋاپ بېرىپ «بىز ئاۋۇ پادىچىلار قۇدۇق بېشىدىن كەتمىگىچە ئۇلاغلىرىمىزنى سۇغۇرالمايمىز» دىدى. ئۇلار يەنە «ئەگەر دادىمىز ياشىنىپ قالمىغان بولسا، بىز بۇ يەردىمۇ تۇرمىغان بولاتتۇق» دىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى. مۇشۇ ئارلىقتا بۇ ئىككى قىز قاتتىق ھايا يۈزىسىدىن دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ ئۆيلىرىگە ماڭدى. ئۇ ئىككى قىز ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بولغان ئىشلارنى دادىسىغا سۆزلەپ بەردى. دادىسى بۇنى ئاڭلاپ قىزلىرىدىن ئۇ يىگىتنى چاقىرىپ كىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى مېڭىش- تۇرۇش ۋە گەپ سۆزلىرىدە ناھايىتىمۇ ھايا قىلغان ھالدا بېرىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاران تەستە «سىزنى دادام چاقىرۋاتىدۇ» دېيەلىدى. (يەنى چاقىرغان مەن ئەمەس دادام دېمەكچى). مانا بۇنى ھەقىقى ھايالىق قىز دەيمىز. ئۇ ھەرگىزمۇ دادىسىغا «مەن پالانى بىلەن توي قىلىمەن، ئەگەر قوشۇلمىساڭلار قاچىمەن» دەيدىغان شاللاق قىزلارغا ئوخشىمايدۇ.

ئەلقىسسە، قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە ھەيران قىلىشى ئەيىپ ئىش ئەمەس ئەلۋەتتە. دادا ناھايىتى زىرەك بولغاچقا بۇنى چۈشىنىپ ئىككى قىزنىڭ بىرىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلىپ بېرىشنى ئوتتورغا قويدى. مانا بۇ ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە تىگىشلىك ئالاقىنىڭ چېرتىيۇژى.

ئەخلاقلىق قىزلار قانداق تونۇلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى بىلگىلى بولمايدىكەن، چاي ئىچۈرۈش مەزگىللىرىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە چاي ئىچۈرۈش مەزگىلى ئۆز- ئارا تونۇشۇش مەزگىلى، بۇ ھازىر بىز ياشاۋاتقان زاماننىڭ تەلىپى. چۈنكى بەزى ئايالالارنى ئاسان بىلگىلى بولمايدۇ.

تونۇشۇپ تولۇق بىر قارارغا كېلىشىپلىش ئۈچۈن چاي ئىچىۋېلىش مەزگىلىنىڭ بولۇشى زۆرۈر.

بىز «چاي ئىچىۋېلىش مەزگىلى» دېگەن گەپنى ۋاقىتىنچە توختۇتۇپ تۇرۇپ مۇشۇ ئىشنىڭ ساھىبىنىڭ ئۆز تىلى بىلەن دەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىسىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى!

ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىسى:

مەن بىر قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ دىنى ئېتىقادىمدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. بىراق ئەپسۇسكى مەن ھىجاپ ئارتمايتتىم. ئائىلەمدە بەزى مۈشكۈلاتلار بولسىمۇ، مەن ئىبادەت ئىشلىرىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. اللە بىلەن مېنىڭ ئارامدا بىر مۇھەببەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. كېيىن مەن تەدرىجى پەرۋەردىگارىمىزدىن يىراق كىشىلەر بىلەن ئارىلىششقا باشلاپ ئۇلارنىڭ كۆزىنى چاقنىتىشقا باشلىدىم. مەن ئالى مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىمدا ئىش تېخىمۇ تەس بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى مۇھىت ناھايىتى بۇلغانغان ئىكەن. مەن ئاستا- ئاستا باللار بىلەن ئاددى يول بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىرى بۇ ئاددى يول ئۇ باللارنىڭ بىرسى بىلەن خۇسۇسى ئالاقە قىلىشقا ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن خاس دوستلۇق ئالاقىسىنى باشلىۋەتتۇق... ئاندىن بىز دوستلۇق رىشتىسىدىن كۆپرەك ھېس تۇيغۇ ئىشلىرىدا مۇناقىشە قىلىپ ئاخىرى ھارام ئىشتىن يىراقلىشىپ ۋە پاك مۇھەببەتنى قەدىرلەپ چىڭ تۇتۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇق. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجى تېلېفۇندا سۆزلىشىدىغان بولدۇق. تېلفۇندا ئاستا- ئاستا ئىشقى مۇھەببەت گەپلىرى چىقىشقا باشلىدى. ئاخىرى مەن ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. ئەگەر مەن تېلېفۇندا سۆزلىشىۋاتقاندا ئۆيۈمدىكىلەردىن بىرەسى كىرىپ قالسا، ساۋاقدىشىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن دەپ قوياتتىم. مۇشۇنداق ۋاقىتتا مەن ئۆزەمنى خۇددى ئوغرى ياكى بىرەر جىنايەت سادىر قىلىپ يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان جىنايەتچىدەك ھېس قىلىپ قالاتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئاستا بىزنىڭ مۇھەببەت ماۋزۇلىرىمىزمۇ تەرەققى قىلىپ مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇياق بۇياقلارغا بارىدىغان بولدۇم. بەزىدە يالغۇزمۇ بولۇپ قالدۇق، ئىشلار

تەدرىجى ھارام شەكىلگە ئايلىنىپ، شەرئەتكە خىلاپ ئىشلارنى سادىر قىلىشقا باشلىدۇق...

مەن ئىلگىرى ئوقۇغان نامىزىم، ئالغان تەربىيەم ۋە مېنى تېپىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان مۇستەھكەم ئەقىدەم بىلەن مەغرۇرلىناتتىم. شۇنداقلا شەيتان مەندىن ئەسلا يىراق ماڭا ۋەسۋەسە قىلالمايدۇ دەپ خىيال قىلاتتىم. ئۇ ئاخىرى تەدرىجى مەندىن يىراقلىششقا باشلىدى، بۇ ئىش ماڭا قاتتىق ئېغىر زەربە بولدى. ئۇ مېنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىگۇدەك ئىنسانمۇ تېپىلمايدىكەن دەپ نەپرەتلىنىپ يۈردۈم. ئاخىرى بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مۇشۇ دەرىجىگە يېتىپ كۆپلىگەن ھارام ئىشلارنى سادىر قىلدۇق.

مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پۈتۈن خىيالىم مەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتىن قاتتىق قورقۇش بولدى، چۈنكى ئۇيقۇ ھالىتىدە الله جېنىمنى ئالسا، مەن مۇشۇ ھالىتىم بىلەن اللەنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمەن!؟ مېنىڭ ئالدىمدا اللەنىڭ ئالدىغا بارغۇچىلىك ھېچقانداق تەييارلىق بولمىسا... مەن داۋاملىق بىر خىل غەيرى تەبىئىي سەسكىنىش ھالىتىدە يۈردۈم...

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ دىنى دەرسكە كېلىدىغانلىقىنى بىلدىم، دەرستە قىز ئوغۇللارنىڭ بارلىغىنى بىلەتتىم، مەن ئۇنى شۇ يەردە شەيخكە شىكايەت قىلىپ شەيخنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى خاتا ئىشنى قىلماسلىققا ئەھدە قىلىشماقچى بولغان ئىدىم. لېكىن مەن دەرسكە بارغاندىن كېيىن ئىش تامامەن ئۆزگەردى. سىنىپتا لېكسىيەچى مۆمىن كىشىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرى ۋە ئۇنىڭ اللەقا قانداق يۈزلىنىشى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقان ئىكەن. دەرس ناھايىتىمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. مەن ئۆزەمنىڭ اللەقا ناھايىتىمۇ ئۇسسۇز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ مېنىڭ ھاياتىم ناھايىتىمۇ چۈشقۇر بىر ئازگاللىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى بۇگۈنلا تىندۇرۇپ اللەقا قايتىش ئارقىلىق ئەسلىمگە كېلىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن سىنىپتىن چىقىپ ھاياجان ئىچىدە بارلىق ساۋاقداشلىرىمنى قۇچاقلاپ سۆيگۈم كەلدى، كوچىلارغا چىقىپ كىشىلەرنىڭ بېشىنى سىلىغۇم ۋە ئۇلارغا سۇ چاچقۇم كەلدى. مەن ئىلگىرى خاتالىققا چۈشۈپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھازىر تەۋبە قىلىش نىيىتىگە كەلدىم، الله تائالانىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىغا تامامەن ئىشەنگەن ئىدىم. چۈنكى الله تائالا

ناھايىتىمۇ سېخى ۋە ناھايىتىمۇ مېھرىباندۇر. مەن ھازىر الله تائالانىڭ پەزىلىتى بىلەن كىشلەرگە قۇرئان ئۆگۈتىشكە باشلىدىم. مەن الله تائالادىن مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن كۆپلىگەن كىشلەرنى ھىدايەت قىلىشنى سورايمەن. مەن ئۆلگۈچە كىشلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەيمەن. مەن ئويلاپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم. ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا شۈكرىكى مەن ھازىر ئۆلۈمگە تولۇق تەييارلىق ئۈستىدە تۇرۇۋېتىمەن، مەن ئۆلۈم بىلەن راھەت ئالىمەنكى ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن. مەن الله بىلەن تولۇق ئۈمىد ئىچىدە ياشاۋاتىمەن...

مانا بۇ بىر قىزنىڭ يىگىتكە بولغان مۇھەببىتىنى الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ مۇھەببىتىگە ئالماشتۇرۇش ئەمەلىيىتىنىڭ قىسقىچە جەريانى. ئەگەر مەن بىرەر قىزغا نەسىھەت قىلماقچى بولسام شۇنداق نەسىھەت قىلىمەنكى اللەنى ياخشى كۆرۈش ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەتتۇر...

بىز توي قىلغىچە اللەنى چىن دىلىمىزدىن سۆيگەن ھالدا بىر ياشاپ باقساق سىلەر بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟

مەن ھېلىقى قىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز اللەنى ياخشى كۆرۈشتە ۋە الله بىلەن بولغان ئالاقىدە ھەقىقى ئىخلاسمەنلىك قىلغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بىز بارلىق ھېس تۇيغۇلىرىمىزنى الله تائالاغا مەركەزلەشتۈرۈپ بىر ئويلۇنۇپ باقايلى! بۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ الله نۇرغۇن كىشلەرگە شۇنىڭ بىلەن ئىنئام قىلدۇ. ھەسسان ئىبنى سابىت بۇ توغۇرلۇق ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق دېگەنىدى:

مەن سېنىڭ دەرۋازاڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن،
سېنىڭ غەيرىڭگە ھەرگىز ئېزىپ يالۋۇرمايمەن.
ئۆزەمنى سېنى رازى قىلىشقا مەڭگۈ ئاتايمەن،
بەندەڭ بولغانلىقىمدىن ئۆزەمنى شەرەپلىك بىلىمەن.
نۇرلۇق قاراڭغۇدا چاقىرىپ سېنى قىلىمەن سادا،
رەببىڭ كىم دەپ سورالسا گەر شۇ ۋاقىتتا.
ئى الله ئىلاھلىقىڭ پۈتۈن كائىناتنى ياراتقانلىقىڭدا،
شەرەپلىك مەن سىنىڭ بەندەڭ بولغانلىقىمدا.
ئى قاراڭغۇدىن تاڭنى ياراتقۇچى رەببىم الله،

مېنىڭ شەرىپىم سېنىڭ مۈلكىڭ بولغانلىقىمدا.

مەن بىر ئولتۇرۇشتا بىر بۆلۈك ياشلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىدىم. مەن ئۇلاردىن «اللە سىلەرگە بەرگەن ئەڭ كۆپ نېئمەت قايسى؟» دەپ سوراپ باقتىم، ئۇلار خىلمۇ-خىل جاۋابلارنى بېرىشكە باشلىدى. بەزىلىرى «دادام، ئانام» دېسە، يەنە بەزىلىرى «مال- مۈلۈك» دەيتتى. ئۈچۈنچى بىرى قوپۇپ «اللەنىڭ گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىشى» دەيتتى... لېكىن ياشلارنىڭ ئىچىدىكى 17 ياش چامىسىدىكى بىر بالا قوپۇپ بىزگە اللە تائالانىڭ ئەڭ چوڭ نېئمىتى «اللە تائالانىڭ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز بولغانلىقىدا» دەپ جاۋاب بەردى؟ يەنى ئەڭ چوڭ نېئمەت بىزنىڭ اللەنىڭ مۈلكى بولغانلىقىمىزدا دېمەكچى. چۈنكى ئۇ اللە رەھمى قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى ۋە مەغپىرەت قىلغۇچى زاتتۇر. مانا بۇ تۇيغۇ ئىنسانغا چوڭ نېئمەتنىڭ ھالاۋىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. خۇددى ھېلىقى ھەمشىرىمىز مەن «كوچىلارغا چىقىپ يۈگۈرمەكچى بولدۇم» دېگەنىدەك.

مانا بۇ اللەنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئالامىتى. ئەگەر سەن اللەنىڭ ئىتائىتىگە يۈزلەنسەڭ، دۇنيانى قولۇڭغا ئېلىۋالغاندەك قەلبىڭنىڭ خۇشاللىقتا لەپىلدەۋاتقىنىنى ھېس قىلىسەن. چۈنكى سەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ مۈلكى بولۇپ قالدىڭ، سېنىڭ ھاياتىڭدىكى ئەڭ يۈكسەك نەرسە «اللە»نىڭ قەلبىڭدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللىشىدە.

<u>ياشلارنىڭ ھېلىقى قىزنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە بەرگەن ئىزاھاتلىرى:</u>

ئۇ قىز مەن دىنغا ئىخلاس قىلاتتىم ۋە ئائىلىنى دەپسەندە قىلىشقا قارشى تۇراتتىم دەيدۇ. بىراق ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا شۇ ھارام ئىشلارغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ كاللىسى ئازراق چاتاقمۇ قانداق؟ ياكى بىكارچىلىقتىن شۇنداق قىلدىمۇ ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بارمۇ؟

مېنىڭ قارىشىمچە ئىنسان پەرۋەردىگارىدىن يىراقلاشقان ۋاقتتا بۇنداق ئىشلار ناھايىتى ئاسان يۈز بېرىدۇ. ئەگەر پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشسا بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ناھايىتى تەس ۋە يىراق بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەنمۇ «دۇنيانىڭ دورىسى مۇھەببەت» دېيىشنى ياقتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى دۇنيانىڭ ئۆزى بىر كېسەل... ئەگەر ئىنسان اللەغا تەقۋادار بولۇپ پەرۋەردىگارىغا ساپ قەلبى بىلەن يۈزلەنسە، اللە رىزىق بېرىش، كىشىلەرگە ياخشى

كۆرسۈتۈش ۋە ئىشلىرىغا بەرىكەت بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇبدان مۇكاپاتلايدۇ. قەلبىمۇ ساقىيىپ خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ.

* بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى، الله «ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بەرىكەت بەرسۇن!...» بەزى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆيلەر بار، الله ئۇ ئۆيلەرگە بەرىكەت بەرمىگەن. چۈنكى بۇ ئۆيلەرنىڭ الله بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەكسىچە بولغان...

* مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ بىر قىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالاقىسى مۇستەھكەم بولۇپ ئالىي مەكتەپتىمۇ داۋاملىق بىللە يۈرىيدىكەن. ئىشلار شۇ يوسۇندا كىتىۋەردى، يىگىت تەدرىجى دىنى ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشقا باشلىدى... بىر كۈنى يىگىت ئۇ قىزغا يۈز تۇرانە «مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن» مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن لېكىن مەن ھازىر اللهقا يېقىنلىششقا باشلىدىم. ئىككى مۇھەببەتنىڭ ئارىسىنى ھازىر جۇغلىيالمايمەن. مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشۈمگە ئىككى يىل قالدى، الله خالىسا شۇ ۋاقىتتا قەلبىمنى سىزگە ئىزھار قىلىمەن. شۇ ۋاقىتتا سىزنى ماڭا مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. مەن ھازىر سىز بىلەن بولغان ئالاقەمنى پۈتۈنلەي توختۇتۇشنى قارار قىلدىم. ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز خالىسا ئىككى يىلدىن كېيىن مېنىڭ رەپىقەم بولۇپ قالىسىز. چۈنكى الله تائالا بولغۇسى رەپىقەمنىڭ ئىسمىنى دىلىمغا يېزىۋەتتى» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تىلخەت يېزىپ بەرگەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ مانا ھازىر ئۇنىڭ بەش بالىسىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىرمۇ شۇ ئايالنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ «بىز پەرۋەردىگارىمىزغا ئىتائەت قىلىپ ئىككى يىل سەۋر قىلغان ئىدۇق الله ئىككى يىلنىڭ ئورنىنى ئۆمۈرلۈك بەخت-سائادەتكە ئالماشتۇرۇپ بەردى» دىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر قىزنىڭ قىسسە بار. مەن ئەنگلىيەدىكى چېغىمدا مېنىڭ يېنىمغا ياشنىپ قالغان دىيانەتلىك بىر مىسىرلىق زىيارەت قىلىپ كەلگەنتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن «يەدئەن ئىسلام مەركىزى»دە تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. ئۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ماڭا «مەن ئايالىمغا بىر سوۋغات سېتىۋالماقچى ئىدىم ئايلىنىپ كىرمەيلىمۇ؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا سوۋغات ئىزدىشىپ بىللە ئايلىنىشىپ بەردىم. بازار ئارلاپ يۈرۈپ مەن بەك چارچاپ كەتتىم، بىراق ئۇ ئاتمىشتىن ھالقىغان بولسىمۇ ھەمىشە مۇستەھكەم قەدەم تاشلاپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ داۋاملىق ماڭا «بۇ مال قانداقراقكەن؟ ئاۋۇ نەرسىنى سىز

ياخشى كۆرەمسىز؟ بۇنىڭغا سىز قانداق قارايسىز؟» دەپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا «راس گەپنى قىلسام مەن ياخشى بىلمەيمەن» دەيتتىم. ئۇ بىرمۇنچە نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ مەن «بۇ بەك قىممەتكەن» دەپلا جاۋاب بېرىۋەردىم.

ئۇ ئاخىرى قىممەت بولىشى مۇھىم ئەمەس، مەن بۇنى سېتىۋالسام ئايالىم چوقۇم خۇشال بولىدۇ دەپ سوۋغاتتىن بىرنى ئالدى...

شۇنداق قىلىپ بىز مىسىرغا قايتىپ كەلدۇق. مەن بىركۈنى بېرىش ۋاقتىنى ئالدىن دېيىشمەيلا ئۇنىڭ ئۆيگە زىيارەتكە بارغان ئىدىم. ئۇ مېنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئالدىمغا كىلىپ «كەچۈرىسىز، سىزنى بىرقانچە مىنۇت ساقلىتىپ قويدىغان بولدۇم. چۈنكى بۇ ئايالىم بىلەن كۈندىلىك قۇرئان ئوقۇش ۋاقتىمىز ئىدى. بۇ ۋاقتىمىزنى قەتئى قولدىن بەرمەي كەلگەن ئىدۇق. بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ! مەن ھازىرلا كېلىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى... سۇبھانەللاھ! بۇ نېمە دېگەن بەختلىك ئائىلە- ھە!

* كېلىڭلار دوستلار، اللەنىڭ تائەتىگە قايتىش ئارقىلىق ئائىلىلىرىمىزگە مۇھەببەت ئوتنى تۇتاشتۇرايلى! مۇھەببىتىمىزنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ مەئسىيەتنى تەرك ئېتەيلى!

ئاخىردا قىسسىلەرنى تارىختىكى ئەڭ گۈزەل بىر مۇھەببەت قىسسىسى بىلەن خەتمە قىلماقچىمەن.

بۇ ئەلۋەتتە «لەيلى بىلەن قېيس»نىڭ مۇھەببەت قىسسىسىمۇ ئەمەس ياكى «رومىيو بىلەن جولىيتا»نىڭ قىسسىسىمۇ ئەمەس. چۈنكى بۇلارنىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرى توي بىلەن ئاخىرلاشمىغان.

توي دېگەن ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ ئېمتىھانى، ھەقىقى مۇھەببەت تويدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىۋېرىدۇ. ھەتتا ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا داۋاملىشىۋېرىدۇ...

بىز دېگەن ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت قىسسىسگە كەلسەك، ئۇ بولسىمۇ يولباشچىمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى خەدىچىگە بولغان مۇھەببىتىدۇر. مانا بۇ ئاجايىپ مۇھەببەت بولۇپ، ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى كىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئى اللەنىڭ ئەلچىسى سىز توي قىلىۋالامسىز؟ ھازىر يەتتە ئايال بار، قايسىسىنى خالىسىڭىز شۇلارنىڭ بىرى بىلەن تويىڭىزنى قىلىپ قويساق» دىدى. شۇنىڭ بىلەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا «ھەزرىتى (خەدىچە) بىن كېيىن مەن يەنە توي قىلىدىغان كىم بار» دېدى.

ئەگەر الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كېيىنكى ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولسا ئۇ ئەبەدى تىوي قىلمىغان بىولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى كېلىشتىن ئىلگىرى پەقەت ھەزرىتى خەدىچە بىلەن توي قىلغان. ئۇنىڭ كېيىنكى ئاياللىرى بىلەن توي قىلىش پەقەت ۋەھيى كەلگەندىن كېيىنكى رىسالەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بولغان.

ئۇ خەدىچە ۋاپات بولۇپ ئۇن تۆت يىل ئۆتىۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. مەككە ئازات بولغان كۈنى بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ، قۇرەيشلەرنىڭمۇ ھەممىسى كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈۋېتىشنى سورايدۇ... دەل شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالام يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر قېرى ئايالغا قارايدۇ ۋە جامائەت ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارشى ئالىدۇ- دە، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىششقا باشلايدۇ ۋە ئۇ ئايالغا يەكتەكنى يەرگە سالغاندىن كېيىن ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىششقا باشلايدۇ...

ھەزرىتى ئائىشە شۇ ۋاقىتتا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەن بۇ قېرى ئايال كىم بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭغا بۇ ئايال «سەييىدە خەدىچە»نىڭ يېقىن دوستى ئىدى دېيىلىدۇ.

كېيىن سەييىدە ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! سىلەر شۇ ۋاقىتتا نېمە توغورلۇق سۆزلەشكەنتىڭلار؟» دەپ سورىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىز شۇ ۋاقىتتا ‹خەدىچە›نىڭ ئۆتكەن كۈنلىرى توغورلۇق سۆزلەشكەن ئىدۇق» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەييىدە ئائىشەنىڭ كۈندەشلىكى تۇتۇپ «سىز ئۇ دۇنياغا كېتىپ بولغان ئۇ قېرىنى تېخىچە ئەسلەۋاتامسىز؟ الله سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن تۇرسا!؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن «الله بىلەن قەسەمكى ماڭا ئالماشتۇرۇپ بەرگەن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق كىمكەن ئۇ؟ كىشىلەر مېنى قوغلىغان چاغدا ئۇ مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالغان، كىشىلەر مېنى يالغانغا چىقارغان چاغدا ئۇ مېنى تەستىقلىغان تۇرسا!» دېدى. سەييىدە ئائىشە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرئاز ئاچچىغى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ «ئى اللەنىڭ ئەلچىسى مېنى كەچۈرسىلە!» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىز مەندىن كەچۈرۈم سوراشتىن ئىلگىرى ‹خەدىچە›دىن كەچۈرۈم سوراڭ!» دىدى. (بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بىر ئىنسان ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتكەن يىلدىن كېيىنمۇ مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەلۋەتتە مۇمكىن، چۈنكى بۇ ھارام ئالاقە ئارلاشمىغان مۇھەببەت. اللەقا تائەت قىلىش بۇ ئۆيىنىڭ تۈپ ئاساسى بولىدىش... بۇ ئۆيي داۋاملىق اللەنى زىكىر قىلىپ تۇرىدۇ، ھەرگىز شەيتاننى زىكىر قىلمايدۇ...

* ياش دوستلار! بىزمۇ ئۆيلىرىمىزنى مۇشۇنداق ئۇسلۇبتا قۇرۇپ چىقساق سىلەر بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟! ئەر ئايالى بىلەن قۇرئان ئوقۇسا، ئۇ ئىككىسىگە ئەگىشىپ باللىرىمۇ بىرگە ئوقۇسا، بۇ نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ھايات- ھە!

ئايالى يولدىشىنى بامدات نامىزىغا ئويغاتسا ياكى ئەر ئايالى بىلەن كېچىدە ئىككى رەكئەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، بۇ ئائىلىنىڭ گۈزەللىكىگە نېمە توغرا كېلەر- ھە!...

سىلەر چۈشكۈنلەشمەي ئۈرۈنۈپ بېقىڭلار! ئۈزۈنغا قالماي ئىشلارنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرىسىلەر. اللەقا بولغان مۇھەببىتىڭلار ئېشىپ، اللە سىلەرگە بەركەت ئاتا قىلىدۇ.

ئاخىرىدا بىزنىڭ چاقىرىقىمىز بارلىق ماختاش ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر.

# ھايا توغرىسىدا

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە كاللىغا كەلگەن خىياللارنى يىغىپ توپلاپ يېزىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى، بۇ مەشھۇر ئىسلام تەشۋىقاتچىسى ئەمرۇ خالىد بىلەن بىر تۈركۈم ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان جانلىق يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇچى ئوچۇق سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىز بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى چۈشىنىشلىك، ئاممىباب قىلىپ تەييارلاپ سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق، دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماي ياد ئېتىپ قويارسىلەر!

بۇ كىتابچە تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

*ھايا بىلەن خىجىل بولۇشنىڭ پەرقى

*ھايا ئىنسان تۇغۇلۇش بىلەن بىللە بارلىققا كېلەمدۇ؟

*پۇتبولچىمىز نادىر سەييىد ۋە ئۇنىڭدىكى ھايا

*ئاغزاكى پاراڭلار

*ياشلار بىلەن سۆھبەت

*جەمىيىتىمىزدىكى ھاياسىزلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى

بۇ كىتابچە ئىماننى كۈچلەندۈرۈپ، ئىرادىسىنى جانلاندۇرۇپ، ئەقلىنى ئۆتكۈرلەشتۈرمەكچى بولغانلارغا، شۇنداقلا، اللە تائالانىڭ:" ئى ئىنسان بالىلىرى! سىلەر باشقىلاردىن ئۆزەڭلارنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى يوشۇرۇشنى تەلەپ قىلدىڭلار، سىلارنى مەندىن كىممۇ يوشۇرۇپ قالالىسۇن؟! تېخى سىلەر مىنى ئەڭ ئاجىز نازارەتچى دەپ قارىدىڭلار، مانا بۇ پاكىتقا نىمە دەيسىلار؟" دېگەن مالامىتىنى ئەسلەپ گۈزەل ھايا بىلان زىنىنەتلىنىپ اللەغا تەۋبە قىلىپ، اللەدىن مەغپىرەت تىلەپ، گۇناھىغا پۇشايمان

قىلغانلارغا بېغىشلاندى . بىز ئەخلاق توغرىلىق ئېغىز ئاچىدىغان بولساق، ھېچقانداق شەخس، ئائىلە ۋە جەمىيەت مانا بۇ ئەخلاقتىن ئايرىلالمايدۇ. ئەخلاق بىلەن ئادەتتىكى كىشلەر ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق رولىنى، ئائىلە بولسا ئۆزىنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىنى ۋە ھەرخىل شەكىل ۋە ئوخشىمىغان تىل بىلەن بارلىققا كەلگەن جەمىيەت ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاپ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر بىز مانا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەخلاقتىن ئىبارەت گۆھەرنى يوقىتىپ قويساق، نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىزنى زايا قىلىش بىلەن بىرگە كۆپ نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز.

بىز ھەقىقەتەن ھايادىن ئىبارات بۇ ئەخلاقنى تونۇدۇقمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھسالام كۆپ ئورۇندا سۆزلەپ مۇنداق دىگەن:"

(1) "ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بۇلۇپ ھايا بولسا ئىماندىن بىر شاخچە" (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان)

(2)"ھايا بىلەن ئىمان بىر- بىردىن ئايرىلالمايدۇ، ئەگەر بىرسى يوقىتىلسا، يەنە بىرى ئۆزلىگىدىن يوقىلىدۇ" (ئىبنى ئۆمەردىن جامئى سەغىردا رىۋايەت قىلىنغان)

(3)"ھايالىق بۇلۇشنىڭ ئۆزى زور ياخشىلىق" (ئىمران ھۇسەييندىن تەبرانى ۋە سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

(4)"ھايا بىلەنلا ياخشىلىق بارلىققا كېلىدۇ" (بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىمران ئىبنى ھۇسەييندىن رىۋايەت قىلغان)

(5)"كىشلەر ماقال- تەمسىل قىلىۋالغان:" ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل" دېگەن سۆز پەيغەمبەرنىڭ سۆزىدۇر. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

(6) "ھەر دىندا ئەخلاق بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر" (ئىبنى ھاجە رىۋايەت قىلغان)

يۇقىردىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە ھايانىڭ جەمىيەتتىكى تەسىرى ۋە قىممىتىنى روشەنلەشتۇرۇپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسالام بولسا ئەخلاق جەھەتتە بىزنىڭ ئۈلگىمىز ۋە يېتەكچىمىز. "ئۇ يۈزى ئېچىلمىغان قىزچاقتىنمۇ ھايالىق ئىدى" (بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان) بۇ يەردە بىز ئۆز- ئارا ياشلىرىمىز ئوتتۇرسىدا يوقىتىپ قويغان ئەخلاق توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسالامنىڭ كۆپ ھەدىسلىرى بار ئىدى، لىكىن بىز ئۆز سۆھبىتىمىزگە كېلەيلى:

ھايانىڭ مەنىسى نىمە؟ ۋە ھايا بىلەن بىز ياشاۋاتقان ھاياتنىڭ ئالاقىسى نىمە؟

ھەقىقەتتە ھايالىق بۇلۇش بىلەن ھاياتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ئالاقە بار، چۈنكى ھايا كۆچەيگەنسېرى، بۇ ھاياتنىڭ لەززىتى شۇنچە زىيادە بولىدۇ. بىز تۇرمۇش جەھەتتە ياخشى بولغان كىشىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھايا جەھەتتە مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ھاياتنىڭ سۈرەتلىرى ناھايىتى كۆپ، دىنىنىڭ ھەممىسى ھاياغا مۇجەسسەملىشىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" ھەر قانداق دىن ئۆچۈن ئەخلاق بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادىن ئىبارەت".

## لېكىن ھايا دېگەن زادى نىمە ؟

قەدىرلىك ئالىملىرىمىز تۇنۇشتۇرغاندەك باشقىلار كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ، ناچار ئىشلاردىن يىراقلىششقا سەۋەب بولغان تۇيغۇ ۋە ئەخلاق ھايادۇر. ھايا بولسا رەزىل ئەمەللەردىن نەپسنى ئۈستۈن قىلغان ھېسسيات دېمەكتۇر.

سەن نەپسىڭدە ناچار ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالمىغانلىقىڭنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭدا، مەندە ھايا تېپىلىپتۇ دەپ بىلگىن!

### ھايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى نىمە؟

كۆپىنچە كىشىلەر خىجىل بۇلۇشنى ھايا دەپ، ياكى ھايانىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەزىز قېرىنداشلار! ئەمەلىيەتتە خىجىل بۇلۇش ھايانىڭ تامامەن ئەكسى، چۈنكى خىجىللىق بولسا، ئىنساننىڭ ئۆزىدە كەمچىلىكنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى بۇلۇپ ئىنسان بىرەر ئىشنى خاتا قىلمىغان تەغدىردىمۇ، باشقىلارغا قارشى تۇرۇشقا قادىر بولالمىغاندا، ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلىدۇ.

مانا بۇ ھايانىڭ ئەكسى بۇلۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھايا دېگىنىمىز ئىنساننىڭ ھېسياتىدىن ئۇرغۇپ چىققان تۇيغۇ بۇلۇپ دادىللىق بىلەن سەن ئۆزەڭنى ئىسىل ۋە يۇقىرى دەپ قارىغان ۋاقتىڭدا، پەسكەش ئىشلەرگە ئۆزۈڭنى ئۇرۇشتىن تارتىسەن. چۈنكى ئىسىل ۋە روھلۇق ئادەم زىنا قىلىش ۋە يالغان گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، شۇنىڭدەك بۇنداق كىشىلەر نەپسىنىڭ پەسكەش، ناتوغرا ئىشلارغا يېقىنلىششىغا رازى بولمايدۇ، لېكىن خىجىل بولغۇچىلار بولسا، بىرەر كىشى كۆرمىگەندە پۇرسەت تاپسىلا ناچار ئىشلارغا

ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ھەقىقەتەن مەن ئىسلامىيەتتىكى مەشھۇر ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولغان بىر كىشىنىڭ تەرجىمىھالىدىن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەندىم. ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەپەندىمىز (پەيغەمبىرىمىز) ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان، بۇ كىشىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھايادىن ئىبارەت ئىسىل سۈپەت بىلەن مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن:" بۇ كىشى (ئوسمان ئىبنى ئەففان) ناھايىتى ھايالىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىدۇ". (ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇسنەد ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىپ تۇرىدىغان بىر كىشى بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇشۇمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن! شۇنداق تۇرۇپمۇ، بۇ كىشىنىڭ بۇ ئىسىل ھايا قىلىش خىسلىتى ئۆزىنىڭ ھەققىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن توسۇپ قويمىدى، مانا بۇ تامامەن خىجىل بولۇشنىڭ ئەكسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## ھايا دېگەن ئىنسان بىلەن بىللە تۇغۇلىدىغان سۈپەتمۇ؟ ياكى ھەربىر ئادەم ئۆزى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولىدىغان سۈپەتمۇ؟

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ھەممىمىز ئوبدان تونۇشلۇق (ئۆزۈمدە ساغلام خارەكتېر) ئۈستىدە تۇغۇلىمىز، بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە دەپ بەرگەن مۇبارەك سۆزى بار، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:" ئىلىم پەقەت ئۆگىنىش بىلەن، ئىسىل ئەخلاق سىلىق مۇلايىم بولۇش بىلەن قولغا كېلىدۇ". (ئەبۇ دەرداغىن جامىئۇسسەغىردا رىۋايەت قىلىنغان) .

خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەرقانداق ئەخلاق- پەزىلەت ئۆگىنىپ قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بولىدۇ دېگەندەكلا بىر ئىش. چۈنكى سەن دائىم سەۋىر قىلىپ تۇرساڭ، سەۋىر قىلىشنى ئۆگىنىسەن. ئەگەر يالغانچى بولساڭ، راستچىللىقنى مەشىق قىلىش بىلەن راستچىل بولىسەن. ئەگەر ھايالىق بولمىساڭ، چېنىقىش ئارقىلىق ھايا ئىگىسى بولىسەن.

بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ھال- تەبىئىتى ئوبدان بولمىغان ساھابىلاردىن ئۆگىنىش كۇپايە، چۈنكى بۇلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن بارلىق ناچار ئەخلاق بىلەن شۇغۇللىناتتى، لېكىن ئىسلام دىنىغا

كىرگەندىن ۋە بۇ دىن بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلاندى.

## ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ھايا خىسلىتى

بۇ قېتىم بىزنىڭ كۆتۈۋالىدىغىنىمىز، ھەممىگە مەشھۇر، ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدىغان ۋە مىللەتلەر لوڭقىسىنى تالىشىشتا، ئۆزىنىڭ كوماندىسى بىلەن ئۇتۇق قازىنىشنى ھەممىمىز ياقتۇرىدىغان، ماھىر پۇتبولچىمىز نادىر سەييىد مەن بۇ كىشى بىلەن بولغان سۆھبەتنى تۆۋەندىكى سوئالىم بىلەن باشلايمەن:

*ئەپەندىم، ھاياتىڭىزدىكى ھايا نىمە؟ ۋە بۇ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولىسىز؟

-نادىر سەييىد: بىرىنچى بولۇپ مەن ئۆزۈمنىڭ سىلەر بىلەن بىللە بولالىغانلىقىم ئۈچۈن مېھرىبان ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن ۋە سىلەرگە داۋاملىق مۇۋەپپىقىيەت تىلەيمەن! ھەقىقەت مەن بۇ بىرىنچى قېتىم ئۇچىرىششقا ھازىر بولغان پەيتتە، مەن ھەممەيلەننىڭ بۇ ھايادىن ئىبارەت ئىسىل ئەخلاقنى تونۇشتا ھەيران قالغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتىمەن.

منىڭ كۆز قارىشىمدا ھايادىن ئىبارەت بۇ گۆھەر بىزنىڭ ئېغىزىمىزدىن چىقىۋاتقان گەپ- سۆز ۋە ئۆز چۈشەنچىمىز بىلەن تونۇۋاتقان چۈشەنچىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەن ئۆزۈمنى بۇ ھايانى تونۇشتۇرۇشتا ئەڭ ئاجىز دەپ قارايمەن، چۈنكى ھايا دېگەن ئادەمنىڭ يۈرۈگىدىن ۋە ھېس- تۇيغۇسىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان نەرسە، شۇڭلاشقا مۇسۇلمان قىزلىرى باشقىلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ھايا قىلغانلىقتىن ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھايانىڭ قان سېستىمىسىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى، ھايا كىمدە بولسا، شۇنىڭدا قان بولىدۇ. ھايا چۈشەنچىسى، قېرىندىشىمىز ئەمرۇ خالىد سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۆزىنى پەسكەش، ناچار ئىللەتلەردىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. ھايا بولسا منىڭ كۆز قارىشىمچە: ھېس- تۇيغۇ دېمەكتۇر.

- نادىر ئەپەندىم! بىز سىزدىن مىسىرنىڭ سىرتىدىكى تەجرىبىلىرىڭىزدىن سوراپ باقايلى: سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى ھاياتىدا ئوخشىمىغان كىشلار ۋە خىلمۇخىل ئەخلاقتىكىلەر بىلەن بولۇش جەريانىدا زىرىكتىڭىزمۇ؟ ياكى ئۇلار بىلەن ئۆزۈل- كىسىل بولۇپ ئايرىم ياشىدىڭىزمۇ؟

نادىر سەييد: مەن سىلىگە ئېنىق گەپنى دىسەم، مىسىرنىڭ ۋە ياكى ئىسلامى جەمىيەتتىن سىرىت ياۋروپا ۋە ياكى چەت رايونلاردا ياشاپ قالغان ھەرقانداق ئادەم چۈقۇم ئۇلار بىللە بىللە مېڭىپ ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ياكى اللەنىڭ دىنىغا بولغان قەدەمنى مۇستەھكەم بېسىپ، ئىسلام دىنىغا چىڭ ئېسىلىدۇ. سىز (ئەمرۇ خالىدنى دېمەكچى) ماڭا بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ ئەنگىلىيەدە بىر يىلدەك تۇرۇش جەريانىڭىزدا، اللەقا بولغان يېقىنلىقىڭىزنىڭ زىيادە بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن ئىدىڭىز، سىزنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىڭىز تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. اللەنىڭ ماڭا بەرگەن چوڭ پەزىلى مېنى شۇ نادان جەمىيەتتىمۇ ئۆز دىنىغا مۇستەھكەم تۇرغۇزغانلىقىدۇر.

بۇ توغرىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:" بىزلەرنى اللە ئىسلام دىنى بىلەن ئەزىز قىلدى، ئەگەر ئىززەت- شەرەپنى ئىسلامنىڭ باشقىسىدىن ئىزدەيدىكەنمىز اللە بىزنى خار قىلدۇ".

مەن سىرتتا باشقىلەرنىڭ يۇرتىدا يۈرگەن ۋاقتلىرىمدا ماڭا پەقەت ئىككى خىل تاللاش يولى بار ئىدى، يا بىر جانابى اللەدىنلا ھايا قىلىش ۋە ياكى ئىسلام پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان يات يۇرۇتلاردىكى كىشلەردىن ھايا قىلىش. بىراق مىنىڭ اللەدىن ھايا قىلىشنى تاللىشىم ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۈكىلاشقا، اللە مىنى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇقۇشقا، قۇرئان كەرىمنى ھەر قانداق ئۇرۇندا مەيلى يۇلۇچىلار ئاپتوموبىلى بولسۇن، مەيلى ھەر تۈردىكى قاتناش ۋاستىلىرىدا بولسۇن، داۋاملىق تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشقا مۇۋەپپىقيەت ئاتا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېنىڭ بۇ ئىسىل ئەخلاقلىرىمنى ھۆرمەت قىلىشتى، شۇنىڭدەك اللەنىڭ ماڭا قىلغان زور نېمىتى ئۇلارغا مېنىڭ ياخشى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىم بولدى. ئۇلار شۇ دەرىجىدىكى، ئەگەر مەن بار يەردە چۈشىنىكسىز ۋە ئالاقىسىز گەپ- سۆزلەرنى قىلىشىپ قالسا، دەرھال ئەپۇ ۋە ئۆزرە سوراشقىلى تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماسلىشىپ ئەمەس، ئۇلار مېنىڭ تەبىئىتىمگە ماسلىشىپ مېنىڭ تەبئىتىم بۇيىچە ئىش قىلىدىغان بولدى، مانا بۇ بارلىق ئەيىب- نۇقسانىدىن پاك بولغان بۈيۈك اللەنىڭ بەرگەن پەزىلى ئىدى.

*بۈگۈنكى كۈندە كىشلەرنىڭ تىللىرىدا:" بۇ يۇرتتا ھايالىق ئادەم جان باقالامدۇ؟ كىم ھايالىق بولسا، شۇ كارغا كەلمەيدۇ" دېگەندەك نۇرغۇن سۆزلەر بار، سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىم ھايا قىلىپ ئۆز ھوقۇقلىرىڭىزدىن مەھرۇم بولغان ئىشمۇ بولغانمۇ؟

- ئۆز ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش بىلەن ھايانىڭ ئوتتۇرسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق، مۇھىمى مەن ئۆز ھەققىمنى پاك ئەخلاق ۋە ھايا بىلەن تەلەپ قىلىمەن.

ئەگەر مەندە اللەدىن هايا قىلىش بولىدىكەن قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولمىسۇن، مېنىڭ ھەققىمدىن ھېچقانداق ھەق زايا بولۇپ كەتمەيدۇ.

*ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، سىز مەندە ھاياسىزلىق كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرىۋاتقاندەك قىلىسىز، سىز بۇ كۆرۈنۈشنىڭ مەندىن يوقىلىشىنى ئۈمىد قىلامسىز؟

ئەمەلىيەتتە، سۆزلىسەڭ گەپ تولا، لېكىن بىزگە ھېس قىلىنىۋاتقان كۆپىنچە ئىشلار، يېقىن دوستلار بىر- بىرىنى تىللىشىپ ھاقارەتلىشىدۇ... بۇ ناچار ئەخلاقتا ياشلارنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتقان سەۋەب زادى نىمە؟ ھەربىر پۇتبولچى مۇسابىقىنىڭ 90مىنۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، مۇشۇ 90مىنۇتتىن كېيىن ماۋۇ قېرىندىشىم ياكى ماۋۇ خىزمەتدىشىم بىلەن قانداقمۇ ئۇچرىشارمەن، قانداقمۇ بىرگە ئولتۇرارمەن دەپ ئويدان ئويلانسا ئىش ئاسانلا ئايدىڭلىشىدۇ.

*بىز يەنە بىر قېتىم سۆھبەتنى ياشلارغا يۆتكەيلى:

ھۆرمەتلىك ياشلار، مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هايا توغرىسىدا دېگەن بىر ھەدىسىنى ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەن:" ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بىر اللەدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دېيىش، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش؛ هايا بولسا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق ئىمان بىلەن ھايانى بىر- بىردىن ئايرىۋەتمەي تىلغا ئېلىپ تۇراتتى...

*نىمشقا هايا ئېنىق بەلگىلەندى؟ قېنى ئىماننىڭ قالغان شەخچىللىرى؟

ھۆرمەتلىك ئەزىز قېرىنداشلار! ھايانى ئېنىق بەلگىلەشتىكى مەقسەت شۇكى، هايا ئىماننىڭ بارلىق شاخچىللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىماننىڭ بارلىق شاخچىللىرىنى ئۆز ئىچىگە بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئىپادىلىدى، مانا ئۇ ھايادىن ئىبارەت. شۇڭا ھايالىق كىشى يالغان سۆزلىمەيدۇ، ھايالىق كىشى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدۇ، ئاتا- ئانىسىنى قاقشاتمايدۇ ۋە نامازنى تەرك قىلمايدۇ، ئۆز دىنىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، بىز هازىر ھەممىمىز بىرلىكتە مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىللىرىگە قۇلاق سالايلى: ھايادىن ئىبارەت بۇ گۆھەر ھايادىن يىراق ۋە يېقىن بولغان ئىنسانغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

## ياشلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايلى

مېنىڭ ئىسمىم شەرىپ، مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىمنى سۆزلەپ بىرىشنى ياقتۇرىمەن، مېنىڭ يامان ئادەمدىن ياخشى ئادەمگە ئۆزگىرىپ قېلىشىم مۇنداق بولغان:

مەن ئەمەلىيەتتە بەزى ياشلارغا ئوخشاش ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايتىم، ھەرقانداق ئورۇندا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا خالىغىنىمنى قىلاتتىم، مېنىڭ بۇرۇنقى ئۆسۈپ يېتىلىشىم مەلۇم دەرىجىدە ئاتا- ئانامنىڭ مېنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشكە قىزىقىپ مېنى ئەدەپ- ئەخلاقلىق، ئىشەنچىلىك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان قىلىپ ئىسلام ئېڭى بىلەن تەربىيىلىگەن بولسىمۇ، بىراق مەن مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە مېنىڭ مىجەزىم مەلۇم ئامىللار سەۋەبىدىن ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

باشلانغۇچ ئوقۇش باسقۇچۇمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئوقۇغۇچى بۇ باسقۇچتا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورۇپ- تىللىشىغا ئۇچرايدىغان، تاماكا چېكىپ قىزلار بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان، خالىغانىنى قىلىدىغان بىر باسقۇچ بولۇپ، مانا بۇ ئىشلارغا ھەرقانداق ئوقۇش يېشىدىكى باللار قىزىقاتتى ۋە شۇنداقلا مەكتەپتە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى.

مەنمۇ باشلانغۇچ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئىنىستۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مۇشۇ يولغا كىرىپ قالدىم، ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كەچمەيدىغان، ئائىلەمدىكىلەر ۋە ساقچىلار بىلەن جېدەل- ماجىرا قىلىدىغان بارلىق ئەسكىلىكلەرنى قىلدىم.

لېكىن مېنىڭ بۇ ۋاقىتلاردا تۇرمۇشۇمدا ھېچقانداق لەززەت ۋە ھۇزۇرنى ھېس قىلمايتىم. مەن الله تائالانىڭ مېنى ئۇخلاۋاتقان چاغدا ۋە ياكى گۇناھ مەئسىيەت ۋە ناچار ئەخلاق بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىمدا جېنىمنى ئېلىپ كېتىشىدىن بەكمۇ قورۇقتۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگىلى تۇردى، مەن ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىم توغرىلىق ئويلۇنۇشقا باشلىدىم.

مەسىلەن مەن ۋە بىر دوستۇم ئېغىر قاتناش ھادىسىگە ئۇچرىدۇق، نۇرغۇن ئەزالىرىمىز يارلاندى، بۇ يەردە بىر ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالدۇق!

بۇ ھادىسىدىن كېيىن دادام ماڭا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ:" بالام، سەن ماڭا ھېچ پايدا يەتكۈزمىدىڭ! ئەگەر سەن ياخشى ئادەم بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، ئەگەر سەن ئەسكى ئادەم بولساڭ شۇ ئەسكىلىكىڭ بىلەن ئۆلۈپ كېتىسەن..." دېگەن گەپلەرنى قىلدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ مەن قايتىدىن ئادەم بولۇشقا ئورۇندۇم. ۋە ئۆزۈمدىن قاتتىق ھىساب

ئالدىم، مانا بۇ ئىشلار ئۈچ ئايدەك داۋام ئەتتى. لېكىن مېنىڭ ئەتراپىمدا ماڭا ياردەم بەرگۈدەك، ياخشى ئىشلارغا ھەمكارلىشىپ بەرگۈدەك بىرمۇ دوستۇم ۋە ھەمرايىم يوق ئىدى، ئەكسىچە ئۇلار مېنى يەنە قايتىدىن قاراڭغۇلۇققا سۆرەپ كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن گويا الله ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقاندەك نۇرغۇن ھادىسىلەر يۈز بەردى. مەن بىلەن بىر ياشتىكى بىر دوستۇم قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتتى، يەنە بىرسى ئادەمنىڭ ئەقلى سىغمىغۇدەك ھالەتتە لىفتتىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. يەنە بىر دوستۇم تاپانچا بىلەن ئوينىشىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. كۈنلەر مانا مۇشۇنداق ئۆتتى، يېقىن دوستلىرىم تۇيۇقسىز پاجىئەلىك ئۆلۈملەر بىلەن ئۆلۈشكە باشلىدى. مەن ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدىمىكىن دەپ تۇرغان ۋاقتىمدا، بىر دوستۇم كۆپرەك زەھەرلىك چېكىملىك چېكىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى، بىز بەكمۇ يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق، مەن ئۇ دوستۇمنىڭ ئوپېراتسىيىسىگە قاتناشتىم، ئۇنىڭغا سۈنئىي نەپەسلىنىش ماسكىسى سېلىپ قويغان بولۇپ، ھېچبىر مىدىرلاشتىن دېرەك يوق ئىدى، ئۇنىڭدا تىنىق دېگەن نەرسە قالمىدى، بۇ ئىش مېنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. مېنىڭ خىياللىرىم پەرىشتىلەر بىلەن ئۇ دوستۇمنىڭ ئارىسىدىكى ھېساب – سوراقلار قانداق بولۇۋاتقاندۇ دېگەندەك ھەرخىل ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى مەن ئۆزۈمنى بۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋە اللهنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا قارار قىلدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭى ھاياتىنى باشلاش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ياخشى ئەخلاقلىق دوستلاردىن تاپتىم، ئۇلار بولسا ھەر دۈشەنبە كۈنلىرى بىر مەسچىتكە دەرسكە باراتتى، مەن ئىشنىڭ دەسلىۋىدە دەرس ئوقۇش دېگەن پىكىرگە بەكمۇ ئۆچ ئىدىم، ھەتتا مەن ئۇلار بىلەن بىرگە بىر كۈنى شۇ دەرسكە ھازىر بولۇپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئاڭلىمىغۇچە ئۇلارنىڭ بۇ پىكرىنى قوللىمىدىم. مانا بۇ باشلىنىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى ھەقىقىي بىر ھاياتقا كۆز ئاچقان ئالاھىدە بىر ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى.

مەن بۇ ئورۇندا پاك، ئەخلاقلىق، ئالىيجاناب ياشلار بىلەن تونۇشتۇم، بۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى مېنىڭ سۆزۈمدىكى قالاق پىكىرنىڭ دەل قارشىسىدا ئىدى، مېنىڭ قاتناشقان بىرىنچى دەرسىمدا كۆلۈپ تۇرىدىغان، ناھايىتى زېرەك بىر ئۇستاز دەرس سۆزلىدى، بۇ شەيخ (ئالىم) دەرس ئارىلىغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر تارىخلىرىدىن ۋە ھەدىسلىرىدىن سۆزلەپ، ئاخىرەت، ئۆلۈم، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە ئاخىرەتتە بېرىدىغان ھېساب توغرىسىدىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتەتتى.

مانا بۇ دەرستە سۆزلەنگەن يېقىملىق گەپلەر مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھى ھالىتىم ۋە كۆندىلىك تۇرمۇش ھاياتىمغا ماس كېلەتتى.

مەن بۇ داموللامنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، شۇڭلاشقا بۇ كۈندىلىك ھالقا دەرسلىرىنى تاشلىماسلىق ۋا ئۆز ھاياتىمغا تەتبىقلاپ مېڭىشنى قارار قىلدىم. دەرستىن كېيىن مېنى ئېلىپ بارغان دوستلىرىم مېنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، مەن ئۇلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئاالاھىدە بىر گورۇپپا ئىكەنلىكىنى ۋە پۇتبول مەشقلىرىگىمۇ ھازىر بولۇپ تۇرىدىغان ياشلار ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. ئۇلار تىخى كەچلىك تاماقنى سىرتتا بىرگە يەيدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ كۈندىلىك ھاياتى مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق كۆڭۈلسىز ئەمەس، بەلكى، ئەڭ كۆڭۈللۈك ھاياتى ئىكەن. چۈنكى ئۇلار ناماز ئوقۇپ، ھەرخىل پۇتپول ئويۇنلىرىنىمۇ ئويناپ، ئىلمى دەرسلەرگىمۇ ھازىر بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى باشقىلارنى ياخشىلىققا چاقىرىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن.

مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ياخشى ئادەم بولۇپ كۈندىلىك ھاياتىمنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك قارارىغا كەلدىم، چۈنكى مەنمۇ ئەقىل ۋە ھەر جەھەتتىن ئۇلاردىن تۆۋەن ئەمەس ئىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن دەرسكە داۋاملىق قاتنىششنى ۋە كۈندىلىك قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇشنى باشلىدىم ۋە قانداق ياشاشنىڭ يولىنىمۇ بىر ئاز بىلىۋالدىم، بۇ يەردە مەسئۇلىيەت بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق قېيىن ئەمەس ئىدى.

مانا بۇ الله تائالا بىزگە ياشاشنى بېكىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ھايات ئىدى، قانداق ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتسەك اللەغا ئۇچرىششقا تەييار تۇرالىغۇدەك ۋە اللەنىڭ سۇئالىغا جاۋاب بىرەلىگۇدەك ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن يۇقۇرقىدەك ئىشلارنى قىلىش كېرەك ئىدى...

كىم بۇ الله تائالا بىزگە ياشاشنى بېكىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ھايات ئىدى، قانداق ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتسەك اللەغا ئۇچرىششقا تەييار تۇرالىغۇدەك ۋە اللەنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بىرەلىگۇدەك ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن يۇقۇرقىدەك ئىشلارنى قىلىش كېرەك ئىدى...

كىم اللەغا ئۇچرىششنى ياخشى كۆرسە، الله ئۇ كىشىگە ئۇچرىششنى ياخشى كۆرىدۇ. لىكىن ھازىر بىزنىڭ ئىچىمىزدىن كىممۇ اللەقا ئۇچرىششنى ياخشى كۆرىدۇ؟! توغرا، ھېچكىم ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ، ھېچكىم ئۆلۈم توغرىسىدا گەپ- سۆز قىلىش ۋە ئويلىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ... ئەمما ھەر قانداق ئىنساب يۇقىرىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ۋە الله كۆتۈۋاتقان مەقسەت ئۈستىدە ئوبدان ئويلانسا، ئىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

مەن ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ياخشى ئادەم بولغاندىن كېيىن ئىنستىتۇتنى پۈتتۈردۈم ۋە مىسىردىكى بىر چوڭ شىركەتتە بىر يىل ئىشلىدىم، بۇ يەرنى تاشلاپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارمىقى بار چوڭ بىر چەتئەل شىركىتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا سېتىلىدىغان سودا- سانائەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولدۇم.

مانا بۇ مېنىڭ ياخشى ئادەم بولغانلىقىمدىن ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنئامى ۋە پەزلى ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ كىم ئاللاھدىن قورقسا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ.} (تالاق سۈرىسى، 2- ئايەت).

<u>يۇقىرىدىكى دېگەن گېپىمنىڭ خۇلاسىسى:</u>

ھەقىقى بەخت- سائادەت ئاللاھنىڭ تائىتىگە چىڭ ئېسىلىپ بويسۇنۇشتا ۋە ئاللاھدىن ھايا قىلىشتا بولىدۇ. ياشلار ئۆز يۇرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئۈلگىسى بولۇشى لازىم...

ئاللاھ ھەممىڭلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!

**قېرىنداشىمىز شەرىپ، بىز سەن بىلەن بىللە بولغانلىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئىنتايىن بەختلىك ھېساپلايمىز، شۇنداقلا بىز بىلەن بىللە بولۇشۇڭنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، سېنىڭ:" دوستلىرىم بىر- بىرلەپ ئۆلۈپ كەتكىلى تۇردى" دېگەن بىر ئېغىز سۆزۈڭ مېنى ھەقىقەتەن چۆچۈتۈۋەتتى، مەنمۇ شۇ سۆزۈڭگە ئىلاۋە بېرىشنى لايىق كۆرىمەن.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ھەقىقەتەن بۇ دوستىمىزنىڭ:" ياشلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى كۈندىن- كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ" دىگەن بۇ سۆزى ئادەمنى ئۈشتۈمتۇت ئويغا سالىدۇ...

*ئەمرۇ خالىد:

شەرىپ ئەپەندىم، بۇ ھادىسىلەرنىڭ سىزگە بولغان تەسىرى قانداق بولدى؟

شەرىپ: مەن سىلەرگە ئېيتقاندەك ئۆلۈش نۆۋىتى ماڭا كەلدى دەپ تۇرغان ئىدىم، شۇ پەيتتە ئاللاھنىڭ مېنى ھىدايەت قىلىپ، ماڭا ئىنئامنى بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، قارىسام مەن تېخىچە ھايات تۇرۇپتىمەن ۋە مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزۈمدىن- ئۆزۈم ھېساب ئېلىش پۇرستىمۇ تۇرۇپتۇ...

*سىز كۈندۈزلىرى گۇناھ- مەئسىيەت قىلىپ، كېچىلىرى ئاللاھدىن قورقۇشنى قانداقمۇ بىرلەشتۈرەلىدىڭىز؟

- سىلەرگە دېگەندەك، مەن دىني ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، گەرچە مەن ئۆز

ئەسلىمنى ئۇنتۇپ ئۆزگۈرۈپ كەتكەن بولسامۇ، يەنىلا باشقا دوستلىرىمدىن ئالاھىدىرەك تۇراتتىم، ھېچ بولمىسا مەن ھەپتىدە بىر كۈن جۈمە نامىزى ۋە يىلدا بىر قېتىم ھېيت نامىزى ئوقۇپ تۇراتتىم، ئەمما ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ناماز توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات يوق ئىدى، شۇڭلاشقا، مەلۇم دەرىجىدە كۈچلۈم بىر نەرسىنى ھېس قىلىپ كەچتە ئۆيۈمگە قايتقاندا ئۆزۈمدىن ھېساب ئېلىپ ئۆز- ئۆزۈمگە مالامەت قىلاتتىم.

## كۆپچىلىك سۇئال تاشلىماقتا

ئەمەلىيەتتە شەرىپنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تەجرىبىلىرى بۈگۈنكى ياشلار ئوتتۇرىسىدا كەڭ تارقالغان بىردىن بىر تەجرىبە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق كىشلەر مېنىڭ ئائىلەمدىمۇ بار...

مەن بىر سۇئال سوراشنى ئويلاپ قالدىم:

شەرىپ ئەپەندى، سىزنىڭ بىر ناچار ھالەتتىن ياخشى ھالەتكە ئۆزگىرىشىڭىزگە سەۋەپ بولغان ئامىل زادى نىمە؟ سىز بىر ياخشى مۇھىتتا ياشاپ تۇرۇپ قىلغان ئىشلىرىڭىزدىن بەخت ھېس قىلماسلىقمۇ ۋە ياكى دوستلىرىڭىزنىڭ ئارقا- ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئالغان ئىبرىتىڭىزمۇ؟

شەرىپ: ئەلۋەتتە ھەر ئىككى خىل ئامىل سەۋەب بولغان دېيەلەيمۇ بولىدۇ، چۈنكى مەن پۈتۈن كۈندىلىك ھاياتىمنى يەپ- ئىچىش، ئۇخلاپ- قوپۇش بىلەن نىشانىسىز ئۆتكۈزەتتىم. مەن بۇ تۇرمۇشنى بەخت دەپ ھېساپلىمايتتىم، لېكىن بۇ مېنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىمگە ئاساس سالالمىدى، بىراق مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغان ۋاقتىمدا، دوستلىرىم ئارىسىدا ھەرخىل ئۆلۈم ھادىسىلىرى يۈز بەرگىلى تۇردى... مانا بۇ ھادىسىلەر مېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ قېلىشىمغا سەۋەب بولۇپ قالدى.

*سىز اللهقا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، بۇرۇن سىزگە ئۇ يامان ئىشلارنى قىلدىغان ياشلارنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، قانداق ھىسسياتتا بولدىڭىز؟

- تەبىئىكى، مەن ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبان بولدۇم، ئۇلاردىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئىچىم سىقىلىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەيدۇ...

ھەر قانداق ئادەم ياخشى يولغا قايتىپ، ئۆز دىنىغا چىڭ ئېسىلغاندىن كېيىن،

باشقىلارغا مەسخىرە كۆزىدە قارىمايدىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلگەن نەرسىنى بىلىشكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

*هايانىڭ بولماسلىقى بىرىنچى دۈشمەن دەپ ئويلايمەن، سىز هايا توغرىلىق ئەتراپىڭىزدىكى بىرەرسىدىن تەسرلەنگەنمۇ ياكى يۈز بەرگەن بىرەر ئىش بارمۇ ياكى بۇ سىزنىڭ ئىچىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەخلاقمۇ؟

-مەن سىلەرگە دېگەندەك، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا خاتا مىساللارنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئەگىشىپ مېڭىشقا ئۇرۇنىدۇ، بىراق ئۇ مىساللار ئۆلگە قىلىشقا يارىمايدۇ.

مەن سىلەرگە هايا توغرىلىق ئازراق سۆزلەپ بېرەي:

مېنىڭ بىر دوستۇم جۈمە كۈنلۈكى بىر كېچىدە مەس هالەتتە ئۆيگە قايتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئاپىسى، ئۆيگە كىرىشنى رەت قىلىپ كۆز ئالدىدا ئىشكنى تاقىۋالىدۇ. ئۇ شۇ كېچىسى ماشىنىدا ئۇخلاپ جۈمە ۋاقتىدا ئويغانسا، ماشىنىسى ئەتراپىغا بورا سېلىنىپ جامائەتلەرنىڭ جۈمە نامىزىغا يىغىلغانلىقىنى هېس قىلىدۇ، بۇنى كۆرگەن دوستۇم شۇلار بىلەن بىللە نامازغا تەييارلىق قىلماي، قوپۇپ ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇ دوستۇمدىكى هايا قېنى؟ مۇشۇمۇ هايا بولىدىمۇ ئەمدى؟!!!

## ياشلار ئارىسىدىكى هاياسىزلىقنىڭ مىساللىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

بىز بۇنداق ئەهۋاللەرنىڭ ئۆزگىرىپ يوقاپ كېتىشنى چىن- دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز...!

قېنى ئەمسە هەممىڭلار هاياسىزلىق هەققىدە بىردىن مىسال كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!

1.قىز- ئوغۇللارنىڭ بىرلىكتە ۋېچىركا ۋە دىسكو ئوينىشى.

2.كوچىلاردا قىزلار بىلەن پەسكەش قىلىقلارنى قىلىش

بۇ مەسىلە هازىر ئومومى ياشلار ئوتتۇرىسىدا تارالغان يۇقۇملۇق ۋىروس بولۇپ جەمىيەتكە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە... بۇ توغرىدا تارىختا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا بىر تۈركۈم ئەلچىلەر بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەيس ئىسىملىك بىر ئادەم بار بولۇپ، بۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كېتىۋاتقاچ

مەدىنىنىڭ كوچىلىرىنىڭ بىرىدە، مەدىنىلىك بىر قىزغا چاخچاق قىلىپ قويغان ئىدى، ئىككىنچى كۈنى بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت بېرىش ئۈچۈن كىرگەن ۋاقتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارغا بىردىن- بىردىن ئايرىم سالام بېرىپ قەيس دېگەن ئادەمگە نۆۋەت كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:" تۈنۈگۈن ئەخلاقسىزلىق قىلغان ئادەم سەن شۇمۇ؟" دەپ سورىغاندىن كېيىن، بۇ ئادەم شۈك تۇرۇۋالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال بۇ ئادەمدىن يۈز ئۆرۈۋالدى، شۇ ۋاقتتا قەيس دېگەن بۇ ئادەم:" ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بەيئىتىمنى قوبۇل قىلسلا! مەن بۇندىن كېيىن بۇنداق ئەخلاقسىزلىقنى ھەرگىز قايتا قىلمايمەن" دەپ قەسەم قىلىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى تەسلىكتە بىر ھازا تۇرۇۋېتىپ بۇ ئادەمنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋاپىق كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ بەيئىتىنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئىش بەكمۇ خەتەرلىك...

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بۇنداق ئەھۋال بەكمۇ خەتەرلىك، مەن ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئاپىسى ۋە بىر تۇققان ئاچىسغا بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، ھەرگىز رازى بولۇپ قاراپ تۇرمايدىغۇ دەپ ئويلايمەن.

3.قىزلارنىڭ چىلىم ۋە تاماكا چېكىشى.

4.ئاياللارنىڭ ئارام ئېلىش كېيىملىرىنىڭ كوچىلاردا كېيىدىغان مودىغا ئايلىنىشى.

بۈگۈنكى ياشلارنىڭ نامۇۋاپىق، تىلغا ئېلىش ئېغىر بولغان سۆزلەر بىلەن توردا پاراڭ سېلىشى... مېنىڭ مۇشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قىز- ئوغۇللاردىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، سىلەر ئازراق ئويلاپ بېقىڭلار! سىلەر مۇشۇنداق سەت گەپ- سۆزلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىڭلارنى ئاتا- ئاناڭلار كۆرسە، قانداق بولىدۇ؟

ئەگەر سىلەر اللە بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى كۆرۈپ، ئېغىزىمىزدىن چىققان سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ دەپ قارىساڭلار، ئەنە شۇ اللەدىن بولسىمۇ ھايا قىلمامسىلەر!؟

بۇ سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىسىدا مەن سىلەرگە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھايا توغرىسىدىكى ئاجايىپ بىر مىسالنى كەلتۈرۈپ بېرەي:

ئۇ بولسىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن اللەنىڭ ياخشى بەندىسىنىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇئامىلە. بۇ توغرىدا سۈرە قەسەسدە شۇنداق كەلگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋندىن قېچىپ چىققان ۋاقتتا، ئۇ قىزلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان.

ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:{ مۇسا ئەلەيھىسسالام مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (چارۋىلىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى، ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى) سۇغىرىۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆردى.} (قەسەس سۈرىسى، 23- ئايەت).

ئىككى ئايالنىڭ بىر چەتتە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلاردىن مۇنداق سورايدۇ:{ سىلەرگە نىمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپ قاپسىلەرغۇ؟) دېدى. ئۇلار:" پادىچىلار قويلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان ئادەم" دېدى.} (قەسەس سۈرىسى، 23- ئايەت).

بۇ ئىككەيلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ قىينچىلىقىنى سۆزلەپ بەردى:{ مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككەيلەننىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بېرىپلا دەرەخنىڭ سايىسىغا قايتىپ كەتتى.} (قەسەس سۈرىسى، 24- ئايەت).

هايا قىلىش مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇ ئىككەيلەننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بېرىشتىن توسۇپ قويمىدى، لېكىن خىزمىتىنى قىلىپ بېرىپلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

{ئۇلارنىڭ (يەنى ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ:" قويلىرىمىزنى سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سىنى چاقىرىۋاتىدۇ" دېدى.} (قەسەس سۈرىسى، 25- ئايەت) يەنى بۇ ئايالنىڭ مېڭىش تۇرۇشى ۋە سۆز- ھەركىتى ئۇياتچانلىق ۋە هايا بىلەن بولدى.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بىز دەۋاتقان هايا ۋە ئۇياتچانلىق مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

گەپنى تاماملاشتىن ئىلگىرى بىزنىڭ يەنە تەكىتلەيدىغىنىمىز: اللەدىن هايا قىلىش بۇ كائىناتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشى كېرەك.

ھۆرمەتلىك ياشلىرىمىز! بالا- چاقا ۋە قىز- ئاياللىرىمىز! بىز بۇ دۇنيادا اللەدىن هايا قىلمساق، اللەنىڭ ئالدىغا بارغاندا نىمە ئىش قىلىمىز؟ گۇناھ قىلمىشىڭنى سۆزلەپ باق دېگەندە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟!!!

بىز داۋاملىق ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن اللەدىن دۇنيادا هايالىق بولۇشىمىزغا ئۆزئارا دۇئا قىلىشىپ تۇرايلى!

ھەممىڭلارغا رەھمەت، اللە ھەممىمىزنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

# تەۋبە توغرىسىدا

ئاپتورى: ئەمرو خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: دەرۋىش

## كىرىش سۆز

بۇ بىر تۇتاش رىسالە كاللىغا كەلگەن گەپلەرنى يېزىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى بۇ ئىسلام تەشۋىقاتچىسى ئۇستاز ئەمرۇ خالىد بىلەن بىر تۈركۈم ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى «چىن يۈرەكتىكى سادا» سەرلەۋھەلىك ئوچۇق سۆھبەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت يۈرەكنى تىترەتكۈچى جانلىق دىئالوگنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىز جانلىق سوقۇقچى شۇ يۈرەكنىڭ سادالىرىنى سىلەرگە سونۇشنى ئىرادە قىلدۇق، شۇنىڭدەك ئاممىباب چۈشىنىشلىك بولۇشىغا كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇندۇق.

ياخشى دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماي ياد ئېتىپ تۇرارسىلەر!

<u>بۇ رىسالە تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:</u>

1.سىز تۆۋبىگە مۇھتاج.
2.سىز تەستىقلاڭ ياكى تەستىقلىماڭ ، ئۆمۈرنىڭ گۇناھلىرى بىردەمدىلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ.
3.ياشلار تۆۋبە توغۇرلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ.
4.تۆۋبىنىڭ شەرتلىرى.
5.ئۇلارنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن دەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىلىرى.
6.تۆۋبە بىر قېتىمدىلا تۈگەپ ئاخىرلىشامدۇ ياكى يېڭىلىنىپ تۇرامدۇ؟
7. ئى ئاسى ئىنسان! كىچىككىنە ۋاقىت سېنى چوڭ ئىشقا ئېلىپ باردۇ ...

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

مەن بۇ رىسالىنى گۇناھلىرى ئېغىر كەلگەن كىشىلەرگە، گۇناھنىڭ تەسىرى بىلەن قەلبى تارلىقنى، نەپسى سىقىلىشنى، يۈزىدە قايغۇ- ئەلەمنى ھېس قىلغان كىشىلەرگە ۋە ھەممە نەرسە قولىدا تۇرۇپ ھاياتنىڭ، كۆلكىنىڭ، ئارزۇنىڭ،

كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ ۋە ئەتىنىڭ تەمىنى ھېس قىلالمىغانلارغا... شۇڭىدەك، ھەقىقى ساپ پاكىز ھاياتلىققا ئېرىشەلىگۈچىلەرگە ھەدىيە قىلىمەن.

## ھەقىقى تۆۋبە قىلىپ ئاللاھقا قايتىش

**تەۋبە قىلغۇچىدىن مەقسەت نېمە؟**

تەۋبە قىلغۇچى دېگىنىمىز ئۇ، چىن قەلبىدىن ھەقىقى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، قىلغان بارلىق ناچار ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ئاللاھ تەرەپكە قايتقان كىشىدۇر...

مانا بۇ بىز سۆزلىمەكچى بولغان ئاساسى تېما، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنچىكە توختىلىپ ئۆتىمىز.

خۇسۇسەن مەن ئومۇمەن سىلەر ھەممىمىز ئاللاھقا ھەقىقى تەۋبە قىلىشنى خالايمىز...

بەزى كىشىلەر بىز بىر ئۇبدان ساغلام يول بىلەن ياشاۋاتساق، بىز تەۋبە قىلىپ نېمە قىلىمىز؟! دېيىشى مۇمكىن... لېكىن مەن دەيمەن: بىز ناھايىتمۇ كۆپ ئىشلارغا دوچ كېلىۋاتىمىز، بىزدە مۇشكۇلە (قىيىنچىلىق) كۆپ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، مەن شۇنداق دىيەلەيمەنكى ئەتراپىمىزدا «چوڭ گۇناھ»قا چۆشۈپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار...

مەن بۇنى تۆھمەتمۇ دەي، لېكىن ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ياشلار ئاتا-ئانىلىرىنى قاقشىتىۋاتىدۇ، ئاتا- ئانىلارنى قاقشىتىش چوڭ گۇناھ ئەمەسمىكەن؟ سىلەر ئاتا- ئانىلارنى قاقشىتىشنىڭ ئىسلامدىكى تۆتىنچى چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلار لازىم! ئانىنىڭ كۆز يېشى ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق غەزىپىگە سەۋەب بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياخشى ئوقۇمىغان ياكى نەشە چەككەن ئوغلىدىن كۆڭلى ئازار يېگەن دادا بولسۇن، ياكى قىزى ئائىلىسىنىڭ كىملىكى نامەلۇم بىر ئوغۇل بالىغا ئەگىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن داۋاملىق يىغلايدىغان ئانا بولسۇن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تۆۋبىگە مۇھتاج ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ ئىشلار چوڭ گۇناھنىڭ قاتارىدىن ئەمەسمىكەن؟... سىز ئاتا- ئانىڭىزنىڭ غەزىپىنىڭ تارازا مىيزاندا بارلىق يامان ئىشلاردىن، بەلكى بىر يىل ئىككى يىل ئۈچ يىلدا قىلغان مىڭلىغان گۇناھلاردىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟

ئۇنداقتا بىزدە تەۋبە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ گۇناھلار بار... سىز ھاراق ئىچكەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولماسلىقىڭىز ياكى زىنا قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئاتا- ئانىنى قاقشاتقان بولسىڭىز بۇ ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ...

## ئۇنداقتا سىز تەۋبىگە مۇھتاج

قانچىلىغان كىشىلەر بار، رامىزان ئايلىرىدا ناماز ئوقۇپ رامىزاندىن كېيىن ئوقۇمايدۇ، شۇنىڭدەك يىگىرمە يىلدىن بىرى بومدات نامىزى ئوقۇمىغان كىشىلەر بار... بومدات نامىزى پەرزلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسمۇ؟ بىز نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇق؟ ناماز دېگەن دىنىنىڭ تۈۋرۈكى قانداقلىكى ئادەم ئۇنى ئۆرۈۋېتىدىكەن دىنىنى ئۆرۈۋەتكەن بولىدۇ. ئۇنداقتا نامازنى تەرك ئېتىش چوڭ پاجىئە ھېسابلىنىدۇ... ئۇ يەردە «سەقەر» ئىسىملىك بىر دوزاخ بار ئاشۇ دوزاخ توغرۇلۇق ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن:« سىلەرنى دوزاختا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ. (ئۇلار جاۋابەن) ئېيتىدۇ:« بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق، تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق)}. (مۇددەسسىر سۈرىسى، 42-دىن 47- ئايەتلەر).

ئاشۇ دوزاخ توغرۇلۇق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇ دوزاخ ھېچ ئادەمنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇنىڭغا تاشلانغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەزالىرى قايناپ تىتما- تىتما بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن يېڭىدىن ئەسلىگە كېلىپ يەنە تىتما- تىتما بولۇپ كېتىدۇ، ئازاپ مانا شۇنداق داۋاملىشىدۇ... دوزاخ دەرۋازىسىدا تۇرغان مالائىكىلەر خۇددى ئۇلارغا شاپائەت قىلىدىغاندەك ئۇلاردىن:« سىلەرنى بۇ يەرگە نېمە كىرگۈزدى؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار جاۋابەن «بىز ناماز ئوقۇمىغان ئىدۇق» دەيدۇ}.

بىز ئاللاھ تائالا نىڭ مەرھەمىتى بىلەن چوڭ گۇناھلاردىن قاچتۇقمۇ دەيلى... ئۇنداقتا سىز ھەركۈنى قىلىۋاتقان مىڭلىغان كىچىك گۇناھلارغا قاراپ بېقىڭ!

مەسلەن: ئۆتكەن ھەپتە قانچىلىغان ھارام ئىشلارنى خىيال قىلغانسىز... خانىم قىزلار بىر- بىرى بىلەن قانچىلىغان غەيۋەت- شىكايەتلەرنى قىلغاندۇ... مەن بۇ گەپلەرنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلارنى سىقىش ئۈچۈن دەۋاتمايمەن، لېكىن بۇ ئارىمىزدا بولاۋاتقان رىئاللىق... بىز تەۋبىنىڭ گۈزەللىكىنى، گۇناھنىڭ قەبىھلىكىنى ھېس قىلىشىمىز لازىم... گۇناھىمىزنى ئېتىراپ قىلىش باشتا بىرئاز ئەلەملىك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئاللاھ ئالدىدا بۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن دەرھال تەۋبە قىلىشىمىز لازىمدۇر.

ھەر كۈنى كەچتە سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن كۈنىڭىز توغۇرلۇق بىردە ياخشىلىق يەنە بىردە يامانلىق يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاپ كەلتۈرۈلسە، سىز بۇنىڭغا نېمە دەرسىز؟ ياخشىلىق، يامانلىق تارازىلىرىغا يېزىلغان نۇرغۇن كەلىمىلەر بار. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ بۈگۈن شۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى زادى قانداق بولا؟! سىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلامسىز ياكى ئاللاھقا ئاسىي بولامسىز؟ بۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ! شەكسىزكى بىز ئۆزىمىزنى تەكشۈرىدىغان بولساق، بىز ئۆزىمىزدە مىڭلىغان گۇناھلارنى تاپىمىز، ئۇنداقتا بىز قاتتىق تەۋبىگە مۇھتاج.

تابىئىنلارنىڭ بىرى بولغان (سۇفيان سەۋرى) ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر كەلىمىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:« مەن بىر كۈنى ئولتۇرۇپ گۇناھلىرىمنى ساناپ باقتىم...- قاراڭلار ماۋۇ ئادەمنىڭ كېلەچەككە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىگە! كېلەچەك ئۇنىڭ نەزىرىدە بالىمۇ ئەمەس، خوتۇنىمۇ ئەمەس ۋە ياكى مال- دۇنيامۇ ئەمەس لېكىن كېلەچەك ئۇنىڭ نەزىرىدە جەننەت بىلەن دوزاخ... – ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى ئولتۇرۇپ گۇناھلىرىمنى ساناپ باقسام، يىگىرمە بىر مىڭ گۇناھ چىقتى. – ۋەھالەنكى ئۇ شەرەپلىك تابىئىن تۇرۇپمۇ يىگىرمە بىر مىڭ چىقتى- ئۇ ئۆز نەپسىگە شۇنداق دېدى:« ھەي سۇفيان! سەن يىگىرمە بىر مىڭ گۇناھ بىلەن پەرۋەردىگارىڭغا ئۇچۇرۇشامسەن؟ ھەر بىر گۇناھ توغۇرلۇق سەندىن سوراپ قالسا نېمە دەرسەن؟ سەن ئاشۇ ۋاقىتتا ئۆزەڭنى ساھابىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغان شەرەپلىك تابىئىن دەپ خىيال قىلامسەن؟...»

ھەي ... بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ناھايىتىمۇ كۆپ... بەزىدە يامانلىق تارازا پەللىسىگە ناھايىتىمۇ چوڭ گۇناھلار قويۇلىدۇ، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا دىققەت

قىلىپمۇ كەتمەيمىز بەلكى بىز ئۇنى ئادەتلەنگەن ئىش دەپ قىلغان بولىشىمىز مۇمكىن. ئانىڭىزنى بوزەك قىلىش ياكى دادىڭىزنى ئاغزىڭىزنىڭ ئۇچىدا «ئوھوي» دەپ كىنايە ئارلاش ئازار بېرىش، بۇ ئاخىردا نۇرغۇن مۇسىبەتلەرگە (خاپىلىقلارغا) سەۋەب بولىدۇ...

ئۇنداقتا بىز كۆپلىگەن ھاجەتلىرىمىز ئۈچۈن تەۋبىگە مۇھتاج... بىزگە ئاللاھ نېمىتىنى ياغدۇرۇپ بەرسە تېخىچە شۈكۈر قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز تەۋبىگە مۇھتاج. چۈنكى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتىنى ئاشۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر تاپالمىغان ئىدى. ئويلۇنۇپ بېقىڭلار نېئمەتكە شۈكۈر قىلماسلىق تەۋبىگە مۇھتاج ئەمەسمۇ؟

بىز يىگىرمە ياكى ئوتتۇز يىلنىڭ مابەينىدە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ يولىدىن ئېزىپ قالغان كىشىلەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تەۋبىگە مۇھتاج. چۈنكى يامان ئىشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان كىشىلەر ئۇنى تەرك ئېتىشى مۇمكىن، چوڭ گۇناھلارنى قىلىپ سالغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشى مۇمكىن، لېكىن پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنىڭ غاپىللىقى ئاللاھقا ئاسى بولغان ئادەمدىنمۇ قاتتىقتۇر، ئۇ قاتتىق تەۋبىگە مۇھتاج بولىدۇ.

ھەي... ھەممىمىز مۇسىبەتكە چۈشۈپ قالدۇق... بىزدە قىينچىلىقىمىز كۆپ... بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزمۇ كۆپ...

كىشىلەر! بىز توغۇرلۇق پەۋەردىگارىمىز نېمە دەيدۇ، بىزنى نېمە دەپ چاقىرىدۇ؟ بىز ئورتاق بىر قاراپ باقايلى!

ئاللاھ تابارەك ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەرگە ئازاپ كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار}، (زۇمەر سۈرىسى، 53- 54- ئايەت).

مانا بۇ بىز باشلىغان «غەم- قايغۇ»دىن كېيىن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز، كەمچىلىكلىرىمىز ئەسلىتىلىپ بۈيۈك ئاللاھ تەرىپىدىن بىزگە بېرىلگەن چىقىش يولى...

سىز تەستىقلاڭ ياكى تەستىقلىماڭ 20 يىللىق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك گۇناھلار چىن يۈرەكتىن چىققان تۆۋبە بىلەن ئاللاھ خالىسا بىردەمدىلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

{پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار...}، 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ئاللاھقا تەسلىم بولۇپ ئاللاھ تەرەپكە ئۆتۈڭلار! . سوئال: ئاللاھ يۇقارقى سۆزى بىلەن بىزدىن نېمىنى خالايدۇ؟، جاۋاپ:{ ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ}. (نىسا سۈرىسى، 27- ئايەت).

شۇنىڭدەك يەنە ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگىمۇ قاراپ بېقىڭلار! {ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى}. (نىسا سۈرىسى، 28 ـ ئايەت).

ئەگەر سىز تەۋبە قىلمىسىڭىز قىيامەت كۈنى ناھايىتى ئېغىر كۈنگە قالىسىز، بىز ئاجىز بولغانلىقتىن ئاللاھ بىزدىن يەڭگىللىتىشنى خالاۋاتىدۇ... ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار!

{ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ «گۇناھلار» نى قىلىدىكەن، «ئاخىرەتتە» ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاپ قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاپ ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن» «بۇ دۇنيادىكى چېغىدا» تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر}. (فۇرقان سۈرىسى، 68- ئايەتتىن 70- ئايەتلەر).

بۇ يامان ئىشنى قىلغۇچىلار يۈزەكىلا تەۋبە قىلىپ قويسا گۇناھلار تەلتۆكۈس مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بۇ پەقەت ھەقىقى تەۋبە قىلىپ،

ئىخلاس بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلساق ئاللاھ ئۆتكۈزگەن يامانلىقلىرىمىزنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ دېگەنلىكتۇر.

مەسىلەن: مەلۇم بىر ئادەم ئازغۇنلۇقتا بەش يىل نامازئوقۇماي تەرك ئەتتى دەيلى، ئۇ، ئاللاھنى تونۇپ چىن يۈرىكىدىن ھەقىقى تەۋبە قىلىپ نامازنى سۈننەتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىپ، ئاللاھ بۇيرۇغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلارنى تەرك ئەتسە، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئازغۇنلۇقتا قىلغان بەش يىللىق گۇناھلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

... ئى ئاللاھ سەن نېمە دېگەن كەرەملىك- ھە! ! ! سىنى ھەممىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن... شۇنىڭدەك يولباشچىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ تەۋبە توغورلۇق سۆزلەپ ناھايىتى مۇلايىم بىر ئىنساننىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىز تەبارەكە ۋەتەئالا ئاشۇ ئىنسانغا خىتاپ قىلىپ:« ئى بەندەم! نامە- ئەمەل دەپتىرىڭنى ئوقۇغىن» دەيدۇ، ئۇ ئىنسان نامە- ئەمەل دەپتىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ساناپ تۈگەتكۈسىز گۇناھلىرىنى كۆرىدۇ- دە، كۆڭلىدە «مەن ئەمدى ھالاك بولۇپ تۈگىشىدىغان بولدۇم، يۈزۈم قارا بولىدىغان بولدى» دەپ ئويلايدۇ. شۇ ئەسنادا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇنىڭغا يەنە خىتاپ قىلىپ «ئى بەندەم! نامە- ئەمىلىڭنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغىن» سەن تەۋبە قىلغان ئەمەسمۇ؟ دەپ ئۇنىڭغا ئەسلىتىدۇ... شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىنسان «شۇنداق ئى پەرۋەردىگارىم مەن راستىنلا تەۋبە قىلغان ئىدىم» دەيدۇ، ۋە نامە- ئەمەل دەپتىرىنى قايتا ئوقۇپ بارلىق يامان ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىققا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ پىكىر قىلىپ «مەن نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغان بولسامۇ (چىن دىلىمدىن تەۋبە قىلغانلىقىم ئۈچۈن) ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىپتىمەن دەيدۇ- دە، پەرۋەردىگارى ئاللاھقا يۈزلىنىپ:« ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ يەنە مالائىكىلەر يازماي قالغان نۇرغۇن گۇناھلىرىم بار، مەن ئۇنى ئۆزەم ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن» دەيدۇ...

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان چاغدا (كۈلۈمسىرەپ) ئۇنىڭ شەرەپلىك ئېزىق چىشلىرى ئاشكارا بولغان ئىدى...

تەۋبىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەنسىلەر... ئۇ نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنە بىر ھەدىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار! ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« ئى خالايىق سىلەر ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار. مەن ھەركۈنى ئاللاھقا يۈز قېتىم تەۋبە قىلىپ يۈز قېتىم مەغپىرەت تىلەيمەن». (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، مەنىسىنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۇناھلاردىن خالى تۇرسا، ۋاھالەنكى سىز خاتالىشىدىغان بەندە تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھەركۈنى يۈز قېتىم ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدىكەن، سىز ئېھتىمال ئۇن يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ باقمىغانسىز؟!

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:« بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئولتۇرۇشتا يۈز قېتىم: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن. تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. شەكسىزكى سەن تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرسەن› دېگەنلىكىنى سانىغان ئىدۇق». (تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ بىر ئاز شۈك تۇرىدۇ، ئاشۇ ۋاقىتتا ساھابىلەر ئۇنىڭ «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھقا تەۋبە قىلىمەن... ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھقا تەۋبە قىلىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ... ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئاز سۆزلەپ ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن يەنە شۈكلەپ قالاتتى...

ئەبۇ مۇسادىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە كۈندۈزى يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كېچىدە قولىنى يايىدۇ. كېچىسى يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى يايىدۇ. ھەتتا كۈن مەغرىپتىن چىققانغا قەدەر». (بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەسلىدە قولنى يېيىشقا تېگىشلىك كىشى كىم؟ ئەلۋەتتە مۇھتاج بولغان ئادەم. مۇھتاج بولغان ئادەم كىم؟ ئەلۋەتتە بەندە. لېكىن ئاللاھ سېخىلىق قىلىپ قولىنى بەندىگە ئېچىپ يېيىۋاتىدۇ.

ۋە يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ (كىم تەۋبە قىلىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن. كىم مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ؟ مەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن» دەيدۇ. ئاللاھ ھەر كۈنى بومداتتىن تەخمىنەن ئۈچ يېرىم سائەت ئىلگىرى بىز تەرەپكە يۈزلىنىدۇ...

سىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە بەرگەن مۇنۇ خەۋىرىنى ئويلاپ بېقىڭ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبىسى بىلەن خۇشال بولىدۇ» سىز ئويلاپ بېقىڭ! سىز بىر قانچە يىلدىن بىرى ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ چوڭ گۇناھلارنى قىلدىڭىز، ئاندىن سىز مەلۇم بىر كۈنى «ئى پەرۋەردىگارىم ئاللاھ! مەن چىن دىلىمدىن تەۋبە قىلدىم، گۇناھ ئىشلارنى ئىككىنچى قىلمايمەن» دېسىڭىز ئاللاھ مۇشۇ تەۋبىدىن مەمنۇن بولىدۇ.

## ياشلار سۆزلىشىۋاتىدۇ

A. مېنىڭ تەۋبە توغۇرلۇق بىر ھېكايەم بار، مەن داۋاملىق ئاتا- ئانام بىلەن تاكاللىشىپ بەزىدە ئاۋازىم يۇقىرى كۆتىرىلىپ كىتىپ ئۇلارغا ئازار بېرىپ قوياتتىم، مەن ئاتا- ئانىنى ئاچچىقلىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاتا- ئانامنى رازى قىلىپ گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا باشلىدىم. مەن ئاتا- ئانامنىڭ ئاچچىغى كېلىدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلماسلىققا قەتئى بەل باغلىدىم.

شۇندىن كېيىن ئاچچىغىم كەلگەندە ئوزۇمنى تۇتۇشقا تىرىشىپ دەرھال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت تەۋبە نامىزى ئوقۇپ نېرۋامنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدىغان بولدۇم.ئىلگىرى بۇ ئىش بىرئاز قىيىن تۇيۇلغان بولسىمۇ ئاللاھقا شۈكرى ھازىر ئاللاھ تائالانىڭ قەلبىمنى ئىسلاھ قىلىشى بىلەن ئاتا- ئانامنىڭ

ئالدىدا قەتئىي يوقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، مانا بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا بولغان مەرھەمىتى دەپ قارايمەن...

B. بۇ نېمە دېگەن ياخشى ئىش، ماڭا سىنىڭ ئىككى رەكئەت تەۋبە نامىزى دېگەن گېپىڭ ئالاھىدە تەسىر قىلدى، مەن سىنىڭ شۇ ئىشىڭنى ئۈلگە قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كىمكى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا، دەرھال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ تەۋبە قىلسۇن...»

بەزى ئادەملەر بىرەر ھەدىس قۇدسىينى ياكى تەۋبە توغرۇلۇق سۆزلەنگەن بىرەر ئايەتنى ياكى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئاڭلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنىڭ (ئەگەر ھەقىقى تەۋبە قىلسا) ئاسانلا مەغپىرەت قىلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ...

ئەمەلىيەتتە كىشىلەر يىگىرمە يىللىق گۇناھىنىڭ (ئەگەر ھەقىقى تەۋبە قىلسا) بىردەمدىلا مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ... مەن سىزگە شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى ئاللاھ خالىسا ئاشۇ ئىش چوقۇم مۇمكىن. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ئەبۇ زەردىن رىۋايەت قىلىنغان ماۋۇ ھەدىسكە قاراپ بېقىڭ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ ئەززە ۋەجەللىدىن يۆتكەپ مۇنداق دېگەن: «قانداقلىكى ئادەم بىر ياخشى ئىشنى قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون ھەسسە زىيادە قىلىپ يازىدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ؛ قانداقلىكى ئادەم بىرەر يامان ئىشنى قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسى شۇ يامان ئىشنىڭ بارابىردە بولىدۇ، ياكى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. قانداقلىكى ئادەم زېمىندەك خاتالىق ئۆتكۈزۈپ مېنىڭ ئالدىمغا ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي كېلىدىكەن، مەن شۇنىڭ بارابىرىگە ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن. قانداقلىكى ئادەم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلىشىدىكەن مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلىشىدىكەن مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا مېڭىپ كېلىدىكەن مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن». (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدىمۇ كىشىلەردىن بىرسى تازا ئىشەنمەي پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى (ئاللاھ ماڭا نۇرغۇن نېئمەتنى بېرىپ مېنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ

تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ) مەن ئاللاھقا ناھايىتى كۆپ خىيانەت قىلغان ئادەممەن مېنىڭ بۇزۇق ئىشلىرىم بەك كۆپ» دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا «تەۋبە قىلغىن» دېدى... ئۇ ئادەم «مېنىڭ خىيانەت ۋە بۇزۇق ئىشلىرىم كۆپ تۇرسا، ئاللاھ يەنە مېنى مەغپىرەت قىلامدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ» دېدى. شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەم ئۆز- ئۆزىگە «مېنىڭ قىلغان بارلىق خىيانەت ۋە يامان ئىشلىرىمنى مەغپىرەت قىلىدىغان ئاللاھ بۈيۈكتۇر» دەپ يۈرۈپ كەتتى.

ئويىدان دىققەت قىلىڭ! ... ئەگەر سىز ئاللاھنىڭ تەۋبىڭىزنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى تەستىقلىمىسىڭىز سىز ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرنى بىكار قىلىۋەتكەن بولىسىز... يەنى سىز ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىشىغا شەكتە بولۇپ قالسىڭىز، سىز ئاللاھنىڭ «تەۋۋاب» دېگەن سۈپىتىگە شەك قىلغان بولىسىز- دە، ئاللاھنىڭ سىزنى يېقىندا مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىغا شەك قىلىپ يەنە ئاسى بولغان بولىسىز... بۇ ۋاقىتتا شەيتان سىزنىڭ قاتتىق ئاسى بولغانلىقىڭىزغا قاراپ كۈلىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتانلار سىز ئەرەفات تېغىدىن چۈشۈۋاتقان چاغدىمۇ سىزگە «ئاللاھ مېنى مەغپىرەت قىلمىدىمىكى دەپ ئويلاۋاتىمەن» دېگۈزىدۇ، مانا بۇ مەغپىرەتتىن كېيىنكى تۈنجى گۇناھ ھېساپلىنىدۇ.

C. مەن بىرەر دىنىي پىروگراممىدا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرگەن ۋاقتىمدا نامازنى ئوقۇمايتتىم، بىر ئىككى كۈن تەرتىپلىك ئوقۇپ يەنە ئوقۇمايتتىم. بۇ ئىش مەن توي قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىپ كېتىۋەردى. بىر كۈنى ئايالىمنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن بىرى ماڭا ناماز توغرۇلۇق بىر مۇنچە گەپ قىلغان بولسىمۇ، يەنە بەزى ۋاقىتلاردا نامازنى ئۆزۈپ قويدۇم. ئاخىرى بىر كۈنى چۈشۈمدە بىر ئوتنىڭ جىسمىمغا تۇتاشقانلىقىنى مەن ئۇ ئوتتىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇغقانلىرىمدىن بىرىنىڭكىگە يۈگۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم... شۇنىڭدىن كېيىن مەن نامازغا سۇس قارىمايدىغان بولدۇم. پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مېنىڭ مەسجىدكە بېرىپ ناماز ئوقۇشۇمغا ئالتۇن يولنى ئېچىپ بەردى، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرىشىم ئىدى. بۈيۈك ئاللاھقا شۈكرى شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە نامازنى ئۈزۈپ قويمىدۇم.

D. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ تەۋبىگە ئالدىراشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋىتاتتىم. چۈنكى كۆپىنچە كىشىلەر گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ «مەن ئاللاھ خالىسا يېقىندا تەۋبە قىلىۋالىمەن» دەيدۇ. يېقىندا دېگەن زادى قانداق گەپ! ئەجەلنىڭ مۇئەييەن ۋاقتىنى ھېچكىم بىلمىسە، بۇ گەپنى دېيىشكە ئادەمنىڭ قانداق ئاغزى بارىدۇ؟ بۇرادەرلەر گەپنى ئاز قىلىپ تەۋبىگە ئالدىرايلى! ! !

E. بەزىدە مەنمۇ ھېس قىپقالىمەن، بىز پەرۋەردىگارىمىزغا ئاسىيلىق قىلىمىز، پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنىمۇ تونۇمايمىز! ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن نېئمەتنىمۇ تونۇمىدۇق ۋە قەدىرلىمىدۇق... چۈنكى بىز ئۇنى ھەقىقى تونۇپ قەدىرلىگەن بولساق، گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ ئاسىي بولۇشقا ئەبەدى جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتۇق...

F. بۇ ئورۇنلۇق گەپ بولىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يەردە ناھايىتى گۈزەل بىر كەلىمە بار... ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كىرىپ تۇنجى قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى «ئى خالايىق پەرۋەردىگارىڭلارنى چىن دىلىڭلاردىن ياخشى كۆرۈڭلار! » يەنى قەلبىڭىزدىكى ئەڭ بۈيۈك زاتنى ئاللاھ قىلىڭ. ئەگەر پەرۋەردىگارىمىزنى تونۇسىڭىز يېقىندا تەۋبە قىلىسىز، ئەگەر ئۇنىڭ مەقامىنى بىلىپ قەدىرلىسىڭىز يېقىندا تەۋبە قىلىسىز، ھېس تۇيغۇڭىزنىڭ قىممىتى ئاللاھنى تونۇش بىلەن بولىدۇ! سىزنىڭ ھايا قىلىش قىممىتىڭىز ئاللاھتىن ھايا قىلىش بىلەن بولىدۇ! سىزنىڭ خىجىل بولۇش قىممىتىڭىز ئاللاھنى غەزەپلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاسى بولغان چاغدا خىجىل بولۇش بولماسلىقىڭىزغا قاراپ ئۆلچەنسۇن! .

## تۆۋەندىكى تەۋبىنىڭ شەرتلىرىگە قانداق قارايسىز؟

ياشلارنىڭ قارىشى:

گۇناھ- مەئسىيەتتىن يىراق بولۇش، نامازنى كۆپ ئوقۇش ۋە مەغپىرەت تىلەش.

گۇناھ- مەئسىيەتتىن قەتئى قول ئۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھقا قاتتىق ئىتائەت قىلىش.

گۇناھ ئىشنى ئىككىنچى قايتا قىلماسلىق ۋە زالىملارغا قارشى تۇرۇش.

ئەمەلىيەتتە سىلەرنىڭ بۇ قارىشىڭلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاللاھقا تەۋبە قىلماقچى بولغان قايسى بىر گۇناھكارلار بولسۇن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى شەرت: گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش:

يەنى بىر ئىنساننىڭ مىڭلىغان چوڭ كىچىك گۇناھلىرى بولۇپ ئۇ، تەۋبە قىلغان چاغدا «مەن بۇ گۇناھ ئىشنى نېمە دەپ قىلغاندىمەن» دەپ قەلبىدە بىر ئەلەم پۇچۇلىنىشنى ھېس قىلىشى كېرەك... يىگىرمە يىللىق گۇناھ بولسىمۇ ئۇ، تەۋبە قىلغان چاغدا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قەلبى قورقۇنچىدىن تىترىشى كېرەك.

— سوئال: ئەگەر مەن ئاتا- ئانامنى قاقشىتىپ كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتسە، مەن قانداق تەۋبە قىلىمەن؟

— جاۋاپ: بىز يۇقىردا دېگەندەك سىز قاتتىق پۇشايمان قىلغاندىن سىرت ئۇلار ھەققىدە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىڭ! نامازئوقۇپ دۇئا قىلىڭ! ئۇلارغا ئاتاپ ئۆمرە قىلىڭ! ھەج قىلىڭ! مانا بۇ ئىشلار چوقۇم سىزنى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

تەۋبىنىڭ ئىككىنچى شەرتى: گۇناھ ئىشلارنى قەتئىي تەرك ئېتىپ، پوزىتسىيىسىنى ياخشى ئىشلارغا بۇراش.

ئۈچىنچى شەرتى: گۇناھنى ئىككىنچى قىلماسلىققا قاتتىق بەل باغلاپ ئاللاھ بىلەن توختام تۈزۈش.

ئەگەر سىز مۇشۇ ئۈچ ئىشنى راۋۇرۇس قىلالىسىڭىز، ئاللاھ سىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭىز ئۆچۈرۈلىدۇ، سەھىپىڭىز ئاق بولىدۇ.

ھازىر مۇشۇ رىسالىنى ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلەرمۇ دەرھال قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، گۇناھ ئىشلارنى ئىككىنچى قىلماسلىققا چىن قەلبى بىلەن بەل باغلىسا، گۇناھلىرى دەرھال ئۆچۈرۈلىدۇ...

ئەسكەرتىش: ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قەلبىگە قاراپ بولىدۇ.

كېيىنكىلار ئابدۇراھماننىڭ ھېكايىسىنى بىر ئاڭلىۋېتىپ ئاندىن گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى...!

ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىسى:

ئىسمىم ئابدۇراھمان، قانۇن پاكۇلتېتىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيمەن، ئۆيۈم خەلق كوچىسىدا، مەن تەنتەربىيىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ ئائىلەمدىكىلەر مېنى داۋاملىق ئۇنىڭغا قىزىقتۇراتتى. مېنىڭ بويۇم ئۇزۇن بولغاچقىمىكىن مەن داۋاملىق بىر ۋالىبول تەنھەرىكەتچىسى بۇلۇپ چېمپىيون بولسام دەپ ئويلايتىم... شۇ ئارزۇ- ئارمان بىلەن بىر كۈنى چوڭ بىر تەنتەربىيە كولۇبلىرىنىڭ بىرىگە بارغان ئىدىم، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى يۈرۈش- تۇرۇش، زامانغا ماسلىشىش ۋە سەۋىيە ئىكەن، ئەلۋەتتە مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىم بۇ ئۆلچەمگە ماس كەلمەيتى. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئاخىرى مەنمۇ ئاشۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى زامانىۋي ئىنسانلارغا بىر ئوخشاپ بېقىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم...

شۇندىن باشلاپ مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش نەدە تاماشا بولسا ئاق- قارىنى سۈرۈشتۈرمەي بېرىۋەردىم. كۆپلىگەن قىز- ئوغۇللار بىلەن تونۇشتۇم... شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە بېرىشقا باشلىدۇق... ماشىنىلار بىلەن مۇسابىقىلەشتۇق، ئىچىشتۇق، چېكىشتۇق... بىر كۈنى دوستلارنىڭ بىرى ماڭا ئادەتتىكىدىن باشقىچە بىر تاماكىنى تەڭلىدى، مەن ئۇنىمۇ ئىستىمال قىلىشقا باشلىدىم، ئۇندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلدىم...

بىر كۈنى پاكۇلتېتقا كىرسەم جەمئىيەت باشقىچە تۇرىدۇ. ماڭا ئوخشاش ياشلارنىڭ ھېچقايسىسى تەلىم- تەربىيەگە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مودا قوغلىشىش، كۆڭۈل خالىغان يەرلەرگە بېرىش، كېچىلىك تاماشالاردىن ئىبارەت ئىكەن. مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش مودا كىيىم- كېچەكلەرنى سېتىۋېلىش، ئۇياق- بۇياقلارغا بېرىشقا پۇلۇم يوقلۇقىدىن قاتتىق ئېچىنىدىم. خۇسۇسەن مودا كىيىم- كېچەكلەر يەرمەنكىسىدە ئىشلەيدىغان ئىككى قىز دوستۇمنى ئويلاپ روھى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن قانداق پۇل تېپىش مەسىلىسىدە ئويلىنىشقا

باشلىدىم، بۇ مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرىنچى ئىشىم بولۇپ قالدى. ئاخىرى بۇنىڭمۇ ئاستا- ئاستا يىپ ئۇچىنى بىلىشكە باشلىدىم... بىر كۈنى ماڭا ئوخشاش كەيپ- ساپا ئاغىنىلەرنىڭ بىرىگە قانداق پۇل تېپىش توغۇرلۇق پىكىرىمنى ئوتتۇرغا قويۇۋىدىم، ئۇ ماڭا ئۆزىگە ئوخشاش بولسام كۆپ پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى ئېيتتى.شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەدەن قۇرۇلمامنىڭ ئالاھىدىلىكى جىسمىمنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆز- كۆز قىلىپ چوڭ بايلارغا مېنىڭ قانداق ئىش بولسا قىلىۋېرىدىغانلىقىمنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بايلارنىڭ چاكىرىغا ئايلىنىپ ئۆلتۈرماقچى بولسا، ئۇرۇندۇقنى ئەكىلىپ دەرھال توغۇرلايدىغان، ئورنىدىن تۇرماقچى بولسا، چاپىنىنى كەيدۈرىدىغان ئىشلاردىن ئىبارەت خىيالىمغا ۋە چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدىم. قاۋاقخانىلاردا ھاراق ئىچتىم، ئۇچ يىل زەھەرلىك چېكىملىك چەكتىم... شۇنىڭ بىلەن تەدرىجى سالامەتلىكىم ئاجىزلىششقا باشلىدى. كۆڭلۈم بىر قىسمى بولۇپ ئاستا- ئاستا بۇ كىشىلەر بىلەنمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدىم... مەن پەخىرلىنىپ كىيىۋالغان كىيىم- كېچەكلىرىممۇ ھەركۈنى ئاز- ئازدىن يىرتىلىپ، تىتىلىپ يامىماپ ئۇڭشىغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كىلىپ قالدى...

بىر كۈنى مەن سەھەر سائەت ئۇچلەردە ئۆيدە ئۆلتۈرۈپ تامغا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم «مەن نېمە دەپ نۇرمال تۇرمۇشۇمغا تەكەببۇرلۇق قىلغاندىمەن؟ مانا بۇ مەن تەربىيلەنگەن ئۆي، ساپ ھاۋا، مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئائىلە...» مەن ئۆز- ئۆزەمگە قېيداپ سوئال سوراشقا باشلىدىم «ئى ئاللاھ سەن مېنى نېمشقىمۇ ياراتقانسەن؟» ئاشۇ ۋاقىتتا پەرۋەدىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزىنىڭ مېرىبانلىقى بىلەن مېنى يىراقتىن كەلگەن بىر رادىئو ئاۋازىغا مايىل قىلدى. مەن رادىئودىن ئاڭلىنۋاتقان بىر ئايەتنى ئاڭلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى، رادىئودا مۇنۇ ئايەت كەرىمە تىلاۋەت قىلىنۋاتاتتى {جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭلا ئىبادەت قىلىش ئۇچۈن ياراتتىم}. (زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت).

مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزەمنى سەجدىگە تاشلاشتىن باشقا ھېچبىر كونترۇل قىلالمىدىم... مەن قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى بومداتتىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. مەن قوپۇپ يۇيۇنۇپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن شۇنداق بىر تۇيغۇغا

كەلـدىمكى مەن پەرۋەردىگارىمغا- چۆلدە سۇ تاپالماي قاغجىراپ چاڭقاپ هالىدىن كەتكەن ئۇسسۇز، سۇغا قاتتىق مۇھتاج بولغاندەك- مەنمۇ پەرۋەردىگارىم ئاللاھقا قاتتىق مۇھتاج ئىكەنمەن. مەن ئىلگىرى ئۆزەمدە بىر ئىچى سىقىلىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتىم، ھازىر ئۇيىلاپ باقسام، بۇ دەل مەن مۇھتاج بولغان ئاللاھتىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى ئىكەن.

مانا ھازىر ۋۇجۇدۇمغا بىر نۇرنىڭ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا ئۆز نەپسىم بىلەن توختىماي تۇرۇۋاتىمەن، يەنى ئەگەر بىرەر خاتا ئىشنى قىلسام، ياكى بىرەر تال تاماكا چېكىپ قالسام ئاللاھ ئۈچۈن بىر كۈن رامىزان تۇتۇشقا ئۆز نەپسىم بىلەن توختام تۈزدۈم. مەن ھازىر ھاياتىمنى يېڭىدىن باشلاپ، ئىرادەمنى كۈچلاندۇرۇۋاتىمەن، ئىككى يىلدىن بۇيان باشقىچە يېڭى بىر ھاياتتا ياشاۋاتىمەن. مەسجىدتىن يىراقلاپ كېتىشنى كۆڭلۈم قەتئىي خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ مېنى مۇشۇ يولدا مۇستەھكەم قىلىشىغا دۇئا قىلىپ كۈندىلىك ھاياتىمنى بەختلىك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن...

ئاللاھنىڭ بىزگە بولغان رەھمىتى نېمە دىگەن زور- ھە! ! !

بۇ يەردە ئابدۇراھماننىڭ كەچۈرمىشىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئالىملارنىڭ ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر سۆزى بار، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:« ئىنسانىنىڭ قورسىقى تاماق ئۈچۈن ئاچسا، روھ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئاچىدۇ»

ئابدۇراھمان ئۆز ئاغزى بىلەن ئاللاھقا بولغان ئۇسسۇزلۇقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ۋەتەئەلا تەرەپكە قايتقانلىقىنى ئىپادىلىدى، مانا بۇ ھەقىقى تەۋبە... بىز بۇ يەردە ئابدۇراھماندىن بىر سوئال سوراپ باقايلى:

ئابدۇراھمان! سىز ئاللاھ تەرەپكە قايتماقچى بولغان تۇنجى كۈنلەردە ئۆزىڭىزنى قانداق ھېس قىلغان ئىدىڭىز؟

مەن شۇ كۈنلەردە بۇ دۇنياغا قىلچە كىرىكىم قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئىدىم. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى مېنىڭ ھاياتىم كۆرۈنۈشتە بەختلىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قەتئىي كۆڭۈللۈك بولمىغان ئىدى. مەن ھېلىقى ئايەتنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا قولۇمدىن كەتكەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالماقچى بولغاندەك بەلكى، ئۈمىد ئۈزگەن قىممەتلىك ھاياتىمنى بۇيۇك ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئارقىلىق قولغا

كەلتۈرەلەيدىغاندىكەندەك ھېس تۇيغۇدا بولغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن ئۆزەمنى ناھايىتى قامەتلىك، كۈچلۈك ھېس قىلاتتىم، كۆڭلىكى بەدەن چېنىقتۇراتتىم. بىرەر شەخسكە قارىسام ئۇ مەندىن قورقۇۋاتقاندەك ھېس تۇيغۇدا بولاتتىم. بىرەر قىزغا قاراپ قويسام ئۇ ماڭا ھەۋەس قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، لېكىن مەن روھى تەرەپتىن تۈگەشكەن بولۇپ خۇددى ماشىنا ئادەمگە ئوخشاپ قالغان ئىدىم. ئۆزەمنى كونترول قىلىشقىمۇ ماجالىم قالمىغان ئىدى. مەندە غايە، ئارزۇ دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. بىراق مەن ئاللاھ تەرەپكە قايتقاندىن كېيىن ئۆسمۈر ھالىتىدە ئەسلىمگە كەلدىم، مەن بۇ ئۆسمۈر نەپسىمنى تەربىيلەشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مەسىلەن مەن ئەتە رامىزان تۇتۇتمەن دىسەم ئۆسمۈر نەپسىم ماڭا «سىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىڭ، دەرسلىرىڭ تۇرسا قانداق روزا تۇتىسەن؟» دەپ خىتاپ قىلاتتى، مەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئاللاھ يولىدا نىيەت قىلغان ئىشىمنى قىلىۋېرىدىغان بولدۇم. شۇندىن تارتىپ نەپسىم تارتقان يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە باشلىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئىلگىرى بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار ئاستا- ئاستا ئاشكارا بولۇپ روھى ھالىتىم، ئېتىقادى قارىشىم، دۇنياغا بولغان كۆز- قارىشىم كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى... ئاللاھقا شۈكرى ھازىر مەن ئۆزەمنى ئىنتايىن بەختلىك دەپ ئويلايمەن.

مانا بۇ چىن ھەقىقەتتە! ئابدۇراھمان ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن قەلبىمدە ئىللىق بىر راھەتنى ھېس قىلىۋاتىمەن، شۇنداقلا بۇ يەردە بىر ئەسەرنى سىلەرگە ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم...

ئاللاھ تابارەكە ۋەتەئالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن:« ئى داۋۇد! مەندىن يۈز ئۆرۈگۈچلەر مېنىڭ ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بولغان ئىشتىياقىمنى ۋە تەۋبە قىلىشىغا بولغان رىغبىتىمنى ئەگەر بىلسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ماڭا مۇھەببەت باغلاپ ئىخلاس قىلاتتى. ئى داۋۇد! بۇ مېنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرگە بولغان رىغبىتىم بولسا، مەن تەرەپكە قايتقۇچىلارغا مېنىڭ مۇھەببىتىم قانداق بولا؟»

بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۆز تەرىپىگە قايتىشىمىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تازا ياخشى بىلەلمەيۋاتىمىز... ئابدۇراھماننىڭ ئۆلگىسى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ بىزگە بولغان

سېخىلىقنى تەكىتلەۋاتىدۇ... ئۇنىڭ يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھاياتىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقى ھەممىزگە مەلۇم...

مەن سۆزۈمنى تاماملاشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكى مەسىلىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

## تەۋبە بىر قېتىمدىلا تامام بولۇپ ئىش تۈگەمدۇ؟

ئەلۋەتتە ئىش ئۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، تەۋبە داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر قېتىم گۇناھ ئىشنى قىلىپ تەۋبە قىلدىڭىز، ئۇنىڭدىن يەنە تاسادىپىي قايتا قىلىپ قالسىڭىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يېڭىدىن تەۋبە قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق يول يوق...

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلسام ئۇ ماڭا يېزىلامدۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «يېزىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە «ئەگەر مەن تەۋبە قىلسامچۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئۆچۈرۈلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە «ئەگەر مەن قايتا قىلسامچۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «يېزىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە «ئەگەر مەن تەۋبە قىلسامچۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئۆچۈرۈلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە «ئەگەر مەن قايتا قىلسامچۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «يېزىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم «ئەگەر مەن تەۋبە قىلسامچۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئۆچۈرۈلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ئاخىرى ھېلىقى ئەئرابى «قاچانغىچە ئۆچۈرۈلىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا جاۋابەن «سىلەر ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتا زېرىكىپ قالمساڭلار، ئاللاھ گۇناھنى مەغپىرەت قىلىشتىن ھەرگىزمۇ زېرىكىپ قالمايدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى»، (بەيھەقى رىۋايىتى).

مەن ئەمدى بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بولغان بىر ئادەمنىڭ قىلمىشى بىلەن قىسسىنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بىرئادەم قىرىق يىل ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ بىر قېتىممۇ تەۋبە قىلمىغان ئىدى... يىللارنىڭ بىرىدە قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ بەنى ئىسرائىل زېمىنغا يامغۇر ياغمىدى. چارۋا- ماللار كېسەل بولۇشقا، زىرائەتلەر قۇرۇپ كىتىشكە، دەريالارنىڭ سۈيى پارغا ئايلىنىشقا باشلىدى... شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ «ئى مۇسا! سەن ئاللاھقا دۇئا قىلغىن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسۇن» دىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى يىغىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. «ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن»... «ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن» يامغۇر چۈشمىگەندىن كېيىن يەنە «ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن»... «ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن» دېدى. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا نىدا قىلىپ «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر جاۋاپ قايتۇرساڭ، نېمە ئۈچۈن بىزگە يامغۇر چۈشمەيدۇ؟» دىدى. ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ «ئى مۇسا! يامغۇر سىلەرگە ھەرگىز چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئاراڭلاردا بىر ئادەم بولۇپ ئۇ، ماڭا قىرىق يىل ئاسىيلىق قىلدى. ئۇنىڭ گۇناھ قىلىش شۇملۇقى بىلەن سىلەر يامغۇردىن چەكلەندىڭلار...»

ـــــ ئائىلىلەردىكى تەشۋىش، داۋالغۇش، يۈز بېرىۋاتقان مۈشكۈلە ۋە ئىقتىسادى ئەھۋالنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنسىلەر! ؟ ھەممىسى شۇ ئاسىينىڭ شۇملۇقى...

ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا نىدا قىلىپ «ئى پەرۋەردىگارىم! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن» دىدى. بۈيۈك ئاللاھ «سىلەر ئۇنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار» دىدى.

(قېرىنداشلار! ئاللاھنىڭ ئاسىيغا قانداق غەزەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەنسىلەر)

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە قاراپ «ئى بەنى ئىسرائىل! مەن سىلەرگە شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئارىمىزدا قىرىق يىلدىن بىرى ئاللاھقا ئاسىي بولغان بىر بەندە بار ئىكەن، شۇنىڭ گۇناھىنىڭ شۇملىقى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغماپتۇ. ئۇ ئارىمىزدىن چىقىپ كەتمىگىچە بىزگە ئەبەدى يامغۇر ياغمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن دەرھال چىقىپ كەتسۇن! » دىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى ئاسىي گۇناھكار بۇنىڭ دەل

ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىدىن باشقا بىرەر ئادەم چىقىپ قالامدىكى دەپ ئەتراپىغا نەزەر تاشلىغۇدى ھېچ ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم دەككە- دۈككە ئىچىدە پەرۋەردىگارى ئاللاھقا پىچىرلاشقا باشلىدى... «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا قىرىق يىل ئاسىيلىق قىلساممۇ سەن مېنى ئاشكارىلىمىدىڭ. ھازىر مەن ئۆزەمنى پاش قىلاي دىسەم جامائەت ئالدىدا پەسكەش بولىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ مەئسىيەتنى ئىككىنچى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ سەن بىلەن توختام تۈزسەم مېنى ئەپۇ قىلىپ، تەۋبەمنى قوبۇل قىلىپ مېنى خەلق ئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلمىساڭ...»

شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى ئاللاھقا يۈزلىنىپ «ئى پەرۋەردىگارىم! ئارىمىزدىن ھېچكىم چىقمايلا يامغۇر يېغىپ كەتتى» دىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئاللاھ تائالا «ئى مۇسا! يامغۇر ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بەندەمنىڭ تەۋبىسىدىن مېنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىم ئۈچۈن ياغدى» دىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ «ئى پەرۋەردىگارىم! مەنمۇ ئاشۇ بەندەڭ بىلەن خۇشال بولۇشۇم ئۈچۈن ئۇنى ماڭا كۆرسۈتۈپ قويغان بولساڭ! ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا جاۋابەن «ئى مۇسا! قىرىق يىل ئاسىيلىق قىلسا، مەن ئۇنى ئاشكارىلىمىغان تۇرسام، ئەمدى ماڭا تەۋبە قىلىپ كەلسە مەن ئۇنى پاش قىلامدىمەن؟! » دىدى.

قاراڭلار قېرىنداشلار! مانا بۇ بىزنىڭ سېخى مېھرىبان، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگارىمىزدۇر. پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ بىزگە يېقىنلىشىۋاتسا، بىز ئۇزۇن يىللاپ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كىتىۋاتىمىز. بۇ بىز ئۈچۈن ئەيىپ ئەمەسمۇ؟...

بەلكىم سىلەرمۇ ئاڭلىغان بولغىيتىڭلار «بىر ئادەم توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بىر ئاخۇنۇمدىن ‹مەن تەۋبە قىلسام بولامدۇ؟› دەپ سورىدى. ئاخۇنۇم ئۇنىڭغا ‹سىنىڭ تەۋبە قىلىشىڭنىڭ ئورنى قالماپتۇ› دىۋىدى ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يۈز قىلىۋەتتى. ئاندىن يەنە بىر تەقۋادار كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ ‹مەن تەۋبە قىلسام بولامدۇ› دەپ سورىۋىدى، ئۇ تەقۋادار ئادەم جاۋابەن ‹سېنىڭ تەۋبە قىلىشىڭنى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كىممۇ توسۇپ

قالالايتتى؟ بىراق سەن ھازىر تۇرۇۋاتقان يامان ئورۇننى تەرك ئېتىپ، پالان يەردىكى مۇنداق- مۇنداق يەرگە بارغىن! ئۇ يەردە ياخشى ئادەملەر بار» دەپ جاۋاپ بەردى. قاتىل بۇنى ئاڭلاپ دەرھال تۇرۇۋاتقان يەرنى تەرك ئېتىپ ھېلىقى تەقۋادار كىشى دەپ بەرگەن يەرگە كېتىۋېتىپ يېرىم يولدا ئۆلۈپ قالدى...

مالائىكىلەر بۇ ئادەمنى قانداق قىلىش توغۇرلۇق دەتالاشقا چۈشۈپ قالدى. رەھمەت مالائىكىللىرى «ئۇ ئاللاھقا تەۋبە قىلدى» دىسە، ئازاپ مالائىكىللىرى ئۇ ھېچقانداق ياخشى ئىش قىلمىغاننىڭ ئۈستىگە 100 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ۋەھيى قىلىپ «سىلەر زېمىننىڭ ئارلىقنى ئۆلچەپ قايسى تەرەپكە يېقىنلاشقانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار» دىدى. ئۇلار زېمىننىڭ ئارلىقنى ئۆلچىۋىدى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ياخشىلىق تەرەپكە بىر غېرىچ يېقىن چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى رەھمەت مالائىكىللىرى ئېلىپ كەتتى». (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بىر غېرىچ بولسىمۇ تەۋبىنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار... بىر غىرىچنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقنى يۇقىردا كۆردۈڭلار. ئاشۇ بىر غېرىچ چىن قەلبىمىزدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش بىلەن بولىشىمۇ مۇمكىن، كۆزىمىزدىن ئاققان بىر تامچە ياش بىلەن بولىشىمۇ مۇمكىن، ياكى ئىككى رەكئەت نامازئوقۇش بىلەن بولىشىمۇ مۇمكىن، ياكى ئاتا- ئانىمىزنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن بولىشىمۇ مۇمكىن، ئىشقىلىپ تەۋبە قىلىمەن دېگەن ئادەمگە ئۇنىڭ يوللىرىمۇ كۆپ ۋە تەۋبىنىڭ دەرۋازىسىمۇ ھەرۋاقىت داغدام ئوچۇق...

ئاخىردا بۇ رىسالەمنى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى لايىق كۆردۈم

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. ئەيىپلىرىمىزنى ياپقىن. ئاجىزلىرىمىزغا رەھىم قىلغىن. كەمچىلىكلىرىمىزنى ئۆزەڭ تولۇقلىغىن. بارلىق ئىشلىرىمىزغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن. بىزنى دوزاختىن يىراق قىلغىن. ئازغۇنلۇقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. بارلىق گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇۋەتكىن. بىزنى ئۆزەڭ رازى بولىدىغان يولغا باشلىغىن. ئى ئاللاھ! بىزنى دۇنيادىن ياخشىلىق بىلەن ئېپكەتكىن. بىز ساڭا ئاسىي بولۇپ

ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىشىڭنى سورايمىز.شېھىت ھالىتىدە ئۆلۈشنى سەندىن تىلەيمىز. ئۆلگەندىن كېيىن بەخت- سائادەتلىك جەننىتىڭنى ئارزۇ قىلىمىز. ئى ئاللاھ! بىز سەندىن بەختلىك ياشاشنى، شېھىتلەردەك ئۆلۈشنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىنى، دۈشمەنلەرگە قارشى ياردىمىڭنى سورايمىز. ئى ئاللاھ! بىز خار ھالەتتە ئالدىڭغا بېرىپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. تەۋبىمىزنى سېخىلىق سۈپىتىڭ بىلەن قوبۇل قىلغۇەتكىن. بىزگە تەۋبىنى چىرايلىق كۆرسەتكىن. بىزنى ئالدىڭغا ئاق يۈزىمىز بىلەن ئېلىپ كەتكىن. دۇنيادا ئېزىپ سەندىن غاپىل قېپقېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ! سەن بىزنى ئۇنتۇپ قالمىساڭمۇ، بىز سىنى ئۇنتۇپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. سەن بىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلغۇاتساڭمۇ، بىز ساڭا ئاسىي بولۇۋاتىمىز. ئى ئاللاھ! سەن بىزدىن بىھاجەت تۇرۇپمۇ، رەھمىتىڭنى بىزدىن ئايىمايۋاتىسەن، ئى ئاللاھ ... بىز ساڭا مۇھتاج تۇرۇپ يەنە ساڭا ئاسىي بولۇۋاتىمىز ئى ئاللاھ! مىسكىنلەرنى ئەپۇ قىلىپ، ئاجىزلارغا رەھىم قىلىپ، ئاسىيلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكىن! تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. ئى ئاللاھ! سەندىن باشقا بارلىق ئارزۇلىرىمىزنى بىزدىن يىراق قىلغىن. سىنىڭ يولۇڭدىن باشقا بارلىق يوللارنى بىزگە تاقىۋەتكىن. سەندىن باشقا بىزنىڭ ھېچقانداق پەرۋەردىگارىمىز يوق ئى ئاللاھ! دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلىپ بىزنى رازىلىقىڭغا ئېرىشتۈرگىن ئى ئاللاھ!

ئامىن، ئامىن ، ئامىن !

# قەلب سادالىرى

# دۇئا ھەققىدە

ئاپتورى : ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

كۆزلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ، يولى ئېتىلىپ ئامالسىز قالغان، كىشىلەردىن ياردەم تەگمىگەن، مەقسەتلىرىنى ئاشۇرالماي، تەنھا، بىچارە، قەلبى سىقىلىپ، كۆڭلى سۇنۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولسىمۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنلەرگە بېغىشلاندى.

ئاللىدىڭدا مەڭگۈ تاقالماس بىر ئىشىك تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىگىسى سېخى، بىھاجەت، ھەتتا ئۆزىدىن ھاجىتىنى سورىمايدىغانلاردىن غەزەپلىنىدۇ...

<u>بۇ كىتابچىنىڭ مەزمۇنى:</u>

*ھەممىمىز ئاللاھقا مۇھتاجمىز.

*ئۆلارنىڭ ھاياتىدىكى دۇئا.

*ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى.

*ياشلار بىلەن سۆھبەت.

*دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى.

*دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدىكى تۆت شەرت.

*كۆپچىلىك! چىن قەلبىڭلاردىن دۇئا قىلىڭلار!

سۆزىمىز ئىبادەتلەر ئىچىدىكى بىر خىل ئىبادەت ھەققىدە بولماقچى، لېكىن بۇ ئىبادەت توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى مەن سىلەرگە ھەممىمىز ھېس قىلىدىغان بىر مەسىلىنى ئوچۇق دېيىشىم لازىم:

ئەمەلىيەت شۇكى، ھەر- بىرىمىزگە بەزى چاغلاردا قىيىنچىلىقلار تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، بارلىقىمىز ئاللاھقا مۇھتاجمىز، ھەممىمىز ئاللاھدىدا ھاجەتمەنمىز، ھەر قاندىقىمىزنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلايدىغان ئارزۇلىرىمىز بار، ھەر قانداق بىرىمىزنىڭ ئاللاھ كەچۈرسكەن دەپ تىلەيدىغان گۇناھ- خاتالىقلىرىمىز بار، ھەر- بىرىمىزنىڭ ئاللاھقا ھەر خىل تىلىكى بولىدۇ، بۇنداق بولمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، مانا بۇ بىز «دۇئا» دەپ ئاتاۋاتقان نەرسىدۇر.

اللە مۇنداق دەيدۇ:{ ئى ئىنسانلار! سىلەر اللەقا مۇھتاجسىلەر، اللە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر...} (فاتىر سۈرىسى، 15- ئايەت)، مۇتلەق مۇھتاجلىق... بارلىق نەرسىلەردە مۇھتاجلىق... ھېچكىم بۇ ئاتالغۇدىن سىرت ئەمەس! بايمۇ مۇھتاج، كەمبەغەلمۇ مۇھتاج، ھاكىممۇ (ھۆكۈمرانمۇ) مۇھتاج، پۇقرامۇ مۇھتاج، خوجايىنمۇ مۇھتاج، خىزمەتكارمۇ مۇھتاج...

ھەممە- ھەممىمىز اللەقا مۇھتاجمىز، ئۇ بولسا بىھاجەت تەنھا زاتتۇر، شۇڭا بىز اللەقا ھاجەتمەنمىز.

اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ:{ رەببىڭلار ئېيتتىكى، (ئى بەندىلىرىم!) دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن} (غافىر سۈرىسى، 60- ئايەت) دېگەن سۆزى ھەققىدە، بۈنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا بىرلىكتە تەپەككۇر قىلىپ باقايلى، رەببىمىز ئۆزىگە دۇئا قىلىشىمىز بىلەنلا ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ! بۇنىڭدىنمۇ قىزىقارلىقى بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزگە كېلىپ مۇنداق دېدى:« ئى اللەنىڭ رەسۇلى! رەببىمىز بىز تۇۋلاپ چاقىرغۇدەك يىراقتىمۇ ياكى سىرداشقۇدەك يېقىندىمۇ؟» يەنى، بىز يا رەببىم، يا رەببىم! دەپ تۇۋلىغۇدەك يىراق ئارىلىقتىمۇ، ياكى جىمجىتقىنا سىرىمىزنى تۆككۈدەك يېقىن، يېنىمىزدىمۇ؟ دېمەكچى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدى ۋە شۇ ھامان اللەنىڭ بۇ ئايىتى نازىل بولدى:{ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن!} (بەقەرە سۈرىسى، 186- ئايەت)

دېمەك، بۇ مەسىلىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىچىلىقى لازىم بولمايتتى، اللە تائالا ھەرگىزمۇ: ئى مۇھەممەد، مېنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىمنى ئۇلارغا دېگىن! دېمىدى، بەلكى ئۇدۇللا، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، دەپ بىلدۈردى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام

بولسا بىزگە مۇنداق دەپ يەتكۈزگەن:« كىمكى اللهتىن ھاجىتىنى سورىمىسا الله ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ» تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، كىمكى اللهتىن ھاجىتىنى تىلەشكە ئادەتلەنمىسە، الله ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدۇ، سەن مۇسۇلمان بولغانىكەنسەن ئىككى قولۇڭ اللهتىن ھاجەت سوراپ دايىم يۇقۇرى كۆتىرىلىپ تۇرۇشى تەبىئىيلىكتۇر!

رەسۇلىمىز بىزگە مۇنداق بىلدۇرگەن ئىدى:« دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەت» (تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە بىزگە شۇنداق بىر ئىسىل ھەدىسنى ئۆگەتكەنىكى، ھەر- بىرىمىزنىڭ بۇ ھەدىس ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ بېقىشىمىزنى ئاززۇ قىلىمەن، چۈنكى بۇ ئىسىل ھەدىس ھەر- بىرىمىزنىڭ رەببىمىزگە دۇئا قىلىشى بىلەن روھىي دۇنيايىمىزدا زور قۇۋۋەت پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئىشارە ئىدى:« الله تائالا ھەقىقەتەن ھايالىقتۇر، سېخىدۇر، بەندە ئىككى قولىنى كۆتىرىپ دۇئا قىلسا ئۇلارنى ئۈمىدسىز قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ»، (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھايالىق»، «سېخى» ئىسىملىرىنى تاللىغانلىقىغا قارىغىن، «ھايالىق»، يەنى الله ئۆزلۈك سۈپىتىگە لايىق ھالدىكى ئىنتايىن ئۇياتچانلىق؛ «سېخى»، يەنى الله ساڭا سورىماستىنلا بېرىۋېرىدۇ... الله مۇشۇنداق ئۇلۇغ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغاچقا، دۇئا قىلىپ قولۇڭنى كۆتەرسەڭ ھېچ قاچان ئۇنى ئۈمىدسىز قايتۇرمايدۇ! قەلبىڭلار دۇئا قىلىشقا تەلمۈرۈۋاتامدۇ؟

ئەمدى مەن «دۇئانىڭ ئۆزى ئىبادەت» دېگەن ھەدىس ھەققىدە بىر سوئال سوراپ باقاي: دۇئانىڭ ئۆزى ئىبادەت بولسا نامازنى نېمە دېيىش كېرەك؟ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن ئىبادەت مەسىلىسىدە دۇئانىلا تىلغا ئالغان؟

## ياشلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

* مېنىڭچە ناماز ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بىز ناماز ئوقۇغىنىمىزدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيمىز ھەمدە باشقا مەلۇم سۈرىلەرنىمۇ ئوقۇيمىز، ئەمما دۇئا بولسا، مەن اللهقا بىۋاستە

سۆزۈمنى دەيدىغان، ئىچىمدىكى ۋە قەلبىمدىكى بارلىق تىلەك- ئارزۇلىرىمنى يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ، ئىبادەت دېيىشتىن مەقسەت مۇشۇ.

* مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: دۇئا دېمەك ئىبادەتتۇر، چونكى مەن بىرسىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلسام بۇ مېنىڭ شۇنداق دەپ ئېتراپ قىلغىنىم بولىدۇ: ئۇ بارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، خالىغىنىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگىنى بويىچە ئايىماي بېرىدۇ، مانا بۇ رەۋىشتە ياراتقۇچىمىزنىڭ پەزلىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىز ئىبادەتنىڭ ئالىي دەرىجىسىدۇر.

* مېنىڭ قارىشىمچە، ئىنسان دۇئا قىلىپ، (ئى رەببىم، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بىچارىمەن، سەندىن باشقا تايانچىم يوق) دەپ تۇرغان چاغدا، بۇ ئۇنىڭ اللەنىڭ مۇھتاج بەندىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق پاكىتى بولىدۇ. مېنىڭچە رەببىمىز بىلەن بولغان ئالاقىمىز ھەرگىزمۇ پەرزلەرنى ئادا قىلىش- روزا، ناماز ئوقۇش ۋە ھەج قىلىش قاتارلىقلار بولماستىن، بەلكى ئاساسى جەھەتتىن سۆيگۈ ئالاقىسىدۇر، مەن بىرىنچى بولۇپ اللەقا بولغان مۇھەببىتىم ۋە دۇئالىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىشىمەن، ئاندىن اللەنى سۆيگەنلىكىمدىن ئۇنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، دۇئا قىلىپ ۋە يېقىنلىشىپ تۇرۇشۇم شەكسىز...

ياشلار تەرىپىدىن دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا قوشۇلۇشۇم بىلەن بىرگە، باشتىكىلەرنى يىغىنچاقلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار.

ئىبادەت سۆزى ئەسلىدە «قۇلچىلىق» قىلماق، يەنى مەلۇم خوجايىنغا قۇل بولماق دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، «قۇل» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، تۇنجى بولۇپ نېمە ئويىڭىزغا كېلىدۇ؟ بىچارىلىق... بويسۇنۇش، ئىلتىجا ۋە مۇھتاجلىق...

دېمەك ئىبادەت كەلىمىسىنىڭ ئەسلى مەنىسى «بويسۇنۇش»، مەسىلەن بىر ئىنسان ناماز ئوقۇغاندا تولۇق بوي سۇنۇشنى ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن، يەنى نامازدىكى چاللىق سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىكتىن. مەسىلەن سەن يەنە زاكات پەرزىنى ئادا قىلىۋاتقىنىڭدا تولۇق بويسۇنۇشنىڭ مەنىسىنى ھېس

قالالماسلىقىڭ، نۇرغۇن ئىبادەتلەردە بۇخىل بويسۇنۇشنى بىۋاستە سېزەلمەي قېلىشىڭ مۇمكىن.

ئەمدى سەن قولۇڭنى كۆتىرىپ: ئى رەببىم! مەن ساڭا مۇھتاجمەن، بۇ ئىشتا سەندىن باشقا ھېچكىم مېنى قۇتقۇزالمايدۇ! دېگەن ۋاقىتىڭدا، قۇلچىلىقنى سەزمىگەن ھالدا مۇنداق دېيەلىشىڭ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ ياكى قۇلچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىسى اللهقا دۇئا قىلىشتۇر، چۈنكى سەن بۇ چاغدا رەببىڭگە ئىنتايىن يېقىنلىغان بولسەن، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ھەم كۈچلۈك رەببىڭ ئىكەنلىكىنى، ئۆزەڭنىڭ ئۇنىڭغا مۇھتاج ئاجىز، زەئىپ بەندىسى ئىكەنلىكىڭنى تونۇپ يەتكەن بولىسەن، شۇڭا سەن دۇئا قىلىۋاتقان چېغىڭدا شۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى، سەن الله تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈنلا دۇئا قىلىۋاتمايسەن، بەلكى ئۇنىڭغا تولۇق بوي سۇنۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، قۇلچىلىقنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ ئارقىلىق رەببىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتىسەن ....

## بۇلارنىڭ ھاياتىدىكى دۇئا

ۋەجدى ئەلئەرەبى...

ئۇستاز ۋەجدىدىن سورايدىغان سوئالىمىز:

ھاياتىڭىزغا دۇئا قانداق تەسىر قىلدۇ، تۇرمۇشىڭىزدا بۇ ئىبادەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟

* راستىمنى ئېيتسام ئارىمىزدىكى ياشلارنىڭ دۇئانىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىگە، ئۇنىڭ قانداق ئىبادەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىگە دىققەت قىلدىم، ماڭا شۇنداق ئوي كەلدى: ئىنسان دۇئا قىلىۋاتقاندا تولۇق بويسۇنۇش ۋە مۇھتاجلىقتا چوڭكۈپ تۇرۇشى چوقۇم، كىمگە؟ بىر خىل كۈچكە، بۇ كۈچ - الله تائالادىن ئىبارەت بۈيۈك كۈچتۇر.

رەسۇلىمىز ئەلەيھىسسالام بۇ خۇسۇستا قىلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قويماي بىزگە ئۆگەتكەن ئىدى، يەنى بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىز دۇئادىن ئىبارەت، بارلىق

ئىبادەتلىرىمىز دۇئادىن ئىبارەت... ئۇيقۇدىن ئويغىنىشتا دۇئا بار، ئۇخلاشنىڭ دۇئاسى بار، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى دۇئا بار، ئۆيدىن سىرتقا چىقىشتا دۇئا بار، ئۆيگە كىرىشتە دۇئا بار، خالاغا كىرىشتە دۇئا بار، خالادىن چىقىشتا دۇئا بار؛ ئاياللىرىمىزغا يېقىنلىششتا دۇئا، يېڭى كىيىم كىيىشتمۇ دۇئا... شەخسەن مېنىڭ دۇئا قىلىشتا بىر نەچچە خىل تەجرىبىلىرىم بار: ھەر قانداق بىر مۇشكۈلات ياكى قىيىنچىلىققا يولۇقسام، ئادىتىم بويىچە ئانام بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭغا:« بۇ كۈنلەردە مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟» دەيمەن، ئۇ «ياق بالام، ھېچقاچان ئۇنۇتمىدىم، بامدات نامىزىمدا ساڭا ئۇزمەي دۇئا قىلىپ تۇرۋاتىمەن» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ... يەنە مەسىلەنگە، بەزىدە پۇلغا مۇھتاج بولۇپ قالسام دەررۇ ھەل قىلىش چارىسىگە سۈرە (ۋاقىئەگە) ئىلتىجا قىلىمەن، چۈنكى رەسۇلىمىز بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېگەن:« ئەگەر بۇ سۈرە بىر ئۆيدە ئوقۇلسا، بۇ ئۆيگە ھەرگىز كەمبەغەللىك يولمايدۇ». (بەيھەقى، ئەبۇ يەئلا بۇ مەنىدە رىۋايەت قىلغان)

تېخى ئىككى كۈن بۇرۇن ئايالىم بىلەن ئازراق پۇل لازىم بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىكەن چېغىمدا، ئۇ ماڭا:« نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ يۈرىمىز، بىزدە ‹ۋىتامىن› بارغۇ؟» دەيدۇ. الله رازى بولسۇن، ئايالىم ھەر قانداق نەرسە سېتىۋېلىشتا، ھەتتا ئاياغ سېتىۋېلىشتىمۇ، الله خالىمىغان بولسا سېتىۋېلىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلمىسۇن دەپ، اللەقا ئىستىخارە قىلىپ ئاندىن ئالىدۇ...

الله تائالا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن: بەندەم دايىم نەفلى ئىبادەتلەر ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىدۇ- دە، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، مەن بەندەمنى ياخشى كۆرسەم ، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقىغا، كۆرىدىغان كۆزىگە، تۇتىدىغان قولىغا، ماڭىدىغان پۇتىغا ئايلىنىمەن، مەندىن سورىغىنىنى بېرىمەن مەندىن پانالىق تىلىسە، پانالىق بېرىمەن». (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ھەقىقەتەن كارامەت! مۇھىمى مەن «ۋاقىئە» سۈرىسى بىلەن مەشغۇل بولدۇم، كېچە - كۈندۈزلۈك ۋەزىپەم قىلىپ، زىكرى- تىلاۋەت قىلىشتا ئۇزەم ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىتلاردا- بامداتتىن كېيىن، شامدىن ئىلگىرى تەكرارلىدىم. الله بىلەن قەسەمكى، ئويلىمىغان يەردىن الله رىزقىمنى «تەلۋىمنى» ئاتا قىلدى! مەن ئايالىمغا:« سۈرە

ۋاقىئەنىڭ كارامىتى» دېدىم. اللەنىڭ غەمخورلۇق- كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئىسپاتى قاتارىدا، ئۇ مېنىڭ تەلىۋىمنى ئىجابەت قىلدى.

مەن بىر نەرسە دېمەكچىمەن، ھەممىمىز ھاياتىمىزدا كۆپلىگەن بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن ئۆتىمىز، ئارىمىزدىكى ھەر- بىرىمىز مەلۇم بىر دۇئانى قىلغان ياكى باشقا بىرسى ئۇنىڭغا قارىتا دۇئا قىلغان بولىدۇ، بۇ دۇئانىڭ سەۋەبى بىلەن سەن بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر ئەھۋالغا ئۆتىسەن. دۇئادىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ئانىلارغا ئالاقىدارلىقى بار، ئىنتايىن ئاجايىپ ئالاقىسى بار؛ بولمىسا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نېمشقا:« جەننەت ئانىلارنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىدۇر» دەيدۇ؟ (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

الله بىلەن قەسەمكى، بۇرۇن مەن كۆنىگە تۆت قاپ تاماكا چېكەتتىم، اللەقا يالۋۇرۇپ كۆپ دۇئا قىلدىم، «ئى رەببىم، ئى پەرۋەردىگارىم! دەيتتىم. بەيتۇللانى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان چېغىمدا، كەبىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىمدا مېنىڭ بىر ئىجابەت بولىدىغان دۇئايىم بارلىقىنى بىلگەچكە، دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن دۇئا قىلدىم:« ئى رەببىم! مېنى تاماكىدىن قۇتقۇلدۇرغىن!» دېدىم. اللەقا شۈكرى، ھەققەتەن دۇئايىم ئىجابەت بولدى، ئۇزۇنغا قالماي تاماكا چېكىشتىن قۇتۇلدۇم. مەن يالغۇزلا دۇئا قىلمىغان ئىدىم، ئايالىم ۋە ئانام مەن بىلەن بىللە ئىدى.

## ياشلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

بىر مەسلە، بەزىلەر دۇئا قىلسىمۇ، دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولمىغانلىقىدىن جىق داتلايدۇ، الله ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان تۇرۇغلۇق بۇنداق بولۇشىنى قانداق چۈشىنىسىز؟

* بەلكىم تولۇق ئىشەنچ يوق بولغان بولۇشى مۇمكىن، يەنى ئەگەر مەن تولۇق ئىشەنچ قىلغان ھالدا دۇئا قىلمىسام، دۇئايىم ئىجابەت بولمايدۇ.

* بەلكىم ئىجابەت بولماسلىقتا بىر خىل ھېكمەت يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى، رەببىمىز تىلىگەن نەرسىمىز ئۆزىمىزگە پايدىسىز بولغاچقا ئۇنى مەنئى قىلغاندۇر.

ئەمەلىيەتتە، ئىجابەت كېچىكىشىنىڭ سەۋەبى، اللەنىڭ بۇ بەندىنى سۆيگەنلىكى بولۇشى مۇمكىن، بۇ سۆزىمىزنى تەكىتلەيدىغان بىر ئەسەر (ھەدىس ) كەلگەن:« اللە تائالا، ئى جىبرىل، بەندەم ماڭا دۇئا قىلدىمۇ؟ دەيدۇ، جىبرىل، شۇنداق رەببىم، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. اللە تائالا: ئى جىبرىل، بەندەم ماڭا يالۋۇرۇپ سورىدىمۇ؟ دەيدۇ، جىبرىل: شۇنداق ئى رەببىم! دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. اللە تائالا: ئى جىبرىل، بەندەمنىڭ تىلىكىنى كېچىكتۈرگىن، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، دەيدۇ».

بەزىدە بولسا، اللە تەبارەك ۋەتەئالا ساڭا قۇلچىلىق قىلىشىنى ئۆگىتىشنى ياخشى كۆرگەچكە، سەن دۇئا قىلساڭ، ئىجابەت قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ- دە، سەن بۇ ئارقىلىق اللەقا يېقىنلىششىنىڭ لەززىتىنى سېزىشكە باشلايسەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى ئاڭلىغىن:« دۇئا قىلغان ھەر قانداق ئادەم بولىدىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بۇلىدۇ: بىر بولسا دۇنيادىلا مەقسىدىگە يەتكۈزىدۇ، ياكى ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مەرتىۋىسى ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ، كىشىلەر قىيامەت كۈنى كەلگەندە، رەببىمىز ئۇلارغا: جەننەتتىن بۇلارنى، يەنە بۇلارنى ئالغىن دەپ ئىلتىپات كۆرسەتكەندە، بەندە: ئى رەببىم بۇ قايسى ئەمەلىمنىڭ ھېسابىغا؟ دەپ سورايدۇ، اللە ئۇنىڭغا: دۇنيادا قىلغان مۇشۇ مەرتىۋەڭ ئۈچۈن ئىجابەت قىلىنمىغان دۇئالىرىڭ ھېسابىغا بېرىلدى، دەيدۇ، ھەتتا بەزى مۆمىنلەر: ئى رەببىم، مەن بۇرۇن قىلغان دۇئالىرىمدىن ھېچ نەرسىنى ئىجابەت قىلمىغان بولساڭچۇ! دەيدۇ». (تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن مۇشۇ مەنىدە رىۋايەت قىلغان).

يەنە شۇنداقلا، بىرسىنىڭ دۇئاسىنىڭ مىقدارىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.

سەن بىر ھەپتە، بىر ئايلارغىچە داۋاملىق ئۇزمەي دۇئا قىلساڭ، ئىجابەت بولۇشى كېچىكسە، ئەمەلىيەتتە ئىجابىتى كېچىككەن ھەر بىر دۇئايىڭنىڭ بەدىلىگە گۇناھلىرىڭنىڭ مەغفىرەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىن!

دېمەك، بەزى چاغلاردا دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى كېچىكسە، بۇ ئىنسانغا پايدىلىق بولىدۇ.

ئۇنداقتا الله بىر بولسا، سىنىڭ ئاۋازىڭنى داۋاملىق ئاڭلاشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئىجابەت قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ، بەزىدە بولسا، الله ساڭا قارىمىدى، دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلمىدى دەپ ساڭا ۋەسۋەسە سېلىش ئۈچۈن كەلگەن شەيتىنىڭ بىلەن قانداق كۆرەش قىلىشنى ساڭا ئۆگىتىش ئۈچۈن الله ئىجابەتنى كېچىكتۈرىدۇ. دېمەك رەببىمىز سېنى سىناش ئۈچۈن، ياكى سېنى شەرمەندە قىلغان ھالدا الله ئىجابەت قىلىدۇ، دەپ شەيتىنىڭنى قوغلىۋېتىشنى ساڭا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىجابەتنى كېچىكتۈرىدۇ. بەزى چاغلاردا ئىجابەتنى كېچىكتۈرۈش ساڭا پايدىلىق بولغاچقا كېچىكتۈرسە، يەنە بەزىدە سېنىڭ گۇناھ قىلىۋاتقانلىقىڭنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىجابەتنى كېچىكتۈرىدۇ، بۇ چاغدا بۇنداق گۇناھتىن تۆبە قىلساڭلار، الله چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ.

## تەۋبە قىلغان بىر ياشنىڭ دۇئاغا ئالاقىدار كەچۈرمىشلىرى

* ئىسمىم ئابدۇللا، يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىم، مىسىردا ئېلان- تەشۋىقات شىركەتلىرىنىڭ بىرىدە ئىشلەيمەن، تەقۋادارلىققا ئۆتۈش جەريانىمنى ئاددى ھالدا بايان قىلسام، 16 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا (كۇلەيىب سىنئالغۇسىدە) كىيىم مودىلى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم، نەتىجىدە، ئاتا- ئانامنىڭ ياخشى تەربىيلىگىنىگە بولۇپمۇ ئانامنىڭ ئالاھىدە تەسىر سىڭدۇرگىنىگە قارىماستىن، بۇزۇقچىلىققا تولغان ئاتموسفېرا بىلەن تونۇشتۇم، مەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا ناماز ئوقۇش ئاساسىدا ياخشى تەربىيە ئالغان بولسامۇ، ئەپسۇسكى ناچار كىشلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان سەۋەبىمدىن ئۆيۈمدىن ئالغان تەربىيەمدىن يىراقلىشىپ كەتتىم، قىسقىسى ناچار ئىشلار تەرەققى قىلىپ، شەيتان ھەقىقەتەنمۇ ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. مەسىلە سىرتلارغا چىقىپ، تاماشا قىلىش، ئاشخانىلاردا تاماقلىنىش بىلەن باشلاندى – دە، يۈرۈشۈپ كەتتى... بىراق ئىشلارنىڭ كەينىدىن: سىرتتا يەپ- ئىچىش ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ، —— بەس، يېڭى ئىشلارنىمۇ قىلىپ باقاي، دەيتتۇق. نېمە يېڭى ئىشلارنى قىلسامكەن دەپ يېڭىلىق ئىزدەپ بىر مەزگىل يۈردۇق، ئاخىرى ئىشلار ھاراققا، زەھەرلىك چېكىملىككە قاراپ تەرەققى قىلدى،

كوللېكتىپ تانسا- ئۇسۇل كېچىلىكلىرىگە، سىنئالغۇخانىلارغا قاتنىشىپ، نەچچە كۈنلەپ ئۆيگە بارماي سىرتلاردا تۈنەپ قالىدىغان بولدۇق .

ھەر قېتىم ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغان چېغىمدا مەيۈسلىنىپ، مەن قىلىۋاتقانلىرىمدىن ھەقىقەتەن بەختلىكمۇ؟ ياكى ئۆزەمنى ئالداش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق دەۋاتامدىمەن؟ دەپ ئۆزەمگە سوئال قۇياتتىم.

بىراق دوستلىرىم بىلەن بىللە بولۇپ ئۇلارنى كۆرگەندە بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا قىلىۋاتقانلار بولۇپ يالغۇز مەنلا توغرا قىلارمەنمۇ؟ دەيتتىم ـ دە! ئۇلار نېمە قىلسا شۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم... ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئىشنى توغرا دەپ قارىغان ئىكەن، ماڭدىغان يولۇڭ مۇشۇ دە! ئۇلار بىلەن ئارلىشىپ كەتكىنىمدە خۇددى ئۆزەمنى يوقىتىكدەكلاسىزەتتىم، ئەتراپىمغا قاراشقا پېتىنالمايتتىم، خۇددى مەن ئۆلۈكتەك... تامامەن ئۆلۈكتەك ياشاۋاتاتتىم...

مەندە ھەر قانداق ناتوغرا ئىشنى ئىككىلەنمەستىن قىلالايدىغان قاپ يۈرەكلىك بار ئىدى، ھەتتا مېنىڭ نەزەرىمدە خاتا ئىش توغرا، توغرا ئىش خاتا بولۇپ قالدى، ناماز، قۇرئان ئوقۇشتەك ئىشلاردىن قېچىشىم لازىم ئىدى...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەمرالىرىم بىلەن بىللە ئۈلگەن ئادەملەر توغرىسىدىكى فانتازىيىلىك سىنئالغۇ فىلمىنى كۆرىۋاتاتتۇق، فىلمدە شەيتان قاقاقلاپ كۈلۈپ كىشلەرنى دوزاخقا كىرگۈزەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزەمنى ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالغاندەك، شەيتان ماڭا كۈلۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم- دە، غەلىتە بىر خىل قورقۇنچقا چۈشۈپ قالدىم، ھېستىرىيەلىك قورقۇنچ سەۋەبىدىن ھەمرالىرىم ئارىسىدا قاتتىق چىقىراپ تاشلاپتىمەن، بىز تۇرغان ئۆيدە جىن ــ شەيتانلار باردەك ھېس قىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇشقا پېتىنالمىدىم ۋە ئۇلارغا: مەن كېتىمەن! دېدىم. مەن ھۇشۇمنى بىلىپ-بىلمەي ئۆيۈمگە باردىم، پۈتۈن بەدىنىم لاغىلدايتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم، شۇ چاغدا بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى، مەن، تاھارەت ئالاي، سۈرە ياسىننى ئوقۇي دېدىم، لېكىن ھېچ نەرسە ئوقۇيالمايۋاتاتتىم، چۈنكى شەيتان روھى دۇنيارىمنى ئىگەللىۋالغانىدى... قۇرئان ئوقۇسامىلا بەدىنىم لاغىلداپ تىترەپ، تېخمۇ قورقۇنچقا

چۈشەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولدۇم. ئۆيي بىلەن مەسجىدنىڭ ئارلىقى يۈز مېتىرلا كەلسىمۇ، لېكىن ئۆزەمنى قاھىرەدىن ئاسۋانغا بارغاندەك ھېس قىلاتتىم. قورقۇپ ئاران ماڭاتتىم، كېيىن يۈگرەشكە باشلايتتىم، شەيتان ماڭا ۋەسۋەسە قىلىپ، سەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭ، ناماز ئوقۇش كېرەك ئەمەس، دەيتتى. ئۈچ ئاي (90كۈن) شەيتان بىلەن توختىماي تىنىمۇ- تىنى كۈرەش قىلدىم.

اللەقا شۈكرى، الله مېنى ئۆز پەزلى ئارقىلىق شەيتان ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە مۇيەسسەر قىلدى، ئۇ مېنى بەك چارچىتىۋەتكەندى، تاھارەت ئالسامۇ، ناماز ئوقۇسامۇ، قۇرئان ئوقۇسامۇ شەيتان مېنى قىينايتتى، ھەتتا مەن ئانامغا ئۆزەمنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم، ئانام نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى مەندىن سورىدى، مەن ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى دەپ بەردىم، بۇنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىنى، قايسى كۈنى بولغانلىقىنى ئېيتتىم. ئانام سۇبھانەللاھ دەپ اللەنى ئۇلۇغلاپ توۋلاپ كەتتى ۋە «دەل ئاشۇ كۈنى مەن سەن ئۈچۈن كۈن بويى دۇئا قىلغان ئىدىم، اللەنىڭ سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن ساپ قەلبىم بىلەن، خالىس نىيىتىم بىلەن دۇئا قىلغانىدىم» دېدى...

مەن ھەقىقەتەنمۇ قەلبىمگە ھىدايەت ئورناۋاتقانلىقىنى، خۇددى ماڭا سىڭىپ كىتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. گويا ئانامنىڭ دۇئالىرى الله تەرىپىگە ئۆرلەپ، الله ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئاندىن دەرھال چۈشكەندەك، شۇ ھامان 180 گىرادۇس بۇرۇلدۇم ۋە ئانامغا:« ئەمدى قانداق قىلىمەن؟» دېدىم.

ئۇ:« ئىنشاالله، رەببىمىز دۇئايىمنى قوبۇل قىلىپ، سېنى توغرا يولغا- مەسجىدكە- يېتەكلىگەي، سەن ئەمدى ئۆزەڭ بىلەن ھەم شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىشىڭ كېرەك، الله سېنى مۇۋەپپەق قىلغان يولدىن ھېچ قاچان ئايرىلماسلىققا تىرىشقىن، رەببىمىز ساڭا جەننەتكە كىرىشنى نېسىپ قىلغۇچە تىرىشقىن» دېدى.

مەن ھەقىقەتەنمۇ چىداپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىگەن ئىدى، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن قىينچىلىقىمنى پەقەت «جەڭ» دېگەن سۆز بىلەنلا تەسۋىرلەپ بېرەلەيمەن. كېچە- كۈندۈز ئىچىمدىمۇ، سىرتىمدىمۇ جەڭ بولۇۋاتاتتى. ئاخىرى بىر مەسجىدكە بېرىپ،

ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە ئۇ كىشىگە مەندە يۈز بېرىۋاتقان قاتتىق قورقۇنچنى، شەيتان مېنى قانداق ئالداپ مېنىڭ ساراڭ ئىكەنلىكىمنى خىيالىمغا ئورنىتىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كىشى ماڭا «شەيتاننىڭ ئۇسۇلى مۇشۇنداق، ئۇ ئۆزىدىن يىراقلاشقانلارنى كۆرگەن چاغدا مۇشۇنداق قىلىپ بارلىق قورالنى ئىشقا سېلىپ باقىدۇ، شەيتاننىڭ ھىيلىسى ئاجىز، بارا- بارا ئېچىڭىدىكى شەيتان ئويۇنلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئۆلۈپ تۈگىشى بىلەن ئۇ سېنى تاشلايدۇ، سەنمۇ ئۆز قورالىڭ ئارقىلىق شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىشىڭ كېرەك، قۇرالىڭ بولسا، ناماز، قۇرئان ۋە تەقۋادارلىقىڭدۇر» دېدى.

مەن رامىزاننىڭ 28- كۈنى كەلگىچە مۇشۇنداق ھالەتتە كېتىۋەردىم .دوستلىرىمدىن بىرى مېنى شۇ كېچىسى مەلۇم بىر مەسجىدتە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا چاقىردى. بۇ يەردە ماڭا، بىللە سوھۇرلۇق يەيلى، دەپ سوھۇرلۇق تاماق بەرگەنلەرنى ئۇچراتتىم ۋە بۇلار نېمە دېگەن ياخشى ئادەملەر دېدىم، ئۇلارغا بەكمۇ مەستلىكىم كېلەتتى، چۈنكى مېنىڭ خىيالىمدا دائىم ئويلايدىغىنىم، ھەرقانداق كىشى ساڭا بىر خىل ياخشىلىق قىلسا ياكى مۇلازىمەت قىلسا، ئۇ چوقۇم سەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلاتتى. تەبىئىكى بۇ ناچار ھەمراھلىرىمدىن يۇققان ئىللەت ئىدى، شۇڭا دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسە بىرگە بىر مۇناسىۋەتتە بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ ساۋاپ ئىزدەيدىغانلىقىنى، ئاخىرەت ئۈچۈن ساۋاپ توپلايدىغانلىقىنى بايقىدىم، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغان چاغلىرىمدا شەيتان مەندىن تامامەن يىراقلاشتى، ھەتتا شەيتان ماڭا كېلىپ: ئۇلار سەندىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ نېمە ئۈچۈن ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ ۋەسۋەسە قىلغان چاغدا، مەن بۇلار بىلەن ئارلىشىپ يۈزلىرىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈشۈم بىلەنلا شەيتان ۋەسۋەسىسى دەررۇ يوقىلاتتى.

قىسقىسى، مەسجىدتە ئىككى كۈن ئېتىكاپ قىلغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. شەيتان مەن بىلەن قايتىدىن ئېيتىشىشقا باشلىدى، قىزلار بىلەن تېلېفۇندا ئالاقىلىشىپ پاراڭلىشىشقا باشلىدىم، بۇرۇن ئۇلارنىڭ قايسىسىدۇر بىرىنىڭ ماڭا لاپپىدە قاراپ قويۇشىنى ياكى ئىشارەت قىلىپ قويۇشىنى مەن ئارزۇ قىلىدىغان قىزلار ئەمدى ماڭا تېلېفۇن قىلىپ، كەلسىڭىزچۇ؟ شەرم- شەيخ شەھرىگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى دېگىلى

تۇردى. مىلك ئەپسۇسكى ئاشۇ ھەمراللىرىم بىلەن بىر يەرلەرگە باردىم، شەيتان ماڭا بولسا كۈلۈپ، سىناپ باقمامسەن، دەيتتى...

بىراق مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئۆيغۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە يولۇقماسلىققا قارار قىلغان ئىدىم، شۇنداقتىمۇ ھېچقاچان كۆڭلۈم ئارام تاپمايۋاتاتتى، مەن خۇددى ئۇلارغا ياتتەكلا ئۇلار بىلەن چىقىشىپ كېتەلمىدىم، قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن ئىنشائاللاھ، ئاللاھ مېنى مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە قىلغاي، مەسجىدتىكى دوستلىرىمدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىق قارارىغا كەلدىم.

ئەلۋەتتە، بۇرۇنقى ھاياتىم بىلەن ھازىرقى ھاياتىمنى سېلىشتۇرالمايمەن، ھازىر تۇرمۇشۇم ھەقىقى مەنىگە ئىگە بولدى، مەنىلىك، غايىلىك ھاياتقا ئۆتتۈم، سەن جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياشايسەن، جەننەتكە كىرىشكە سەۋەپكار بولىدىغان يارامىلىق ياخشى پەرزەنتلەرنى تېپىشىڭ ئۈچۈن توي قىلىسەن، ھازىر ھالال پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەن ھەمدە دۇنيادىكى ھەر قانداق ياخشى ئەمگەكنىڭ ئاخىرەتتە ساڭا ساۋاپ ئەكېلىدىغانلىقىنى سەزدىم ۋە «ئاللاھقا مەدھىيەلەر بولسۇن! جەننەتنى سېتىۋېلىپلا قالماستىن، ياخشى ئەمگەك ئارقىلىق ئاللاھ خالىسا دۇنيادىمۇ بەختلىك ياشايدىكەنمەن» دەيمەن!

ئاللاھقا شۈكرى ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئايرىمىسۇن، «ئاللاھنىڭ مېنى بۇ يولدا مۇستەھكەم ماڭدۇرۇشىنى تىلەيمەن».

## تەۋبە قىلغان بىر قىزنىڭ دېگەنلىرى

* مەن ئەمەلىيەتتە ئابدۇللاھ باشتا دەپ ئۆتكەن سۆزلەرنى ئېيتماقچىمەن، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تامامەن قايىلمەن، ئۇ دەپ ئۆتكەن ھەر- بىر سۆزنى مېنىڭمۇ سۆزۈم دەپ ھېس قىلىۋاتىمەن، چۈنكى مەنمۇ تامامەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۇم. پەرق شۇكى، ئۇ ئوغۇل، مەن قىزمەن... دەل ئابدۇللا يولۇققان ئاتموسفېرا، ئېلان ۋە (كۆلەيب سىنئالغۇسىدا) مودىل بولۇپ ئىشلەش... ئۇنىڭ ئويغىنىش سەۋەبى

ھېلىقى فىلىم بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەن تەساددىپى بىر سەۋەپتىن ئويغاندىم، بىر كۈنى كونا دوستلىرىم بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىمدا، بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئارزۇسى پەيدا بولدى ۋە ناماز ئوقۇۋېتىپ ئۇزاق دۇئا قىلدىم، (ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان يولغا يېتەكلىگىن!) دېدىم، ھەقىقەتەنمۇ، الله ئۆزى گۇۋاھ، مەن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئازغۇن ئۆتمۈشۈمدىن تامامەن ئالاقەمنى ئۈزدۈم.

مەن ھەقىقەتەن بىر نەچچە نۇقتىدىن تەسىرلەندىم:

بىرىنچىسى، ئابدۇللانىڭ:« مەن تىرىك شەكىلدىكى ئۆلۈك ئىدىم» دېگەن سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. سۇبھانالله! ئۇ يۇقىرقى سۆزنى قىلغان ۋاقىتتا بەلكىم قۇرئاندىكى بۇ ئايەتنى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن:{ ئەسلىدە ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا ھىدايەت ئىپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟}، (ئەنئام سۈرىسى، 122- ئايەت).

يەنى ئابدۇللا مەزكۇر ئايەتتىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، شۇنداق تۇيغۇنى تىلغا ئالدى، دېمەك كىمكى اللەنى تونۇمىسا تىرىك دەپ ھېسابلاش قىيىن.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئابدۇللاھ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە دۇئا قىلغان مەزگىلى دەل ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن كۈنى بولۇپ چىققانلىقىنى بايان قىلدى، ئۇستاز ۋەجدىمۇ ئانىسىدىن ئۆزىگە دايىم دۇئا قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى، ئانىنىڭ دۇئاسىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى بۇنىڭدىن ئېنىق بىلىندى، ئانىنىڭ دۇئاسىنىلا ئەمەس، بارلىق كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى بەزى چاغلاردا ئۆزەڭ ئۈچۈن قىلغان دۇئايىڭدىن باشقىلار ساڭا قىلغان دۇئا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق بىر مەزمۇن ئايان:« مۇسۇلمان ئىنسانىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا غايىۋانە قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر، ئۇنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە بار، ھەر قاچان ئۆز قېرىندىشىغا ياخشى دۇئا قىلسا، ئۇ پەرىشتە: ئامىن! سەنمۇ مۇشۇنداق ياخشىلىققا ئېرىشەرسەن! دەپ تۇرىدۇ»، (سۇيۇتى جامئۇسسەغىردا ئەبۇ دەردائىتىن رىۋايەت قىلغان).

تەسەۋۋۇر قىلغىنكى، اللە تائالا سېنىڭ دۇئايىڭنىڭ ئىجابەت قىلىنىشىنى تىلەپ تۇرىدىغان مەخسۇس پەرىشتىنى ساڭا بەلگىلىگەن، خۇددى ئابدۇللانىڭ ئانىسى اللەقا يالۋۇرۇپ ئابدۇللا ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا بۇنىڭ خاسىيتىدىن ئابدۇللا ئوڭشىلىپ اللەقا يۈزلىنىشكە باشلىغان.....

دېمەككى، اللە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ تىلىكىگە يەتكۈزگەن.

## ياشلارنىڭ كۆزقارىشى

بىراق بۇ يەردە بىر سوئال بار، بەندە اللەنىڭ يولىدىن يىراق تۇرۇۋاتقان چاغدا دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىنامدۇ؟

* مەن بۇ ھەقتە مۇنداق تەپەككۇر قىلدىم: بىر ئىنساندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغان ۋاقتىمدا، كەم دېگەندىمۇ بۇ ئىنساننىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان بولۇشۇم كېرەك، ئۇنىڭ ھەقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلمىغان ھالدا قانداقسىگە ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشقا پېتىنالايمەن؟

* مەسىلە باشقىدا، يەنى ئىتائەتچان ياكى گۇناھكار مەسىلىسى ئەمەس. شەخسەن مەن ھىجابلىق بولۇشتا چىڭ تۇرىمەن، ھەقىقى مۇسۇلمان ئايال بولۇپ، اللەنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلمايمەن ۋە تاپىنى يوق قىز- ئاياللار بىلەن سۆزلەشمەيمەن، ئەلۋەتتە، بىز كامالەتكە يەتتۇق دېمەيمەن، چۈنكى كامالەت تەنھا اللەقا خاس. لېكىن ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، بەزى- بەزىدە اللەنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرىمىز، يەنى قىلغان دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولۇشى ياكى بولماسلىقى مۇمكىن، اللەقا دۇئا قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى بۇنداق سىناقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ...

ھەقىقەتەن بۇ يەردە تابىئىنلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى بولغان سۇفيان سەۋرىنىڭ ئىنتايىن ساز بىر سۆزى بار:« بىرىڭلار ئۆزى بىلىدىغان يامان ئىللەتلىرى تۈپەيلىدىن دۇئا قىلىشتىن چەكلەنمىسۇن» دەيدۇ بۇ زات.

بۇ ئىنتايىن گۈزەل مەنىگە ئىگە سۆز، بۇنىڭ دەلىلىمۇ بار تېخى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئىبلىسنىڭ تىلىكىنىمۇ ئىجابەت قىلىپ، مۇنداق بايان قىلغان:{ ئىبلىس:« ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە (قىيامەت كۈنگىچە) مۆھلەت بەرگىن» دېدى. اللە:« ساڭا مۆھلەت بېرىلدى» دېدى}، (ئەئراف سۈرىسى، 14- 15- ئايەتلەر).

قېنى، ئۇنداقتا ئىلمىي نۇقتىدىن گەپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، ئەگەر سەن دۇئايىڭنىڭ ئىجابەت بولۇشنى خالىساڭ، ئالدى بىلەن ھازىرلاشقا كېرەكلىك بولغان تۆت شەرت بار:

1 . تولۇق ئىشەنچ، يەنى اللەنىڭ چوقۇم ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا چىن پۈتۈشۈڭ لازىم.

2 . پۈتۈن ھېس تۇيغۇ بىلەن بېرىلىپ دۇئا قىلىش. بۇنداق بېرىلىش ھەققىدە تابىئىينلارنىڭ بىرى دەپ ئۆتكەن تۆۋەندىكىدەك ئىنتايىن ياخشى بىر سۆز بار، ئۇ:« قىلغان دۇئايىم قاچان ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن» دېگەن، باشقىلار ئۇنىڭغا:« قانداق بىلىسەن؟» دېگەندە، ئۇ:« قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈپ، بەدەنلىرىم سۇكۇناتقا چۈمۈلگەنلىكىدىن بىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن... بۇ خىل مەنانى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدىن ئۇچرىتىمىز:« بىلىڭلاركى، اللە ھەرگىز غەپلەتتىكى بىپەرۋا قەلبتىن چىققان دۇئانى ئىجابەت قىلمايدۇ». ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىلار ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان.

يەنى، سەن بىپەرۋا، غەپلەت باسقان ھالدا:« ئى رەببىم، ماڭا بىر ماشىنا لازىم، ئى رەببىم، مېنى جەننەتكە كىرگۈزگىن» دەۋەرسەڭ اللە نەدىمۇ ئىجابەت قىلسۇن؟ سەن چوقۇم اللەقا پۈتۈن ھېس تۇيغۇلىرىڭ بىلەن بېرىلىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلىشىڭ لازىم. ھەتتا بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دېگەن:« دۇئاسىنى اللە ئىجابەت قىلىدىغان مۇسۇلماننى پەقەت بىرلا نەرسىگە ئوخشىتالايمەن، ئۇ خۇددى دەھشەتلىك دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھالاكەتكە كۆزى يەتكەن ھالدا بىر تال ياغاچقا ئېسىلىۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ».

دۇئانىڭ شەكلى قانداق بولىدۇ؟ سەن چوقۇم اللەقا ئىلتىجا قىلىپ، يالۋۇرۇپ، چىن قەلبىڭدىن بېرىلىپ روھى دۇنيارىڭ لەرزىگە كەلگەن ھالدا، ئى رەببىم! مېنى ئۆزەڭ

ساقلىغىن! ئى پەرۋەردىگارىم، مېنى ئۆزەڭ قۇتقۇلدۇرغىن! دەپ ئېرىپ كېتىشىڭ لازىم، شۇڭا الله تائالا ئۆزى ھەققىدە:{ بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان زات...} دېگەن، (نەھلى سۈرىسى، 62- ئايەت).

نېمە ئۈچۈن بېشىغا كۈن چۈشكەنلىك زىكرى قىلىنىدۇ؟ چۈنكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم پۈتۈنلەي اللەقا بېرىلىدۇ.

3- ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق. بۇنداق ئالدىراقسانلىقتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگىن، ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندە گۇناھ بولىدىغان ئىشقا ياكى سىلە- رەھىم قىلماسلىققا دۇئا قىلمىسىلا، ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ» باشقىلار:« ئى ئەلەيھسسالام ئالدىراقسانلىق نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام:« نۇرغۇن دۇئا قىلدىم، ئىجابەت قىلىنمىدى، دەپ مەيۇسلىنىپ دۇئانى تاشلىۋېتىش» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

4- مال- مۈلكىڭ ھالالدىن تېپىلغان بولۇشى لازىم. چۈنكى ئەلەيھسسالام:« الله پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن ۋە شۇنداقلا چېچى چۇۋۇق، يۈز- كۆزىنى تۇپا باسقان مۇساپىر، مۇھتاج بىر ئادەمنى تىلغا ئېلىپ، ئۇ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ اللەقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلسمۇ، يېگەن تامقى، كىيگەن كىيمى ۋە ئوزۇقلۇقى ھارامدىن كەلگەن بولغاچقا دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى...

ئاخىرقى سۇئال: مەن راستىنلا اللەغا كۆركەم، تەرتىپلىك سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلالمايمەن، ئۇيۇمغا كەچكىنى بويىچە دۇئا قىلىشۋەرسەم بولامدۇ؟

يا الله! كىشىلەردىن بىرى بۇ سۇئالنى دەل ئەلەيھسسالامدىن سورىغانلىقىغا ئىشىنەمسىلەر؟ ئويۇڭلارغا كەلدىمۇ؟ بىر كىشى ئەلەيھسسالامغا كېلىپ:« ئى اللەنىڭ ئەلچىسى، مەن سىزدەك ۋە مۇئازدەك قاپىيەلەشتۈرۈپ ئوبدان دۇئا قىلالماۋاتىمەن» دېگەن، يەنى دەل ئاۋۇ قېرىنداشمىزنىڭ سوئالىدەك، كۆركەم، تەرتىپلىك ھالدا دۇئا قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئەلەيھسسالام:« ئۇنداقتا نېمە دەپ دۇئا قىلىسەن؟» دەپ سورىغان. ئۇ:« ئى الله سەندىن جەننەتنى سورايمەن، ئى الله دۇزاختىن مېنى

قوُتۇلدۇرغىن!» دەيمەن، دېگەن چاغدا، رەسۇلۇللا:« بىز مۇشۇ جەننەت توغرىسىدا دۇئا قىلىمىز» دېگەن. (ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان)

كۆپچىلىك! قەلبىمىزدىكىنى ئىپادىلەپ دۇئا قىلايلى.

## ئاخىرقى نەسىھەت

ھېسياتىڭلار بويىچە دۇئا قىلساڭلار بولىدۇ، سۆزلەرنى بەكمۇ ياساپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. قەلبىڭدىن چىقىرىپ: ئى رەببىم! مەن ساڭا مۇھتاج، ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ئالدىڭدا بىچارىمەن! قىلمىشلىرىمنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئىشلار بولدى، ئەمدى ساڭا تەۋبە قىلىمەن، سەندىن ئۆتۈنۈپ كەچۈرۈم سورايمەن، ئى رەببىم، ماڭا ياردەم قىلغىن، ياردىمىڭنى ئاتا قىلغىن! ئى رەببىم! مېنى جەننىتىڭگە كىرگۈزگىن! ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى رەببىم! مەندىن رازى بولغىن! سەندىن باشقا ھېچ پاناھىم يوق! مەن ئاجىزمەن!

دېگەندەك دۇئا قىلساڭ بولىدۇ. الله تائالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ:« ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇنسىلەر، شۇڭا مەندىن ھىدايەت تىلەڭلار، ھىدايەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم! مەن تويغۇزغان ئادەمدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچسىلەر، مەندىن رىزقى تىلەڭلار، تويغۇزىمەن! ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم كەيگۈزگەن ئادەمدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچسىلەر، مەندىن كىيىم تەلەپ قىلىڭلار، كىيىملىك ئاتا قىلىمەن؛ ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە- كۈندۈزلەپ خاتالىق ئۆتكۈزىسىلەر، مەن بولسام بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىمەن، مەندىن مەغپىرەت تىلەڭلار، مەغپىرەت قىلىمەن!»، (ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى رىۋايىتى).

كۆرگىنىكى، الله بىزدىن قانچە قېتىملاپ دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ! يەنى سەن ئۆزەڭ خالىغان بارلىق نەرسە ھەققىدە، ھەرقانداق ئىشتا الله تائالاغا ئىلتىجا قىلغىن!..

ئاخىردا سۆزۈمنى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى توغرا دەپ قارايمەن، الله تائالا تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلىپ قالار، ھەمدە بىزمۇ رەببىمىزنىڭ ئىجابەت قىلىشىغا تولۇق

ئىشەنگەن ھالدا، ئالدىراقسانلىق قىلماستىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىپ، ئاللە خالىسا بارلىق مال- مۈلكىمىز ھالالدىن بولغان دېگەن نىيىتىمىز بىلەن دۇئانىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداپ مۇنداق دۇئا قىلايلى:

ئى پەرۋەردىگارىمىز! زاتىڭنىڭ ئۇلۇغلىقى، پادىشالىقىڭنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق ھالدا بارلىق ھەمدۇ- سانالار ساڭا بولسۇن! جىمى ھەمدۇ- سانا ئاللەقا خاس! ئاسمان- زېمىننى ياراتقان ئاللەقا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن! كۈن- تۈننى ياراتقان ئاللەقا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن! بىزنى بۇ ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان ئاللەقا ماختاشلار خاستۇر، ئاللە بىزنى ھىدايەتكە باشلىمىغان بولسا بىز ھىدايەت تاپالماس ئىدۇق... ئىسلام، ئىمان ۋە قۇرئان ئاتا قىلغان ئاللەقا گۈزەل مەدھىيىلەر بولسۇن! ئى ئاللە! خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقىلار ئىچىدە رەھمەت- بەرىكەت ياغدۇرغىن! ئۇنىڭغا كېيىنكىلەر ئىچىدىمۇ رەھمەت- بەرىكەت ياغدۇرغىن! قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر ئارىسىدا رەھمەت- بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن! ئى پەرۋەردىگار! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن! ئەيىپلىرىمىزنى ياپقىن! ئاجىزلىقىمىزغا رەھمى قىلغىن! كەمچىلىكلىرىمىزنى تولۇقلىغىن! نامە- ئەمەللىرىمىزنى ئوڭدىن بەرگىن! ھېسابىمىزنى ئاسان قىلغىن! ئىشلىرىمىزغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن! بىزنى دوزاختىن ئازات قىلغىن! بىزدىن رازى بولغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، بىز جەننەتنى سورايمىز، دوزاختىن قۇتقۇزۇشۇڭنى تىلەيمىز!

ئى اللە! بىزنى ئەھلى جەننەت قاتارىغا پۈتكىن! ئى پەرۋەردىگار! بىزگە رەھىم قىلغىن، چۈنكى سەن بىزگە رەھىمدىلسەن. ئى، ماڭا دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن دېگۈچى زات! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! ئى سۆيۈملۈك اللە، ئى رەھىم شەپقەتلىك اللە، ئى بىزگە يېقىن اللە، ئى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى اللە! ئى، ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك ئىگىسى! ئى ئاللە، بارلىقىمىزنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمىز، ئى بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى! مۇسۇلمان ياشلىرىنى ھىدايەتكە باشلىغىن، مۇسۇلمان قىز- ئاياللىرىنى ھىدايەتكە باشلىغىن! ھەممىمىزدىن رازى بولغىن!

ئامىن ، ئامىن!

# غايە توغرىسىدا

ئاپتورى: ئۇستاز ئەمرۇ خالىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

بۇ كىتاپچە:

قەلبلىرى ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە تولغان، ئەقىللىرى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا باغلانغان، پۇتلىرى داغدام يولغا قەدەم قويغان، ئۇيۇقتا ھەقىقەت نۇرى جىلۋىسى، ھەق يولغا باشلىغان، ئاللاتىن ئىبارەت غايىلىرىدىن مەڭگۈ بۇرۇلۇپ كەتمەيدىغان ئەقىل ئىگىلىرىگە بېغىشلاندى.

بۇ كىتابچىنىڭ مەزمۇنى:

1. ھاياتىنىڭ غايەڭ زادى نېمە؟
2. ئۆز قىممىتىڭنى سەل چاغلىما، سەن ئاللانىڭ ئالدىدا قەدىرلىكسەن!
3. غايىلىك ياشلاردىن ئۈلگىلەر
4. ياشلارنىڭ مەسئۇلىيەت ھېس قىلماسلىقىدىكى سەۋەبلەر قايسى؟
5. ئاغزاكى بايانلار
6. دۇنيادا غايىلىك ياشاش ئەڭ گۈزەل.
7. نېمە مەقسىتىڭ بار؟

## ھاياتىڭىنىڭ غايەڭ زادى نېمە؟ نىشانىڭ قايسى؟

قېرىنداشلار! ئەمەلىيەتتە ئەتراپىمىزدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار بۇ ھاياتتا نېمە مەقسىتى بارلىقىنى بىلمەي ياشماقتا؛ ئۇلارنىڭ سىرتقى ھالىتىدىن چىقىپ تۇرغىنى پەقەت ياشاش، يېيىش- ئىچىش، ئىشلەش، ئۆيلىنىش... ھايات مۇشۇنداق ئۆتىدۇ دەپ ئويلىشىدۇ...

بۈگۈن بىز بۇ تېمىدا سۆزلەيمىز. ھاياتىڭدا مۇشۇنداقلا غايىسىز ياشىغىنىڭ توغرىمۇ؟ ياكى تۇرمۇشتا ئېنىق غايە- مەقسەتلەرگە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەكمۇ؟ مەن سىلەر بىلەن ئوچۇق- يورۇق سۆزلىشىپ باقاي!

بۈگۈنكى تېما ئىنتايىن قاراتمىلىققا ئىگە، خۇسۇسەن ياشلارغا تېخىمۇ شۇنداق. نېمىشقا؟ چۈنكى ياشتا چوڭلار ھاياتىنىڭ نىشانلىرىنى بەلگىلەپ بولغان دەپ چۈشىنىلىدۇ. ياشلار بولسا بۇ مەسىلىدە ئاساسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ھاياتىنىڭ نىشانلىرىڭ نېمە؟ بۇ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇشنىڭ ھېكمىتى قايسى؟

بېلىشىنىڭ كېرەككى - ياشلىق- ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك مەزگىل، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىڭىزنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋاقىتلىرى، بالىلىق مەزگىلى بولسا ئەقىلسىز ساغلاملىق مەزگىلى، قېرىلىق بولسا ياشلىقتىن مەھرۇم دانالىق باسقۇچى، پەقەت ياشلارلا ساغلاملىق ۋە پىشقان ئەقىل ئىگىسىدۇر.

شۇڭا ئىسلام دىنىمىزنىڭ ياشلارغا ئەھمىيەت بىلەن قارىشىدىن، رەسۇلىمىزنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق ياشلىققا ئەھمىيەت بېرىشىدىن ئەجەپلەنگىلى بولمايدۇ:« قىيامەت كۈنى تۆت نەرسىدىن سورالماي تۇرۇپ بەندىنىڭ قەدەملىرى قوزغالمايدۇ: ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەن، ياشلىقىنى نېمىگە ئىشلەتكەن، مال- مۈلكىنى نەدىن تېپىپ نېمىگە سەرپ قىلغان ۋە ئىلمى ئارقىلىق قانداق ئەمەل قىلغان». (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

<u>ئويلاپ باققىن!</u>

شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ھاياتىڭ ھەققىدە بىرمۇ- بىر ھېساپ بېرىسەن، مۇنداق كۈندىكى مۇنداق سائەتلەر، شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ھاياتىڭ ھەققىدە بىرمۇ- بىر ھېساپ بېرىسەن، دېيىلىپ ئۆمرىڭ تولۇق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، نېمە دېگەن قىيىن سوراق ھە! پۈتۈن ئۆمرىنى نىشانسىز، مەقسەتسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەن بىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىن؟! بولۇپمۇ ئۆز ئۆمرىڭدىن ئومۇمى رەۋىشتە سورالغاندىن كېيىن، مەخسۇس ياشلىقىڭدىن ھېساپ بېرىدىغانلىقىڭنى خىيالىڭغا كەلتۈر!

سەن بەلكىم مۇنداق دېيىشىڭ مۈمكىن: پۈتۈن ئۆمرۈمدىن ھېساپ بەرگەندىن كېيىن ياشلىغىم توغرۇلۇق قايتا سوراق قىلىنىشىم نېمە ئۈچۈن؟ شۇنداق، چۈنكى بۇ دەۋر ھاياتىڭنىڭ ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچى بولغانلىقىدىندۇر!

شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ ياشلىق مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرىمىز، مەسىلەن: ئالتە ياكى يەتتە نەپەر ياش يىگىت تۆپەيلىدىن اللە تائالا كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئۇقىمىز، ئويلاپ باققىن! بىر نەچچە يىگىت سەۋەپلىك ئالەم قانۇنىيىتى ئۆزگەرگەن؟ شۇنداق! اللە تائالا غاردىكىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلدۇق...}، (كەھف سۈرىسى13- 14- ئايەتلەر).

بۇ يىگىتلەرنىڭ ئۆمرى 16- 17 ياشلاردا ئىدى... ئالەم قانۇنىيەتلىرى بۇلار ئۈچۈن ئۆزگىرىپ كەتكەن:{ كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ

كەتكەنلىكنى، كۈن ئولتۇرغان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكنى كۆرىسەن،ئۇلار بولسا غارنىڭ (ئوتتۇرىسىدىكى) بوشلۇقتىدۇر}، (كەھف سۈرىسى،17- ئايەت)

يەنى الله تائالا ئۇلارنى قۇياش نۇرىدىن ساقلىغان، غارنى ئۇلارغا لايىقلاشتۇرۇپ بەرگەن، قۇياش چىققان چاغدا غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئاغسا، قۇياش پاتقان چاغدا سول تەرىپىگە ئېغىپ، قۇياش تەرىپىدىن شۇنداق ئۇزاق ياتقان شارائىتتىمۇ بەدەنلىرىگە زەرەر يەتمەسلىگى كۆزلەنگەن. مانا بۇ اللهنىڭ قۇدرىتى ۋە رەھمىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى ئىدى.

ئەمدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، ئالەم قانۇنىيەتلىرى ئۇ سەۋەبلىك ئۆزگەرتىلگەن يەنە بىر يىگىت ھىساپلىنىدۇ، ئۇ 16 ياش ۋاقتىدا ئوتقا تاشلانغان ئىدى:{ بىز ئوتقا «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن» دىدۇق}، (ئەنبىيا سۈرىسى، 69- ئايەت).

يىگىتلەر! بۇ سۆزلەرنى شۇنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلىۋاتىمەنكى، ئارىمىزدا اللهنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە قەدىر- قىممەتكە ئىگە يىگىتلەر تېپىلىدۇ. شۇڭا بىر ياش يىگىت بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئۆز قىممىتىڭنى سەل چاغلىما، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيادا مەخسەت نىشانسىز ياشىغىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەن ئۈچۈن ئەيىب سانىلىدۇ! دائىم ئۆز-ئۆزەڭدىن: ھاياتىنىكى نىشانلىرىم زادى نېمە؟ دەپ سورىغىن! بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن؟ يېيىش- ئىچىش ۋە ئۆلۈش ئۈچۈنلىمۇ؟ بۇ زادى ئەقىلغا مۇۋاپىقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقىنىڭنى بىلمەستىن ھايات كەچۈرىۋاتامسەن؟!

ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇنچە نومۇر بىلەن پۈتتۈردۈڭ، ئاندىن مۇنداق فاكۇلتىتقا كىردىڭ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن پالانى ئورۇندا ئىشلىدىڭ، مۇنچىلىك پۇل تاپتىڭ، ئاندىن توي قىلىپ پەرزەنت كۆردىڭ، ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتىڭ...بۇ توغرىمۇ؟!

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىگە قارا:« ياشلار ماڭا ئىشەندى، قېرىلار يالغانچىغا چىقاردى».

گوياكى رەسۇلىمىز بىزگە شۇنداق دىمەكچى ئىدىكى، ئالەمگە تارالغان بۇ ئىسلام ياشلارنىڭ يەلكىسى بىلەن تىك تۇرغان ئىدى...

تۆۋەندىكى ئۆلگىلەرگە ئورتاق قاراپ باقايلى:

* ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ھىجرەت كېچىسى ئەلەيھىسسالامنىڭ كارۋىتىدا ئۇخلىغان بولۇپ ياتقان، شۇ چاغدا 20ياشتا ئىدى، ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىگە يارايدىغانلىقى بىلگەچكە ئۇنىڭغا تاپشۇرغان.

* ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما غاردىكى ئەلەيھىسسالامغا تاماق توشىغان ۋە ھىجرەتكە زور تۆھپە قوشقان، شۇ چاغدا ئۇ 23 ياشتا ئىدى.

* مۇئاز ئىبنى جەبەلنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەمەن ئەھلىگە يېتەكچى قىلىپ ئەۋەتكەن، شۇ چاغدا ئۇ تېخى 20 ياش ئىدى...

بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟!

ياشلار مېنىڭ يۇقۇرقى مىساللار ئارقىلىق دېمەكچى بولغىنىم:

سەن ئىنتايىن قىممەتلىك، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۆز قەدىر- قىممىتىڭنى كۆزگە ئىلمايسەن؟ نېمە ئۈچۈن نىشان- مەخسەتسىز ياشايسەن؟

قېرىنداشلار! مەن نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتىمەن؟

چۈنكى مەن جەمئيىتىمىزنىڭ نىشان- مەخسەتسىز ياشلار كىرزىسىگە پاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمەن، ھەر كۈنى يېڭىدىن يېڭى كافىخانىلار پەيدا بولماقتا! كافىخانىلار ئەڭ سودىسى راۋاج تاپقان ئورۇنلار بولىۋاتماقتا، نېمە ئۈچۈن؟چۈنكى ياشلار ئۇ جايلاردا سائەت- سائەتلەپ ئولتۇرىۋاتىدۇ، بەزىدە ماشىنام بىلەن ئايرىم قەھۋەخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالىمەن، گۇلدەك ياشلارنى كۆرىمەن، لېكىن مىڭ ئەپسۇسكى، ئۇلار يا دومىنو ئويناپ ئولتۇرغان، يا چىلىم چېكىۋاتقان، ياكى ھېچ مەخسەتسىز لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمەن...

ياش قىزلارغا تېخمۇ ئېچىنىمەن، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتىكى پۈتۈن خىيالى ئەڭ يېڭى گىرىم بۇيۇملىرى قايسىلار؟ پالانىخان مۇنداق نەرسە سېتىۋاپتۇ... مۇدا كىيىملەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن چەتئەلگە سەپەر قىلسام... دېگەنلەردىن ئىبارەت...

بۇ زادى توغرىمۇ؟

بىر قىزنىڭ پۈتۈن غېمى ئۆزىنىڭ چىرايلىق ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى بولسا، بۇ ئەقىلگە لايىقمۇ؟

بىر يىگىتنىڭ پۈتۈن ئارزۇسى پالانىخاننى ئۆزىگە قارىتىش بولۇپ قالغىنى توغرىمۇ؟

ئەپسۇسكى مۇنداق چاكىنا ياشلارنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرمەكتىمەن... قورساق بېقىشتا ئائىلىسىدىكىلەرگە تايىنىۋالغان... ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىشقا چولىسى يوق!

بارلىق غايىسى تېزلىكتە ئەرگە تېگىشۋېلىش بولغان قىزلار... نېمە ئۈچۈن؟چۈنكى بارلىق قىزلار ھامىنى ئەرگە تېگىدۇ، ھايات مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ...

ياشلار! بۇنداق لەشتەك بوشلۇقتا ياشىماسلىقىمىز كېرەك، بۇ ئارقىلىق گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس!

بىلەمسەن، سوتسىئولوگلار (جەمىيەتشۇناسلار) جەمئىيەتنىڭ بىر مۇنچە يىللاردىن كېيىنكى جەمئىيەتنىڭ قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىيەلەيدۇ؛ بۇ جەمئىيەت قانچە يىللاردىن كېيىن ۋەيران بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلالايدۇ.

ئۇلار نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ؟ ئۇلار ياشلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى يوقاتقان، نىشانسىز ياشلارنى بايقىسا، بۇ جەمئىيەت قانچە يىلدىن تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ، ئۇلار ئىنچىكە ھېساپلاپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۇ سۆزلەر كىم ھەققىدە؟ بۇ غەرب جەمىيىتىدىكى ياشلارنىڭ ئەھۋالى، قىزىقىشى ھەققىدىكى سوتسىئولوگلارنىڭ تەھلىلى.

مەن سىلەرگە بۇ مەنىدىكى قىزىق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي

مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىدە سەككىز ئەسىر دەۋران سۈردى، بۇ جەريانىدا ئۇلار يەر يۈزىنى مەدەنىيەت، ئىلىم ۋە ھەق دىن بىلەن تولدۇردى، پورتۇگالىيلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيىدە مەۋجۇد بولۇشىدىن ھەرگىز رازى بولمايتى، ئۇلارنى بوغۇزنىڭ ئۇ قېتىغا - ماراككوغا- قوغلىۋېتىشنى ئويلايتتى، ئۇلار قانداق قىلدى؟ پورتوگالىيلىكلەر ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ نېمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى، بۇ غەرەزدە ئىسپانىيىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا جاسۇسلارنى ئەۋەتىشكە تۇتۇش قىلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇنداق جاسۇسلاردىن بىر قىسمى بىر توپ مۇسۇلمان ياشلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى ياشنىڭ جىدەللىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى ۋە ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشۇپ جېدەلنىڭ نېمىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىشتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ «سەھىھۇل بۇخارى» دىكى مەلۇم بىر ھەدىس شەرىفنىڭ تەرتىپى مەسىلىسىدە جېدەللىشىپ قالغىنىنى بىلىشتى- دە، «بۇ خەلق ھازىرقى ۋاقىتتا يوقالمىغدەك» دېيىشىپ قايتىپ كېتىشتى. يىللار ئۆتتى، ھېلىقى جاسۇسلار يەنە بىر قېتىم كەلگەنلىرىدە، ياشلارنىڭ تېخىچىلا ئىلىم ۋە دىن مەسىللىرى ھەققىدە سۆزلىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا يەنە قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار بىر مۇنچە يىللاردىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم قايتا كەلگەنلىرىدە، بىر

يېگىتنىــڭ ئۆلتۈرغــان ئورنىــدا يىغلاۋاتقــانلىقىنى كۆرۈشــۈپ، نــېمە ســەۋەپتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىدى، يىگىــت:« سۆيگەن يــارىم تاشــلاپ كەتتــى» دەپ جــاۋاپ بەردى. جاسۇســلار قايتىــپ كېتىشــتى ۋە «ئەمــدى مۇســۇلمانلارنى يېڭەلىگــۈدەكمىز!» دېيىشتى.

ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار ۋەيران بولدى، ئىنتايىن ئاددى ھالدا ئىسپانىيەدىن قــوغلاپ چىقىرىلدى، 25 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئىسپانىيىسى تىلغــا ئېلىنمايــدىغان دەرىجىدە تامامەن تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان ئىدى...

ياشلار! مەسىلە دەل غايە ـ نىشاندا. سىنىڭ ھاياتتا نىشانىڭ بارمۇ ياكى يوق؟

ياشلارنىڭ مەسئۇلىيەت ھېس قىلماسلىقىدىكى ياكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشــنى خالىماسلىقىدىكى ســەۋەپلەر قايســى؟ ئالــدىمىزدا ئــۆزەڭلار تىلغــا ئېلىــپ ھايــاتتىكى نىشانســىزلىقنىڭ ســەۋەبى دەپ قارىغــان ئېنىــق بىــر نەچــچە نۇقتــا تۇرۇپتــۇ، يەنــى: ئىرادىسىزلىك، ئۆزىگە بولغــان ئىشــەنچنى يــوقىتىش، تــوغرا يېتەكلەشــنىڭ يوقلــۇقى، ئۆچۈرنىڭ تولىلىقىدىن ئالغا ئىنتىلىش روھىدىن ئايرىلىش...

ئەمما مېنىڭ باشقىچە پىكرىم بار. يۇقىرىقى سەۋەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى ھەرقانــداق بىر ياشنىڭ ئۆز ھاياتىنى نىشــان- مەقسەتســىز ئۆتكۈزۈشــىگە قانائەتلىنەرلىــك ســەۋەپ بولۇشقا يارىمايدۇ. سەن ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمدەك شەخسكە قاراپ باققىن! ئۇ ئۇلــۇغ زاھىدلاردىن بىرى ئىدى. ياش ۋاقتىدا ئۇ كەپسىز، شــوخ يىگىــت ئىــدى، ئــۇ مۇنــداق دەيدۇ: كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئېتىمنى مىنىۋېلىپ ئوۋ ئوۋلاپ، كىيىــك قــوغلاپ يۈرگىنىمــدە يولدا بىر بوۋاي تۇيۇقسىز ئېتىمنىڭ چۇلۇۋۇرنى تۇتىۋۋېلىپ ماڭا قــاراپ تــۇرۇپ مۇنــداق دېدى:« ھەي ئىبراھىم! سەن مۇشۇ ئىشــلار ئۈچــۈن يارىتىلــدىڭمۇ؟ يــاكى مۇشــۇنىڭغا بۇيرۇلدۇڭمۇ؟»، (يەنى ئويۇن تاماشىشا ئۈچۈن يارىتىلدىڭمۇ، دېمەكچى)

ياشلار! شــۇڭا ســىلەر دەپ ئــۆتكەن ســەۋەپلەر نىشانســىز ھايــاتنى ئاقلىيالمايــدۇ. ھاياتتىكى نىشــان- مەقســەت باشــتىن- ئــاخىر ئاساســلىق مەســىلىدۇر. بــۇ ســەۋەپلىك تۆۋەندىكى سوئالنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەن:

بىز زادى نېمە ئۈچۈن يارىتىلدۇق؟ پەقەت يەپ ـ ئىچىش، ئۆيلىنىش ـ بــالا تېــپىش، ئاندىن ئۆلۈپ كېتىش ئۈچۈنلا يارىتىلدۇقمۇ؟ ياكى باشقا بىرەر مەقسەتتە يارىتىلدۇقمۇ؟

كۆپ ئەھۋالدا بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمە ئۈچــۈن يارىتىلغــانلىقىنى بىلمەســتىن ھايــات كەچۈرۈپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئەپلاتۇن مۇنداق دەيــدۇ:« خۇدا ئالەمنى ياراتقاندىن كېيىن، ئــۇنى يادىــدىن چىقىرىــۋەتكەن. شــۇڭا ئىنســانلار

ئۆزئارا كۆرەش قىلىشىپ، بىر- بىرىنى قىرغىن قىلىدۇ». يەنە بىر خىل دۇنيا قاراشنىڭ:« كائىنات پەقەت زور ئويۇن» دېگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئويلاپ باقىن! پۈتۈن ئالەم پەقەت ئويۇن- تاماششالا بولسا؟!!

ئىليا ئەبۇ مازى سىياقىدىكىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرىمىز:

كەپتىمەن ھېچ ئۇقماستىن نەدىنلىكىن، كەلدىم لېكىن،
ماڭدىم يول سەۋەپ شۇكى: ئالدىمدا يول كۆرگەنلىكىم.
بى نىشان مېڭىش بولدى مېنىڭ ئىشىم، يوقتۇر ئەركىم،
بىلمىدىم، قانداق كەلدىم؟!

مانا بۇ غايىسىز ھايات پەلسەپىسى...

بىراق بۇنداق سۆز مۇسۇلمان ياشنىڭ ئاغزىدىن چىقماسلىقى كېرەك! چۈنكى ئىسلام ساڭا غايە تىكلەپ بەرگەن، الله تائالا دەيدۇكى:{ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم}، (زارىيات سۈرىسى، 56ـ ئايەت)

شۇنداق ھەقىقەت يولى مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت! يەنى سەن بۇ دۇنيادا اللەنى رازى قىلىش نىشانىڭ بولغان ھالدا ھايات كەچۈرسەن.

ياشلار! ھاياتىمىزغا اللەنى رازى قىلىش ئىسمىلىك زور غايىنى توغرىلايلى، بۇنىڭدىن يەنە نۇرغۇن تارماق نەرسىلەر كېلىپ چىقىسمۇ، لېكىن ھاياتتىكى غايەم ـ اللەنى رازى قىلىشتۇر!

بىر مۇخبىرنىڭ مەشھۇر پۇتبول چولپانلىرىنىڭ بىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى يادىمغا كەلدى، مۇخبىر ئۇنىڭغا:« پالانى ئەپەندى، ھاياتتىكى ئارزۇيىڭىز نېمە؟» دېگەندە، ئۇ:« جەننەتكە كىرىش» دەپ جاۋاپ بەردى؛ مۇخبىر:« ياق، سىز دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەنمەي قالدىڭىز، مەن ھاياتىڭىزدىكى ئارزۇيىڭىز توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىمەن» دېۋىدى، ئۇ جاۋابەن:« جەننەتكە كىرىش» دېدى. مۇخبىر:« يازغۇدەك بىر نەرسە دېسىڭىز» دېدى. بۇ مۇخبىر يۇقۇرقى سۆزنى مەقسەت- نىشان دەپ تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتى. كېيىن ئۇ:« ئەمسە نېمىشقا توپ ئوينايسىز؟» دەپ سورىغان ئىدى. توپ چولپىنى:« مەن يۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن توپ تېپىمەن، شۇنداقلا كۆپچىلىك ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن توپ ئوينايمەن، ياشلار، ھۆرمەتكە لايىق،

ئەخلاقلىق، كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە كەسپىدە ئۇتۇق قازانغان تەنھەرىكەتچىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلگە تۇتىدۇ، بۇ ئارقىلىق مەن مېنى دورىغان ھەر بىر ياش ئۈچۈن ساۋاپقا ئېرىشىمەن».

## ئاغزاكى بايانلار

ياشاش مۇھىتى سىزلەرگە قارىغاندا خېلىلا تەس بولغان بىر ئىنسانىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن، ئۇ گېرمانىيىلىك بولسىمۇ، ئۆزىگە ھاياتىدا ئۇلۇغ غايىنى نىشان قىلىپ تاللىۋالغان ۋە بۇ نىشانى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر ياش ئايالدۇر، قېنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مېنىڭ ئىسمىم «ئالىيە»، گېرمانىيىلىك مۇسۇلمانمەن، 12 يىل ئىلگىرى مۇسۇلمان بولدۇم. مەن سىزلەرگە مۇسۇلمان بولۇش جەريانىمنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.

مەن گېرمانىيىدىكى كىچىك بىر شەھەردە ئادەتتىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرەتتىم. ئەسلىدە ئىسلام توغرىسىدا ئانچە جىق نەرسە بىلىپ كەتمىگەنىدىم. ئىسلام دىنى توغرىسىدا بىلگەنلىرىم پەقەتلا خەۋەرلەردە خۇمەينى توغرىسىدا دېيىلگەن سۆزلەر ئىدى، مەكتەپتە بولسا، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ دىنى دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالاتتۇق. لېكىن بىز بىردىن سۈپىتىدە ئىسلام دىنى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيتتۇق، چۈنكى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە دىن ئانچە مۇھىم نەرسە سانالمايتتى. كىشىلەر ئاخىرەت ھەققىدە ئويلاپ قويماستىن ھايات كەچۈرەتتى.

بىراق مەن گۈزەل تەبىئەتنى، گۈل- گىياھلارنى كۆرۈپ، بۇنداق گۈزەللىكنى ئىجاد قىلغان بىر ياراتقۇچى چوقۇم بولۇشى كېرەك، دەيتتىم. ئەمىسە، ئۇ كىمدۇ؟ ئۇنىڭغا قانداق يېتىش مۇمكىن؟ شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ياراتقۇچى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىدىم. شۇ مەزگىلدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدە جىقراق مەلۇماتقا ئىگە بولدۇم. مەن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا باشلىدىم ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ تۇردۇم. مەقسىدىم بۇ گۈزەل دىن ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئىدى. كېيىن مەن ئادا قىلالايمەنمۇ، يوقمۇ؟ دەپ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ

بەزى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ باقتىم. خۇددى مۇسۇلمانلاردەك روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇپ كۆردۈم.

كېيىنچە ئۆلۈم ھەققىدە ئۆيلىنىشقا باشلىدىم، مەن چوقۇم اللەنىڭ ئالدىدا ھېساپ بېرىپ قالسام، نېمشقا مۇسۇلمان بولمىغانلىقىمنى سورىسا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىم كېرەك؟ دەپ ئويلىدىم ۋە شۇ ھامان مۇسۇلمان بولۇش قارارىغا كەلدىم.

شۇ چاغدا ئۇلار مېنىڭ غۇسلى قىلىشىم لازىملىقىنى ماڭا ئۇقتۇردى، ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم غۇسلى قىلدىم ۋە ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتتىم. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بولغان گۈزەل سۆزلەر ئىدى. شۇ سائەتتىن باشلاپ مەن ناماز ئوقۇشقا باشلىدىم، نامازنى تولۇق ئادا قىلىشىم ئۈچۈن «سۈرە فاتىھەنى ۋە سۈرە ئىخلاسىنى يادلىدىم» باشقا مەن مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى باشقىلارغا بىلدۈرمىدىم، لېكىن بارا ـ بارا كىشلەر بىلىپ كەتتى. بىراق مەن تېخى ھىجاب سالمىغان ئىدىم. ھىجاب مەسلىسى باشتا ماڭا نىسبەتەن بىر تەس ئىش تۇيۇلغان ئىدى، چۈنكى ياۋرۇپادا كىشلەر سېنىڭ ئېتىقادىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىسمۇ، بىراق سىرتقى كۆرۈنۈشۈڭ ئىنتايىن چوڭ مەسىلە سانىلاتتى. تەبئىيكى، ھىجاب ئۇلارغا نىسبەتەن يات ۋە دىققەتنى قوزغايدىغان نەرسە سانىلاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىۋېرسىتېتنىكى قىز ساۋاقدىشىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇ مۇسۇلمانلار توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇلار رەھىمسىز ۋە دۇنيانىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم، ئۇ ئەجەپلىنىپ:« كۆرۈنۈشتە ئۇنداقتەك قىلمايسەنغۇ؟» دېدى. بۇ چاغدا مەن ھىجابنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. مۇسۇلمان قىز- ئاياللار ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھىجاب سېلىشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندىم. شۇنىڭ بىلەن ھىجاب سالدىم. (بېشىمغا رومال ئارتتىم). ئائىلەمدىكىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر دىن مەسلىسىگە مۇتلەق ئەھمىيەت بەرمەيتتى. شۇڭا قوشنىلار، ئۇرۇغ- تۇققانلار، قىزىڭلارنىڭ نېمە قىلغىنى، نېمشقا بۇنداق نەرسە كىيۋالدۇ؟ دەپ سوراپ تىنمايتتى. بۇ تۇپەيلى، مۇشۇ بىر پارچە رەخت ئۈچۈنلا كەسكىن مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇراتتى.

مەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراشقا باشلىدىم، مەسىلەن، كوچىدا كېتىۋاتقىنىمدا ماڭا:« ئۆز يۇرتۇڭغا كەتمەمسەن؟! بۇ يەردە ساڭا ئورۇن يوق!» دېيىشەتتى...

ئۇلارغا نىسبەتەن ئىسلام دىنىغا گېرمانىيەدە ئورۇن يوق ئىدى...

مۇسۇلمان بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن مىسىرلىق مۇسۇلمان يىگىتكە تۇرمۇشقا چىقتىم، بۇ چاغدا مەن تېبخچىلا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتاتتىم. كېيىن ئوقۇشۇمنى توختىتىپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدىم. اللەنىڭ پەزلى بىلەن ئىككى قىز تۇغدۇم. ئىككىنچى قىزىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەربىيىلەش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدۇق. گېرمانىيەدىكى مۇھىت نامۇناسىپ ئىدى، بەلكىم باللىرىمىز بۇ جايدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار كېلەتتى. بىز ئىككى قىزىمىزنى بۇنداق قىيىنچىلىقلاردىن تامامەن يىراق قىلىش نىيىتىگە كەلدۇق، ئۇلارنى مىسىردا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا تەربىيلەشنى قارار قىلدۇق.

لېكىن بۇ يەردىكى ۋەزىيەت ماڭا نىسبەتەن ئوڭاي بولمىدى. مىسىردا بەزى كىشىلەرنىڭ ناچار مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدىم. بەزىلەرنىڭ ماڭا مەن مۇسۇلمان ئەمەستەكلا نەزەردە قارايدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار ماڭا: «سىز چوقۇم ئېرىڭىزنى دەپلا مۇسۇلمان بولغانسىز، گېرمانىيەگە قايتقان چېغىڭىزدا رومالنى چۆرۈۋېتىپ، نامازروزا قاتارلىقلارنى تاشلىۋېتىشىڭىز تۇرغان گەپ، چۈنكى سىز بىزگە ئوخشاش كىچىكىڭىزدىنلا بۇلارغا ئادەتلەنمىگەن- دە»، دېيىشەتتى... مەن ئۇلارغا: «دىنىمنى قانداقمۇ تاشلىۋېتەي؟ مەن مۇسۇلمانمەن، نەگە بېرىشىمدىن قەتئىينەزەر ئىسلام مەن بىلەن بىللە بولىدۇ، مەن تۇرىدىغان يۇرتنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق!» دەيتتىم. ئەپسۇسكى، مىسىر جەمئىيىتى مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇرۇن مەن مۇسۇلمانلارنى غايىۋي شەكىلدە تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم. مېنىڭ بايقىشىمچە بەزىلەر ياۋرۇپاغا چوقۇناتتى، نۇرغۇن نەرسىلەردە ياۋروپانى دورىغۇسى كېلەتتى، مودا ۋە كىيىم بۇيۇملىرىنىڭ كەينىدىن چاپاتتى، يېڭى نەرسىلەرنىڭ كەينىدىن قارىغۇلارچە ئەگىشەتتى...

مەن مۇسۇلمان بولۇپ، رومال سالغان ۋاقتىمدا باشقىلار مېنىڭ ئوقۇشۇمنى تولۇق تاماملايدىغانلىقىمغا ئىشەنمىگەن ئىدى. بىراق مەن ئەمەلىيەتتە ئوقۇشۇمنى پۈتتۈرۈپ، ماگىستىرلىققا ئېرىشتىم. چۈنكى ئىسلام ئوقۇشقا تەرغىپ قىلاتتى. مەن تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى ھەرگىز ئىشلىمەيدۇ دەپ ئويلاشتى، ئۇلار مېنى ئۆيدىن چىقماي ئونلاپ بالا تۇغىدۇ دەپ گۇمان قىلاتتى. لېكىن بۇنداق بولمىدى، الله ماڭا ئىككى قىز پەرزەنت ئاتا قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا باللىق بولۇش تەقدىرەمدە پۈتۈلمىگەن بولسا كېرەك، مەن بۇ ئىككى قىزىمدىن ئىنتايىن بەختلىكمەن. كىچىك قىزىم يەسلى يېشىغا يەتكەن چاغدا، مەن قايتىدىن خىزمەت قىلىشقا ئۆتتۈم. ئېنتېرنېت

توردا ئىشلەش جەريانىدا ئىسلامى ماقالىلەرنى يازدىم ۋە ئىنتېرنېتتا تارقاتتىم. ماڭا ھەپتىسىگە پۈتۈن دۇنيادىن، ئامېرىكا، سىنگاپور، ياۋروپا ۋو پاكىستانلاردىن خەتلەر كېلىپ تۇردى، خەت ئىگىلىرى ئىسلام دىنى توغرىسىدا، مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇش كەچۈرمىشىم توغرىسىدا مەندىن سوئاللار سورىشاتتى. مەن ئۇلارغا مۇسۇلمان بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ئېيتاتتىم ۋە مۇسۇلمان بولۇش جەريانىمنى سۆزلەپ بېرەتتىم. مەن بۇ ئارقىلىق پايدىلىق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلماقتىمەن..."

شۇنداق، بىز يۇقۇرقى تەسىرلىك كەچۈرمىشنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق. ئۇ سۆزلەۋاتقان چاغدا مەن بىر مۇنچە نوقتىلارغا ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، دېمەكچى بولغىنىمنى بۇ يەردە بىرلا جۈملىگە يىغىنچاقلاپ بىرەلەيمەن.

غايەڭىنىڭ بولۇشى- دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە، رەببىڭنى تونۇش - ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل غايە. ئۇ بىزنىڭ ۋە بۇ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىز ئەمەسمۇ؟؟

بەزىلەرنىڭ بۇ ھاياتتىكى نىشانى پۇل- مال يىغىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىمىز، ئاھ! قېرىنداشلىرىم! بايلىق مۇتلەق نىشان قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ پەقەت تېخىمۇ يۇقىرى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرىشىمىزدىكى بىر ۋاستە خالاس! بايلىقى بولسىمۇ ئىچكى جەھەتتىن ۋەيران بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرۈۋاتىمىزغۇ؟!

بىز پۇل- مالنى تېخىمۇ ئۇلۇغ غايىلەرگە ۋاستە قىلىش ئۈچۈن تاپايلى! ئۇنى ئاللە بىلەن باغلاپ چۈشىنەيلى!

پۇل - مال قانداقسىگە الله بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ قالىدۇ؟ شۇنداق، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم ئۈچۈن، بالىلىرىمنى اللەنى ئوبدان تونۇيدىغان ھالەتتە ياخشى تەربىيلىشىم ئۈچۈن ۋە الله يولىدا ئىقتىساد سەرپ قىلىپ، يۇقسۇللارنى باقالىشىم ئۈچۈن پۇل - مال تېپىشنى ئويلايمەن، تەقۋادار باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ خۇددى قېرىندىشىمىز ئالىيەنىڭ «مەن ماگىستىرلىققا ئېرىشكەن، تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقۋادار مۇسۇلمانمەن» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

ئەگەر نىيىتىڭ مۇشۇنداق توغرا بولسا، سەن پۇل يىغىپ ياخشى مەقسەتكە سەرپ قىلساڭ، پۇل تېپىۋاتقان ھەر بىر مىنۇتتا اللەنى كۆزلىسەڭ نېمە دېگەن ياخشى، مۇشۇ دائىرىدە ھاياتىڭدىكى ھەرقانداق نىشانىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسەڭ بولىدۇ.

* مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەنھەرىكەتچى بولۇشنى ئويلايدىغان بىر ياشسەن دەيلى، نېمشقا اللەنى بۇ غايە ئۈستىدە قويمايسەن؟ سەن ئىچكى ئېنېرگىيەگە ئىگە بىر ياشسەن، بۇ ئېنېرگىينى ياخشىلىق ئۈچۈن سەرپ قىلمايدىغان بولساڭ بەلكىم ئۇنى بۇزۇقچىلىققا سەرپ قىلىپ تاشلايسەن. اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان پۇتبولچى بولۇپ، ھەر بىر ھەرىكىتىم ، ھەر- بىر نەپسىم ۋە ھەر- بىر تامچە تەرىم بىلەن ساۋاپلارغا ئېرىشەلەيمەنغۇ؟

* ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياش بولغىنىڭدا، اللەنى بۇ غايەڭدىن ئۈستۈن قويۇشۇڭ كېرەك، ئۆيلىنىشتىن ئىبارەت نىيىتىڭ ئۆزەڭنى پاك ساقلاشقا جۈپتۈڭ بىلەن بىللە قول تۇتۇشۇپ اللەقا ئىبادەت قىلىپ، اللە رازى بولىدىغان ئىسلامى ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا مەرگەزلىشىشى كېرەك، سىرتلاردا تاماششا قىلساڭلار، سەپەرگە چىقساڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا اللە ھەر دائىم بۇ نىشانلاردىن يۇقۇرى تۇرۇشى لازىم.

* بىر ياش قىزنىڭ ھاياتتىكى نىشانى تۇرمۇشلۇق بولۇپ بالا يۈزى كۆرۈشلا بولۇپ قالسا غەلىتە ئىش؛ نېمە ئۈچۈن؟ بارلىق ئاياللار بەرىبىر تۇرمۇشلۇق بولۇشى كېرەكلىكىدىنمۇ؟ ياكى بالىلىرىنى ئوينىتىپ خۇشاللىق تېپىش ئۈچۈنمۇ؟ ياق، بۇلار مەقسەت بولۇپ قالسا، ئاز بىر مەزگىلدىن كېيىن تۈگەيدىغۇ؟! ئەمما بىز قۇرئان ئايىتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ تەقەززاسى بويىچە قاراپ باقايلى: ئۇ ئايالنىڭ نىشانى اللەقا ئىبادەت قىلىدىغان، اللە ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ساغلام ئەۋلادلارنى تەربىيلەش بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ئۇ بالىسىنىڭ يارامliق تەنتەربىيچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن تەنتەربىيە كۇلۇبىغا قاتناشتۇرىدۇ. ھاياتتا، تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇپ بىلىملىك ئادەم بولىشىغا كۆڭۈل بولىدۇ. «اللە ئۈچۈن كامىل ئۆلگە بولىدىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن...» ئەگەردە سىز بالىلىرىڭىزنى تەربىيلەۋاتقان ۋاقتىتا مۇشۇ نىيەتتە بولسىڭىز، ئويلاپ بېقىڭ! ئۇلارنى تەربىيلەش جەريانىدىكى ھەر- بىر مىنۇتىڭىزدا ئەجىر- ساۋاپ ياخشىلىق تارازىڭىزغا تۆكۈلىدۇ، بالىڭىزنى يۇيۇندۇرغىنىڭىز، كۇلۇبلارغا ئېلىپ بارغىنىڭىز، ئۇنى رىغبەتلەندۈرگىنىڭىز... ھەممە- ھەممىسى سىز ئۈچۈن تۈگىمەس ساۋاپ بولۇپ پۈتۈلۈپ تۇرىدۇ!

ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ! بۇ ھاياتتىكى نىشانىم زادى نېمە؟

بىر ھېكمەتتە مۇنداق دېيىلگەن:« مىڭ ئادەمگە تېتىغۇدەك ئادەم بول، ئەگەر مۇنداق بولالمىساڭ بىر ئادەم بول، ھەرگىز يېرىم ئادەم بولۇپ قالما».

قېرىنداشلار! ئەتراپىمىزدا زور غايىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، پالانى بىرى مىڭ ئادەمگە يارايدۇ، يەنە پوكۇنى بىرى يۈز ئادەمگە تەڭ كېلىدۇ، دېيەلەيسەن، يەنە نۇرغۇنلىغان «يېرىم» ئادەملەر، «چارەك» ئادەملەر، ھەتتا «نۆل» گە باراۋەر ئادەملەر قىمىرلاپ يۈرىشىدۇ... سەن قانداق ئادەم بولماقچى؟ ئۆزەڭنى دەڭسەپ كۆرگىن!

* ئەمرى ئىبنى ئاس مىسىردىكى بابىلۇن قورغىنىنى ئالالمىغان چاغدا خەلىپە ئۆمەردىن مىسىرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن تۆت مىڭ نەپەر ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ كىشى ماڭدۇرغان. خەلىپە ئۆمەر ئۇنىڭغا ئۈچ مىڭ نەپەر ئەسكەر ۋە مىڭ ئادەم ئورنىدىكى يەنە بىر نەپەر كىشىنى ئەۋەتكەن، بۇ كىشى ئۇلۇغ ساھابە قەئقا ئىبنى ئەمرى ئىدى. ئۆمەر خەلىپە مۇنداق دېگەن:« اللە بىلەن قەسەمكى، قەئقانىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئاۋازى مىڭ ئادەمدىن ياخشى!»

مىسىردا ئۇرۇش باشلانغان، مۇسۇلمانلار قورغاننى ئېلىش يەنىلا تەسكە توختىغان، شۇنىڭ بىلەن قەئقا ئىبنى ئەمرى قورغاننىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ:« اللەھۇ ئەكبەر! ئى اللە ، ئىسلامغا مەدەت بەرگىن!» دەپ يۇقۇرى ئاۋازدا توۋلىغاندىن كېيىن، قورغان ئېچىلىپ مۇسۇلمانلار سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرگەن، خەلىپە ئۆمەرنىڭ «ئۇ مىڭ ئادەمگە تەڭ كېلىدۇ» دېگىنىگە باپ ھالدا، قەئقانىڭ ئاۋازى بىلەن زەپەر مارشى ياڭرىغان.

* ئون سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى، ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋەتىنىمىزگە مۇستەملىكچىلەر بېسىپ كىرگەن چاغدا، مۇسۇلمانلاردىكى مۇكەممەل ئەركەكلىك خۇسۇسىيەتنى بايقىغان ۋە مۇسۇلمان ياشلىرى زەئىپلەشكەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇلۇغ غايە- نىشانلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. شۇڭا ئۇلار ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىنى تولۇق بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپلىك پىلان بويىچە ئىش قىلماي بولمايدىغانلىقىنى بىلىشكەن.

بىرىنچىسى، مۇسۇلمان ياشلىرىنى ئەقىدە- ئەخلاق جەھەتتىن چىرىتىش؛ ئىككىنچىسى، ئۇلارغا ئەجدادىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇش.

شۇڭا بىز بەزى ياشلارنىڭ بوگۈنكى كۈندە كوچىلاردا تاقىرباش، زەنجىرلەرنى ئېسىۋالغان، سېغىز چاينىغان ھالدا لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى، چۈشەنمىسىمۇ غەرب مۇزىكىسىنى بېرىلىپ تىڭشاپ، ھېيىقماستىن قىزلار بىلەن سۆرىشىپ يۈرگەنلىرىنى

ئۈچرىتىمىز. شۇنداقلا بەزى قىزلارنىڭ پىگورىسىنى چىقىرىدىغان تار مودا كىيىملەرنى كىيىشتىن باشقا، ھاياتنى مەقسەتسىز ئۆتكۈزۋاتقانلىقنى كۆرىمىز. بۇنداق ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئوسمان ۋە ئەلىدەك ئادەملەر بولغىنىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەچكە جەمئىيىتىمىزدە ھالاكەت ئامىللىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان...

ياشلار! ئاخىردا مەن باشتا سۆزلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىككىلا سۆزگە يىغىنچاقلىماقچىمەن"

<u>ھاياتىڭدىكى ئۇلۇغ غايىنى بەلگىلىگىن!</u>

<u>ئۇ بولسىمۇ ـ اللە تائالادۇر!</u>

بۇ كىتاپچىنى ئوقۇغۇنىڭدىن كېيىن، بىر ۋاراق قەغەز ۋە قەلەمنى قولۇڭغا ئېلىپ ھايات نىشانلىرىڭنى يېزىپ چىقىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن! ھاياتتا نېمىلەرنى مەقسەت قىلغىنىڭنى بىلمەستىنلا ياشاپ ـ ئۆلۈپ كەتسەڭ، بۇ بىر خاتالىق!

نىشان- مەقسەتلىرىڭنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغىن، ھاياتىڭكى ئەڭ زور نىشان ـ بۇ ھاياتىڭ ياراتقۇچىسى بولغان رەببىڭنى تونۇش ۋە تەبىئى شەكىلدىكى ھايات پائالىيەتلىرىڭ جەريانىدا رەببىڭنى رازى قىلىش ئۈچۈن ياشاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى يادىڭدىن چىقارمىغىن!

بۇ سۆزلەر ھەممىسىگە مەنپەئەت بېرىشىنى تىلەيمەن شۇنداقلا «قەلب سادالىرى»نىڭ قەلبلەرگە يېتىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىمەن!

سىزلەرگە رەھمەت.

ئاخىرقى دۇئايىمىز شۇكى، بارلىق ھەمدۇ- سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر.

# تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىپ ئەۋلادلار

## كىرىش سۆز

تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىپ ئەۋلادلار
بىزنىڭ روھىمىز ئىسلام
بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلىرىمىز
غەلىبە قىلىش قانۇنلىرى
ئىماننىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە پەرۋىش قىلىشقا بولغان ھاجىتى
ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى
قىزـ ئوغۇل مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى
بۇ ئەۋلادنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ئالامىتى
ئەمەلىيەت ۋە ئىلمى نەزەرىيەگە ئىشەنگۈچى ئەۋلادلار
پائالىيەتچان ۋە جامائەتپەرۋەر ئەۋلادلار
اللەقا مەنسۇپ ئىخلاسمەن ئەۋلادلار
نەسەبى پەقەت ئىسلام بولغان ئەۋلادلار
دەۋەتچى ۋە جىھاد قىلغۇچى ئەۋلادلار
كۈچلۈك ۋە شەرەپلىك ئەۋلادلار
ئۆلچەملىك ۋە نورمال ئەۋلادلار
تەۋبە بىلەن اللەقا قايتقۇچى ئەۋلادلار
مانا بۇ تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەۋلادلار

بۇ كىتابچە، جانابى اللەنىڭ:{ مۇھەممەد اللەنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇپپارلارغا قاتتىقتۇر. ئۆز ئارا كۆيۈمچاندۇر. ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ}، (فەتىھ

سۈرىسى، 27ـ ئايەت ) دېگەن ئايەت كەرىم بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ:« اللە (ھوزۇرىدا) كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشىدۇر ۋە بارلىق مۇسۇلمانلاردا ياخشىلىق باردۇر». دېگەن سۆزىنى چىقىش قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئۆز تەلىماتى ۋە ئېتىقادى بىلەن پادىچى ۋە بۇتپەرەس بىر مىللەت ئىچىدە بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىنسانلار تارىخىدا ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئورنىتىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا، خار- زەبۇنلۇقتىن ئېسىل پەزىلەتكە ئېلىپ چىقتى. بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە ئۇلاردىن كېيىن ئەۋلادتىن ئەۋلاتقا مىراس قالدۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار نامى بىلەن دىنسىزلار ياكى ئاتېئىستلار تەرىپىدىن غەرب ئەللىرىنىڭ پىكرى ئېقىپ كىرگەنگە قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.

بۇ كىتاپچە:« تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلارغا قارغۇلارچە ئىش قىلىشنى توختىتىش، باشتۇڭلۇقنى تاشلاش، ھەقىقەتكە تايىنىش، اللەنىڭ شەرىئىتىدىكى پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلغانىدەك مەۋجۇدىيەتتىكى قانۇنى پىرىنسىپلارغىمۇ رىئايە قىلىش، ئىلىمگە قايىل بولۇش، ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، تەپەككۇر قىلىشنىڭ پەرز، ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ جىھاد ئىكەنلىكىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئۆگىنىش يوللىرىنى ۋە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەۋلادلار ئىشلەشتىن بۇرۇن ئۆگىنىدۇ. ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن ئويلايدۇ. ئۇلار دائىم اللە تەرەپدارى بولۇپ، قەلبلىرى اللەنى سۆيۈش بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ. شۇنىڭدەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ ئىتائىتىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار ھەمىشە اللە بىلەن بولۇپ، سىجىل اللە ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. اللە تەرىپىدىن كېلىپ، اللە تەرىپىگە قايتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار «تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەۋلادلار»غا لايىق خىزمەت ئېلىپ بېرىشنى تاكى اللەنىڭ:{ كىمكى اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن اللە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. اللە ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر}، (ھەج سۈرىسى 40ـ ئايەت) دېگەن كۈچلۈك ۋەدىسىگە لايىق بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ.

## تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىپ ئەۋلادلار

خىزمەتدىشىمدىن بىرى بېيروت قىرغىنچىلىقىنى، قۇشخانىغا ئوخشاپ قالغان سەبرا ۋە شاتىلا شەھەرلىرىدىكى ھېساپسىز تۆكۈلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى، ياۋۇزلارچە بوغۇزلىنىۋاتقان باللارنى، ئاياللارنى، ياشانغان ئادەملەرنى، ھېچكىمگە دەخلىسىز

يەرلەردىكى چېدىر ۋە ئۆي چېدىر ئەھلىنىڭ ۋەيران قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شەرق ۋە غەربتىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەرەب ئەللىرىنىڭ تىرىك مۇردىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى، تەرەققى قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەركەتسىزلەرنى ھەرىكەتلەندۈرمەي ياكى ھەركەتتىكى زوراۋانلارنى توختاتماي، ئاشۇ پاجىئەلەرگە قاراپ ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ - سەن بۇلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟- دېدى.

ـــــ شۇنداق كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. ئەرەبلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمىغانلىقىنى، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم لەختە- لەختە بولۇپ، نىرۋام كۆيۈپ ئاشۇ پاجىئە بىلەن بىرگە ياشىغان ئىدىم. بۇندىن بۇرۇنمۇ ئىسلام شەھەرلىرى ئۆز دائىرلىرى ئىچىدە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ، قەدىمى ئىسلام شەھەرلىرى ئادەملىرى بىلەن بىرگە ۋەيران قىلىنىپ، مەسجىدلەر يىقىلغان، رۇكۇ، سەجدە قىلىنىۋاتقانلار ئۆلتۈرۈلگەن، پاك مۆمىن ئاياللارنىڭ يۈز ئابرويى تۆكۈلگەن چاغلاردىمۇ، ئەرەبلەر بولسۇن ياكى باشقا مۇسۇلمان ئەللىرى بولسۇن ھېچ قايسىسىدىن ئۇ پاجىئەگە قارىتا بىرەر كەلىمە سۆز ئاڭلىمىغان، ياكى نارازى پوزىتسىيەدە بىرەر ھەركەتمۇ كۆرمىگەن ئىدۇق. ھەقىقەتەن ئۇلار قاراڭغۇ كېچىلەردىكى قورقۇنچلۇق قەبرىستانلىقنىڭ ئۈن- تىنسىز تۇرغىنىدەك سۈكۈت قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى بولساڭ بىر- بىرى بىلەن تىللاشقان چاغلاردا ئاڭلايسەن، ھەركىتىنى كۆرمەكچى بولساڭ ئۆز ئارا ئۇرۇشلاردىكى قىزغىن قەھرىمانلىق ھەركەتلىرىدىن كۆرىسەن. ئۇلار گويا:{ كۆپپارلارغا قاتتىق، ئۆزئارا (بىر- بىرىگە) كۆيۈمچان بولغان پەيغەمبىرىنىڭ ساھابىلىرىغا تامامەن زىت يول تۇتۇپ، اللە بۇرۇنلا سۈپەتلەپ:{ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇرۇشى قاتتىقتۇر، ئۇلارنى ھەممىسى بىر دەپ ئويلايسەن. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئەقىل ئىشلەتمەيدىغان قەۋمدۇر}، (ھەشرى سۈرىسى، 14- ئايەت) دېگەن يەھۇدىلارنىڭ سۈپەتلىرى ئۇلارنى جەلىب قىلىۋالغاندەك ئۆز ئارا بىر- بىرىگە قاتتىق، دۈشمەنلىرىگە رەھىمدىل، مۆمىنلەر ئالدىدا كىچىلىك، ئەزىز، كاپىرلار ئالدىدا روھسىز، خار تۇرىدۇ ـــ دېدىم ئۇنىڭغا.

ـــ لېكىن بۇ زۇلمەتنىڭ چېكى يوقمۇ؟ بۇ كېچە تاڭ ئاتماسمۇ؟ بۇ ئۇممەتنىڭ ئۆز غايىسىنى تونۇپ توغرا يولغا مېڭىش، بىر- بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن ئۆز پىكرىنى بىر قىلىش، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ ئۆزىنى ئەسلەش (يەنى ئومۇمىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز شەخسىيتىنى ئۇنتۇش ياكى قۇربان بېرىش دېمەكتۇر) شانلىق غەلبە كۈنلىرى بىلەن

رەزىل مەغلۇبىيەت كۈنلىرىنى يۇيۇش، يەرمۇكتىكى خالىد ئىبنى ۋەلىد، ياكى قادىسىيەدىكى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، ياكى ئەجنادىندىكى ئامىر ئىبنى ئاس، ياكى ئەندەلۇستىكى تارىق ئىبنى زىياد، ياكى ئەينى جالۇتتىكى سەيفۇددىن قوتۇز، ياكى ئىستانبۇلدىكى مۇھەممەد پاتىھنىڭ شانلىق كۈنلىرىگە ئوخشاش نۇرلۇق غەلىبە كۈنلىرى بىلەن پەسكەش، قارا مەغلۇبىيەت كۈنلىرىنى ئۆچۈرۈش ۋاقتى كەلمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئۈمىتسىزلەنمە بۇرادەر، قاراڭغۇ كېچىدىن كېيىن نۇرلۇق تاڭنىڭ كېلىشى اللەنىڭ قانۇنىيىتى. كېچە سائەتلىرىدىكى قاتتىق تۈن قاراڭغۇسى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنقى ئازغىنا ۋاقىت. اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى قانۇنلىرى كەسكىن بولۇپ ئۆزگەرتىلمەيدۇ، مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلغان بولۇپ بوشۇتۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز اللەنىڭ قانۇنىيىتىدىكى بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل كۆزىمىز ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. بىز بۇ نۇقتىدا مۇنداق مۇھىم ئىككى ئىش ئۈستىدە توختىلىمىز:

## بىزنىڭ روھىمىز ئىسلام

ھەر بىر ئادەمنىڭ روھى بولغىنىدەك، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭمۇ روھى بولىدۇ ۋە ئۇ روھ بىلەن ياشايدۇ. روھنى يوقاتقان ھەرقانداق ئادەم جانسىز جەسەد بولغىنىدەك، روھنى يوقاتقان مىللەتمۇ يۈرەكسىز ئادەملەرگە، ياكى ئاساسسىز بىناغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دوستۇم، گېپىمگە ئىشەنسەڭ بىزنىڭ زامانىمىزدىكى ئۈممەتلەر جانسىز ياشاۋاتىدۇ، ياكى جانسىز ياشاشنى ئۆزلىرى ئىختىيار قىلىۋاتىدۇ.

بىز ئۈممەتنىڭ جېنى (يەنى روھى) نېمە؟ جانسىز ياشىشىمىزنى خالايدىغانلار كىم؟ دېيىشىڭ مۇمكىن.

ئېنىق قىلىپ ئېيتىمەنكى، بىز ئۈممەتنىڭ روھى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ يەنىلا ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام دىنى بۇ ئۈممەتنى تۈنۈگۈنكى ئۆلۈك ھالىتىدىن تىرىلدۈرگەن. چېچىلاڭغۇ، تارقاق ھالىتىدىن بىرلەشتۈرۈپ توپلىغان. ئازغۇنلۇق يولىدىن توغرا يولغا باشلىغان. نادانلىق يولىدىن ئىلىم يولىغا يېتەكلىگەن. قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارغان. شۇنىڭدەك دۇنيادىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى قىلىپ تەربىلىگەن.

ئىسلام دىنى ئەينى زاماندا پادىچى ۋە بۇت پەرەس بىر ئۈممەتنىڭ ئىچىدە بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنى تەربىيىلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملارنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن. شۇنداقلا ئۇلارنى شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال پۈتۈن ئالەمگە تارقىتىپ، ئۇ يەرلەردە

كىتاب ۋە ھېكمەتنى قانات يايدۇرغان، ھەمدە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنى سىڭدۇرۇپ، ئادالەت ئورناتقان. ئۇلارنى ئىلىم ۋە ھېكمەت بايرىقى ئاستىغا توپلاپ، بەندىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن بىر اللەقا ئىبادەت قىلىشقا، تار دۇنيادىن كەڭرى دۇنياغا، بۇرمىلانغان دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلام ئادالىتىگە ئېرىشتۈرگەن. بۇ ئۈممەت ھەرقاچان ئاجىزلاپ قالغاندا، ئىسلام دىنى ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى قوزغاپ، ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلارنى توسۇشقا ھەركەتلەندۈرگەن. ئۇلارنى شەرقتىن بېسىپ كەلگەن تاتارلارغا (بۇ يەردە موڭغۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ۋە غەربتىن يۇرۇش قىلىپ كەلگەن ناسارالارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەن. ھەمدە، ئۇلارنىڭ ھىتتىندىكى ناسارا ۋە ئەينى جالۇتتىكى تاتارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئارقا تىرەك بولغان. مانا بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ يەنىلا بۇ ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ھاياتى كۈچىنى قايتۇرۇشقا ۋە اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پىكرىنى بىر قىلىپ، ئىمان كۈچىنى ئاشۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ئۈممەتنىڭ ئىسلامسىز ياشىشىنى خالايدىغانلار، ئۇلارنىڭ جانسىز، سەل كۆپۈكلىرىگە ئوخشاش كېرەكسىز ياششىنى خالايدىغان كىشىلەردۇر. جانسىز ياشىشىنى خالايدىغانلار ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى، ئۇلارنىڭ ئىمان كۈچىدىن قورققۇچى ۋە ئۇلارغا قارا نىيەتتە بولغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلىقى، قورقۇنچاقلىقى ۋە قارا نىيىتى ئۇلارنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىغا قارىماي بۇ ئۈممەتكە سۇيىقەست قىلىش ۋە ئالداش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سېپىنى بىرلەشتۈرگەن. مانا بۇلار بۇزغۇنچى يەھۇدى، ھىلىگەر خرىستىيان، ئالدامچى ئاتېئىست ۋە بۇلارغا ياكى ئۇلارغا بەزى نىقاپسىز بەزىدە نىقابلىق ئىشلەيدىغان غالچىلاردۇر.

## بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلىرىمىز

بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىرىمىزنىڭ قىيىنراقى، خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ، داۋاملىشىپ تۇرۇشىغا سەۋەپ بولۇپ كېلىۋاتقان رىسالىتى (يەنى دىنى ۋەزىپە ۋە دىنى دەۋىتى)نىڭ ھەقىقىتىدىن غاپىل بولۇپ، ئۆزىنى قاتتىق زەھەرلىۋالغانلىقى، دوست-دۈشمەننى ئايرىماي زۇلمەت ئىچىدە پىلانلانغان سۇيىقەستلەرنى، ياغ ۋە قەن گىزەكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇلغان زەھەرلەرنى، مەككارلىق ئۇنىۋانى ئاستىدا ئۇلارغا قارىتىلغان تېز سۈرئەتتىكى ئۈچقۇر ئاتتەك يېقىتىش مىنۇتلىرىنى كۆرمەيۋاتقانلىقى،

شۇنىڭدەك دىنسىزلىقنى ھۆررىيەت، بۇزغۇنچىلىقنى پەن، پارچىلىنىشنى تەرەققىيات، كۆپۈكنى دۆمبە ياغ، ۋىلـ ۋىل كۆرۈنگەن ئېزىتقۇنى سۇ دەپ ئاتىشىۋاتقانلىقىدا.

ئۇممىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېس قىلىنىۋاتقان يەنە بىر ئېغىر ئەھۋال — ئۇلار ئارىسىدىكى مىللەتچىلىك، ئۆز ئارا يۈرتۋازلىق، ياكى شۇ جەھەتتىكى كەمسىتىشلەر، شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان قانۇن يوللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرگەن مەزھەب تەئەسسۇبىيەتچىلىكى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۇلارنى يولدىن چىقىرىپ، ھەقىقەت ئۈستىگە ئۆز خاھىشىنى، اللە رىزالىقى ئۈستىگە نەخ پايدىنى، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىگە شەخسى مەنپەئەتنى، ياكى ئۆز رايۇنى مەنپەئەتنى ئىختىيار قىلىدىغان ھوقۇق مەنمەنچىلىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا كۆرىلىۋاتقان يەنە بىر ئېغىر ئەھۋال — ئاۋام خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ھالىتى، تارىخى ۋە ئەمىلىيتى ئىسلام دىنى بىلەن بولسا، ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەربىيلىنىشى ۋە ئىرادىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئىسلامغا قارشى ھەربىي كۈچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار گەرچە ئىسلامنى يامان كۆرمىسىمۇ، ئىسلامى تۈزۈمنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قېلىشىدىن ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئالى ھوقۇقلۇق يېتەكچى بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاراللىل سىزىقتەك ئۆزلىرى بىر ۋادىدا بولسا خەلقى يەنە بىر ۋادىدا بولىدۇ.

كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم زىيالىلار بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا يەنە بىر بوشلۇق داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ، ئاۋام خەلق ئومۇمەن دىنى پىكىر، دىنى تۇيغۇ ۋە دىنى يوللاردا بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزگە كۆرۈنگەن كۆپىنچە زىيالىلارنىڭ ئىدىيىسىگە دىنسىز مەدەنىيەت (مەدەنىيەتسىزلىك) مۇستەملىكىسى تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى دىنىنىڭ ئاساسىدىن يىراقلاشتۇرغان، كۆز قارىشىنى دىنىغا، دىنىنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرىگە، تارىخىغا ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارغا قارشى خاتا چۈشەنچە بىلەن نېقاپلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىكىر ۋە ئىستىل جەھەتلەردە دىنسىزلارغا، ھېلىگەر دەھرىلەرگە ئىشىنىپ كەتكەن.

شۇڭلاشقا ئۇلار دىنىنى پەقەتلا اللە بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دەپ قاراپ، دىنىنىڭ ھاياتقا قۇماندان، دۆلەتكە قانۇن، جەمئىيەتكە نىزام ، يېتەكچى، ياكى ئىجرائاتچى بولىشىغا يول قويمايدۇ. يول قويغاندىمۇ، پەقەت ناماز ياكى ۋەز نەسىھەت ئۈچۈن مەسجىدنىلا يېتەرلىك دەپ قارايدۇ. مەكتەپلەردە، رادىئو ۋە تېلىۋىزۇرلاردا بىرەر سائەتلا دىنى پىروگرامما ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى قىلىدۇ. گىزىت- ژۇرناللاردا بولسا، بىرەر

دىنى ستون ئىچىش بىلەن چەكلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىنىغا خىزمەت قىلغۇچىلار بولۇپ، پەزىلەت داۋاسى قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلارغا دىنىنى ھاياتلىق تۈزۈمۈشقا نىزام، دۆلەتكە قانۇن قىلايلى دېيىلسە! مىڭلارچە ياق ... دەيدۇ.

## غەلىبە قىلىش قانۇنلىرى

_ ھەقىقى غەلبە ستىخلىك ھالدا ئۆزىچىلا كېلىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنلىرى بولىدۇ. جانابى الله بۇ قانۇنلارنى ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرى تونۇپ، ئەقىل كۆزى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئانى كەرىمدە ئۇنىڭ يوللىرىنى بايان قىلغان.

بىرىنچى: ھەقىقى غەلبە الله تەرىپىدىن بولىدۇ. الله ياردەم قىلغان كىشى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى قارشى چىققان تەقدىردىمۇ مەغلۇپ بولمايدۇ. الله ياردەم قىلمىغان كىشى، سان جەھەتتە يېتەرلىك، تەييارلىقلىرى تولۇق بولغان تەقدىردىمۇ غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە الله گۇڭگا ئەمەس ئۇچۇق، ئېھتىماللىقى يوق كەسكىن قىلىپ قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:{ ئەگەر سىلەرگە الله ياردەم بەرسە سىلەرنى ھېچ كىم يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، اللەتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۆمىنلەر اللەقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!. (يەنى بارلىق ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى اللەقا تاپشۇرسۇن)}، ( ئالى ئىمران سۈرىسى، 160ــ ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:{ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله:« سىلەرگە ئارقىمۇ- ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. الله سىلەرگە بىشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرەپتىنلا بولىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.}، (ئەنفال سۈرىسى، 9ـ 10ـ ئايەت)

ھەقىقەتەن الله، ئاز سانلىق كىشلەرنىمۇ كۆپ سانلىق كىشلەرئۈستىدىن غەلبە قىلدۇرىدۇ. قانداقكى تالۇتنىڭ ئازغىنە ھەمراھلىرى بىلەن جالۇتنىڭ كۆپ ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلدۇرغىنىدەك. چۈنكى (ئۆز ۋاقتىدا) تالۇتنىڭ ھەمراھلىرى جالۇتنىڭ سان- ساناقسىز قوشۇنلىرىنى ۋە بۇ قوشۇنلار ئىچىدىكى زور تەييارلىقلارنى كۆرگەندە، ئۇلار:{ بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز} دېدى. (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) اللەقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد

قىلىدىغانلار:« اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. اللە سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر}. (بەقەرە سۈرىسى 249ـ ئايەت)

اللە خالىسا «غارى سەۋر»دە («غارى سەۋر» پەيغەمبىرىمىز مىلادىيە 622- يىلى مەككىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلغانىدا، مەككە مۇشرىكلىرىدىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن سەپەردىشى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن يۇشۇرۇنغان غار بولۇپ، ئۇلار ئۇ غاردا ئۈچ كۈن تۇرغان) ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگىنىدەك، پەقەت قورالسىز ۋە ئەسكەرسىز كىشىلەرگىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى اللە مۇنداق دەيدۇ:{ ئەگەر سىلەر اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (اللە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ.) اللە ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (اللە رەسۇلى) ھەمراھىغا:« غەم قىلمىغىن، اللە ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى. اللە ئۇنىڭغا (يەنى ئۆز پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار. كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى. اللەنىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر. اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.}، ( تەۋبە سۈرىسى 40- ئايەت)

ئىككىنچى قانۇن: ھەقىقەتەن اللە پەقەت ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە اللەنىڭ قانۇنىدا شەرت ۋە ئۇ شەرتنىڭ جاۋابى بىلەن مۇنداق دېيىلىدۇ:{ كىمكى، اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ}.

{ئى مۆمىنلەر سىلەر اللەقا (يەنىڭ اللەنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار اللە سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ. قەدىمىڭلارنى ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم قىلىدۇ}. (مۇھەممەد سۈرىسى، 7ـ ئايەت)

ئەرەپ تىلىدا ھەرقانداق بىر سۆزنى كۈچلەندۈرىدىغان (ن) ۋە قەسەمنى ئىپادىلەيدىغان (ل) ھەرپلىرى بىلەن ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك خەۋەر سۈرىتىدە اللە مۇنداق دەيدۇ:{ كىمكى اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، اللە ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. اللە ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر}. (ھەج سۈرىسى، 40ـ ئايەت)

ھەقىقەتتە ئاللەقا ياردەم بېرىش ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش، ئۇنىڭ كەلىمىسى يەنى «بىر ئاللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللەنىڭ پەيغەمبەرىدۇر»نى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ ئالىي ھوقۇقتا ئىگە قىلىش بىلەن ھەقىقەتلىشىدۇ. جانابى ئاللە يۇقارقى ئايىتى كەرىمنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆزىگە ياردەم بەرگۈچىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:{ (ئاللەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللەقا قايتىدۇ}. (ھەج سۈرىسى، 41- ئايەت)

كىمكى ئاللەقا ھەقىقى ئىشىنىدىكەن ئۇ كىشى ئاللە قوشۇنى ئىچىدىكى ئەسكەرلەرگە ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىگە ئاللە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ئاللەنىڭ ياردىمى مۆمىنلەرگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە:{ مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزگە تېگىشلىك بولدى}. (رۇم سۈرىسى، 47- ئايەت) دېگەن.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە ئاللەنىڭ ياردىمى ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:{ بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر}. (سافقات سۈرىسى، 173- ئايەت)

ئۈچىنچى قانۇن: ئاللەنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن مۆمىنلەرگە خاس بولغىنىدەك ھەم مۆمىنلەر بىلەن بولىدۇ. پۈتۈن ياردەم ئۇلار ئۈچۈن ۋە ئۇلار بىلەن بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار غەلىبە بايرىقى ۋە ياردەم قورالىرى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللە پەيغەمبىرىمىزگە خىتاپ قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:{ ئاللە سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى، ئاللە مۆمىنلەرنىڭ دىلىنى بىرلەشتۈردى}. (ئەنفال سۈرىسى، 62ـ 63ـ ئايەت)

ئاللە ئۆزى ياردەم بېرىشنى خالىغان كىشىلەرگە بەزىدە خەندەك ۋە ھۇنەين ئۇرۇشلىرىدىكىدەك ئاسماندىن پەرىشتەلەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىقمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:{ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە:« مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى}. (ئەنفال سۈرىسى، 12- ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:{ بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق}. (ئەھزاب سۈرىسى، 9- ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە ھەم مۇنداق دېيىلىدۇ:{ ئاندىن كېيىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبىگە ئېرىشتىڭلار). الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىرگە ئېلىنىش بىلەن) ئازاپلىدى}. (تەۋبە سۈرىسى 26- ئايەت)

الله، يەنە ئۆزى ياردەم بېرىشنى خالىغان كىشىلەرگە بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا يامغۇرنى رەھمەت قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگىنىدەك، ئۇلارغا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى خىزمەت قىلدۇرۇپ بېرىش بىلەنمۇ ياردەم بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇ مۇقەددەس كىتاۋى قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق خەۋەر قىلدۇ:{ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىنى كەتكۈزىۋېتىش ئۈچۈن، (اللهنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچە قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى}. (ئەنفال سۈرىسى، 11- ئايەت)

ياكى خەندەك ئۇرۇشىدا شامالنى كاپىرلارغا قارشى يۆزلەندۇرگىنىدەك، تەبىئەت ھادىسلىرىنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەركەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ياردەم بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە جانابى الله يەنە مۇنداق دەيدۇ:{ بىز ئۇلارغا قارشى بوران ئەۋەتتۇق}. (ئەھزاپ سۈرىسى، 9- ئايەت)

الله بىرەر ئادەمنىڭ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى ئىختىيار قىلغاندا، «بەنى نەزىر ھادىسىسىگە ئوخشاش» ئۇ كىشىنىڭ دۈشمىنى ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان كىشلەرنىڭ ئۆز قولىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى ۋەيران قىلىش، ئىنسانى خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىش ۋە دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى الله مۇنداق دەيدۇ:{ الله ئەھلى كىتاپتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. سىلەر ئۇلارنى (كۆچلۈك تۇرۇپ مۇنداق خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرى ئۆزلىرىنى اللهنىڭ (ئازابىدىن) توسالايدۇ دەپ

ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا اللەنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى}. (ھەشرى سۈرىسى، 2ـ ئايەت)

لېكىن، بۇ ياردەم قورالىلىرىنىڭ ھەممىسى مۆمىن بولۇشقا قاراشلىق.

بەدرى ئۇرۇشىدا چۈشكەن پەرىشتىلەر بىكارغا چۈشمىگەن، بەلكى جانابى اللە ئۇلارغا مۇنداق دېگەن:{ مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) مۇستەھكەم تۇرغۇزىڭلار}، (ئەنفال سۈرىسى، 12- ئايەت)

ئەھزاپ ئۇرۇشىدا:{ مۆمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈنىنىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى}. (ئەھزاپ سۈرىسى 11- ئايەت) شۇچاغدا اللە كاپىرلارغا قارشى بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، مۆمىنلەرگە ياردەم قىلغان.

ۋە ھۇنەين ئۇرۇشىدا:{ ئاندىن كېيىن اللە ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى}. (تەۋبە سۈرىسى، 26- ئايەت)

شۇنىڭدەك بەنى نەزىر ئۇرۇشىدا:{ ئۇلار (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىلىرى) ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى}. (ھەشرى سۈرىسى، 2- ئايەت)

## ئىماننىڭ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە پەرۋىش قىلىشقا بولغان ھاجىتى

اللەنىڭ ياردىمى مۆمىنلەرگە ۋە مۆمىنلەر بىلەن بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ مۆمىنلەر ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلار زېمىندا يېتىشىدۇ. لېكىن ئۇلار قۇرۇقلۇقتا ئۆسۈپ چىقىدىغان، ياكى پەرۋىشسىز مېۋە بېرىدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئەمەس، بەلكى ئۆز غولى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، شاخ چىقىرىپ، شاخلىرى روسلىنىپ، ھوسۇل بېرىپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رۇخستى بىلەن يېيىشكە نېسىپ بولغانغا قەدەر، ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدا سۇغۇرۇش، ئوغۇتلاش ۋە ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھازىر ھەققى چىدامىلىق دېھقانغا مۇھتاج ئۆسۈملۈكلەردۇر. اللە ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان دەسلەپكى ئىسلام ئەۋلادلىرىنى تۆۋەندىكى رۇشەن ئىپادىسى بىلەن سۈرەتلىگەنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

{ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا، (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلىقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى

مەنئۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ. (مۆمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇپپارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر}، (فەتھى سۈرىسى، 29- ئايەت)

## ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى

ئۈممەتلەر ئىچىدە «غالىپ ئەۋلادلار» دەپ ئاتىلىشقا لايىق يېڭى مۆمىن. مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىز ئۈممەتنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامنى ئۆزىنىڭ ساپ مەنبەلىرىگە قايتۇرىدىغان، كېرەكسىز ۋە ئەيىپ- نۇقسانلاردىن ساپلاشتۇرۇپ، توغرا چۈشۈنىدىغان ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش، بۈگۈنكى ئاڭلىق ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىلىشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى، ئەقىدىلىرىنى خۇراپاتلار تۇتۇۋالاشتۇرۇۋەتكەن، ئىبادەت يوللىرىنى بىدئەتلەر بۇزىۋەتكەن، ئەخلاقىنى غەيرى ئەخلاقچىلار ئىگىلىۋالغان، بىلىش نەزىرىيەسىنى تۇرغۇنلۇق قاپلىۋالغان، شەكىلچىلىك ۋە مەزھەب تەئەسسۇبىيەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئاساسسىز ئىشلار ئېقىپ كىرىپ، ئارقىدا قالغان زامانلاردىكى ئىسلام دىنى ئەمەس، ھەقىقى ئىسلام دىنى بولسا، ئۇنىڭغا قۇرئان چۈشۈرۈلگەن، اللەنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە چاقىرغان، ئۇ چاقىرغۇچىنىڭ پاك ساھابىلىرى ۋە خۇلەپائى راشىدىنلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى 4 خەلىپە) ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، يۇقىرى پەللىگە يۈكسەلگەن زامانلاردىكى مەدەنىيەت ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم تۈتقىسى بىلەن زېمىن ئالاقىسىنى ئاسمان بىلەن ئۇلاپ، دۇنياغا «دىن» ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، بىلىم بىلەن ھەقىقەت ئوتتۇرسىنى بىرلەشتۈرگەن ئەۋۋەلقى ئىسلام دىنىدۇر.

ئىسلام دىنى، ھەقىقەتەن توغرا ۋە كۈچلۈك، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي، كۆرەش ۋە تىرىشىش، ئومۇمى ۋە تەڭپۇڭلۇق دىنىدۇر.

ئىسلام دىنى، ھەر بىر شەخس ۋە ھەر بىر ئائىلىنىڭ شان- شەرىپىنى قوغداش، جەمئىيەتكە ھەمكارلىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا كېڭەش ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپ چىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تەقسىماتتا ئادىل بولۇش ، شۇنىڭدەك ھەرقانداق ھەق- ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى ۋە ئۇنى قوغداشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ئىسلام دىنى، ھەرقانداق شەخستىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى اللە ئۈچۈن ئاتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەخسنىڭ ھاياتىدا گاڭگىراپ، ھەيرەتتە قېلىش بولمايدۇ.

چــۈنكى بــۇ ئــارقىلىق ئىســلام دىنىــى ئــۇ شەخســنىڭ نىشــانىنى بىــر نوقتىغــا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىرادىسىگە چەك قويۇپ، مېڭىش يولىنى رۇشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

بــۇ ھەقــتە الــله مۇنــداق دەيــدۇ:{ ئــى مــۇھەممەد! ئېيتقىنكــى مېنىــڭ نــامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغــان الــله ئۈچــۈنــدۇر}. (ئەنئام سۈرىسى 162- ئايەت)

ئىسلام دىنى، ئومۇمى ئىنســانلار ھاياتىنىــڭ پەقەت الــله ئۈچــۈن بولۇشــنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا «دۆلەتنى ھۆكۈمدارلارغا»، «دىنىنى اللەقا» بۆلۈپ بېرىــپ، ھاياتىنىڭ ئىككى ھۆكۈمدار ئارىسىدىكى تالاش تارتىشتا قېلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

چۈنكى دۆلەت ھۆكۈمدارى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى پۈتۈن نەرسىلەر، ھەقىقەتتە بىــر اللەقا مەنسۇپتۇر.

ئىسلام دىنى، ئۆزىگە قارشى دۈشمەنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسىمۇ يەنــىلا ئادىــل بولۇشقا ۋە ھەققانى ئىش قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى الله مۇنداق دەيدۇ:{ بــىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىــل بولماسلىقىڭلارغا ســەۋەپ بولمىســۇن. (ئۇلارغا) ئادىل بولۇڭلار. بۇ (يەنى ئۆچمەن تۇرۇپ، ئادىل بولۇشــۇڭلار) تەقۋالىققــا ئەڭ يېقىندۇر. اللەتىن قورقۇڭلار}. (مائىدە سۈرىسى، 8- ئايەت)

ئىسلام دىنى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامغا قارىتا دۈشمەنلىكى قاتتىق بولســىمۇ، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، دۈشمەنلىك قىلىشتىن توسىدۇ. بۇ ھەقــتە الــله مۇنــداق دەيــدۇ:{ بىرەر قەۋمنىڭ ســىلەرنى مەســجىدى ھەرەم (زىيــارىتى)دىــن توسـقانلىقىدىن ئىبــارەت دۈشمەنلىكى، ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەپچى بولمىســۇن. ياخشــى ئىشقا ۋە تەقۋالىققــا ياردەملىشــىڭلار، گۇناھقــا ۋە زۇلۇمغــا ياردەملەشــمەڭلار، اللەتــىن قورقۇڭلار}. (مائىدە سۈرىسى، 8- ئايەت)

ئىسلام دىنى، چېكىدىن ئېشــىپ كەتــكەن كاپىتالىزىمچىلارغــا قارشــى تۇرغىنىــدەك، ھىلىگەر دەھرىلەرگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. بىر گورۇھ كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىگە زۇلۇم قىلىشــنى توســقىنىدەك، ســىنىپى كۆرەشچىلەرنىمۇ توســىدۇ. چــۈنكى ئىســلام دىنــى ئــۆچمەنلىكنى يۈركەيدىغان كىشــىلەرنى ئەمەس، مېھرى- مــۇھەببەت تۇيغۇســنى بىخلاندۇرىــدىغان دىندار كىشىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى، ھوقۇقدارلارنىڭ زۇلمىغــا ۋە ئەزگــۈچى زومىگەرلەرنىــڭ زوراۋانلىقىغــا قارشى تۇرۇپ، ھوقۇقدارلارغا زۇلۇم قىلما دېسە، پۇقرالارغا زۇلۇمغا تىز پــۈكمەي روھلــۇق، ئەركىن ياشا دەيدۇ.

ئىسلام دىنى، ئۆز ۋاقتىدا جىھادنىڭ ئەۋزەللىكى ھەرقانداق زالىم ئالدىدىمۇ قورقماي ھەققەتنى سۆزلىيەلىگەنلىك دەپ كۆرسەتكەن ۋە مۆمىنلەرگە ئۆز دۇئاسىدا:{ ئى ئاللاھ! ساڭا تەشەككۈر بىلدۈرىمىز، ساڭا تۈزكورلۇق قىلمايمىز، ساڭا باشتۇڭلۇق قىلغانلارنى تاشلاپ، ئۆزىمىزنى ئۇلاردىن يىراق تۇتىمىز} دېيىشنى ئۆگەتكەن.

ئىسلام دىنى، ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈك زومىگەرلەردىن ئۆز ھەققىنى ئېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، پۇقرالارغا بولغان ھەممىگە تونۇشلۇق ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى توسقان بايلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇرۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ھەق مۇنداق دەيدۇ:{ (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر}. (نىسا سۈرىسى، 75- ئايەت)

ئىسلام دىنىنى تەلەپ قىلىنىۋاتقان «غالىپ ئەۋلادلار» چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ھەم باشقىلارنى ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە چاقىرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەقلىنى تېپىپ، قەلبىنى نۇرلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ھەقىقىتىنى تونۇپ، پەرۋەردىگارىنى تونۇيدۇ. ئۆتمىشىنى تونۇپ، ھازىرقى زامانىنى تونۇيدۇ. دوستىنى تونۇپ، دۈشمىنىنى تونۇيدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ۋە سائادەت يولىنى نۇرلاندۇرۇپ بېرىدىغان كىشىنى تونۇپ، نىشاندىن ئازدۇرۇپ، چۆلۈۋېرىنى توغرا يولدىن بۇرىۋېتىدىغان ئادەم سۈرەت شەيتانلارنى تونۇيدۇ.

## قىز- ئوغۇل مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى

ئۇلار مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار، مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللار ۋە ئىتائەتچان ئەر ۋە ئىتائەتچان ئاياللاردىن ئىبارەت ئەۋلادلاردۇر.

ئىسلام دىنىدا ئاياللار، ئەرلەرنىڭ بىر- بىرىنى تولۇقلايدىغان قېرىندىشىدۇر.

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە:{ سىلەر بىر بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن} دەپ بايان قىلغان.

ئاياللار جانابى ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا:{ سەن ئايالىڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار!}، (بەقەرە سۈرىسى 35- ئايەت) دېگەن زاماندىن باشلاپ، ئەرلەرنىڭ ھەمراھىدۇر.

{بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار}، (بەقەرە سۈرىسى، 35- ئايەت) دېگەندىن باشلاپ، ئۇلارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى، ئەلەرگە ئوخشاش قىلغان ئىشنىغا قاراپ، جاۋاپكارلىققا تارتىلغۇچىدۇر.

بۇ ھەقتە الله: { سىلەردىن ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئىشىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن}، (ئالى ئىمران سۈرىسى، 195- ئايەت) دېگەن. الله ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى توغرا يول ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاماندىن باشلاپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق يۇقىرى پەللىگە يۈكسىلىشىدە، ئاياللارنىڭمۇ كۆرۈنەرلىك ھەسسىسى بار.

ئىسلام دەۋىتى يېڭىدىن باشلانغان دەۋردىكى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ تارىختىكى ئورنى، ئىسلام ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلغانلىغا قەدەر ئازاپقا بەرداشلىق بېرىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە تۇنجى شەھىد بولغان كىشى ھەزرىتى ياسىرنىڭ ئايالى (يەنى ئەممارنىڭ ئانىسى) ھەزرىتى سۇمەييەنىڭ ئورنى، ھىجرەت كۈنىدىكى ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى ھەزرىتى ئەسمانىڭ ئورنى، ياكى ھۇنەيىن كۈنىدىكى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلىمەنىڭ ئورنى، ياكى مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى (يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى)نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چېغىدىكى ۋە ھاياتىدىن كېيىنكى تارىختىكى شانلىق ئورنى ئۇنتۇلۇرمۇ؟!

ئىسلام تارىخىدا شۇنداق ئاياللار ئۆتكەنكى، ئۇلار ئوغۇللىرىنى الله يولىدا جىھاد قىلىپ، شېھىد بولۇشقا ئۈندىسە، ئەرلىرىنى پىداكار بولۇپ، پۇل- مالىرىنى جىھاد ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىرىنى دۈشمەنگە ئوق قىلىپ بەللەپ، پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى الله يولىغا ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىملار، قارىلار، ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ۋە دىنىدا ھەقىقى مەلۇماتقا ئىگە نۇرغۇنلىغان ئاياللار بار ئىدى. ئۇلار يىراقنى كۆرۈش بىلەن كىشىلەرنى اللهقا (يەنى ئۇنىڭ دىنىغا) دەۋەت قىلاتتى. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق شىجائەتلىك ئاياللار بولغانكى، مۇنبەر ئۈستىدىكى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگىمۇ تۈزىتىش بېرەلەيتتى. دېمەك، ئۇلار ئەينى زاماندا جەمىيەت ئورگانىزىمىدىكى جانلىق بىر پارچە بولۇپ، الله ئۇلارنى مۇنداق سۈپەتلىگەن ئىدى: { مۆمىن ئەرلەر مۆمىن ئاياللار بىر- بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ. زاكات بېرىدۇ. اللهقا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە

ئىتائەت قىلىدۇ. ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر}. (تەۋبە سۈرىسى، 71- ئايەت)

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش رولى ۋە يېڭىدىن ھەركەتلىنىش ئورنىنىڭ بالىققا كېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئەۋۋەل ئۆزلىرىنى پاكلايدۇ. ئارقىدىن ئۆز جىنسىدىن بولغان قىزلىرىغا يېتەكچى بولىدۇ. ئاياللار ئىجتىمائى جەمئىيەتنىڭ يېرىمى ياكى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار دەۋەت يولىدا ئەرلىرىگە ياردەملىشىپ، قىز ئوغۇللىرىنى ياخشى ئىش قىلىشقا، ناچار ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## ئەمەلىيەت بۇ ئەۋلادنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ئالامىتى

قۇرئان كەرىمنى دىققەت بىلەن ئوقۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى تەتقىقلاپ كۆرگەن كىشىلەرگە بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئالامىتى ۋە سۈپەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىن مەخپى قالمايدۇ.

چۈنكى قۇرئاننى كەرىمنى ئوقۇغان كىشىلەر كۆپلىگەن سۈرە ۋە ئايەتلەردە ئۇلارغا ئالاقىدار سۈپەتلەرنى ئۇچرىتىدۇ. مەسىلەن: سۈرە ئەئراپتىكى:{ بىز ياراتقان ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان، ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۈممەت بار}. ( ئەئراپ سۈرىسى 181ـ ئايەت ) دېگەن بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نىشانى، يولى ۋە قايتىدىغان ئوبيكتىۋى ھەقىقەتتۇر. ئۇلار ھەقىقەت نۇرى بىلەن توغرا يول تېپىپ، كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىرىدۇ. شۇنداقلا ھەقىقى توغرا ۋە ئادىل ئىش قىلىدۇ. الله سۈرە مائىدىدە مۆمىنلەرگە ئۇلار بىلەن بىشارەت بېرىپ، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاخىر زاماندىكى مۇرتەدلەر (يەنى دىنىدىن يېنىۋالغۇچىلار)غا قارشى، ئۇلارنى ئىمانىدا سابىت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ساقلاپ قويغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:{ ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللهنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقۇرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) اللهنىڭ پەزلىدۇركى، الله ئۇنى (بەندىلىرىدىن) ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر. (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر}. (مائىدە سۈرىسى 54ـ ئايەت)

مانا بۇ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى ۋە روشەن سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دوستلۇقىنى الله بىلەن ئورنىتىدۇ. مۆمىنلەرگە مېھرىبان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز كېلىدۇ. جىھاد الله يولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ھەقىقەت تەرىپىدە تۇرۇپ، شەخسىي غەرەزدىن تامامەن پاك ھالدا جىھاد قىلىدۇ. خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ. نەسىھەت قىلىش يولىدا ھەرقانداق مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ.

سۈرە تەۋبىدە ئۇلارنىڭ بۇ پىسخىكىسىنى، تەرجىمە ھالىنى، ئەخلاقىنى، مۇناپىقلارنىڭ ئىنسانى خۇسۇسىيىتىدىن، تەرجىمە ھالىدىن ۋە ئەخلاقىدىن تامامەن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەر نىسبىتى بايان قىلىنغان. مۇناپىقلار باتىلنى دوست تۇتۇشتا بىر- بىرىگە تامامەن ئوخشاپ قالىدۇ:{ مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (موناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر- بىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ. ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ، ھەقىقەت يولىدا پۇل- ماللىرىنى سەرپ قىلمايدۇ)}. (تەۋبە سۈرىسى، 67- ئايەت)

ئەمما ئۇلارنىڭ (يەنى مۆمىنلەر) مەزكۇر مۇناپىقلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى جانابى الله سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:{ مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر- بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ. زاكات بېرىدۇ. اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر}. (تەۋبە سۈرىسى، 71- ئايەت)

الله ئۆزىنىڭ روشەن بايان كىتابىدىكى «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ بېشىدا توغرا يولدا ماڭغۇچى ۋە خۇدادىن ھەقىقى قورققۇچى كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان.

يەنە شۇ سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكلەن ئەمەس ئەمىلىيىتى ئارقىلىق، چىن ۋە ساپ قەلبى بىلەن ھەقىقى ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:{ ئەنە شۇلار (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر}. (بەقەرە سۈرىسى، 177- ئايەت)

شۇنىڭدەك، ئۇلارنى «مۆمىن» سۈرىسىنىڭ بېشىدا «جەننەتۇل پىردەۋسنىڭ ۋارىسلىرى» دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، «فۇرقان» سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا «راھمان تائالاغا ئىبادەت قىلغۇچىلار» دەپ سۈپەتلىگەن ۋە «رەئد» سۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ئەقىل ئىگىلىرى» دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:{ (اللەنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند- نەسىھەت ئالىدۇ}. (رەئد سۈرىسى، 19- ئايەت)

الله «ھوجۇرات» سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا، پەرۋەردىگارى يولىدا مال- مۈلكىنى چىقىم قىلمىغان، ئەمىلىيتى يوق قۇرۇق دەۋاگەر بولۇپ، ئىماندا شەكلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئەرابى كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:{ شۈبھىسىزكى (ھەقىقى) مۆمىنلەر اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر}. (ھوجۇرات سۈرىسى 15ـ ئايەت)

بەلكى، قۇرئان كەرىمنى ئېچىپ، سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ كۆرگەن كىشىگە جانابى اللەنىڭ:{ ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز}. (پاتىھە سۈرىسى 4- ئايەت) دېگەن بۇ يولنى بويلاپ ماڭغۇچىلارنىڭ دەرىجىسى ۋە شان- شەرىپىگە لايىق، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

چۈنكى بۇ ئەۋلادلار ھەقىقى تەۋھىد ئىگىلىرى بولۇپ، بىر اللەقا ئىبادەت قىلىدۇ. پەقەت اللەتىنلا ياردەم تىلەيدۇ. اللەتىن باشقىسىغا يېلىنمايدۇ. بارلىق ئىشلىرىنى اللەقا تاپشۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت بىلەن قايتىدۇ.

ئۇلار ھەمىشە اللەقا تەلپۈنۈپ، اللەتىن تىلەيدىغىنى، اللەنىڭ ئۇلارنى غەزەپ قىلىنغان (يەھۇدى) ۋە ئېزىپ كەتكەن (ناسارالار)نىڭ يولىدىن يىراق قىلىپ، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلەر، شېھىدلەر، سالىھ ۋە ياخشىلارغا ئىنئام قىلىنغان (يەنى توغرا يول)غا يېتەكلىشىدۇر. چۈنكى بۇ يول، يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ ماڭغان يولىدىن ئالاھىدە ۋە پەرقلىق يولدۇر.

ئۇلار «توغرا يولغا» يېتەكلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇشقا تامامەن لايىق كىشىلەردۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك سۈننىتىدىن ئاز- تولا خەۋەردار بولغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قىسمەن بولسىمۇ ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن ھەر قانداق كىشى، گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى اللەنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇلار تېخى دۇنياغا كېلىشىدىن بۇرۇن كۆرۈپ، ئۇلارنى تەرىپلەپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر بەرگىنىدەك، زۇلمەتتىن خالىي قەلب كۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھالاك بولىدىغان يەتمىش ئۈچ پىرقىنىڭ ئارىسىدىكى ئىت ئۆز ئىگىسىگە ئەگىشىۋالغاندەك ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىۋالمايدىغان، ياچاقتىن چىقىپ كەتكەن ئوقيادەك دىنىدىن ئۇنداق تېز چىقىپ كەتمەيدىغان، بەلكى

ئاللەنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ماڭغان يول بىلەن ماڭىدىغان «نىجات تاپقان بىر پىرقە» كىشىلەرنى كۆرگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشەنچلىك پادىچىلار ئۆز پادىسىنى ئاسرىغىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ مىراس ئالغان ۋەزىپىلىرىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاسرايدىغان، ئاللە:{تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتەرمىگەنلەر (يەنى ئەمەل قىلمىغان يەھۇدىلار) خۇددى كىتاپ يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ}. (جۇمۇئە سۈرىسى، 5- ئايەت). (چۈنكى اللە يەھۇدىلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى (يەنى ئۆز كىتابىنىڭ بەزى ئىلىملىرىنى) ئۆگەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئايەتلەردىن ئۆزىنى تارتقان ئىدى) دەپ بايان قىلغان يەھۇدىلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان، بەلكى ئۆز مىراسىنىڭ ئالى ھوقۇقىنى، روشەنلىكىنى، ئورتاقلىقنى ۋە ئومۇميلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ ئۆزگەرتمىسىنى ۋە ناتوغرا ئەقىدىلىرىنى، شۇنىڭدەك جاھىل ۋە بىلمەسلەرنىڭ تەئۋىللىرىنى يوقىتىدىغان «ھەققانىيەتچى ئىز باسارلار»نى كۆرگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەمراھلىرى بولغىنىدەك، كېيىنكى ئۈممەتلەر ئىچىدىكى «ئاللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قېرىنداشلىرى» (يەنى ئۆز قېرىنداشلىرى)نى كۆرگەن، ئۇلارنى سېغىنغان ۋە ئۇلار تېخى دۇنياغا كەلمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ:« مەن قېرىنداشلىرىمنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم» دېگەندە، ساھابىلار «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ ئەمەسمۇ؟» دېيىشتى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ) «سىلەر مېنىڭ ھەمراھلىرىم، ئەمما قېرىنداشلىرىم بولسا، بۇندىن كېيىن كېلىدىغان قەۋمدۇر» دېگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەر زايا قىلىۋەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان، بۇزۇلۇۋاتقانلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان «غۇربەت» ئىگىلىرىنى كۆرگەن. غۇربەت ئىگىلىرىگە مۇبارەك بولسۇن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە، اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدىغان، اللەنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە ئېرىشىدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا تولۇق ئەمەل قىلىدىغان «ئەجەپلىنەرلىك ئىمانغا مۇناسىپ كىشىلەر»نى كۆرگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە، دىنىنى زايا قىلغۇچى ۋە زايا قىلدۇرغۇچىلار ئارىسىدىكى پىتنە- پاسات كۆنلىرىدە، قاتتىق بېسىم ئاستىدا ياردەمچىسىز تۇرۇپمۇ، يالتىراپ تۇرغان «چوغنى تۇتۇپ تۇرغانغا ئوخشاش دىنىنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار»نى كۆرگەن. ئۇلارغا ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىلىشمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس!

ئۇلارنىڭ ئىچىدە، يالغان سەپسەتىچىلەر بىلەن، بىدئەتكە چاقىرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا «ھەقىقەتنى ئاساس قىلىپ تۇرغۇچى بىر جامائەت»نى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن كېمەيتىۋەتكۈچىلەر ئوتتۇرىسدا نورماللىقنى ساقلاپ تۇرغۇچى، شۇنىڭدەك غەزەپ قىلىنغان (يەھۇدىلار) بىلەن ئېزىپ كەتكەن (ناسارالار) ئوتتۇرىسىدىكى «توغرا يول»دا ماڭغۇچىلارنى كۆرگەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە، يەھۇدىلارنى يېڭىپ، پەلەستىننى ئۆز قولىرى بىلەن ئازات قىلىدىغان، پۈتۈن مەۋجۇدىيەت، ھەتتاكى تاش- دەرەخلەرمۇ ئۇلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ، ئۇلارنى كۆچلەندۈرىدىغان، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى:« ئى مۇسۇلمان! ئى اللەنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدى مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر!» دەپ ئۆزلىرىگە خاس سۆز- ھەركەتلىرى بىلەن كۆرستىپ بېرىدىغان، غالىب ئەۋلادلارنى كۆرگەن.

## ئەمەلىيەت ۋە ئىلمى نەزەرىيەگە ئىشەنگۈچى ئەۋلادلار

بۇ ئەۋلادلار قارغۇلارچە ئىشلەشنى تاشلايدۇ، سۆرەلمىلىكنى تۈگىتىدۇ. مەۋھۇم خىياللارغا ئەمەس، ھەقىقەتكە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلار زېمىن يۈزىدە تۇرۇپمۇ، ھامان بىر كۈنى ئاسمانغا ئۆرلەيدىغانلىقنى ئۇنۇتمايدۇ. سۇسىز سۇ ئۈزىدىغان، قاناتسىز كۆكتە ئۇچىدىغان تەلۋە ۋە ۋەھمى چۈشلەر بىلەن شېرىن ئۈمىد- ئارزۇلار ئارقىسىدىن قوغلىمايدۇ! ئۇلار زور ئۈمىدۋار ياشلاردۇر. لېكىن ئۇلار ھەر زامان نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدۇ. چۈش ساھىلىغا نەزەر سالىدۇ. لېكىن دېڭىزنىڭ ئۆركەشلەپ، ئاچچىق... دولقۇن قوزغىشىنى، كېيىن ئۈشتۈمتۈت قاتتىق شامالنىڭ قوزغۇلىشىنى كۈتىدۇ. ئۇلار زاماننىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، دەۋرنىڭ قودۇقتا تاشلانغان سوغىغا ئوخشاش ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. زاماننىڭ داۋاملىق بىر رېتىمدا داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى جانابى الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:{ بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىركۈن بۇ پىرقىدە يەنە بىركۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز ). (ئال ئىمران 140ـ ئايەت)

بۇ ئەۋلادلار ئەمەلىيەتچى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، قۇرۇغلۇقتا سۇ ئۈزمەيدۇ، دېڭىزغا زىرائەت تېرىمايدۇ، خىيال يىپلىرىدا گىلەم توقمايدۇ، قۇم ئۈستىگە قەسرى- سارا‌ي قۇرمايدۇ!

ئۇلار ئاللاھتىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، رەھمىتىدىن نائۈمىد بولمايدۇ. لېكىن قۇدرىتى ئىلاھىينىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ۋە ئىمكانىيەت دائىرىلىرىنى تونۇيدۇ. مېۋە مەۋسۇمىدىن بۇرۇن مېۋە تەلەپ قىلمايدۇ. ھەرقانداق نەرسە پىشىپ ۋايىغا يەتمىگۈچە، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ. چىقىشىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزىنى خالتا كوچىغا تىقىپ قويمايدۇ. ئۇلار بىر شائىرنىڭ:

ئارتۇق كىشى ھىممەتتە ئۇ، ئالسىمۇ ئەگەر ئۇسسۇزلۇقتىن،

بىلمەي تۇرۇپ چىقىشنى ئۇ، بىر تامچە سۇغا بولماس يېقىن.

دېگەن سۆزىنىڭ تەمسىلچىلىرى بولالايدۇ.

ئۇلار ئاللاھنىڭ شەرىئەتتىكى قانۇنلىرىغا رىئايە قىلغىنىدەك، مەۋجۇدىيەتتىكى قانۇنىغىمۇ ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىدۇ.

ئۇلار نەپسىنى تىزگىنلەش سىياستىنى ئۆزىگە يۈرگۈزۈپ، سالغان ئۇرۇغ ئۈنۈپ ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر ياپراق چىقىرىپ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، مېۋىلەر پىشىپ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن يېيىشكە نېسىپ بولغانغا قەدەر چىدايلىقچە سەبر- تاقەت قىلىدۇ.

ئۇلار ئىلىمغا ئىشىنىدۇ. ئەقلنى ھۆرمەت قىلىدۇ. پاكىتقا بويى سۇنىدۇ. خۇراپاتلىقنى رەد قىلىدۇ. گۇمانغا ئىشەنمەيدۇ. ئۆزىنى ھاۋايى- ھەۋەسكە ئۇرمايدۇ.

ئۇلار قۇرئان ۋە سۈننەتتىن تەپەككۇر قىلىش پەرز (كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) چوڭقۇر ئويلاپ مۇلاھىزە قىلىش ئىبادەت، ئىلىم تەلەپ قىلىش جىھاد، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دەپلام كونىلىقتا ئېسىلىۋېلىش جاھىللىق ۋە ئازغۇنلۇق، ئاتا- بوۋىلىرىغا ۋە چوڭ پىشقەدەم كىشىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگىشىش بۇزۇلماق ۋە بۇزۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار، ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن تەپەككۇر قىلىدۇ. ئىشلەشتىن بۇرۇن ئۆگىنىدۇ. ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن دەلىل تەلەپ قىلىدۇ. ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن پىلان تۈزىدۇ. پاكىتسىز ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمايدۇ. دەلىل- ئىسپاتسىز دەۋا قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ:{ راستچىل بولساڭلار قېنى ماڭا بىلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار!}. (ئەنئام سۈرىسى، 143- ئايەت)

{(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار!}، (ئەنئام سۈرىسى، 148- ئايەت)

{ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دېگىن}. (بەقەرە سۈرىسى، 111- ئايەت) دېگەن مەزكۇر ئايەتلەردىن كۆزلىرىنى ئۇزمەيدۇ.

## پائالىيەتچان ۋە جامائەتپەرۋەر ئەۋلادلار

ئۇلار ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ئۆتمىشتىكى شان- شەرىپىگە ناخشا تولاپ، هازىرقى مەغلۇبىيىتىگە قاخشاپ كەلگۈسى غەلبىنى ئارزۇ قىلىپ ئولتۇرمايدۇ... ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ غەلبىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شان- شەرىپىگە پەخىرلىنىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئەمەس، چىقىم بىلەن، بەدەل بىلەن، قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ئىش بىلەن، سەل قاراپ سۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەمەس، جىددى ئىشلەش بىلەن، بۇزۇش بىلەن ئەمەس، تۈزەش بىلەن، ۋاقىراپ- جاقىراش بىلەن ئەمەس، يېتەكچى بولۇپ ئىشلەش بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقان ھەقىقى ئىمانىنى، ئۇنىڭ ئەمەلى ئىش- ھەرىكىتى ئىسپاتلايدۇ. اللە ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزە ئىشلەپ قويۇش ئۈچۈنلا ياراتقان ئەمەس، بەلكى:{ ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئىش- ئەملى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن} ياراتقان. شۇڭلاشقا، (ئىسلام دىنىدا) ئىشلەش پەرز، ئىشلىگەندە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياخشى ئىشلەش ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىش جىهاد دەپ كۆرسىتىلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى ئىش قىلغۇچىلار قىلغان ياخشىلىقلىرىنى اللە قىلچە زايا قىلىۋەتمەيدىغانلىقىغا، زەررە قەدەر زۇلۇم قىلىنمايدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك پات يېقىندا پۈتۈن ئىش ھەرىكەتلىرىنى اللە، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئىشلىشى لازىم.

ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ غەلبە قىلىپ، ئۇنىڭ هاكىمىيەت ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەممە بىردەك بىر گەۋدە بولۇپ ئىشلەش، «ئىسلام دىنى» كۆرسەتكەن ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ چىققان زۆرۈر پەرزلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتى ھەرقانچە سىستېمىلىق ۋە جانلىق بولسىمۇ، يەنىلا يېتەرلىك بولمايدۇ. بۇ ۋەزىپە، پەقەت بىر جامائەت ھىمايىسىدە ياشاش بىلەن ئاندىن شۇ جامائەت سايىسىدا ئەمەلى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزلىرىگە بۇيرىغان تاپشۇرۇقلىرىنى جامائەت شەكلى بىلەن، «ئى مۆمىنلەر! دەپ خىتاپ قىلىغانلىقىدىن ئۆگىنىپ، اللەنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىشتا، توسقىنىدىن يىپىشتا ھەممە كىشى ئورتاق ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتكەنلىكتىن، شۇنىڭدەك ھەر نامازدا سۈرە پاتىھەنى ئوقۇغاندا:{رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن} دەپ پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن، پەرۋەردىگارى بىلەن جامائەت تۈرى بىلەن سىردىشىشنى ئۆگەنگەچكە، ئۆزى جامائەتتىن خالى تەنھا بولغان بولسىمۇ، قەلبىدىكى جامائەت ئۇرۇغى بىخلانغانغا قەدەر، تىلى ئارقىلىق جامائەت شەكلى بىلەن سۆزلەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆز قىممىتىنى ئۈممىتى يولىدا قۇربان قىلىپ، «بىز» دېگەن كۆپلۈك ئالماشنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن «مەن» دېگەن بىرلىك ئالماشنى يوشۇرىدۇ.

ئۇلار اللەنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى اللەنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىپ، قەتئى ئايرىلماسلىقنى، تەقۋادارلىقتا ياردەملىشىشنى، بىر- بىرىگە ھەقنى ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشنى، ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ ھالاك بولۇپ كەتكەن بۇرۇنقى ئۈممەتلەردەك ئىختىلاپلاشماسلىقنى، ئۆزئارا بىر- بىرلىرى بىلەن جېدەل- ماجرا قىلىپ، كۈچ- قۇۋۋىتىنى كەتكۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقۇپ ئولتۇرماسلىقنى پەرۋەردىگارىنىڭ كىتاۋىدىن ئۆگىنىدۇ.

شۇنداق... اللە ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ دىنىنى، تارىخنى ۋە ھەقىقەتنى ئۆگەتتى. ھەقىقەتەن ئادەم قېرىنداشلىرى بىلەن كۆپىيىدۇ. ئاجىز ئادەم جامائەت بولۇش ئارقىلىق كۈچىيىدۇ. چاۋاك بىر قولدىن چىقمىغىنىدەك بىر ئادەمنىڭ ئاۋازىمۇ چىقمايدۇ. ھەقىقەتەن اللەنىڭ قولى جامائەت بىلەن بولىدۇ. چوقۇم بۆرە توپتىن ئايرىلغان قوينى يەيدۇ. سانى ئاز كىشىلەر بىرلەشمە ئىتتىپاق قۇرسا، كۈچىيىپ سان جەھەتتىكى ئازلىقتىن كېلىپ چىققان ئاجىزلىقتا تاقابىل تۇرالايدۇ. ئۆزئارا ئىختىلاپى بولغان كىشىلەر، سان جەھەتتە ھەرقانچە كۆپ بولۇشتىن قەتئى نەزەر ئاجىزلىشىپ، ۋاقتى كەلگەندە سانىنىڭ كۆپلىكى بىر پۇلغا يارىماي قالىدۇ.

ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەتنىڭ ئازاتلىقنى، بىرلىكىنى، گۈللىنىشىنى، يۈكسىلىشىنى، ئالدىنقى ئۈممەتلەردىن بولۇشنى ۋە ئىسلامىي ھۆكۈمنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئىجرا قىلىنىپ، ئاندىن باشقا يەرلەردە ئىجرا قىلىنىشىنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنىڭ بۇيۇك غايىسى، ئەمەلىيەتچان جامائەت ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقىسىز ئەمەلگە ئېشىشى تولىمۇ يىراق، بەلكى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭسىز ۋاجىپ تامامالانمايدىغان نەرسىنىڭ ئۆزى

ۋاجىپلىقىنى لازىم تۇتىدۇ. (يەنى ئىنساننىڭ ھەقىقى ئىسلامىي ھايات، ئىسلامىي ھۆكۈمەت، ئىسلامىي تۈزۈم بىلەن ياشىشى ۋاجىپ. ئەمما بۇ پەقەت بىرەر ئادەم ياكى بىر نەچچە كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ئىش ھەقىقى پائالىيەتچان جامائەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئىسلامىي دۆلەت، ئىسلامىي تۈزۈم، ئىسلامىي جەمئىيەت، ئىسلامىي ئائىلىدە، ئىسلامىي ھايات بىلەن ياشاشنى خالايمەن دەيدىغان ھەرقانداق شەخسنىڭ چوقۇم جامائەت بولۇپ ياشىشى ۋاجىپدۇر).

ئۇلار، باتىل ئەھلىنىڭ باتىل ئەتراپىغا ئۇيۇشقان يەردە، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ھەقىقەتكە يېپىشىشى، ئەلۋەتتە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۆگىنىپ، ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆگەنگەن.

ئۇلارنى پاراۋانلىق كۆنلەردە ئۆز سېپىدىن ئايرىۋەتكەن كىشىلەرگە بىرەر مۇسىبەت يېتىپ قالسا، (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەتنى) «ئورتاق ھەممىزنىڭ مۇسىبىتى» دەپ قاراپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ھەقىقەتەن بۇيۈك كۆرەشلەر تىپى ئوخشاش بولمىغان، خىلمۇ خىل ئادەملەرنى ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا بىرلەشتۈرىدۇ.

چۈنكى الله قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېگەن:{ شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ، جەڭ قىلغانلارنى (يەنى جىھاد مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا، مەۋقەسىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، بىر- بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن خىشلاردەك، بىرلىشىپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ}. (سەپ سۈرىسى، 4- ئايەت) چېچىلاڭغۇ خىشلار مەيلى ھەرقانچە كۆپ بولسۇن، ياكى چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولسۇن، ئۇلارنى بىر- بىرى بىلەن گىرەلەشتۈرمەي تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بىنا قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇقىم پايدىسى، پەقەت ئۇلارنى بەلگىلەنگەن لايىھە، قائىدە ۋە سىستېمىلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا جەملەپ، رەتلىك ھالدا بىر- بىرىگە گىرەلەشتۈرۈش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىپ، باتىلنى رەت قىلىدىغان، گۈزەل ئەخلاققا چاقىرىپ، بۇزۇقلۇقنى خالىمايدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان كىشىلەرنى سەممىيەتلىك بىلەن ئىزدەيدۇ ۋە قوللىرىنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا قويۇپ، چېچىلاڭغۇ خىشلاردىن مۇستەھكەم تاملار، مۇستەھكەم تاملاردىن يۈكسەك بىنالار، خىلمۇ خىل بىنالاردىن گۈللەنگەن شەھەر قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن

كـۈچىنى بىرلەشـتۈرىدۇ. ئـۇلار ھەر زامـان پائالىيەتچـان جامـائەت يولـدا يـۈرۈپ، راستچىللىق بىلەن ئىشلەيدۇ.

ئۇلار، مەيلى داۋاملىق قىيىنچىلىقلاردا بولسـۇن يـاكى ئاسـانلىقلاردا بولسـۇن، ھـېچ قاچان توختاپ قالماي ھەقىقى سەۋرچانلىق كۆرسىتىپ، ھەققـانىيەت بـىلەن ئىشـلەيدۇ. ئۇلار سەۋر ئىچىگە بىنا قۇرۇپ چىقىشتا، چارچاپ قالمـاي، مـالال بولـۇپ قالمـاي كـۈچ چىقىرىــدۇ. ئــۇلار ياخشــى يامــان كــۈنلەردە مــۆرىنى مــۆرىگە تــىرەپ، ياخشــىلىققا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىشكە ئىرادە تىكلەيدۇ. چۈنكى مـۆمىن ئـۆز- ئـارا مۇسـتەھكەم بىناغا ئوخشاش بىر- بىرىنى چىڭىتىدۇ.

## اللەقا مەنسۇپ ئىخلاسمەن ئەۋلادلار

اللەقــا مەنســۇپ ئىخلاســمەن ئەۋلادلار شــۇنداق كىشــلەردۇركى، تىبخــى دۇنيــادا تۇرۇغلۇق، ئاخىرەت ئەھلىنىڭ قەلبى بىلەن ياشايدۇ. زېمىندا تۇرۇغلۇق، ھىچ سايە يــوق كۈندە، اللە يەتــتە خىــل ئــادەمگە ســايە بېرىــدىغان پەرۋەردىگارىنىــڭ ئەرشىســگە تەلپۈنىدۇ. ئۇلار تۇتقۇلىرىنى اللە ئاغامچىسىغا ئۇلاپ، يــولىرىنى ئۇنىــڭ نــۇرى بىــلەن يورىتىدۇ. دىللىرىنى اللەقا بولغان مـۇھەببىتى بىــلەن گۈللەنــدۈرۈپ، تىللىرىــدا ئــۇنى ئەسلەش بىلەن «يا اللە» دەيدۇ. شــۇنىڭدەك پۈتــۈن ئەزالىرىنــى اللەنىــڭ ئىتــائىتىگە ئاتلاندۇرىدۇ. ئۇلار ھەر ئىشتا دائىم اللە تەرىپىگە قايتىدۇ. ھەرقانداق نەرسىدە اللەقــا تايىنىپ، ئۇنىڭ ئىتائىتىگە ھازىر تۇرىدۇ. ياردەمنى اللەتىن تــىلەپ، ئۇنىــڭ تەرىــپىگە پاناھلىنىدۇ. يۈرۈش- تۇرۇشلىرى اللەنىڭ كىتابى قۇرئان نۇرى بىلەن پۈركىنىدۇ.

ئۇلار كىشىلەرنى دوست تۇتۇشتا پەقەت اللە ئۈچۈن دوست تۇتىــدۇ ۋە الــلە ئۈچــۈن يامان كۆرىدۇ. ئۇرۇق- تۇغقــان مۇناســىۋىتىنى الــلە ئۈچــۈن ئۇلايــدۇ ۋە الــلە ئۈچــۈن ئۈزىدۇ. باشقىلارغا بىر نـــــەرسە بېرىشتــــــە، الــلە ئۈچــۈن بېرىــدۇ ۋە الــلە ئۈچــۈن بەرمەيدۇ. باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشتە الــلە ئۈچــۈن ئىنــاق ئۆتىــدۇ ۋە الــلە ئۈچــۈن دۈشمەنلىشىدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ ھەر ئىشتا ئاساسى پىرىنسىپى ۋە ئالىي غايىسى اللەتۇر. {اللەنىڭ ئىبتىداسى يوقتۇر ۋە ئىنتىھاسى يوقتۇر}، {ھەممىنىڭ ئاخىر بارىــدىغان جــايى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر}.

ئۇلار، اللە ئۇلارنى ئۆز دىنىغا خاس قىلغىنىدەك ئۇلارمۇ دىنىنى اللەقا خــاس قىلىــپ، «ئىخلاســمەنلەر» (يەنــى ھەر ئىشــدا ســەممىيەتلىك بــىلەن خــالىس الــلە ئۈچــۈن ئىشلەشتىن) ئىبارەت ئالاھىدە سۈپىتى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىــدۇ. ھەقىقەتــتە دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەقەت تەنھا بىــر الــلە

ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ:{ ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم، (يەنى دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت- ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللە ئۈچۈنــدۇر. اللەنىــڭ شېرىكى يوقتــۇر}. (ئەنئـام سۈرىسى 162- 163- ئـايەت) دېـگەن مانــا بــۇ سـۆزىگە دىققىتىنى بەرگەنلىكى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

ئۇلار پۇل- مالغا بولغان ئاچ كۆزلۈك، نام- ئابرويغا بولغان ھېرىسـمەنلىك، ھوقــۇق- مەنسەپكە بولغان ئىشتىياق، (ھايۋانلارچە پەقەت شەھۋانى ھەۋىسى ئۈچۈن) ئاياللارغا بېرىلىش ۋە دۇنيــا چېمپىيونلــۇق لوڭقىسـى ئوتــدا كۆيۈشـتەك ئىنسـانلارنىڭ غايىســى ئوخشاش بولمىغان بۇ ھايــاتى دۇنيــادىمۇ، يەنــلا زېمىنــدا ئۈســتۈنلۈكنى، بۈزۈقلــۇقنى خالىمايدۇ. يۈز- ئابروي، مال- مۈلۈككە قىزىقمايدۇ. شۆھرەت ۋە ھەۋەسكە بېرىلمەيدۇ ۋە ئــۆز دۇئالىرىــدا:« ئــى پەرۋەردىگــارىمىز! دۇنيــانى بىزنىــڭ ئەڭ چــوڭ غېمىمىــز ۋە ئىلمىمىزنىڭ غايىسى قىلىپ قويمىغىن» دەپ تىلەيدۇ.

ئۇلار مال- دۇنيانى قوللىرىدا تۇتۇپ، دىللىرىغا كىرگۈزمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ئــۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرىدىغان يول قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ھەممىگە قادىر ئىلاھ قىلىپ تىكلىۋالمايــدۇ. ئۇلارنىــڭ مــۆھىم بىلىــدىغىنى ئــاخىرەت، غايىســى اللــە رىزالىقىغــا يېــتىش، بــارلىق نەرسىلەرنى اللەتىن تۆۋەن كۆرۈش، باغۇ- بوستانلارنى بىر ئېزىتقۇ، تــۇپراق ئۈســتىدىكى پۈتۈن شەيئىلەرنى ھەم تۇپراق دەپ قاراش.

دېمەك، ئۇلارنىڭ قەلبى تەۋھىد ئىكرانى بىلەن كىرىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار اللەنىڭ باشقىسىنى ئىلاھ قىلىشقا، ھۆكۈمدار تىكلەشكە ۋە دوست تۇتۇشقا رازى بولمايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ھاياتىدىكى پۈتۈن بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشــلاپ، يالغــان- ياۋىــداق ۋە ســاختا ئىلاھلارنىــڭ ھەممىســىدىن ئــۆزىنى پــاك تۇتــۇپ، قەلبــى ۋە ئەقلىنــى اللــە كەلىمىسىدىن باشقىسىغا ئەگمىگەندەك، بەللىرىنى ھەم اللەنىڭ ئىبادىتىدىن باشقىســغا ئەگمەيــدۇ. ئــۇلار پەرۋەردىگارىغــا:{ ســاڭىلا ئىبــادەت قىلىمىــز ۋە ســەندىنلا يــاردەم تىلەيمىز} دەپ قىلغان مۇناجاتلىرىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ، اللەتــىن باشقىســغا ئىبادەت قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ كىمدىن ياردەم ســورىمايدۇ. ئــۇلار اللەتــىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسىگە، ياكى اللەقا باشقا بىر نەرسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىشــتىن ئۆزىنى قۇتقازغىنىدەك، نەپسىگە ۋە ھــاۋايى- ھەۋەســكە ئىبــادەت قىلىشــتىنمۇ ئــۆزىنى ئازات قىلىــدۇ. چــۈنكى زېمىنــدا ئىبــادەت قىلىنغــان مەبۇدلارنىــڭ ئەڭ ئەشەددىيســى ھاۋايى- ھەۋەستۇر. ئــۇلار بــۇت بولســۇن، مەۋھــۇم خىيــال بولســۇن، ھــاۋايى- ھەۋەس

**بولسۇن، تەبئەت بولسۇن، شەخسلەر بولسۇن ـــ ئىسمى ياكى ئاتالغۇسى، ياكى بولمايدۇ شەكلى تاغۇت يەنى «شەيتان» بولغان ھەرقانداق نەرسگە ئىبادەت قىلمايدۇ. ئۇلار اللەنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرى چاقىرغان:{ اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتقا (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار}، (نەھل سۈرىسى، 36- ئايەت) دېگەن مانا بۇ ئايىتى كەرىمەنى دىللىرىدا ساقلايدۇ. ئۇلار زالالەت يوللىرىدىن توغرا يولنى ئايرىۋىلالايدۇ. ھەرقانداق مەبود قىلىپ تىكلەنگەن نەرسلەرنى تاشلاپ، بىر اللەقا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغان مۇستەھكەم تۇتقىسىغا ئېسىلىدۇ.**

## نەسەبى پەقەت ئىسلام بولغان ئەۋلادلار

**ھەرقانداق بىر ئادەم ئۇلارنىڭ مىللىتىنى، ياكى نەسىبىنى، ياكى ماھىيتىنى سورىماقچى بولسا، ئۇلار پەقەتلا «مۇسۇلمان».**

**ئۇلار ئىسىم، ياكى لەقەب، ياكى ۋارىسلىق ھوقۇقى، ياكى شارائىت مۇناسىۋىتى بىلەن مۇسۇلمان ئاتالغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىسلامنى ناھايىتى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش بىلەن «مۇسۇلمان» ئاتالغان. شۇڭلاشقا ئۇلار، پاكىت ئارقىلىق ئىسلامغا ئىشىنىدۇ. جاھىلىيەتنى تونۇپ رەت قىلىدۇ. ئەقىل كۆزى بىلەن اللەقا ئىلتىجا قىلىپ، ئىلىم ئارقىلىق ھەرقانداق تاغۇتقا بوي ئەگمەيدۇ.**

**ئۇلار ئىسلام دىنىدىن باشقىسىنى خالىمايدۇ. ئىسلامنىڭ تۈزۈم يوللىرىدىن باشقىسىغا رازى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ دىنى بولۇشقا اللە رازى بولۇپ، اللە ئۇلارغا ئىسلام دىنى بىلەن ئۆزىنىڭ نىئمىتىنى تاماملىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلار ئىسلام دىنىغا رازى بولمىسۇن؟**

**بۇ ھەقتە جانابى اللە مۇنداق دەيدۇ:{ بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نىئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا رازى بولدۇم}. (مائىدە سۈرىسى، 3- ئايەت)**

**{كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىننى ئىزدەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر}. (ئال ئىمران سۈرىسى، 85- ئايەت)**

**{(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار:« ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك}. (نۇر سۈرىسى، 51- ئايەت)**

**ئۇلار تاغۇتنىڭ ھۆكمىگە چاقىرىلسا، باش تارتىپ قوبۇل قىلمايدۇ. شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە ئەگىششىنى تامامەن رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرى مۇبارەك دەرەختىن چىقىرىلغان. بۇ ھەقتە جانابى الله مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپمۇ ئەمەس، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلىكىدىن) ئوت تەگمىسمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ.} (نۇر سۈرىسى، 35- ئايەت)**

**ئۇلار كاپىتالىزىمنىڭ زومىگەرلىكىنى، كوممۇنىزىمنىڭ زۇلمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارغا ئوڭچى ياكى سولچى دەپ نىسبەت بېرىلمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورنى دائىم بىر نوقتىدا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەر ئارىسىدىكى ئوتتۇراھاللىق مەيدانىدۇر.**

**ئۇلار ھېچقانداق بىر شەخس، ياكى بىر تەبىقە، ياكى بىر پارتىيە، ياكى بىر تۈزۈم ھېساۋىغا ئەمەس، پەقەت ئىسلام ھېساۋىغا ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىدىن باشقىسىنى دوست تۇتمايدۇ، پەقەت ئۇلارنىلا دوست تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىدىن، ئىسلام ئۈممىتى ئۇلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن پەقەت ئىسلام ئۈممىتىگە نىسبەت بېرىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار دائىم ئىسلام ئۈممىتى بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. بۇ ھەقتە الله:{ كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن (ئۇ اللەنىڭ جامائەسىدىندۇر) اللەنىڭ جامائەسى ئەلۋەتتە غالىبتۇر}. (مائىدە سۈرىسى، 56- ئايەت) دېگەن. دېمەك ئۇلار رەھمان تائالادىن باشقىسىغا نىسبەت بېرىلمەيدۇ.**

**ئۇلار پەقەت اللەقا ئىشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئىززەتلىنىدۇ. قورئاندىن باشقىسىغا قانائەت قىلمايدۇ. ئىسلامدىن باشقىسى بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ شۇئارى مونۇ بېيىت بولىدۇ:**

**پەخىرلەنسە باشقىلار قەيس ياكى تەمىم بىلەن،**
**ئىسلام مېنىڭ ئاتامدۇر ئەمەس ئاتام باشقىسى.**

## دەۋەتچى ۋە جىھاد قىلغۇچى ئەۋلادلار

دەۋەتچى ۋە جىھاد قىلغۇچى ئەۋلادلارنىڭ ماڭغان يولى، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ساھابە كىراملارنىڭ ماڭغان يولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ نۇرىدىن نۇرلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ماڭغان يولىدىن ماڭىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلغىنىدەك، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن ھەم جىھاد قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر جىھاد يەنە بىر جىھادتىن، بىر ساھە يەنە بىر ساھەدىن توسۇپ قويمايدۇ. ئۇلار دائىم يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا دۈشمەنلەرگە قارشى كۆرەشلەردە بولۇپ، ئىچكى بۇزغۇنچىلىق ۋە تاشقى كاپىرلىققا قارشى كۆرەشنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. سەن، ئۆزى ئەرەپ تۇرۇپ، بۇرۇن ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغان بولسا، ھازىر چېچەنىستان مۇسۇلمانلىرىغا تاجاۋۇزلۇق قىلىۋاتقان قىزىل كوممۇنىستلارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرسەڭ، پاكىستانلىق تۇرۇپ، پەلەستىندە ياكى لىۋاندا قارا يەھۇدى يۈرىشىگە قارشى جىھاد قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرىسەن. دېمەك ئاللاھنىڭ زېمىنى ھەممىسى ئۇلارنىڭ زېمىنى، ئىسلام دىيارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ۋەتىنى.

جانابى ئاللاھنىڭ:{ كاپىرلار بىر- بىرىگە ئىگە}. (ئەنفال سۈرىسى، 73- ئايەت) دېگەن سۆزى بويىچە، پۈتۈن كاپىرلار ھەممىسى بىر مىللەت بولغىنىدەك، جانابى ئاللاھنىڭ:{ مۆمىن ئەرلەر بىلەن مۆمىن ئاياللار بىر- بىرى بىلەن دوستتۇر}، (تەۋبە سۈرىسى، 71- ئايەت) دېگەن سۆزى بويىچە، پۈتۈن مۆمىنلەرمۇ ھەم بىر- بىرى بىلەن قېرىنداشتۇر.

ئۇلار ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە پۈتۈن قورال- ياراقلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىدۇ. ئۇلار قاتناشقان بەزى ئۇرۇشلاردا قوللىرى بىلەن زەمبىرەكلەرنى كۆتۈرۈپ جىھاد قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان چاغدا قوللىرى بىلەن كۆتۈرۈپ جىھاد قىلىدۇ. بەزى مالغا ئېھتىياجلىق جىھادلاردا، مال- مۈلكى بىلەن جىھاد قىلىدۇ. جىھاد ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە مال- مۈلۈكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئادەم ئاللاھ يولىدا بىر جەڭچىنى ھازىرلىسا، (يەنى بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۇرۇش چىقىملىرىنى تەق قىلىپ، ئۇرۇشقا يولغا سالسا) ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:{ ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار}، (تەۋبە سۈرىسى، 41- ئايەت)

بەزىدە ھەقىقەتنى سۆزلەپ، باتىلنى يۈلۈپ تاشلاش لازىم كېلىپ قالغان چاغدا، تىللىرى بىلەن ھەقىقەتنى سۆزلەش ئارقىلىق، ياكى ئاڭلىتىش ئارقىلىق جىھاد قىلىدۇ. تىلى

بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن چاغدا، قۇرئان بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان، اللە ئۆز كىتابىدا بايان قىلغىنىدەك بۈيۈك جىھاد قورالىدۇر. بۇ ھەقتە جانابى ھەق مۇنداق دېگەن:{ كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن}. (فۇرقان سۈرىسى، 52- ئايەت)

ئۇلار ئۆزلىرىدىن بەكراق دىنىنى قەدىرلەيدۇ. دىنى يولىدا دۇنيالىقنى ھەقىر ۋە خار كۆرىدۇ. شۇڭىدەك، دىنىغا بولغان ئەقىدىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، دىنى ئۈچۈن جان ۋە ماللىرىنىڭ مەرتىۋىسىدىن ۋازكېچىدۇ ۋە تۆۋەن كۆرىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى گۈزەل بىر نازىنىن بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇ گۈزەلنىڭ تويلىقى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ ئادەمگە ھېچقانچە بىلىنمەيدۇ.

دېمەك ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزى تەلەپ قىلغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقى تونۇپ يەتسە، ئۇ نەرسە ئۈچۈن بېرىلگەن ھەرقانداق بەدەل ئۇ ئادەم ئۈچۈن ھېچقانچە نەرسە ئەمەس.

اللە ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ جان- ماللىرىنى سېتىۋالدى. ئۇلارمۇ خۇشاللىق بىلەن سېتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان سودىسى تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇلار اللەنىڭ بىزگە قىلغان ئېھسان- مەرھەمىتىدىن بىزنىڭ تۆلىگەن بەدىلىمىز ئېشىپ كەتتى دېمىدى. شۇنداقلا، قىلغان سودىسىدىن پۇشايمانمۇ قىلمىدى. بەلكى ئۇلار (قىلغان سودىسىدىن) رازى بولۇپ، پۇل- ماللىرىنى اللە ئۈچۈن سەرپ قىلدى. جانابى اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:{ شۈبھىسىزكى، اللە مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار اللەنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ، شېھىد بولىدۇ). (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللەنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە اللەتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللەتىنمۇ ۋاپادار ھېچ بىر زات يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر}. (تەۋبە سۈرىسى، 111- ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئالاقىدار) بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن:

«(اللەتىن ھەقىقى) قورققان ئادەم، كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى لازىم تۇتىدۇ. كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى لازىم تۇتقان ئادەم، مەنزىلگە يېتەلەيدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى،

اللاھ ھوزۇرىدىكى مال (يەنى دەرىجە) قىممەتتۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، اللاھنىڭ قىممەتلىك مېلى (بۇيۇك) جەننەتتۇر». اللاھ ئۇلارنى تىجارەت قىلىپ، قىلغان تىجارىتىدە قىلچە زىيان كۆرۈلۈپ باقمىغان تىجارەتچىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكراق خۇشال قىلدى.

چۈنكى ئۇلارنىڭ تىجارىتى ئىمان ۋە جىھاد تىجارىتىدۇر. تىجارەت بازارلىرى، جەڭ ئورنى ۋە جىھاد مەيدانىدۇر. تىجارەت دەسمايىلىرى، كۆن ۋە ئۆمرىدۇر. ئېرىشىدىغان پايدىسى، اللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتتۇر.

ئۇلار پادىشاھ دىماغلىرىدەك كۆتۈرلىۋاتقان ياكى شەيتان باشلىرىدەك يامراۋاتقان جاھىلىيەتلەرنى كۆرگەن چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ قەلبى اللاھنىڭ ئەمر پەرمانلىرىغا بولغان كۆندەشلىكىدىن، خۇددى ئوت ئۈستىدىكى ۋاراقشىپ قايناۋاتقان قازاندەك قايناپ كېتىدۇ. بەلكى سۇدا ئېرىپ كېتىۋاتقان تۇزدەك ئېرىپ كېتىدۇ. مۆمىن كىشىگە باتىلنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، ھەقىقەتنى ئارقىغا چېكىندۈرۈشتىنمۇ تاغۇت كەلىمىسىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن اللاھ كەلىمىسىنى يوشۇرۇشتىنمۇ، ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك!

ھەقىقەتەن ئۇلاردىن باشقا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىدىن باشقا غەم- ئەندىشىلەردىن خالى ياشايدۇ. ئەمما ئۇلار ياتسا، قوپسا بىر ئوكياندىن يەنە بىر ئوكيانغىچە بولغان پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ غەم- قايغۇلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ غەم- قايغۇلىرى ئۇلارنى قاتتىق سىقىدۇ ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاقىۋىتىدىكى ئەندىشىلەر قەلبىنى داغماللايدۇ.

ئۇلار بىرىنچى قىلىپ دىنىنى، ئىككىنچى قىلىپ دۇنيالىقنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈممىتىم دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەپسىم، نەپسىم دەيدىغانلار تېپىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ زور مەشغۇلاتى، اللاھتىن غاپىل كىشىلەرنى تەۋبە قىلىپ، اللاھقا قايتۇرۇش، ئىسلامىيەت يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنى، توغرا يول تېپىپ، ئىسلامىيەتكە قايتىشقا چاقىرىش، شۇنىڭدەك قۇرئان ئۈممىتىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارغا، قىلغان ھۇجۇملىرىدا مەغلۇپ بولۇپ، رەزىل ھالەتتە قايتىشلىرى ئۈچۈن قارشى تۇرۇشدۇر.

{اللاھقا (يەنى اللاھنىڭ تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟}. (فۇسسىلەت سۈرىسى، 33- ئايەت)

ئۇلار غۇربەت ئىگىلىرىدۇر. لېكىن خەلقى بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان روھى، ئىمتىيازلىق يۆلىنىشى ۋە ئۆزلۈكسىز كۆرەشلىرى بىلەن ئۆز ۋەتىنىدە، ئۆز ئائىلىسىدا ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان تۇرۇغلۇق، يەنىلا غۇرىبەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ غۇرىبەتچىلىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ياكى يۇرتىدىكى يۈز-ئابرويىسىزلىقى، ياكى ئاجىزلىقى، ياكى كىشىلەر ئارىسىدا سۆز ئېتىبارىنىڭ يوقلىقى قاتارلىق شەخسىيتىگە ئائىت سەۋەپلەردىن ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ غۇرىبەتچىلىكى ئىدىيە، روھ ۋە ئېدىئال كۆز قاراش غۇرىبەتچىلىكىدۇر. ئۇلار جىسىملىرى بىلەن ھىجرىيە ئون بەشىنچى ئەسىردە ياشىسىمۇ، پىكىر ۋە سەزگۈر ئەزالىرى بىلەن بىرىنچى ئەسىردە (ساھابە كىراملارنىڭ ياشىغان دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)ياشايدۇ. ئۇلار زامانداشلىرىغا ۋە ۋەتەنداشلىرىغا نورمال كۆزلىرى بىلەن قارىسا، ساھابە كىراملارغا كۆز نۇرلىرى بىلەن قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غۇرىبەتچىلىكىنى ھېس قىلغاندىمۇ، ئۇنىڭغا كۆنۈپ كېتىدۇ. «غۇرىبەت ئىگىلىرىگە خوش مۇبارەك بولسۇن».

بۇ غۇرىبەتچىلىك، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۈمىتسىزلىك بىلەن قاپلىۋالالمايدۇ، ياكى خىرىستىئان راھىپلار ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدە ياخشىلىق تەرەپكە بۇرالغۇچى دەرۋىشلەرگە ئوخشاش يالغۇز ياشاپ، ئايرىم ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ، مەخسۇس بىر جايغا چىقىرىپ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھبانىيەتچىلىكى جىھادتۇر. توغرا يولغا بۇرۇلىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىگە چاقىرىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ مەيداندا قەتئىي تۇرۇپ، ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئومۇمنىڭ يولىدا ئۆزلۈكسىز ئىشلەيدۇ. كىشىلەر ئازلىق قىلسا، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۆپەيتىدۇ. بوزۇلسا، ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە بۇزۇلغان نەرسىلەرنى تۈزىدۇ.

ھەقىقەتەن ئۇلار شۇ تۇيغىنى ئوبرازلاشتۇرىدىغان، شۇ گۆھەرنى شەكىللەندۈرىدىغان، شۇ نەمۇنەنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان، شۇ ئۆلگىنىڭ تەمسىلچىسى بولۇپ نامايەن قىلىدىغان، شۇ سەپەرۋەرلىككە چاقىرىلغان سائەتلەردە بىرىنچى بولۇپ ھازىر بولىدىغان، غەنىمەت تەقسىم قىلىنغان چاغلاردا، ئارقىدا تۇرىدىغان ئەۋلادلاردۇر. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئاڭلىقلىقى، پىداكارلىقىدىكى يۈكسەكلىكى، ئاتايى- ئېھساندىكى ئۈستۈنلىكى بىلەن تۇرۇپمۇ، ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلغان ئاساستا، ئالىي سارايلاردا ياشىمايدۇ. بەلكى خەلقى بىلەن بىرگە ئىشلەيدۇ. ئومۇمى مۇسۇلمانلار بىلەن بىر يەردە بىرگە ياشاپ، ئۇلارنىڭ غەم- قايغۇلىرىنى كۆتۈرىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدۇ. ئۇلار خۇشال بولسا خۇشال بولىدۇ، قايغۇرسا

قايغۇرىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ دەرت- ئەلەم، ئۈمىت- ئارزۇلىرى ئۆچۈن قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پىداكارلىقى مۇسۇلمانلارغا سەدىقە يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار مۇسۇلمان ئامىمىسىدىن، مۇسۇلمان ئامىمىسى ئۇلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلاردىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئۈستۈنلۈك قىلىشنى، ياكى ئۇلارنى ياقتۇرماسلىقتەك ئەھۋاللارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ سالمايدۇ. بەلكى ئۇلارغا ئىنتايىن قىزغىن ۋە مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. بىلمىسىزلىرىگە ئىلىم ئۆگىتىدۇ، غاپىللىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنۇتقۇچىلارغا ئۇنۇتقان نەرسىلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. يولىدىن ئادىشىپ قالغانلارنى توغرا يولغا باشلاپ قويىدۇ. كېسەللەرنى داۋالايدۇ. ئاجىز- يوقسۇللارغا يار- يۆلەكتە بولىدۇ.

ئۇلار كىچىكلەر ئۈچۈن ئاتا، چوڭلار ئۈچۈن ئوغۇل، تەڭتۇشلىرى ئۈچۈن قېرىنداشتۇر. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك دەۋەت ئېلىپ بارىدۇ. دەۋەت قىلىشتىن ھەرگىز مالال بولمايدۇ، ھەمدە دەۋەت قىلىنغۇچىلارنىڭ توغرا يولغا قايتىشىدىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. دېمەك ئۇلار ئومۇمى ئىسلامىي ھەركەت ۋە ئىمانىي دەۋەتنىڭ تەبىئى دوستى ۋە تۈگمەس بايلىقىدۇر.

## كۆچلۈك ۋە شەرەپلىك ئەۋلادلار

ئۇلار ئۆز زامانى ۋە ئۆز خەلقى ئىچىدە غۇربەت ئىگىلىرى بولسىمۇ يەنىلا «ئەڭ كۆچلۈك ۋە ئەڭ شەرەپ ئىگىلىرىدۇر».

ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سېپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئازلىقى يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرۇپ قويمايدۇ، قارشى كۈچلەرنىڭ كۆپلىكى ئاجىزلاشتۇرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ئۈستۈن، قەلبى كۆتۈرەڭگۈ، روھى جۇشقۇن ۋە ئىشەنچىسى كامىلدۇر. ئۇلار مۇستەھكەم تاغ ياكى يۈكسەك ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئاچ قېلىپ ئۆلسىمۇ، پايدا- مەنپەئەت، سوغا- سالاملارغا ئاچ- كۆزلۈك بىلەن قول ئۇزاتمايدۇ. ئۆلۈمگە چىدىسا چىدايدۇكى، ھېچقانداق ئادەمگە خارلىقتىن باش ئەگمەيدۇ.

ئۇلار مال ۋە ھوقۇق ئىگىلىرىگە، خۇددى دوختۇرلار «ئۆپكە ياللۇغى» كېسىلىگە قانداق كۆڭۈل بۆلسە، شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى پىر تۇتىۋالمايدۇ. ئۇلۇغلاپمۇ كەتمەيدۇ. بەلكى، ئۇلارغا شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ

زىممىسىدىكى يۈكلىرىنى، قەلبىدىكى كىرسەللىرىنى كۆتۈرۈشىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇن كۈمۈشلەرگە ئۇ بويۇملارنىڭ ئوتتا قانداق قىزىپ بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەر كەبى قارايدۇ. بۇ ھەقتە جانابى الله مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇ ئالتۇن- كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا:« بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار يىغقان ئالتۇن كۈمۈشۈڭلار دېيىلىدۇ»}. (تەۋبە سۈرىسى، 35- ئايەت)

ئۇلارنىڭ كۈچى ئۇلار چاقىرغان ھەقىقەت كۈچى، شەرىپى ئۇلار ئىشەنگەن اللەنىڭ شەرىپىدۇر. بۇ ھەقتە جانابى الله مۇنداق دەيدۇ:{ كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى اللەقا مەنسۇپ (ئۇنى اللەتىن تىلىسۇن)}. (فاتىر سۈرىسى، 10- ئايەت)

ئۇلار الله نۇرى بىلەن قارايدۇ، پەيغەمبەر تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ، تەقدىر قولى بىلەن ھەركەت قىلىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ۋەدىگە مەغرۇرلىنىپ ئالدىنىپ كەتمەيدۇ، تەھدىتلەردىن قورقۇپ بەللىرى ئېگىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار ئوتتا ئېرىمەيدىغان، بازغاندا سوقالمايدىغان بىر مەدەندۇر.

ئۇلارنى الله توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئازمايدۇ، اللەنىڭ دىنى بىلەن شەرەپكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خارلانمايدۇ، اللەنىڭ كۈچى بىلەن غەلبە قىلغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولمايدۇ، اللەنىڭ بايلىقى بىلەن ھاجىتىنى قامدىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىمگە مۇھتاج بولمايدۇ.

ئۇلارغا سىناق يۈزىسىدىن مۇشەققەتلەر كېلىدۇ، ئەمما بۇ مۇشەققەتلەر ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى يېڭەلمەيدۇ، ئوت- يالقۇننى پەسەيتىپ، نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ، چىدامچانلىقىنى بىسىپ، غايىسىنى بوشىتىۋېتەلمەيدۇ ۋە ئۈمىد- ئارزۇلىرىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. بەلكى سۆزىكىنى ئايرىپ، نەپسىنى تەكرار تازىلاشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ ۋە ئەتىسى ئۈچۈن ھازىرلىق تەييارلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار ئۇ مۇشەققەتلەر ئالدىدا روھسىزلانمايدۇ، بوشاپ قالمايدۇ ۋە باش ئەگمەيدۇ. ئۇلار مەزكۇر سۈپەتلەردە ئۆزلىرىگە ئۆلگە قىلغان كىشىلەر، جانابى الله ئۆز كىتابىدا تەرىپلىگەن اللەقا مەنسۇپ، ئۆلىما كىشىلەردۇر.

الله ئۇ خۇداگۇي ئۆلىما كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋىدا مۇنداق تەرىپلىگەن:{ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگوي ئالىملار بىرلىكتە جىھاد قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۆلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش

ئەگمىدى. اللە ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت:« پەرۋەردىگارىمىز گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى. اللە ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى. اللە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾. (ئال ئىمران سۈرىسى، 146- 147- 148- ئايەتلەر)

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشەققەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ ۋە ھەرقانداق زور قىيىنچىلىقلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ.

ئۇلار مۇشەققەتلەر ئىچىدىن پاكلىنىپ، سۈزۈك ۋە ساپ ھالەتتە چىقىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇسىبەت يەتكەن مۆمىنىنىڭ مىسالى، ئوتتا تاۋلىنىپ، كىرەكسىز نەرسىلىرى كېتىپ، ياخشىسى قەپ قالغان تۆمۈرگە ئوخشايدۇ».

ھەقىقەتەن ئىنسانىنى خارلاشتۇرىدىغان ۋە زالىم ھوقۇقدارلار ئالدىدا ئاجىزلاشتۇرۇپ بىر قۇل قىلىپ قويىدىغان ئىككى ئامىل بار: بىرى قورقۇنچاقلىق، يەنە بىرى تاماخورلۇقتۇر.

ئۇلار نەپسىدىكى تاماخورلۇق ئىشكىنى تاقاپ، ئۆزىدە پەرۋەردىگارىدىن ئۇنىڭ مەغپىرىتىنى ۋە ئاسمان زېمىندەك كەڭرى جەننەتنى تاما قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر تاماخورلۇقنى قالدۇرمىغىنىدەك، قەلبىدىكى قورقۇنچاقلىق دەرىزىسىنى تاقاپ، دىللىرىنى ۋە ئەقىل- ئىدراكىنى پەقەت ئۆزى خالىغان بويىچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ھەممىگە غالىپ بىر اللەقا ئاچىدۇ.

ئۇلار ئۆلۈمدىن ۋە رىزقىدىن (يەنى تۇرمۇش مەئىشىتىدىن قىلچە) قورقمايدۇ.

چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەجىلى ئەزەلدىن ھەممىگە ئالىم اللەنىڭ بىكىتىشى بىلەن مۇقەررەر بىر ۋاقىتقا توختىتىلىپ، رىزقى تەقسىم قىلىنىپ بولغان. ھەرقانداق تەكەببۇر، زالىم ھوقۇقدارمۇ ئۇلارنىڭ روھىنى خارلىيالمايدۇ. زالىملار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئازاپ قامچىسىنى ياغدۇرسۇن ياكى بولمايدۇ ھەندا (يەنى زەھەردەك ئاچچىق بىر خىل ئۆسۈملۈك)نى سىقىپ ئىچۈرسۇن، ئۇلارنىڭ بېشىنى مۇتلەق ئەگدۈرەلمەيدۇ.

بۇ ھوقۇقدارلار ئۇلارنىڭ تاشقىرى كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغانىدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئىچكىرى كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولالمايدۇ. مىس قوغۇشۇنلارغا ئىگە بولغان بىلەن، جەۋھەر ۋە مەرۋايىتلارغا ئىگە بولالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى ھەركەتتىن توختىتالىغان بىلەن، روھلىرىنى ھەركەتتىن توختىتالمايدۇ. ھازىرقى زامان پىرئونلىرىدىن بىرى ئۇلارغا ئۆلتۈرۈش ياكى تۈرمىگە قاماش بىلەن تەھدىت قىلسا، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئىمان ئېيتقان سېھرىگەرلەرنىڭ:{ (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمۈڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ}، (تاھا سۈرىسى، 72- ئايەت) دېگىنىدەك دەيدۇ. زالىملار ئۇلارنىڭ نېمىسىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ ئۇلار ھەقىقى ئالتۇن ئوتقا كىرگىنىگە ئوخشاش جاپا- مۇشەققەتكە كىرىدۇ. ئەمما ئوت ئالتۇنغا سۈزۈكلۈك ۋە پارقىراقلىقتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمىغىنىدەك، ئۇلارغىمۇ جاپا- مۇشەققەت پاك ئىماندىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدۇ.

زالىملار، ئۇلاردەك ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئازاپ چېكىشنى راھەت بىلىدىغان، ئىمان دەۋىتىنى كۈچلەندۈرۈشتە جاپا- مۇشەققەتلەر بىلەن تاۋلىنىپ، ھەقىقى ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلىنىشنى ئاللەقا ھىجرەت قىلىش دەپ بىلسە، تۈرمىلارنى ئاللەقا ئىبادەت قىلىدىغان خىلۋەت ئورۇن، ئۆلۈمنى ئاللە يولىدا شېھىت بولۇش دەپ قارايدىغان مۆمىنلەرنىڭ نېمىسىگە ئېرىشەلەيتتى؟!.

## ئۆلچەملىك ۋە نورمال ئەۋلادلار

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەملىكى، كۈچلۈكلىكى، تىرىشچانلىقلىقى ۋە غەيرەتلىكلىكى بىلەن «توغرا يول» ئۈستىدە ئۆلچەمگە لايىق ۋە نورمال ھالەتتە بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ئوڭ- سولغا مايىل بولۇپ كەتمەيدۇ. ماددىيچىلىققا غەرق بولمايدۇ ۋە روھانىيچىلىقتا (يەنى غەيرى ماددىيچىلىقتا) چېكىدىن ئاشمايدۇ.

ئۇلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ ۋە ياشاۋاتقان جەمئىيىتىنىڭ ھەققىنى تونۇپ يېتىپ، ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىدۇ. ئۆلچەم ۋە تارازىدا قىلچە كەم- زىيادە قىلمايدۇ، ئادىل ئۆلچەم تۇرغۇزۇلغان مىزاندا باشقىلارنى ياكى ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. رۇخسەت قىلىنغان كەڭچىلىكلەردىن غاپىل قالمايدۇ. چۈنكى جانابى ئاللە بەندىلەرگە كەسكىن بۇيرىغان-

ئىش ئەمەللەرنىڭ ئادا قىلىنىشىنى ياخشى كۆرگىنىدەك، كەڭچىلىك يۈزىسىدىن روخسەت قىلىپ بەرگەن بەزى رۇخستىنىمۇ قوبۇل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇلار كىشىلەرگە خوش- خەۋەر بېرىدۇ، نەپرەتلەندۈرمەيدۇ. ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، تەسلەشتۈرۈۋەتمەيدۇ. چۈنكى قۇرئانى كەرىم ئۇلارغا الله ھەققەتەن ئۆز بەندىلىرىگە ئاسانلىقنى خالايدىغانلىقنى، تەسلىكنى خالىمايدىغانلىقنى، دىندا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تاقىتىدىن تاشقىرى ھېچ قانداق بىر ئېغىرلىقنى يۈكلىمىگەنلىكىنى ئۆگەتكەن.

ئۇلار كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتا قوپاللىق بىلەن ئەمەس، مۇلايىملىق بىلەن، ھاماقەتلىك بىلەن ئەمەس، ھېكمەت بىلەن دەۋەت قىلىدۇ. ئۆزلىرىگە قارشى پىكىردىكىلەر بىلەن چىرايلىق ئۇسلۇپتا سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. ئاسىيلارغا ساقچىلارنىڭ جىنايەتچىگە قارىغان قارىشىدا ئەمەس، بەلكى دوختۇرلارنىڭ كېسەلگە ھېسداشلىق بىلەن قارىغىنىدەك قارايدۇ. كاپىرلىق ئۆزىگە يېنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئاسىيلارنى كاپىرلىق بىلەن قارىلىمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنى ئاقلاپ باشقىلارنى قارىلاپ، ئۇلارنى ھالاكەتكە ھۆكۈم قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« كىمكى كىشىلەرنى ھالاك بولدى دېسە، ئۇلارنى ئۇ ئادەم ھالاك قىلغان بولىدۇ» دېگەن ھەدىسى چۆچىتىدۇ. ئۇلار ئۆز دىنىغا ئىنتايىن قىزغىندۇر. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلارغا ناھايىتى كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆز پىكرىدە تەئەسسۇبىيەتچىلىك قىلىپ تۇرىۋالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ پىكرىگىمۇ قۇلاق سالىدۇ، ئويلاپ كۆرىدۇ، جاھىللىق قىلىپ تۇرىۋالمايدۇ. توغرا بولسا، خاتالىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. خاتا بولسا، توغرىسىنى چىرايلىقچە ئاڭلىتىدۇ.

ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا ئەسلي بىلەن پەرئىي (شاخچە مەسىلە)نىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ. بىرىنچىسىدە (يەنى ئەسلىيدە) پولاتتەك بولسا، ئىككىنچىسىدە (يەنى پەرئىيدە) يىپەكتەك ئەۋرىشىم بولىدۇ. قىلماسلىققا ياكى قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش- ئەمەل ۋە ئەھكاملارنىڭ ئارىسىنى پەرىقلەندۈرىدۇ.

چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىش ۋە ھەرقانداق بىر ئەھكامنىڭ ئۆزىگە كۆرە دەرىجىسى ۋە ئورنى بولىدۇ. پەرز دەپ بەلگىلەنگەن ئىش- ئەمەللەر مەندۇب (يەنى قىلسا ساۋاپ بېرىلىدىغان، قىلمىسا ئازاپلانمايدىغان) ئىش- ئەمەللەرگە ئوخشىمايدۇ. ھارام دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلار مەكرۇھ (يەنى تەرك ئەتسە ساۋاپ بولىدىغان، قىلمىسا جازالانمايدىغان، قىلسا كايىشقا ئۇچرايدىغان) ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ. چوڭ گۇناھلار كىچىك گۇناھلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىستىكى، كەسكىن ئوچۇق دەلىل

بىلەن ۋاجىب ياكى ھارام دەپ ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشماي بىرلىككە كەلگەن ئىش- ئەمەللەردە بىلەرمەنلىك داۋاسى قىلمايدۇ. بەلكى ئۆزلىرى بىلمىگەن مەسىلىلەرنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سورايدۇ ۋە شۇ ئىلىمنىڭ مۇتەخەسسىس ئەھلىگە قايتىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئىلىمنىڭ ئۆز ئەھلى ۋە ھەر بىر پەننىڭ تەجرىبە ئىگىلىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى الله مۇنداق دەيدۇ:{ ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى اللهتەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ}. (فاتىر سۈرىسى، 14- ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە:{ بۇنى بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىن}. (فۇرقان سۈرىسى، 95- ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە:{ ئەگەردە بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار}. (نەھل سۈرىسى، 43- ئايەت) دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى بىر بۆلۈك ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلاردىن مەشغۇل قىلمايدۇ. ئۇلار ئاددى مەسىلىلەر بىلەن بولۇپ قېلىپ، ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەرگە سەل قارىمايدۇ.

ئۇلار ۋاقىتلىرىنى، تىرىشچانلىقلىرىنى جېدەل- ماجرا، تالاش- تارتىش ۋە يەپ ئىچىپ تۈگىتىۋېتىدىغان سورۇنلاردا زايا قىلىۋەتمەيدۇ. بەلكى تالاش- تارتىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئەمەلى ھەركەت قىلىدۇ، يىقىشنىڭ ئورنىغا قۇرىدۇ، بۆلۈنۈشنىڭ ئورنىغا بىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر زامانقى شۇئارى مانا بۇ سۆز بولىدۇ:« ئىتتىپاقلاشقان نەرسىلەردە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىمىز، تارتىشىپ قالغان مەسىلىلەردە، بىر- بىرىمىزگە ئۆزرە ئېيتىمىز» (يەنى ئۆز پىكرىمىزدە قېلىپ قالىمىز).

ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەپ، ھەر بىرىنىڭ ھەققىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خىرىستىئان دىنىدىكى دەرۋىشلەرنىڭ دۇنيادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تەنها ياشاش ئۈچۈن، مەخسۇس بىر جايغا مۆكۈۋالغىنىدەك دۇنيادىن قاچمايدۇ، ياكى غەپلەتتە قالغان ئاچ كۆز بېخىل ئادەملەردەك دۇنيانى تالىشىپمۇ كەتمەيدۇ.

ئۇلار جاھىللارنىڭ:{ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن} ھالبۇكى ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نەسىۋە يوقتۇر}. (بەقەرە سۈرىسى، 200- ئايەت) دېگىنىدەك دېمەيدۇ. بەلكى مۆمىنلەرنىڭ:{ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن}. (بەقەرە سۈرىسى، 201- ئايەت) دېگىنىدەك دەيدۇ. (يەنى دۇنيادىمۇ بەختلىك قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ بەختلىك قىلغىن دەيدۇ).

ئۇلار ئۆزلىرىگە دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە داۋاملىق قىلىپ كەلگەن مونۇ دۇئاسىنى قىلىدۇ:« ئى پەرۋەردىگارىم! ئىشىمنى (خاتادىن) ساقلايدىغان

دىنىمنى ئىسلاھ قىلغىن، تىرىكچىلىك قىلىدىغان دۇنيايىمنى ئىسلاھ قىلغىن، بارار يېرىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشىلاپ بەرگىن».

ئۇلار روھنى ساپلاشتۇرۇشقا بېرىلىپ، جىسمانىيىتىگە سەل قارىمايدۇ ۋە جىسمانىيىتىگە بېرىلىپ، روھنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. روھ ۋە ماددا ئارىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئارىسىنى باغلايدۇ. ئىلىم ۋە ئىمان ئارىسىنى، ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە ئارىسىنى، ئەقىل ۋە ئىدراك ئارىسىنى، سەممىي قەلب ۋە پاك ئىستىل جەھەتتىكى تەرەققىيات ئارىسىنى، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ۋە تەلەپ قىلىشقا لايىق ھەق- ھوقۇقلار ئارىسىنى، قەدىمقىدىن پايدىلىنىش ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئارىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشتىن ئۈزۈل- كېسىل ئادا- جۇدا بولۇۋالمايدۇ، ھازىرقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋالمايدۇ، كونىلىققا ئېسىلىۋېلىپ، يېڭىلىقلارنىڭ پايدىسىغا كۆز يۇمۇۋالمايدۇ.

ئۇلار باشقىلار ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغىنىنى ئورۇنداپ بولۇپ، يەنە ۋەزىپە تەلەپ قىلىپ:« بىزگە يەنە قانداق خىزمەت بار؟» دەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە «بىزگە قانداق مۇكاپات بار؟» دېمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ كۈندۈزى قارا ئىشچىلارنىڭ كۈندەك ئۆتسە، كېچىلىرى كېچىدە داۋاملىق ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارنىڭ كېچىسىدەك ئۆتىدۇ. ئۇلارنى كۈندۈزلىرى چەۋەنداز كىشىلەردەك كۆرسەڭ، كېچىلەردە ئىبادەتكە ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن راھىبلاردەك كۆرىسەن.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا ئەڭ گۈزەل يول بىلەن ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى خۇددى ساھابە كىراملارنىڭ ئۆز ئەينى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار كۈندۈزنىڭ ئىشىنى كېچىنىڭ ئىشىغا، كېچىنىڭ ئىشىنى كۈندۈزنىڭ ئىشىغا يېپىشتۇرۇۋالمايدۇ. ئۇلارنى پەرز ئەمەلدىن نەپلى ئەمەل، شۇنىڭدەك بىر پەرز يەنە بىر پەرزدىن، ياكى شۇ شارائىتتا كۆرە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق بىر پەرزدىن توختىتىپ قويمايدۇ.

ئۇلار زېمىندا اللهنىڭ پەزلىنى ئىزدىگەن ھالدا الله ئۆز بەندىلىرىگە ھالال قىلىپ بەرگەن گۈزەل ۋە پاك رىزقلىرىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. ئەمما ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرى تارىيىپ، قورساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قولىنى، كۆز ۋە ئۈمىد- ئارزۇلىرىنى ھارامغا سۇنمايدۇ. ئۇلار بىر لوقما تائام ياكى ۋاقىتلىق ئازغىنا راھەتنى دەپ، قاخشاتقۇچ ئوتنى سېتىۋېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ، ھەم جەننەتتەك بۈيۈك مۇكاپاتنى پاشىنىڭ قانتى بەدىلىگە سېتىۋېتىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

## تەۋبە بىلەن ئاللاھقا قايتقۇچى ئەۋلادلار

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر سۈپەتلىرى بىلەن بىرگە ھەم ھەقىقى «تەۋبە بىلەن ئاللاھقا يۈزلەنگۈچى» ئەۋلادلاردۇر. ئۇلار ئاللاھقا ئاسىي بولۇشتىن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ھەزەر قىلغاندىنمۇ بەكرەك ھەزەر قىلىدۇ. ئۇلار دائىم ئاللاھتىن ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلاپ، ھالالغا قانائەت قىلدۇرۇشىنى، ئاسىي بولۇشتىن ساقلاپ، ئىتائەتكە بوي سۇندۇرۇشىنى سورايدۇ. ئۇلار پۇت- قوللىرى بىلەن گۇناھ ئىشلەپ قېلىشتىن بەكرەك قەلبى بىلەن گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. چۈنكى قەلبى بىلەن ئاسى بولۇش ئىنتايىن خەتەرلىك جىنايەت.

ئۇلار باشقىلارغا ئۈستۈنلۈك قىلىش، چوڭلۇق قىلىش، ئۆز- ئۆزىگە مەغرۇرلىنىش، ياكى بىرەر ياخشى ئىش قىلغاندا رىياكارلىق بىلەن قىلىش، ياكى باشقىلارنى مەنپەئەت كۆزلەپ ياخشى كۆرۈش، ياكى بىرىنى ئورۇنسىز يامان گۇمان قىلىش، ياكى ھەسەد قىلىش، ياكى ئۆچمەنلىك قىلىشتەك قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ چەكلىگەن پۈتۈن يامان ئەخلاقلارنىڭ تەسىرىنى قەلبىدىن قىرىپ تاشلايدۇ. ئىمام غەززالى بۇ ئەخلاقلارنى روزا پەزىلىتىنى، تەھەججۇت ساۋابىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ياخشىلىقلىرىنى خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىشۋەتكىنىدەك، كۆيدۈرۈپ تۈگىتىۋېتىدىغان مۇھلىكاتلار دەپ ئاتىغان. ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئايەت كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى بايان قىلىپ ئۆتۈش يېتەرلىك:« قەلبىدە زەررىگە چاغلىق كىبىرىسى باركىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ».

«ئۈچ (تۈرلۈك) ھالاك بولغۇچى (كىشلەر) بولۇپ، (ئۇلار): ئاچ كۆز بېخىل، ھاۋايى- ھەۋىسىگە ئەگەشكۈچى ۋە ئۆز ئۆزىدىن مەغرۇرلانغۇچى كىشلەردۇر».

«ھەقىقەتەن ئازغىنا رىيامۇ شىرىكتۇر»

«ھەسەد ۋە ئۆچمەنلىك سىلەرگە بۇرۇنقى ئۇممەتلەردىن ئېقىپ كىرگەن كېسەلدۇر. ئۆچمەنلىك - ئۇ بىر ساتىراچتۇر، (بۇنىڭدىن مەقسەت) چاچ چۈشۈرىدىغان ساتىراچ دېگىنىم يوق، لېكىن ئۇ دىنىنى چۈشۈرىدىغان (ساتىراچتۇر)».

{ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر}، (ھوجىرات سۈرىسى، 12- ئايەت)

ئۇلار ھەقىقەتەن گۇناھ ۋە مەئسىيەتتىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھ يولىنى ئېتىپ، ئۇنىڭدىن تامامەن يىراق بولىدۇ ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭغا

ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلاردىن ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان يوللاردىن ئۆزىنى ئۇزاق تۇتىدۇ. ھەرقانداق كىشى شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ئۆزىنى ساقلاپ قالسا، ئۇنداق كىشى ھەقىقەتەن ئۆز دىنى ۋە يۈز- ئابروينى پاك ساقلىغان بولىدۇ.

ئۇلار مەزكۇر ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىشىلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ۋاقتىدا جانابى الله:{ بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق}، (تاھا سۈرىسى، 115- ئايەت) دەپ بايان قىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھېچ قاچان گۇناھ قىلىشتىن پاك مالائىكىلەردىن، ياكى (گۇناھ قىلىشتىن ساقلانغۇچى) پەيغەمبەرلەردىن ئەمەس. بەلكى ئۇلارمۇ پۈتۈن ئادەم باللىرىغا ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى كىشىلەردۇر. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىدىن تۇيۇقسىز تاتىش كۆچىدىنمۇ تېزراق قول ئۈزۈپ، ئىستىغپار ئېيتىپ، تەۋبە قىلغان ھالدا اللهقا قايتىدۇ.

جانابى الله مانا بۇ تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ:{ تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، اللهنى ئەسلەيدۇ- دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ}. (ئەئراف سۈرىسى 201- ئايەت)

ئۇلار ھەر قاچان اللهنىڭ تۆۋەندىكى ۋەسىيتىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ:{ ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر}. (ياسىن سۈرىسى، 60- 61- ئايەت)

ئۇلار:« ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېگەن چېغىدا، اللهنىڭ ئۇلارغا بەرمەكچى بولغان ئاسمان زېمىندەك كەڭرى جەننەتتىن ئىبارەت نېمىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئەھدىسىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈن تەكشۈرلۈپ (يەنى بۇ دۇنيادا خاتىرلىنىۋېلىپ) ئەتىسى (يەنى ئاخىرەتتە) ھېساپ ئېلىنىدىغان ئىش- ئەمەللىرىگە اللهنىڭ تونۇگۈن (يەنى ئىش- ئەمەللەر ئىشلىنىشتىن بۇرۇن كاتتا مۇكاپاتلار بىلەن) ۋەدە قىلىپ بولغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل كۆزى بىلەن، ئۆزلىرىگە نامەلۇم بولغان نەرسىلەرنى، ئىدىيىسىنى ۋە يولىنى كۆرۈپ تونۇپ يەتكەن. ھەر قاچان ئۇلارنىڭ روھى ئېقىمغا ئىنسانى تەبىئىتى ئۈستۈن كېلىپ قالسا، ياكى دىنى ئاساسى ھاۋايى- ھەۋىسى ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، يەنىلا ئۇلار شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە قەتئى بوي ئەگمەيدۇ، بەلكى ئاتىسى ئادەم ۋە ئانىسى ھەۋۋا ئەلەيھىسسالامالارنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى تىلغا كەلتۈرىدۇ:{

پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزنى مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز}، (ئەئراف سۈرىسى، 23- ئايەت)

الله يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرستىپ مۇنداق دەيدۇ:{ ئۇلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ سالسا، ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، اللەنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ}. (ئال ئىمران سۈرىسى، 135- ئايەت)

ئۇلار دائىم ئۆزلىرىگە بېرىلىدىغان اللەنىڭ نېمىتىدىن نىھايىتى يوق اللەنىڭمۇ ھەققى بارلىقىغا، (ھالبۇكى جانابى الله ئۇلاردىن بىھاجەت) يېتەرسىز ئىش- ئەمەللىرى الله تەرەپكە ئۆرلەيدىغانلىقىغا، اللەقا مۇھتاج تۇرۇغلۇق ئۇنىڭ ئەمرى- پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا قاراپ، اللەنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقىنى سېزىپ، ھەقىقەتەن بۇ ئىشقا سەل قارىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا) تۇرۇپ:{ (پەرۋەردىگارىم!) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى ئەيىپ- نۇقسانىدىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم}. (ئەنبىيا سۈرىسى، 87- ئايەت) دەپ پەرۋەردىگارىغا قىلغان نىداسى بىلەن اللەقا يالۋۇرىدۇ.

ئۇلار دائىم تەۋبە قىلىپ، اللەقا ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا) ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قىلغان مونۇ دۇئاسى بىلەن دۇئا قىلىدۇ:{ پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامان قىلمىشلىرىمىزنى ھېساپتىن كۆتىرىۋەتكىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن}. (ئال ئىمران سۈرىسى 193- ئايەت)

## مانا بۇ تەلەپ قىلىنىدىغان ئەۋلادلار

مانا بۇلار بىز ۋە بىز بىلەن بىر سەپتىكى، جاكىرتادىن فەتىھ راباتقىچىلىك بولغان پۈتۈن ئىسلام ئۈممەتلىرى تەلەپ قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئالدىراپ، يۈرەكلىرىمىز پارە- پارە بولۇپ، ئىنتىزار كۈتىدىغان ئەۋلادلاردۇر.

ئۇلار شۇنداق بىر ئەۋلادلاردۇركى، پۈتۈن دۇنيا كۈچلىرى، بولۇپمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۇلارنى، ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن چۈشۈرۈۋېتىشكە، ناۋادا تۇغۇلۇپ قالسا، تىرىك كۆمۈۋېتىشكە ھەركەت قىلىدۇ. ئىش قىلىپ ئۇلارنى ياكى بۇ ياكى ئۇ ئۇۋۇلاپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ ئەۋلادلارنى مەيلى ھەقىقى نىشانىدىن خىيالى كۆز قاراش بىلەن ئازدۇرۇشقا، ياكى بۆيۈك جىھادتىن ئەھمىيەتسىز غەۋغا بىلەن مەشغۇل قىلىشقا، ياكى قەستەن ئۇيۇشتۇرۇپ ماڭغان يولىدىن توسۇشقا، ياكى ئۆزئارا جېدەل- ماجىرالارغا مۇللاق ئاتقۇزۇپ غەرق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقسۇن، ئۇلار دۈشمەنىنىڭ بۇ خىل رەزىل سۇيىقەستىدىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۇ ئالدام خالتا ۋە پىتنە تورزىقىغا چۈشمەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەركەتچىلىرىنىڭ بۇ ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم دەپ قارىغان بىردىن بىر ۋەزىپىسى ــ دەۋەتچىلەر، مۇتەپەككۇرلار، زىيالىلار، ئىلمى مۇتەخەسسىسلەر ۋە تەربىيەچى ئۇستازلار ھەممە بىردەك ھەمكارلىشىپ، بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى باشتا ئۆز نەپسىدىن قوغدىنىشقا، ئاندىن دۈشمەنىنىڭ ھىيلە- مىكرى ۋە جاھىل دوستلارنىڭ پالاكەتتىن ساقلىنىشقا ھەركەتلەندۈرۈشى، شۇنداقلا ئۇلارنى روھىي، جىسمانىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە مۇكەممەل تەربىيىلىشى ۋە ياخشى تەييارلىق قىلدۇرۇشى لازىم.

الله ھەقىقەتەن بۇ ئەۋلادلارنى مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇشتا ۋە ئۇلار بىلەن جىھاد قىلىشتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان.

بۇ توغرىدا جانابى الله ئۇلارنى ئەنە شۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:{ ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللەنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈمچان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) اللەنىڭ پەزلىدۇركى، (الله) ئۇنى (بەندىلەردىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. الله(نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر}. (مائىدە سۈرىسى، 54- ئايەت)

بۇ تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەۋلادلار ھەقىقەتەن غالىب ئەۋلادلاردۇر. ئۇلارنىڭ قولى بىلەن پەلەستىن، ئەرىتىرىيە، بۇخارا ۋە زېمىن يۈزىدىكى پۈتۈن تاغۇت ۋە بۇزغۇنچى قانخور تاجاۋۇزچىلارنىڭ قول ئاستىدا ئېزىلىپ، ئاھ ئۇرىۋاتقان مەھكۇم مىللەتلەر قۇتۇلۇپ ئازاتلىققا ئېرىشىدۇ.

بۇ ئەۋلادلار اللەنىڭ زېمىندىكى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ دىنىنى ئالى ھوقۇققا ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنى شات- خۇراملىققا ئىگە قىلىدۇ. زۇلمەت زېمىنىنىڭ ئۈستىدە ئاسمان نۇرلىرىنى چاقنىتىدۇ.

بۇ ئەۋلادلار ھەقىقەتەن اللەنىڭ ياردىمى چۈشۈشكە، مالائىكىلەر ئۇلارنىڭ سېپىدە مېڭىشقا ۋە مەۋجۇدىيەتتىكى بارلىق شەيئىلەر، ھەتتاكى تاش- دەرەخلەر:« ئى اللەنىڭ بەندىسى!... ئى مۇسۇلمان! مېنىڭ ئارقامدىكى بۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ، كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىن» دېگەنگە قەدەر پۈتۈن مەۋجۇداتلار بويسۇنۇشقا لايىق ئەۋلادلاردۇر.

بۈگۈنكى ئىسلام ئوغۇل- قىزلىرىغا كۈچسىز ۋە كۆپۈكلۈك ھالەتتىن كۈچلۈك، مۇستەھكەم ۋە ئاساسلىق باسقۇچقا ئاتلىنىشىنى، شۇنىڭدەك تەلەپ قىلىنىۋاتقان، ھەر تەرەپتىن كامىل يېتىشكەن، اللە تەرەپدارى ئەۋلادلار كارۋىنىغا قوشۇلىشىنى مۇراجىئەت قىلىمىز.

ھەقىقەتەن اللەنىڭ پەزلى ۋە ئىنايىتى بىلەن ھەر تەرەپتىن بۇ «تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلادلار»نىڭ خوش خەۋىرى كەلدى. ھەممە دېگۈدەك ئىسلام دىيارلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ ئاۋانگارتلىرى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خۇداغا شۈكرىلەر بولسۇنكى، ھەقىقى سەممىيەت بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى چاڭ- توزانغا ئايلىنىپ زايا بولۇپ كەتمىدى:{ اللە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. اللە كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر}. (بەقەرە سۈرىسى، 143- ئايەت)

ئەمما ئۆز نەپسىنى دەپ ئۆتكەن كۈنگە رازى بولۇپ، ھېچ ھەركەت قىلماي ئولتۇرغۇچىلار، ياكى ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمانلار ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز دۇنيا ھاۋايى- ھەۋەسكە بېرىلگۈچىلەر، ياكى ھەقىقەتتىن ئۆزىنى تارتىپ، ناتوغرا كارۋانلار سېپىدە يۈرگۈچىلەر، ھەقىقەتتە زور زىيان تارتقۇچىلاردۇر. مانا بۇنداق كىشىلەردىن چوقۇم شەيتان پايدىلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەتىجىدە پەرۋەردىگارىنى غەزەپلەندۈرۈپ، دۈشمىنىنى خۇرسەن قىلىدۇ خالاس. دېمەك ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەڭ چوڭ مەنپەئەتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

زايا قىلسا ئۆمرىنى كىم، يىغلار ئۆز- ئۆزىگە،
تاغا قۇرۇق خوجۇن ھەم، يوقتۇر ئاڭا نېسىۋە.